# كتاب التوحيد

## تەۋھىد ھەققىدە

مؤلف: عبد المجيد زندانی

كتاب التوحيد
تەۋھىد ھەققىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كتاب التوحيد

## تەۋھىد ھەققىدە

مؤلف: عبد المجيد زندانى

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز........................1

بىرىنچى بۆلۈم ..........................5

1. دەرس: تەۋھىد ئىلمى ......................5

2. دەرس: تەۋھىد ئىلمىنىڭ دىنىدىكى ئەھمىيتى ......... 12

3. دەرس: تەۋھىد ئىلمىنىڭ دۇنيا ھاياتىدىكى ئەھمىيتى . 17

4. دەرس: بىز الله نى قانداق تونۇيمىز؟ ............ 22

5. دەرس: «ئىنسان تائامىغا قاراپ باقسۇن» دېگەن ئايەت ھەققىدە ............................. 28

6. دەرس: ئايلىنىپ يۈرگۈچى سەللەر ................ 39

7. دەرس: بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى «دېڭىز» ............. 50

8. دەرس: ئاراملىق ۋە خاتىرجەملىك .................. 57

9. دەرس: الله نىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىك دەلىللىرى ............................. 62

10. دەرس: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك پاكىتلىرى ۋە ئالامەتلىرى ........................... 70

11. دەرس: قۇرئان كەرىمنىڭ مەزمۇن ئىپادىلىشى ۋە تىل ئۇسلۇبى ................................ 77

12. دەرس: قۇرئان كەرىم ئىلىم-پەننى بېسىپ چۈشىدۇ .... 86

13. دەرس: ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش ................. 91

14. دەرس: ئاخىرەت كۈنىنىڭ ئەھۋاللىرى ............... 98

15. دەرس: پەرىشتىلەرگە، كىتابلارغا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش ............................. 105

16. دەرس: تەقدىرگە ئىشىنىش.......... 113
ئىككىنچى بۆلۈم.............................116
1. دەرس: الله غا ۋە الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشىنىشنىڭ ئەھمىيىتى...........................116
2. دەرس: پەرىشتىلەرگە ۋە كىتابلارغا ئىشىنىشنىڭ ئەھمىيىتى ........................................122
3. دەرس: ئاخىرەت كۈنىگە ۋە تەقدىرگە ئىشىنىشنىڭ ئەھمىيىتى ........................................127
4. دەرس : تەلەپ ۋە شەرتلەر........................133
5. دەرس: الله نىڭ مەخلۇقاتلىرى الله نىڭ سۈپىتى ۋە قۇدرىتىگە ئەينەك .................................141
6. دەرس: «سىلەر ئۆز ۋۇجۇدىڭلارغا قاراپ باقمامسىلەر؟» 149
7. دەرس: مېڭىش نېمەتلىرى........................153
8. دەرس: بىزنىڭ تائامىمىز ........................159
9. دەرس: بىز نۇرلۇق چىراغنى قىلدۇق ...........167
10. دەرس: ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبەرلەرگە بولغان ئېھتىياجى ........................................172
11. دەرس: بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ خەۋىرى ............178
12. دەرس: الله ئۇلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ۋە يوشۇرۇن سۆھبەتلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ......................185
13. دەرس: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر قىلغان ئىشلارنى بىر زاماندىن كېيىن بىلىسىلەر ........................194
14. دەرس: قۇرئان كەرىمنىڭ مۇشۇ زامانلاردىكى مۆجىزىلىرى ........................................206
15.ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق ..................................220

www.uyghurkitap.com

16. دەرس: بەرزەخ ھاياتى ........................ 228
17. دەرس: قايتا تىرىلىشنىڭ ئەھۋاللىرى............ 236

ئۈچىنچى بۆلۈم.......................... 253

1. دەرس: كۇفرىلىقنىڭ خەتەرلىرى ................. 253
2. دەرس: «الله ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى.»
.................................................. 272
3. دەرس: كۆرۈش ئىمان ئۈچۈن شەرت بولامدۇ؟ .......... 280
4. دەرس: الله سىلەرگە زېمىننى تەكشى قىلىپ بەردى. .. 286
5. دەرس: «ئۇلار ئاسمانغا قاراپ باقمامدۇ»؟ ............ 295
6. دەرس: يەككە- يېگانە الله ........................ 303
7. دەرس: ئىبادەتنى الله ئۈچۈن خالىس قىلىش .......... 312
8. دەرس: گۈزەل ئىسىملار............................ 322
9. دەرس: 20-ئەسىردىكى دۇنياۋى ئالىملارنىڭ گۇۋاھلىقى329
10. دەرس: قۇرئان كەرىم ھازىرقى ئىلىم - پەننى بېسىپ
چۈشىدۇ .......................................... 343
11. دەرس: ئەلچىلىكنىڭ پاكىتلىرى...................... 353
12. دەرس: ئىلاھىي قوللاش (ياردەم) .................. 365
13. دەرس: باتىل گۇمانلار ........................... 383
14. دەرس: ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتى ...................... 406

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

بسم الله الرحمن الرحيم

كىرىش سۆز

الحمد لله رب العالمين والصلاة والسلام على سيدنا محمد وعلى آله وصحبه أجمعين

بىزنى ئىسلامىيەت بىلەن يۇقىرى كۆتۈرگەن، جىهاد بىلەن ئەزىز قىلغان، تەقۋادارلىق بىلەن ھۆرمەتلىك قىلغان ھەمدە پۈتۈن دۇنيانىڭ تەربىيەتچىسى بولغان بۈيۈك، ئۇلۇغ الله قا چەكسىز ھەمدۇ-سانا ۋە گۈزەل مەدھىيەلەر بولسۇن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە كۈرەشچان ساھابىلىرىگە الله نىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن...

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! قولىڭىزلاردىكى بۇ تەۋھىد كىتابى ئۈچ بۆلۈمگە بۆلۈنگەن بولۇپ، مەن بۇ كىتابنى تەۋھىد دەرسلىكى ئۆگەنگۈچىلەرگە تەقدىم قىلىمەن. بۇ كىتابنى زامانىمىزنىڭ ئەھۋاللىرىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، ھازىرقى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ تەۋھىد ئىلمىگە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، قۇرئان كەرىم ئۇزاق زامانلاردىن بىرى (يەرشارىغا نازىل بولغاندىن باشلاپ) بىزنى يېتەكلىگەن تۈپ ماھىيەتلىك دىنىي ھەقىقەتلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن قۇرئاندىكى تەۋھىدكە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى كۆپرەك مىسال قىلىپ كەلتۈردۇم.

الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ أَوَلَمْ يَنظُرُوا فِي مَلَكُوتِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا خَلَقَ اللَّهُ مِنْ شَيْءٍ وَأَنْ عَسَى أَنْ يَكُونَ قَدْ اقْتَرَبَ أَجَلُهُمْ فَبِأَيِّ حَدِيثٍ بَعْدَهُ يُؤْمِنُونَ﴾ ﴿ئۇلار ئاسمان-زېمىننىڭ ئىگىدارچىلىقىغا قاراپ

باقامــدۇ؟ الله ياراتقــان نەرســىلەرگە قــاراپ باقامــدۇ؟ بەلكى، ئۇلارنىــڭ بەلگىلەنــگەن قــارارى يېقىن بولۇشــى مــۇمكىن. ئۇلار ھەقىقەتتىن كېيىن نېمىگە ئىشىنىدۇ؟﴾ (7 ـ سۈرە ئەئراف 185 ـ ئايەت).

الله مۇنــداق دەيــدۇ:﴿إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لَآيَاتٍ لِأُولِي الْأَلْبَابِ الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللَّهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَى جُنُوبِهِمْ وَيَتَفَكَّرُونَ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذَا بَاطِلًا سُبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ﴾ ﴿شۈبھىســـــزكى، ئاســــمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىـــــڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغانــدىمۇ، ئولتۇرغانــدىمۇ، ياتقانــدىمۇ الله نــى ئەســلەپ تۇرىدۇ. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىــدۇ. (ئــۇلار ئېيتىــدۇ) «پەرۋەردىگــارىمىز! بــۇنى بىكــار ياراتمىـــدىڭ. ســـەن پاكتۇرســـەن. بىزنـــى دوزاخ ئازابىـــدىن ساقلىغىن.»﴾ (3 ـ سۈرە ئال ئىمران190 ـ 191 ـ ئايەتلەر)

دېمەك، تەۋھىد ئىلمىنى ئۆگەنگۈچىلەر دۇنياۋى (كائىنات ھەققىدىكى) ئىلىم مەيدانلىرىدا بۇنىدىن ئىلگىرى تونۇلمىغان ئىلمــى ھەقىقەتلەرنــى ئۈچرىتالايــدۇ. بىــراق بــۇ، ئــۇلارنى شــۇ ھەقتىكى مەخسۇس مەنبەلەرگە مۇراجىئەت قىلىشتىن ياكى مۇشۇ ئىلىمنىڭ ئۇستازلىرى بىلەن ھەمكارلىششتىن چەكلەپ قويمايدۇ. بــۇ خىــل ئىلىــم (تەۋھىــد ئىلمــى) نــى ئوقۇشــتا مــۇۋەپپەقىيەت قــازىنىش ئۈچــۈن مىســاللارنى بايــان قىلىــش، خىلمــۇ ـ خىــل ئىزاھــاتلارنى قــوللىنىش بەكمــۇ مــۇھىم. ئۇنىڭــدىن باشــقا كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا دىنى ئەقىدىنى ئورنىتىش ئۈچۈن ئاددىي ئۇسۇللار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش، ئۆتكۈر پىكىرلەرنــى يۈرگــۈزۈش

www.uyghurkitap.com

ۋە پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش شۇنداقلا قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ مەزمۇنىنى رېئال ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، دۇنيادا قۇرئان ئايەتلىرىگە ئوخشاش ئەقلى ۋە نەقلى پاكىتلارنى ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان، ۋىجدانى ھېس-تۇيغۇلارنى قوزغىيالايدىغان ئىككىنچى بىر دەلىل-پاكىت (ئاساس) مەۋجۇت ئەمەس.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، تەۋھىد ئىلمى دىنىڭىزنىڭ تۈپ ئاساسىدۇر. ئەگەر سىز بۇ ئىلىمنى بىلمىسىڭىز ئۇنداقتا دىنغا دەلىل-پاكىتسىز، قارىغۇلارچە ئەگەشكەن؛ ئەقلىدىن مەنپەئەتلىنىشنى بىلمىگەن ساۋاتسىز كىشىلەردىن بولۇپ قالىسىز. ئەكسىچە تەۋھىد ئىلمىنى بىلسىڭىز، ئۇنداقتا ئەقلىدىن پايدىلانغان ئېتىقادلىق مۇسۇلمانلاردىن بولىسىز. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَمَنْ يَعْلَمُ أَنَّمَا أُنزِلَ إِلَيْكَ مِنْ رَبِّكَ الْحَقُّ كَمَنْ هُوَ أَعْمَى إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُوْلُوا الْأَلْبَابِ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم (ھەقنى كۆرمەيدىغان دىلى) كور ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟ (الله نىڭ ئايەتلىرىدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند-نەسىھەت ئالىدۇ.﴾ (13-سۈرە رەئد 19-ئايەت)

سىز بۇ ئىلىمنى ئۆزىڭىز بىلگەن ئىكەنسىز، ئۇنداقتا، ئۇنى ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-قېرىنداشلىرىڭىزغا ئۆگىتىشىڭىز لازىم. شۇ چاغدىلا سىز الله نىڭ دىنىغا ھەقىقى دەۋەت قىلغۇچىلاردىن بولىسىز. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ أَحْسَنُ قَوْلًا مِمَّنْ دَعَا إِلَى اللَّهِ وَعَمِلَ صَالِحًا وَقَالَ إِنَّنِي مِنْ الْمُسْلِمِينَ﴾ ﴿الله نىڭ دىنىغا چاقىرغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە مەن مۇسۇلمان دېگەن كىشىدىنمۇ چىرايلىق سۆزلەيدىغان كىشى بارمۇ؟﴾. ئى مۇسۇلمانلار مۇشۇ

ئــارقىلىقلا مىللىــتىمىزنىڭ ۋە خەلقىمىزنىڭ ئىچىــدە كىشــىلەر سىلەردىن مەنپەئەتلىنەلەيدىغان نۇرلۇق چىراغ بولالايسىلەر.

مەن ئەمەللىرىمنىڭ خالىس ﷲ رىزالىقى ئۈچۈن بولۇشىنى ﷲ دىن سورايمەن، ھەمــدە ئۆزىنىــڭ رىزالىقىغا يەتكۈزىــدىغان ۋاسىتە قىلىپ بېرىشنى تىلەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# بىرىنچى بۆلۈم

## 1 ـ دەرس: تەۋھىد ئىلمى

### تەۋھىد ئىلمىنى تونۇشتۇرۇش

سوئال: تەۋھىد ئىلمى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەۋھىد ئىلمى ئەقلىي ۋە نەقلىي پاكىتلار ئارقىلىق دىنىي ئەقىدىلەرنى ئىسپاتلاشتا ئىزدىنىدىغان ئىلىمدۇر. تەۋھىد ئىلمى ھەرقانداق شەكنى يوقىتىدۇ. دىنسىزلارنىڭ ناتوغرا ئىشلىرىنى، گۇمانلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئويدۇرمىلىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. تەۋھىد ئىلمى ئارقىلىق ئىنسان مۇستەھكەم ئەقىدىگە ئېرىشىدۇ. كۆڭۈللەر ئىمان ئارقىلىق خاتىرجەم بولىدۇ. شۇڭا ئۇ «تەۋھىد ئىلمى» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، تەۋھىد ئىلمىنىڭ ئىزدىنىش ساھەسى الله نىڭ بىرلىكىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَمَنْ يَعْلَمُ أَنَّمَا أُنزِلَ إِلَيْكَ مِنْ رَبِّكَ الْحَقُّ كَمَنْ هُوَ أَعْمَى إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُوْلُوا الْأَلْبَابِ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!)، پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم (ھەقنى كۆرمەيدىغان دىلى) كور ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟ (الله نىڭ ئايەتلىرىدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند ـ نەسىھەت ئالىدۇ.)﴾ ( 13 ـ سۈرە رەئد 19 ـ ئايەت).

## تەۋھىد ئىلمىنىڭ ساھەلىرى

سوئال: تەۋھىد ئىلمىنىڭ ساھەلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: تەۋھىد ئىلمى بىرقانچە ساھەلەردە ئىزدىنىدۇ.

1. ﷲ نىڭ بىرلىكىگە ۋە بارلىقىغا ئىشىنىش، ﷲ قا شېرىك كەلتۈرمەستىن خالىس ئىبادەت قىلىش.

2. ﷲ نىڭ ئىنسانىيەتكە ئىلاھى ھىدايەتنى ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەرلىرىگە ئىشىنىش. پەيغەمبەرلەردە راستچىللىق ۋە ئىشەنچ قاتارلىق ياخشى سۈپەتلەرنىڭ بولىدىغانلىقى؛ يالغانچىلىق ۋە خىيانەت قاتارلىق ناچار سۈپەتلەرنىڭ بولمايدىغانلىقىنى تونۇش شۇنداقلا پەيغەمبەرلەرنىڭ، خۇسۇسەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسىگە ۋە پەيغەمبەرلىك دەلىللىرىگە ئىشىنىش.

3. تارىخنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدىكى ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن ﷲ نازىل قىلغان كىتابلارغا ئىشىنىش.

4. پەرىشتىلەرگە، پەرىشتىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىگە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ بىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش.

5. ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش، ﷲ مۆمىنلەرگە تەييارلىغان جەننەت، كاپىرلارغا تەييارلىغان دوزاختىن ئىبارەت مۇكاپات ۋە جازاغا ئىشىنىش.

6. ﷲ نىڭ ھېكمەتلىك تەقدىرىگە ئىشىنىش، دۇنيادىكى بارلىق ئىشلارنىڭ تەقدىر بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش .... قاتارلىق ساھەلەردە ئىزدىنىدۇ.

اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْهِ مِن رَّبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ آمَنَ بِاللّهِ وَمَلآئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ﴾ ﴿پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى اللە غا، اللە نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى.﴾ (2ـ سۈرە بەقەر 285ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمان توغرىلىق سورالغان سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىمان دېگەن ـ اللە قا، پەرىشتىلەرگە، كىتابلارغا، ئاخىرەت كۈنىگە ياخشىلىق ۋە يامانلىق اللە نىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتۇر».

## تەۋھىد ئىلمىنىڭ باشقا ئىلىملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئورنى

سوئال: تەۋھىد ئىلمىنىڭ باشقا ئىلىملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئورنى قانداق؟

جاۋاب: ھەر قانداق ئىلىمنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ ئىزدىنىش ساھەسىنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئەگەر بىز دوختۇر ياغاچچىدىن ئۇلۇغ دېسەك ، ئۇنداقتا ياغاچچىنىڭ ئىزدىنىش ساھەسى پەقەت ياغاچ. دوختۇرنىڭ ئىزدىنىش ساھەسى ئىنساننىڭ جىسمى بولغانلىقىدۇر. دېمەك، تەۋھىد ئىلمىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ ئىزدىنىش ساھەسىنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. قېنى ئېيتىڭچۇ؟ دۇنيانىڭ ياراتقۇچىسىدىنمۇ كاتتىراق بىرەرسى بارمۇ؟ يەرشارىدا ئادەم باللىرى ئىچىدە اللە نىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن پاكراق كىشى بارمۇ؟ ئىنسانغا ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى ۋە رەببىنى، ھەمدە مۇشۇ دۇنياغا يارىتىلىشىدىكى

پۇختا ھېكمەتنى تونۇشتىن مۇھىمراق بىر ئىش بارمۇ؟ **الله** ئىنساننى دۇنياغا نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنى قانداق ئاقىۋەتلەر كۈتۈپ تۇرىدۇ؟ مانا بۇلار تەۋھىد ئىلمىنىڭ ئىزدىنىش ساھەلىرى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىرىدۇر. دېمەك، تەۋھىد ئىلمى ئىسلام ئىلىملىرىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى؛ ئەڭ ئەۋۋىلى ۋە ئەڭ مۇھىمىدۇر.

## تەۋھىد ئىلمىنىڭ پەرزلىكى

سوئال: تەۋھىد ئىلمىنى ئۆگىنىش پەرز ئەيىنمۇ ياكى پەرز كۇپايىمۇ؟

جاۋاب: تەۋھىد ئىلمىنى ئۆگىنىش ھەربىر مۇسۇلمان ئەر-ئايالغا پەرز ئەيىندۇر. تەۋھىد ئىلمىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق مۇسۇلماننىڭ قەلبى ۋە ئەقلى ئۆزىنىڭ ھەق دىن ئۈستىدە ئىكەنلىكىگە قانائەت قىلغۇدەك دەرىجىدە ئۆگىنىش پەرز. ئەمما باشقا ئىلىملەرنى ئۆگىنىش پەرز كۇپايىدۇر. پەرز كۇپايە - بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ئەمەل قىلسا (ئورۇندىسا) يەنە بىر قىسىملىرىدىن ساقىت بولىدىغان ئەمەللەرنى كۆرسىتىدۇ. **الله** مۇنداق دەيدۇ:﴿ فَاعْلَمْ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ ﴾ ﴿بىلگىنكى، **الله** دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر﴾ (47-سۈرە مۇھەممەد19-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

## 1. قۇرئان ئەڭ چوڭ تەۋھىد كىتابى

سوئال: قۇرئان تەۋھىد ئىلمىگە كۆڭۈل بۆلدىمۇ؟

جاۋاب: قۇرئاندىكى ئاساسلىق تېما تەۋھىد تېمىسى بولۇپ، سىز **الله** نىڭ كىتابىدا **الله** قا ئىشىنىش، پەيغەمبەرلەرگە، ئاخىرەت

كۈنگە، پەرىشتىلەرگە، ئىلگىرىكى ئىلاھى كىتابلارغا ئىشىنىش ۋە مۇشۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنىڭ الله ئالدىن بېكىتكەن ئۆلچەم (تەقدىر )بويىچە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ... تىن خالىي بولغان بىرەر سەھىپىنى ئۇچرىتالمايسىز. ناھايىتى ئېنىقكى، ھىجرەتتىن ئىلگىرىكى ئون ئۈچ يىل ئىچىدە مەككىدە نازىل بولغان قۇرئان ئايەتلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك تەۋھىد توغرىسىدا ۋە تەۋھىدكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا بولدى.

## مۇسۇلمانلارنىڭ تەۋھىد ئىلمىگە ئەھمىيەت بېرىشى

سوئال: مۇسۇلمانلار تەۋھىد ئىلمىگە كۆڭۈل بۆلدىمۇ؟

جاۋاب: مۇسۇلمانلارنىڭ تەۋھىد ئىلمىگە كۆڭۈل بۆلۈشى قۇرئان كەرىمنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ چوڭ مەقسىتى تەۋھىد ئىلمى تەقدىم قىلغان دەلىل-پاكىتلار ئارقىلىق ئەقىدىنى كۈچەيتىش ھەمدە كىشىلەرنى ئەڭ ياخشى رەۋىشتە ئىمانغا، الله نىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش بولدى. دېمەك، مۇسۇلمانلارنىڭ تەۋھىد ئىلمىگە كۆڭۈل بۆلۈشى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## مۇسۇلمانلارنىڭ تەۋھىد ئىلمىگە سەل قارىشى

سوئال: مۇسۇلمانلار تەۋھىد ئىلمىگە سەل قارىغان ۋاقىتتا قانداق ناچار ئاقىۋەتلەرگە قالدى؟

جاۋاب: مۇسۇلمانلار ھەقىقى ئىشىنىش ۋە توغرا تونۇش ئاساسىدىكى تەۋھىد ئىلمىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق توغرا ئەقىدە بەرپا قىلىشقا سەل قارىغان ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ۋە يوللىرىغا بۇزۇقچىلىق سىڭىپ كىرىپلا قالماستىن، بەلكى ئىسلام

دۇشمەنلىرىنىڭ ئۇلار ئۇستىدىن ھۆكۇمرانلىق قىلىشىغا، ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنى ئۆز شەھەر ۋە يۇرتلىرىدا خانە ـ ۋەيران قىلىشىغا ئاسانلىق يارىتىلدى.

خۇلاسە:

1. تەۋھىد ئىلمى ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ توغرا ۋە راستلىقىنى ئەقلى ۋە نەقلى پاكىتلار بىلەن دەلىللەيدۇ.

2. تەۋھىد ئىلمى الله قا، كىتابلارغا، پەيغەمبەرلەرگە، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ الله نىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش...تىن ئىبارەت بىر نەچچە ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ.

3. دىنى ۋە دۇنياۋى ئىلىملەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغراقى تەۋھىد ئىلمىدۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى پۈتۈن دۇنيانىڭ تەربىيەتچىسى بولغان الله نىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە كاتتىلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

4. الله غا، كىتابلارغا، پەيغەمبەرلەرگە، پەرىشتىلەرگە، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە تەقدىرگە بولغان ئىشىنىش (ئىمان) نى كۈچەيتىش ئۈچۈن تەۋھىد ئىلمىنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆگىنىش ھەر بىر مۇسۇلمان ئەر-ئايالغا پەرز ئەيىندۇر.

5. پۈتكۈل قۇرئان كەرىم، خۇسۇسەن مەككىدە نازىل بولغان بارلىق قۇرئان سۈرىلىرى تەۋھىد ئىلمى ۋە تەۋھىدكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىلا تىلغا ئالىدۇ.

6. ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار تەۋھىد ئىلمىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن يۈكسەك شان-شەرەپلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. بىراق، كېيىنكى مۇسۇلمانلار بۇ ئىلىمگە سەل قارىغانلىقتىن ئەقىدىلىرى بۇزۇلۇپ، بۇزۇقچىلىق ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ۋە

يــوللىرىنى قــاپلاپ كەتتــى ھەمــدە كــاپىرلار ئۇلارنىــڭ يۇرت ۋە شەھەرلىرىنى ئىگىلىۋالدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# 2. دەرس: تەۋھىد ئىلمىنىڭ دىندىكى ئەھمىيىتى

## ئىمان ئەمەلنىڭ ئاساسى

سوئال: الله نېمە ئۈچۈن مۆمىن بولمىغان كىشىنىڭ ئەمىلىنى قوبۇل قىلمايدۇ؟

جاۋاب: الله قا ئىمان ئېيتمىغان، الله نىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلمايدىغان، ئازابىدىن قورقمايدىغان كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىدە الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلىمەيدۇ. ئىش-ھەرىكىتىدە ھالال- ھارامنى مۇھىم بىلمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ياخشى ئىش قىلسىمۇ ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار كاپىر بولۇپ، ئۆز رەببىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىشنى ياكى ئۇنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلمايدۇ. كاپىر كاپىر (ئىنكارچى) بولغانلىقى ۋە ئېزىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن الله نىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ الله نىڭ دىنى توغرۇلۇق ئىزدەنمەيدۇ ۋە پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ئىلاھى مەلۇماتلارنى ئاڭلاشقا تىرىشمايدۇ. تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولغىنى شۇكى، كاپىر الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئاڭلىغان چاغدا ئۇنى مەسخىرە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەملى قوبۇل قىلىنمايدۇ ۋە ئازابقا يولۇقىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَدِمْنَا إِلَى مَا عَمِلُوا مِنْ عَمَلٍ فَجَعَلْنَاهُ هَبَاء مَّنثُورًا﴾ ﴿بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز، (يەنى ئۇلار ئىمانسىز بولغانلىقتىن، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىمىز)﴾ (25-سۈرە فۇرقان 23-ئايەت). ﴿مَّثَلُ الَّذِينَ كَفَرُواْ بِرَبِّهِمْ

أَعْمَالُهُمْ كَرَمَادٍ اشْتَدَّتْ بِهِ الرِّيحُ فِي يَوْمٍ عَاصِفٍ لاَّ يَقْدِرُونَ مِمَّا كَسَبُواْ عَلَى شَيْءٍ ذَلِكَ هُوَ الضَّلاَلُ الْبَعِيدُ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى بورانلىق كۈندە شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن بىر دۆۋە كۈلگە ئوخشايدۇ، كاپىرلار (بۇ دۇنيادا) قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن ئازراقمۇ ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ، بۇ چوڭقۇر ئېزىشتۇر(يەنى چوڭ زىياندۇر)﴾ (14 ـ سۈرە ئىبراھىم 18 ـ ئايەت). ﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا أَعْمَالُهُمْ كَسَرَابٍ بِقِيعَةٍ يَحْسَبُهُ الظَّمْآنُ مَاء حَتَّى إِذَا جَاءهُ لَمْ يَجِدْهُ شَيْئًا وَوَجَدَ اللَّهَ عِندَهُ فَوَفَّاهُ حِسَابَهُ وَاللَّهُ سَرِيعُ الْحِسَابِ ﴾ ﴿كاپىرلارنىڭ (ياخشى ئەمەل دەپ ئويلىغان) ئەمەللىرى باياۋاندىكى سەرابقا ئوخشايدۇ، تەشنا ئادەم ئۇنى سۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلسە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ (يەنى سۇ كۆرۈنمەيدۇ)، ئۇ الله نىڭ ئۆز (ئەمەلىنىڭ) يېنىدا (كۆزىتىپ تۇرغۇچى) ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ، الله ئۇنىڭ قىلمىشىغا تېگىشلىك جازا بېرىدۇ، الله تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر﴾ (24 ـ سۈرە نۇر 39 ـ ئايەت).

مىسال:

بىر ئادەم ئۆزىگە تەۋە بولمىغان بىر باغقا كىرىپ كەلدى. باغدا ھەرخىل مېۋىلەرنى ئۇچراتتى ۋە ئۆزى خالىغانچە يەپ ـ ئىچىشكە باشلىدى. ئۆزىچە باغدا ئىشلەشكە كىرىشتى. بىر دەرەخنى قومۇرۇپ يەنە بىرىنى تىكىپ قويىدى. باغقا يەنە بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەن بۇ باغنىڭ ئىگىسى ياكى ۋەكىلىنى تېپىپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىشلىشىم كېرەك» دېدى ۋە باغنىڭ ئىگىسىنى ئىزلەشكە باشلىدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا باغ ئىگىسىنىڭ ۋەكىلى يېتىپ كېلىپ بىرىنچى ئادەمنىڭ قىلغان ئىشىنى ئەيىبلىدى. ئەمما، ئۇ باغۋەننىڭ

ۋەكىلىنىڭ سۆزلىرىگە پىسەنتمۇ قىلماي قىلىۋاتقان ئىشنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. بىراق، ئىككىنچى ئادەم باغۋەنىنىڭ ۋەكىلىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىشلىدى.

قېنى ئېيتىپ بېقىڭچۇ؟ بۇ ئىككى ئادەمنىڭ قايسىسى مۇكاپاتقا لايىق بولىدۇ؟ تۇنجى قېتىم باغقا كىرىپ باغ خوجايىنىنىڭ ۋەكىلىنىڭ يوليورۇق-كۆرسەتمىلىرىنى مەسخىرە قىلغان كىشىمۇ؟ ياق، گەرچە ئۇ باغدا ياخشى ئىش قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ھەرگىزمۇ مۇكاپاتقا لايىق ئەمەس. چۈنكى، ھەرقانداق ئادەم باغۋەنىنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپلىق قىلغان كىشىنىڭ ئەمەس بەلكى، رىئايە قىلغان كىشىنىڭلا مۇكاپاتقا لايىق ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ.

دەل يۇقىرىقى مىسالدىكىدەك، بۇ زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەر الله نىڭ مۈلكى . پەيغەمبەرلەر بولسا الله نىڭ ۋەكىللىرى. مۆمىن ئادەم الله نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىدۇ. كاپىر بولسا الله نىڭ ھىدايىتى ۋە رۇخسىتىسىز ھالدا الله نىڭ مۈلكىنى ئۆزى خالىغانچە ئىشلىتىدۇ. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇ الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن يۈز ئۆرىگەن بولىدۇ.

## ئىسلامنىڭ ئاساسى ئىككى گۇۋاھلىقنى ئادا قىلىش

سوئال: ئىسلام نېمە ئۈچۈن ئىككى شاھادەت (گۇۋاھلىق) نى ئادا قىلىشنى ئىسلامنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلدى؟

جاۋاب: ئىككى گۇۋاھلىقنى ئادا قىلىشنىڭ مەنىسى شۇكى، سىز بىرىنچى شاھادەتنى ئادا قىلغان ۋاقتىڭىزدا مۇشۇ دۇنيانى ياراتقان، پەيدا قىلغان، ئىشلارنى قانۇنىيەت ۋە ھېكمەت بىلەن

ئورۇنلاشتۇرغان بىر الله نىڭ بارلىقىغا ۋە ئۇنىڭ بىرلىكىگە كەسكىن ئىشەنگۈچى ۋە قانائەت قىلغۇچى بولىسىز. ئىككىنچى شاھادەتنى ئادا قىلغان ۋاقتىڭىزدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانىيەتنى يېتەكلەش ، توغرا يولغا باشلاش ۋە پۈتكۈل ئىشلاردا كىشىلەرگە ھالال ۋە ھارامنى بايان قىلىش ئۈچۈن الله تەرەپتىن ھەق دىنىنى ئېلىپ كەلگەن الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە كەسكىن ئىشەنگۈچى ۋە تەستىق قىلغۇچى بولىسىز. دېمەك، سىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەقىقى ئەگەشكەندىلا ئاندىن الله قا ئىتائەت قىلغانلىقىڭىز نامايان بولىدۇ.

مەلۇمكى، ئەگەر سىز تەۋھىد ئىلمىنى تونۇغۇچى بولمىسىڭىز ئۇنداقتا، سىزنىڭ گۇۋاھلىقىڭىز ناتوغرا ۋە يېتەرسىز بولىدۇ. شۇڭا سىز شاھادىتىڭىزنىڭ توغرا، ئىسلامىڭىزنىڭ ساغلام، ئەمەللىرىڭىزنىڭ مەقبۇل بولىشى ئۈچۈن چوقۇم تەۋھىد ئىلمىنى ئۆگىنىشىڭىز كېرەك. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ فَاعْلَمْ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ ﴾ ﴿بىلگىنكى، الله دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر﴾ (47-سۈرە مۇھەممەد19-ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ﴿ شَهِدَ اللّهُ أَنَّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ وَالْمَلاَئِكَةُ وَأُوْلُواْ الْعِلْمِ قَآئِمَاً بِالْقِسْطِ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ ﴾ ﴿ الله ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى: ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر ﴾ (3-سۈرە ئال ئىمران 18-ئايەت).

شۇنىڭ ئۈچۈن تەۋھىد ئىلمى دىنى ئىلىملەرنىڭ تۈپ يىلتىزى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىمراقىدۇر .

خۇلاسە:

1. الله كاپىرلارنىڭ ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. پەقەت مۆمىنىنىڭ ئەمىلىنىلا قوبۇل قىلىدۇ.

2. كاپىر ئۆز خوجايىنى ۋە ياراتقۇچىسى بولغان الله نىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلماستىن ئەمەل قىلىدۇ. الله ئۇنىڭدىن رازى بولدىمۇ ياكى نارازى بولدىمۇ بۇنى مۇھىم بىلمىگەچكە، ئازابقا ھەقلىق بولۇپ، ساۋابتىن مەھرۇم قالىدۇ. ئىسلامنىڭ تۈپ ئاساسى ئىككى شاھادەتنى ئادا قىلىشتۇر. ئەگەر ئىنسان تەۋھىد ئىلمىنى تولۇق بىلمىسە، ئۇنىڭ شاھادىتى مۇكەممەل ئادا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەۋھىد ئىلمى ئىسلامدىكى ئەڭ مۇھىم ئىلىم ھېسابلىنىدۇ. .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى

# 3. دەرس: تەۋھىد ئىلمىنىڭ دۇنيا ھاياتىدىكى ئەھمىيىتى

## تەۋھىد ئىلمىنى بىلمەسلىكنىڭ زىيانلىرى:

سوئال: ھاياتى دۇنيادا تەۋھىد ئىلمىنى بىلمەسلىكنىڭ قانداق زىيانلىق تەسىرى بار؟

جاۋاب: تەۋھىد ئىلمىنى بىلمەسلىكنىڭ تەسىرى :

1. ياراتقۇچىسى بولغان اللە نى تونۇمايدىغان ئادەم بۇ دۇنيادا گويا قارىغۇ ئادەمدەك ياشايدۇ. ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى، زېمىن ئۈستىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ھېكمەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ھاياتنىڭ نېمە ئۈچۈن باشلانغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ، دۇنيادىكى ھاياتنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ دۇنيادىن چىقىپ كېتىدۇ. اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَالَّذِينَ كَفَرُوا يَتَمَتَّعُونَ وَيَأْكُلُونَ كَمَا تَأْكُلُ الْأَنْعَامُ وَالنَّارُ مَثْوًى لَّهُمْ ﴾ ﴿كاپىرلار (ھاياتى دۇنيادا ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولىدۇ ۋە چاھارپايلاردەك يەپ - ئىچىدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ﴾ (47-سۈرە مۇھەممەد 12-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

2. ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان ئادەم دۇنيا ھاياتىغا ئالدىنىپ، شەخسى مەنپەئەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مۇشۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر ياشاش مەقسىتى قىلىۋالىدۇ. دۇنيا مەنپەئەتىنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇپ، ئىقتىسادنىڭ ھالال ياكى ھارامدىن بولۇشى، پۇل تېپىش يولىدا باشقىلارنىڭ زىيان تارتىش ياكى تارتماسلىقى ئۇنىڭغا نىسبەتەن قىلچىلىك مۇھىم

ھېسابلانمايدۇ. مانا مۇشۇنداق شەخسىيەتچىلىك بىلەن جەمئىيەت پارچىلىنىپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا مۇئامىلە بۇزۇلىدۇ. ئۇيۇلتاشتەك بىرلىشىپ كەتكەن مۆمىنلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەكسىچە،جەمئىيەت كىشىلىرى ئارىسىدا ئۆز - ئارا دۈشمەنلىك كۆپىيىدۇ.

3. تەۋھىد ئىلمىنى بىلمەسلىك ئەقىدە ۋە ئەمەللەرنىڭ بۇزۇلۇپ، گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نەتىجىدە الله ئۆز دىنىغا سەل قارىغان، دىنى پرىنسىپلارغا رىئايە قىلماي تۇرۇپ، ئۆزىنى مۇسۇلمان ھېسابلىغان كىشىلەرگە ئازاب چۈشۈرىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ظَهَرَ الْفَسَادُ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ بِمَا كَسَبَتْ أَيْدِي النَّاسِ لِيُذِيقَهُم بَعْضَ الَّذِي عَمِلُوا لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ﴾ ﴿ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى، الله ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى﴾ (30-سۈرە رۇم41-ئايەت).

## تەۋھىد ئىلمىنىڭ ھاياتلىقتىكى ئىجابىي تەسىرى

سوئال: تەۋھىد ئىلمىنىڭ ھاياتلىقتىكى ئىجابىي تەسىرى قايسىلار؟

جاۋاب: تەۋھىد ئىلمىنىڭ ھاياتلىقتىكى تەسىرى:

1. الله غا ۋە الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنگەن مۆمىن الله نىڭ ئۆزىنى نېمە ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى، ھاياتىنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسىنى ئېنىق بىلىپ، بۇ دۇنيادا توغرا يول ئۈستىدە ماڭىدۇ. ئازغۇنلۇقتىن ۋە قارىغۇلارچە ياشاشتىن يىراق بولىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَمَن يَمْشِي مُكِبًّا عَلَى وَجْهِهِ أَهْدَى أَمَّن

﴿يَمْشِي سَوِيًّا عَلَى صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ﴾ ﴿زادى قايسى ئادەم يول تاپالايدۇ؟ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ماڭغان ئادەممۇ؟ ياكى قەددىنى رۇس تۇتۇپ تۈز يولدا ماڭغان ئادەممۇ؟﴾ (67 ـ سۈرە مۇلك 22 ـ ئايەت).

2. تەۋھىد كىشىلەرنى بىر ئىلاھ، بىر كىتاب، بىر پەيغەمبەر، بىر قىبلە ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرىدۇ. ئىمان كىشىلەرنى — الله سۆيەتلىگەندەك — بىر ـ بىرىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان، بىر ـ بىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىدىغان راستچىل قېرىنداشلارغا ئايلاندۇرىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ﴾ ﴿مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر﴾ (49 ـ سۈرە ھۇجۇرات 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆمىنلەرنى سۆيەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ـ بىرىنى دوست تۇتۇشى ۋە ئۆز ـ ئارا كۆيۈنۈشىنىڭ مىسالى گويا بىر تەنگە ئوخشاش بولۇپ، ئەگەر ئۇ تەندىن بىرەر ئەزا ئاغرىپ قالسا، باشقا ئەزالارمۇ قىزىش ۋە ئۇيقۇسىزلىق بىلەن ئۇ تەننىڭ ئاغرىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ». دەل شۇنىڭدەك مۆمىنلەر جەمئىيىتى ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىق ئاساسىدىكى ھەمكارلىق جەمئىيىتى بولۇپ، جەمئىيەت ئەزالىرى بىر ـ بىرىنى جىنايەت ۋە ئاداۋەتلىشىشتىن توسىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى الله نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەل قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار زالىملىق، ئوغرىلىق ، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق، ئالدامچىلىق، زىناخورلۇق، پارىخورلۇق، يالغانچىلىق، ھەسەتخورلۇق، غەيۋەتخورلۇق، باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈش ...قاتارلىق ناچار قىلىقلارنى قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار قىيامەت كۈنى الله ئالدىدا ئاشۇ قىلمىشلىرىدىن بىر ـ بىرلەپ ھېساب بېرىشتىن قورقىدۇ. ئۇلار تەۋھىدنى چىڭ تۇتقان چاغدىلا ئاندىن الله نىڭ مۆمىنلەرنى

سۆپەتلىگەن تۆۋەنـدىكى سۆپەتـگە مۇشـەررەپ بـولغىلى بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللّهِ﴾ ﴿(ئـى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچـۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغـان ياخشـىلىققا بـۇيرۇپ يامـانلىقتىن توسـىدىغان الله غـا ئىمـان ئېيتىـدىغان ئەڭ ياخشـى ئۈممەتسـىلەر.﴾ (3ـ سـۈرە ئـال ئىمران 110ـ ئايەت).

3. ئەگەر كىشـىلەر ئارىسـىدا ئىمـان ھەقىقىـي كـونترول قىلغـۇچى كـۈچكە ئايلانسـا، الله نـى رازى قىلىـدىغان ياخشـى ئەمەللەر مەيدانغا كېلىدۇ . الله ئۇلارغا يـاردەم بېرىـپ، ياخشـىلىق ئىشىكلىرىنى ئاچىدۇ. دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن ياردەم بېرىدۇ. الله مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿ ثُمَّ بَدَّلْنَا مَكَانَ السَّيِّئَةِ الْحَسَنَةَ حَتَّى عَفَواْ وَّقَالُواْ قَدْ مَسَّ آبَاءنَا الضَّرَّاء وَالسَّرَّاء فَأَخَذْنَاهُم بَغْتَةً وَهُمْ لاَ يَشْعُرُونَ ﴾ ﴿پەيغەمبەرلىرىنـى ئىنكـار قىلغـانلىقتىن ھـالاك قىلىنغـان) شـەھەرلەرنىڭ ئاھالىسـى ئىمان ئېيتقـان ۋە (كۇفرىـدىن ، گۇنـاھلاردىن) سـاقلانغان بولسـا ئىـدى، ئەلـۋەتتە، ئـۇلارنى ئاسـمان ـ زېمىننىـڭ پاراۋانلىقلىرىغـا مۇيەسسـەر قىلاتتـۇق ، لـېكىن ئـۇلار (پەيغەمبەرلەرنـى) ئىنكـار قىلـدى، شـۇڭا ئـۇلارنى ئـۆز قىلمىشـلىرى تۈپەيلىـدىن ھـالاك قىلدۇق.﴾ (7ـ سۈرە ئەئراف 96ـ ئايەت).

الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِن تَنصُرُوا اللَّهَ يَنصُرْكُمْ وَيُثَبِّتْ أَقْدَامَكُمْ﴾ ﴿ئى مۆمىنلەر ! سـىلەر الله غـا (يەنـى الله نىـڭ دىنىغـا) ياردەم بەرسەڭلار، الله سىلەرگە (دۈشـمىنىڭلارغا قارشـى) يـاردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىـدا) بەرقـارار قىلىـدۇ.﴾ (47ـ سۈرە مۇھەممەد7ـ ئايەت).

خۇلاسە:

1 . الله نىڭ بىرلىكىنى ئۇقمايدىغان ئادەم گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ. ھاياتلىقنىڭ نېمە ئۈچۈن باشلانغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ، ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ دۇنيادىن چىقىپ كېتىدۇ.

2. ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان ئادەم دۇنيا مەنپەئەتىدىن باشقىنى ئويلىمايدۇ. ئىقتىسادىنىڭ ھالال ياكى ھارامدىن بولۇشىنى مۇھىم بىلمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھاياتلىق بۇزۇلۇپ، جەمئىيەت پارچىلىنىدۇ.

3. ئەگەر ئىمان ئاجىزلاشسا، گۇناھلار كۆپىيىدۇ. نەتىجىدە، الله گۇناھكارلارغا ئازاب چۈشۈرىدۇ.

4. مۆمىن الله نىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ، ئۇنى نېمە ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى تونۇيدۇ. الله نىڭ ھىدايىتى بىلەن ھىدايەت تاپىدۇ ۋە توغرا يولدا ماڭىدۇ. بۇزۇق ئىشلارنى قىلمايدۇ. زۇلۇم ۋە ئوغرىلىق قاتارلىق ھارام ئىشلارنى قىلمايدۇ. مۇشۇ ئارقىلىق ئىنسانلار ھاياتى ياخشىلىنىپ، ئۆيۈلتاشتەك قېرىنداشلار جەمئىيىتى بارلىققا كېلىدۇ . ئىمان الله نى رازى قىلىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. نەتىجىدە، الله بەرىكەتلەرنى ئېچىپ، راستچىل مۆمىنلەرگە دۈشمىنى ئۈستىدىن ياردەم بېرىدۇ.

# 4. دەرس: بىز الله نى قانداق تونۇيمىز؟

**الله نىڭ بارلىقىنى تونۇش:**

سوئال: بىز الله نىڭ بارلىقىنى قانداق تونۇيمىز؟

جاۋاب: ئەگەر سىز يىراقتىن ئالدىڭىزدا كېتىۋاتقان بىر ماشىنىنى ياكى ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلاننى كۆرسىڭىز، مۇشۇنداق ئەگرى يوللاردا ماشىنىنى ماھىرلىق بىلەن ھەيدەۋاتقان شوپۇر بىلەن ئايروپىلان ھەيدەيدىغان ئۇچقۇچىنىڭ بارلىقىغا چوقۇم ئىشىنىسىز.

سوئال: بىز شوپۇر بىلەن ئۇچقۇچىنىڭ بارلىقىغا قانداق ئىشىنىمىز؟

جاۋاب: ئەگەر ماشىنىنى ھەيدىگۈچى شوپۇر بولمىسا، بىز ئاشۇ ئەگرى يولدا مېڭىۋاتقان ماشىنىنى كۆرمىگەن بولاتتۇق. ئەگەر ئايروپىلان ھەيدەيدىغان ئۇچقۇچى بولمىسا خاتىرجەم ھالدا بىر شەھەردىن بىر شەھەرگە ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلاننى كۆرەلمەيتتۇق.

سوئال: بىز الله نىڭ بارلىقىنى قانداق تونۇيمىز؟

جاۋاب: قۇياش، ئاي، يۇلتۇز ۋە باشقا پلانېتلارنى ياراتقان، كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالماشتۇرغان، پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى يوقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن زات دەل الله دۇر. دېمەك، الله نىڭ مەۋجۇت بولۇشىدا قىلچە شەك يوق.

سوئال: بۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى قانداق؟

جاۋاب: ئەگەر الله مەۋجۇت بولمىسا (گۇناھىمنى الله مەغپىرەت قىلغاي!) قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، پلانېتلار ۋە كېچە

بىلەن كۆندۈزدىن ئىبارەت مەخلۇقاتلار ئۆزىنىڭ مۇنتىزىم ئايلىنىشىدىن توختاپ قالغان بولاتتى. مەخلۇقاتلارمۇ مەۋجۇت بولمايتتى. چۈنكى، ياراتقۇچى بولمىسا يارىتىلغۇچىلار بولمايدۇ. دېمەك، ياراتقۇچى مەۋجۇت بولمىسا يارىتىلغۇچىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَمْ خُلِقُوا مِنْ غَيْرِ شَيْءٍ أَمْ هُمُ الْخَالِقُونَ أَمْ خَلَقُوا السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ بَل لَّا يُوقِنُونَ﴾ ﴿ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟ ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟ بەلكى ئۇلار (الله نىڭ بىرلىكىگە) ئىشەنمەيدۇ.﴾ (52-سۈرە تۇر 35~36-ئايەتلەر).

الله نىڭ سۈپەتلىرىنى تونۇش:

سوئال: بىز الله نىڭ سۈپەتلىرىنى قانداق تونۇيمىز؟

جاۋاب: بىز الله نىڭ سۈپەتلىرىنى الله نىڭ مەخلۇقلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ھەمدە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆگىتىشى ئارقىلىق تونۇيمىز. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ إِنَّ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ لَآيَاتٍ لِّلْمُؤْمِنِينَ ﴾ ﴿ ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا مۆمىنلەر ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ھەقىقەتەن نۇرغۇن دەلىللەر بار.﴾(45-سۈرە جاسىيە 3-ئايەت). ﴿ وَفِي خَلْقِكُمْ وَمَا يَبُثُّ مِن دَابَّةٍ آيَاتٌ لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ ﴾ ﴿سىلەرنىڭ يارىتىلىشىڭلاردا ۋە (الله زېمىندا) تارقىتىۋەتكەن جانىۋارلاردا (الله نىڭ قۇدرىتىگە) جەزمەن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەر بار.﴾ (45-سۈرە جاسىيە4-ئايەت).

سوئال: بىز الله نىڭ مەخلۇقلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق الله نىڭ سۈپەتلىرىنى قانداق تونۇيمىز؟

جاۋاب: ئەگەر سىز ماشىنا ھەققىدە تەپەككۇر قىلسىڭىز شۇنى بايقايسىزكى، ماشىنىنىڭ تۆمۈر ماتېرىيالى ماشىنا ياسىغۇچى تېخنىكنىڭ قېشىدا تۆمۈرنىڭ بارلىقىنى ھەمدە تۆمۈرنى سىز كۆرۈۋاتقان ماشىنا شەكلىدە ياساش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ماشىنىدىكى ئەينەك ماشىنا ياسىغۇچىنىڭ ئەينەك ماتېرىيالىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئەينەكنى تاختاي شەكلىدە ۋە چىراغلارغا ماس كېلىدىغان ياپقۇچ شەكلىدە ياساش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا ماشىنا ياسىغۇچىنىڭ ھەرخىل ماشىنا زاپچاسلىرىغا ئىگە بولغاندىن سىرت، زاپچاسلارنى ئۆز-ئارا قۇراشتۇرۇش ئارقىلىق ماشىنا ياساش ئىقتىدارى، تەجرىبىسى ۋە بىلىم-تېخنىكىسى قاتارلىقلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، بىز مۇشۇلار ئارقىلىق ماشىنا ياسىغۇچىنىڭ كۆپلىگەن سۈپەتلىرىنى بىلەلەيمىز.

سوئال: بۇ مىسالنىڭ الله نىڭ سۈپەتلىرىنى تونۇشقا قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

جاۋاب: بىز ماشىنا ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ماشىنا ياسىغۇچىنىڭ كۆپلىگەن سۈپەتلىرىنى تونۇغاندەك، الله نىڭ مەخلۇقلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق الله نىڭ بىر قىسىم سۈپەتلىرىنى تونۇيالايمىز:

1. الله نىڭ مەخلۇقلىرىدىكى بىز كۆرۈۋاتقان ھېكمەت ھېكمەتلىك زاتنىڭ ياراتقانلىقىغا گۇۋاھ بولىدۇ.

2. الله نىڭ مەخلۇقلىرىدىكى تېخنىكا تېخنىكىلىق زاتنىڭ قىلغانلىقىغا گۇۋاھ بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

3. ﷲ نىڭ مەخلۇقلىرىدىكى ھەر قانداق كۈچ كۈچلۈك زاتنىڭ ياراتقانلىقىغا گۇۋاھ بولىدۇ.

4. ﷲ نىڭ مەخلۇقلىرىدىكى ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەر ئاجايىپ گۈزەل شەكىللەرنى ياراتقۇچى زاتنىڭ قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

5. ﷲ نىڭ مەخلۇقلىرىدىكى ھىدايەت قىلغۇچى زاتنىڭ ياراتقانلىقىغا گۇۋاھ بولىدۇ.

6. ﷲ نىڭ مەخلۇقلىرىدىكى ھاياتلىق ھاياتلىق بەرگۈچى زاتنىڭ قىلغانلىقىغا گۇۋاھ بولىدۇ.

7. ﷲ نىڭ مەخلۇقلىرىدىكى ئىلىم ھەممىنى بىلگۈچى زاتنىڭ قىلغانلىقىغا گۇۋاھ بولىدۇ.

8. ﷲ نىڭ مەخلۇقلىرىدىكى مۇھاپىزەت ھەممىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى زاتنىڭ قىلغانلىقىغا گۇۋاھ بولىدۇ.

9. ﷲ نىڭ مەخلۇقلىرىدىكى پىلان پىلانلىغۇچى، تەدبىر قىلغۇچى زاتنىڭ قىلغانلىقىغا گۇۋاھ بولىدۇ.

10. دۇنيادىكى بىرىكىش ۋە بىرلىشىش قانۇنىيىتى يەككە-يېگانە ﷲ نىڭ قىلغانلىقىغا گۇۋاھ بولىدۇ.

مانا مۇشۇنداق، ﷲ نىڭ مەخلۇقلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق بىز ﷲ نىڭ ھېكمەتلىك،قۇدرەتلىك، كۈچلۈك، ئاجايىپ شەكىللەندۈرگۈچى، ھىدايەت قىلغۇچى، ھاياتلىق بەرگۈچى، ھەممىنى بىلگۈچى، مۇھاپىزەت قىلغۇچى، پىلانلىغۇچى، يەككە-يېگانە زات ئىكەنلىكىنى تونۇيمىز.

سوئال: بىز ﷲ نىڭ مەخلۇقلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ﷲ نىڭ بارلىق سۈپەتلىرىنى تونۇيالامدۇق؟

جاۋاب: ياق، بارلىق سۈپەتلىرىنى تونۇشقا قادىر بولالمايمىز.

سوئال: نېمە ئۈچۈن تونۇيالمايمىز؟

جاۋاب: بىز ماشىنا ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ماشىنا ياسىغۇچىنىڭ تۆمۈر، سىم، ئەينەك قاتارلىق ھەرخىل زاپچاسلارغا ئىگە بولغاندىن سىرت، ئاشۇ زاپچاس ۋە خام ماتېرىياللاردىن ماشىنا ياساش ئىقتىدارى ۋە تېخنىكىسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بىراق، بىز ماشىنا ئىگىسىنىڭ سېخى ياكى بېخىل ، ئېگىز ياكى پاكار، زالىم ياكى ئادىللىقىنى؛ بىزنى ياخشى كۆرىدىغان ياكى يامان كۆرىدىغانلىقىنى بىلەلمەيمىز. دەل شۇنىڭدەك، بىز الله نىڭ مەخلۇقلىرى ھەققىدە ئويلىنىش ئارقىلىق الله نىڭ ھەممە سۈپەتلىرىنى تونۇيالمايمىز. مەسىلەن، «الله ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈمنى نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟ بىز بۇ دۇنيادا نېمە ئۈچۈن ياشايمىز؟» دېگەندەك سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ھەمدە الله نىڭ «ھەقىقىي مەبۇد، پاك، ھەممىدىن ئۈستۈن، ھەممىدىن ھېساب ئالغۇچى، جازالىغۇچى، مەغپىرەت قىلغۇچى» قاتارلىق سۈپەتلىرىنى الله نىڭ ئۆگىتىشى بىلەنلا تونۇيالايمىز.

سوئال: بىز الله نىڭ ئۆزىمىز تونۇيالمىغان سۈپەتلىرىنى قانداق تونۇيمىز؟

جاۋاب: بىز الله نىڭ سۈپەتلىرىدىن الله بىزنىڭ تونۇشىمىزنى خالىغانلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆگىتىشى ئارقىلىق تونۇيمىز. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلاَ يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ إِلاَّ بِمَا شَاء﴾ ﴿ئۇلار الله نىڭ مەلۇماتىدىن (الله ) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ﴾ (2ـ سۈرە بەقەر 255ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

خۇلاسە:

1. يولـدا كېتىۋاتقـان ماشـىنا بىـلەن ئاسـماندا ئۇچۇۋاتقـان ئايروپىلان بىر شوپۇر بىلەن ئۇچقۇچىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

2. قۇيـاش، ئـاي، يۇلتـۇز، پلانېـت ۋە كـېچە ـ كۈنـدۈزنىڭ مۇنتىزم، قانۇنىيەتلىك ھەرىكىتى الله نىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

3. ئەگەر يـارىتقۇچى مەۋجـۇت بولمىسـا مەخلۇقلارنىـڭ ھېچقايسىسى مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى.

4. ئەگەر بىز ماشىنا ھەققىدە ئويلانساق ماشىنا ياسىغۇچىنىڭ ماشىنىغا كېرەكلىك خام ماتېرىيالغا، ماشـىنا ياسـاش ئىقتىـدارىغا ۋە ئىنژېنېرلىق تېخنىكىسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

5. ئەگەر بىـز الله نىـڭ مەخلـۇقلىرى ھەققىـدە تەپەككـۇر قىلساق، ئۇ مەخلۇقلاردىكى ھېكمەت، تېخنىكا، كـۈچ، ئاجايىـپ سۈرەت، ھاياتلىق، مۇھاپىزەت، تەدبىر، بىـرىكىش ۋە بىرلىشىش قـانۇنىيىتى قاتـارلىقلار ....الله نىـڭ ھېكمەتلىـك، كۈچلـۈك، قۇدرەتلىـك، تەدبىرلىـك، شـەكىللەندۈرگۈچى، ھايـاتلىق بەرگـۈچى، مۇھـاپىزەت قىلغـۇچى، يەكـكە ـ يېگـانە زات ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

6. الله بىـزگە بىلەلمىـگەن بىرقىسـىم سـۈپەتلىرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى.

# 5.دەرس: «ئىنسان تائامىغا قاراپ باقسۇن» دېگەن ئايەت ھەققىدە

سوئال: الله نېمە ئۈچۈن «ئىنسان تائامىغا قاراپ باقسۇن» دېگەن ئايەت ئارقىلىق بىزنى تائاملىرىمىزغا نەزەر سېلىشقا ۋە ئۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلىشقا بۇيرۇيدۇ؟

جاۋاب: الله بىزنى ھەممە نەرسىلەر ھەققىدە، جۈملىدىن تائاملىرىمىز ھەققىدىمۇ تەپەككۇر قىلىشقا بۇيرىدى. چۈنكى، بىز ئىلگىرىكى دەرستە الله نىڭ مەخلۇقلىرىدا الله نىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى تونۇشىمىز ئۈچۈن پاكىت ۋە ئالامەتلەر بار، دەپ چۈشەندۈرگىنىمىزدەك، بىزنىڭ تائاملىرىمىزمۇ الله نىڭ مەخلۇقلىرىدۇر.

سوئال: بىز تائاملىرىمىز توغرۇلۇق تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق الله نىڭ قايسى سۈپەتلىرىنى تونۇيالايمىز؟

جاۋاب: بىز تائاملىرىمىز توغرۇلۇق تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق رەببىمىزنىڭ «رىزىق بەرگۈچى، ھەممىنى بىلگۈچى، قۇدرەتلىك ، ھېكمەتلىك، كۆيۈمچان، سېخىي، ھىدايەت قىلغۇچى، ھاياتلىق بەرگۈچى، ئاجايىپ سۈرەتلىگۈچى» دېگەندەك ئىبارەت سۈپەتلىرىنى تونۇيالايمىز.

سوئال: بىز الله نىڭ «رىزىق بەرگۈچى» دېگەن سۈپىتىنى قانداق تونۇيمىز؟

جاۋاب: الله ئىنسانغا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىتىن باشلاپ رىزىق بېرىدۇ. ئاشۇ ۋاقىتتا بالىنىڭ دادىسى ياكى ئانىسى ياكى ھۆكۈمەت ياكى بىرەر خەلق ئانىنىڭ قورسىقىدىكى بوۋاققا

www.uyghurkitap.com

رىزىق بېرىشكە قادىر بولالمايدۇ. ئەمما، الله بوۋاقنىڭ قورسىقىدىن (كىندىكىدىن) ئانىنىڭ رەھمىگە (بالىياتقۇسىغا) كىندىك نەيچىسىنى سوزۇپ، بوۋاق ئانىنىڭ قورسىقىدىن چىققۇچە بولغان ئارىلىقتىكى توققۇز ئاي مۇددەت ئىچىدە بوۋاققا غىزالارنى تولۇق يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بوۋاق ئانىنىڭ قورسىقىدىن چىققاندا كىندىك نەيچىسى ئۈزۈلىدۇ. چۈنكى، الله بوۋاققا غىزا كېلىدىغان كىندىك ئېغىزىدىن ئىبارەت بۇ خىل مەنبەنى ئېتىۋېتىشتىن بۇرۇن، ئاللىقاچان ئۇنىڭ ئورنىغا ئېغىز، كاناي، ئاشقازان ۋە ئۈچەيدىن ئىبارەت يېڭى مەنبەلەرنى ئېچىپ بەرگەن ئىدى.

قېنى ئېيتىڭچۇ؟ سىزنىڭ ئانىڭىز كىندىك ئېغىزىنى ئېتىۋېتىپ، سىزگە ئېغىز ۋە ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنى ئۆزى پەيدا قىلدىمۇ؟ ياكى دادىڭىز ئاشۇلاردىن بىرەر ئىشقا ھەسسە قوشتىمۇ؟ ھۆكۈمەت ياكى خەلق بىرەر تامچە قان ياكى بىرەر تومۇرنى ياساشقا شېرىكلەشتىمۇ؟ تاغلار، دەرەخلەر، يۇلتۇزلار، پلانېتلار ياكى تەبىئەت سىزنىڭ تائامىڭىزنى ۋە رىزقىڭىزنى ياساشقا قادىر بولالىدىمۇ؟ سىز ئانىڭىزنىڭ قورسىقىدىن چىققاندىن كېيىن، سىزگە ئانىنىڭ قورسىقىدىن غىزا كېلىدىغان كىندىك نەيچىسى ئۈزۈلگەندە، سىز تېخى كىچىككىنە بوۋاق بولغاچقا، ئاشلىق، مېۋە، گۆش، كۆكتات ۋە نانلارنى يېيەلمەيسىز. رىزىق بەرگۈچى الله سىزنى رىزىقسىز تاشلاپ قويدىمۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس. سىز تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىلا الله سىزنىڭ تائامىڭىز ئۈچۈن، ئانىڭىزنىڭ قۇرۇق ئەمچىكىنى سۈتكە تولدۇرۇپ، سىزگە تەييارلىدى ھەمدە سىز ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭىزدە رىزىق بەرگۈچى زات سىزگە ئەمچەكتىكى سۈتنى شوراشنى ئىلھام قىلدى.

قېنى ئېيتىڭچۇ؟ بۇلارنى جانسىز تەبىئەت قىلدىمۇ ياكى الله مۇ؟ ئىلىم ـ ھېكمەتتىن خالىي، جانسىز، ئاڭسىز، گاس ـ گاچا تەبىئەت بۇنى قانداق قىلالايدۇ؟ سىزنىڭ قايسى خىل مۇھىتتا قانداق رىزىققا موھتاج ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇ قانداق بىلەلەيدۇ؟ ياكى بۇنىڭدا باشقا مەخلۇقلاردىن بىرەرسىنىڭ ھەسسىسى بارمۇ؟ ياق، بۇ قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. بۇنى ئانىڭىز ياكى تەبىئەت ياكى باشقا مەخلۇقلار قىلمىدى. بەلكى، سىزنىڭ، ئانىڭىزنىڭ ۋە پۈتكۈل مەخلۇقلارنىڭ پەرۋەردىگارى الله قىلدى. ئۇ قۇرۇق ئەمچەكنى سۈتكە تولدۇرۇپ، سىزگە شوراشنى ئىلھام قىلدى.

مانا، سىزمۇ بارا-بارا چوڭىيىشقا باشلىدىڭىز. سىزنىڭ باشقا قېرىنداشلىرىڭىز دۇنياغا كېلىپ، ئانىڭىزنىڭ ئەمچىكىنى ئۇلارغا ئۆتكۈنۈشكە، ئەمچەككە تايانماي مۇستەقىل ياشاشقا مەجبۇر بولدىڭىز. ئۇنداقتا سىزگە يېڭى بىر مەنبە لازىم بولدى. ئەمدى قانداق قىلىسىز؟ سىزنى ئانا رەھمىدە (بالىياتقۇسىدا) كىندىك نەيچىسى ئارقىلىق، بوۋاق ھالىتىڭىزدە ئەمچەك ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرغان زات ھېلىھەم سىزنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. ئۇ سىزگە رىزىقنىڭ كۆپلىگەن ئىشىكلىرىنى ئاچتى. زىرائەت تېرىش ئۈچۈن ياخشى تۇپراقنى پەيدا قىلدى. ئۆسۈملۈكلەرگە كېرەكلىك بولغان سۇ، ھاۋا قاتارلىق ئېلمېنتلارنى پەيدا قىلدى. قىسقىسى، سىزنىڭ ۋە باشقا ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تائامى (تامىقى) ئۈچۈن زور مىقداردىكى ئۆسۈملۈكلەرنى ۋە ئۆسۈملۈكلەر موھتاج بولىدىغان قۇياش (نۇر ۋە ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى) نى پەيدا قىلدى. يەنى ئۈزۈم، ئالما، نەشپۈت...قاتارلىق مېۋىلەرنى؛ بوغداي ، ئارپا، قوناق ...قاتارلىق ئاشلىقلارنى؛ ياڭيۇ، سەۋزە،

چامغۇر...قاتارلىق كۆكتاتلارنى پەيدا قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ خىل يېمەكلىكلەرنى خاتىرجەم يېيىش ئۈچۈن كەسكۈچى، ئەزگۈچى، يۇمشاتقۇچى ۋە ئارىلاشتۇرغۇچى چىشلارنى؛ نەملەشتۈرگۈچى شۆلگەيلەرنى پەيدا قىلدى.

دېمەك، بىز الله نىڭ مەخلۇقلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق الله نىڭ رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

سوئال: بىز الله نىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئالغان سۈپەتلىرىدىن «بىلگۈچى» دېگەن سۈپىتىنى قانداق تونۇيمىز؟

جاۋاب: سىز ئانىڭىزنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىڭىزدا الله سىزنىڭ غىزاغا موھتاج ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىپ، كىندىك نەيچىسىنى شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق سىزگە غىزا يەتكۈزۈپ بەردى. ئانىڭىزنىڭ قورسىقىدىن چىققانلىقىڭىزنى بىلىپ، ئانىڭىزنىڭ ئەمچىكىدە سىزگە غىزا تەييارلىدى. تۇپراقتا سۇ ماددىسى بارلىقىنى بىلىپ، تۇپراقتا سۇ ۋە تۇزنى سۈمۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە يىلتىزنى ياراتتى. يوپۇرماقلاردىكى يېشىللىقنىڭ قۇياش نۇرىغا موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلىپ، يوپۇرماقلارنى قۇياش نۇرىغا ئۇدۇل قىلدى. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سۇغا موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلىپ، سۇنى پەيدا قىلدى.

شەكسىزكى، ئۇ الله رىزىق بەرگۈچى، ھەممىنى بىلگۈچى زاتتۇر.

سوئال: بىز الله نىڭ «ھېكمەتلىك» دېگەن سۈپىتىنى قانداق تونۇيمىز؟

جاۋاب: ئەگەر سىز كىندىك نەيچىسى بىلەن بوۋاق جىسمى ئوتتۇرىسىدىكى ھېكمەتنى، كىندىك نەيچىسىنىڭ بوۋاقنىڭ ئۆسۈشى بىلەن تەڭ ئۆسۈۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئانا رەھمىگە

(بالىياتقۇسغا) پۇختىلىق بىلەن تۇتاشقانلىقىنى، قۇرۇق ئەمچەككە بالا تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ماس كېلىدىغان سۈتنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا ئۆسۈملۈك ۋە مېۋىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە جايلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىقلاردىكى سان ـ ساناقسىز ھېكمەتنى كۆرسىڭىز ۋە بايقىسىڭىز ئاشۇ ھېكمەتلەرنىڭ ھەممىسى رىزىق بەرگۈچى، ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى الله نىڭ قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

سوئال: بىز الله نىڭ «تېخنىكىلىق» دېگەن سۈپىتىنى قانداق تونۇيمىز؟

جاۋاب: ئانىنىڭ قان ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەن يېمەكلىكلىرى ئىچىدىن بالىغا ماس كېلىدىغان قىسمىنى كىنىدىك نەيچىسى ئارقىلىق ئۇنىڭ جىسمىغا يەتكۈزۈش ھەمدە ئاشۇ يېمەكلىكلەر ئارىسىدىن بوۋاقنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ماس كېلىدىغان سۈتنى ئايرىپ چىقىش پەقەت بىر تېخنىكىلىق زاتنىڭ تېخنىكىسى ئارقىلىقلا مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر خىل تۇپراق، بىر خىل سۇ، بىر خىل ھاۋا، بىر قۇياشنىڭ ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق ئېنېرگىيىسىدىن شەكلى، رەڭگى ۋە تەمى بىر ـ بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان ھەر خىل مېۋىلەرنى پەيدا قىلىشمۇ يۈكسەك تېخنىكىغا مۇھتاج.

دېمەك، ئىنساننىڭ ئىقتىدارىدىن پۈتۈنلەي ھالقىپ كەتكەن بۇ خىل تېخنىكا ۋە ماھارەت ھېكمەتلىك، ھەممىنى بىلگۈچى، رىزىق بەرگۈچى ۋە تېخنىكىلىق زات (الله ) نىڭ قىلغانلىقىنىڭ روشەن دەلىلى.

سوئال: بىز الله نىڭ «كۆيۈمچان» دېگەن سۈپىتىنى قانداق تونۇيمىز؟

جاۋاب: ئەگەر سىز بوۋاقنىڭ ئانا قورسىقىدىكى چاغدا ۋە قورساقتىن چىققاندىن كېيىنكى سۈت ئېمىدىغان چاغدا ئۆز رىزقىنى بەلگىلەشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى، ئىنساننىڭ دان، مېۋىلەرنى ياشاشتىن؛ يامغۇر، سۇ، ھاۋا قاتارلىقلارنى شەكىللەندۈرۈشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى؛ الله نىڭ ئىنسانغا ئانا رەھمىدىن، ئەمچەكتىن ۋە ئۆسۈملۈكلەردىن غىزانى قانداق كەلتۈرۈپ بەرگەنلىكىنى كۆرسىڭىز، ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى رىزىق بەرگۈچى ۋە كۆيۈمچان الله نىڭ قىلغانلىقىغا گۇۋاھ بولىدۇ.

سوئال: بىز الله نىڭ «سېخى» دېگەن سۈپىتىنى قانداق تونۇيمىز؟

جاۋاب: ئەگەر مەلۇم بىر ئادەم ئۇن ئادەمنىڭ كۈندىلىك چىقىمىنى ھەقسىز ئۈستىگە ئالسا، باشقىلار ئۇنى سېخى ئادەم دېيىشىدۇ. ئۇنداقتا، بارلىق ئىنسانلارنىڭ ۋە پۈتكۈل كائىناتنىڭ رىزقىغا كېپىل بولىۋاتقان الله نى نېمە دەيسىز؟! بۇ الله نىڭ «سېخى» ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەمدۇ؟ الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا مِن دَآبَّةٍ فِي الأَرْضِ إِلاَّ عَلَى اللّهِ رِزْقُهَا وَيَعْلَمُ مُسْتَقَرَّهَا وَمُسْتَوْدَعَهَا كُلٌّ فِي كِتَابٍ مُّبِينٍ﴾ ﴿يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى الله (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان، الله ئۇلارنىڭ تۇرار جايىنى ۋە (ئۆلگەندىن كېيىن) كۆمۈلىدىغان جايىنى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن كىتابقا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزغا) يېزىلغاندۇر﴾ (11 ـ سۈرە ھۇد 6 ـ ئايەت).

سوئال: بىز الله نىڭ «توغرا يولغا باشلىغۇچى» دېگەن سۈپىتىنى قانداق تونۇيمىز؟

جاۋاب: بوۋاق دۇنياغا كۆز ئاچقان هامان قورۇق ئەمچەككە سۈتنى كىم باشلىدى؟ بوۋاققا سۈت توشقۇزۇلغان ئەمچەكنى شوراشنى كىم ئىلهام قىلدى؟ تۇپراققا تىكىلگەن ئۇرۇق يەر قاتلىمىغا تەتۈر تاشلانسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ يىلتىزىنى ئاستىغا، شاخ ۋە يوپۇرماقلىرىنى ئۈستىگە يۆزلەندۈرگەن كىم؟ دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى بىر-بىرىنى يۆگىۋالمايدىغان، كۈن نۇرىنى ئۇنىڭغا ئۇدۇل چۈشىدىغان قىلغان كىم؟... شەكسىزكى، مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى الله نىڭ توغرا يولغا باشلىغۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿سَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى الَّذِي خَلَقَ فَسَوَّى وَالَّذِي قَدَّرَ فَهَدَى﴾ ﴿ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن.ئۇ (پۈتۈن مەخلۇقاتنى) ياراتتى، (ئۇلارنى) بېجىرىم (يەنى چىرايلىق ۋە مۇناسىپ شەكىلدە) قىلدى. مەخلۇقاتقا پايدىلىق ئىشلارنى (تەقدىر قىلدى، ئۇلارغا پايدىلىنىش يوللىرىنى) كۆرسەتتى.﴾ (87-سۈرە ئەئلا 1~3-ئايەتلەر).

سوئال: بىز الله نىڭ «ھاياتلىق بەرگۈچى» دېگەن سۈپىتىنى قانداق تونۇيمىز؟

جاۋاب: تۇپراق، سۇ، ھاۋا ۋە يورۇقلۇق ...قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆسمەيدىغان، ھەرىكەتلەنمەيدىغان، نەپەسلەنمەيدىغان ۋە ئوزۇقلانمايدىغان ئۆلۈك ماددا. ئەگەر بىز ياراتقۇچى الله نىڭ مۇشۇ ئۆلۈك ماددىلارنى ئۆسۈملۈكتىن ئىبارەت ئۆسىدىغان، نەپەسلىنىدىغان، ھەرىكەتلىنىدىغان، ئوزۇقلىنىدىغان، مېۋە ۋە دانلارنى چىقىرىدىغان دەرەخ ھالىتىدە شەكىللەندۈرگەنلىكىنى ھەمدە ئۆلۈك ماددىلارنى تىرىك ئۆسۈملۈك

ۋە دەرەخكە ئايلاندۇرغانلىقىنى كۆرسەك، ئۇنداقتا، ياراتقۇچى الله نىڭ شەكسىز ھاياتلىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

سوئال: بىز الله نىڭ «سۈرەتكە كەلتۈرگۈچى» دېگەن سۈپىتىنى قانداق تونۇيمىز؟

جاۋاب: ئەگەر سىز بىر پارچە لايدىن بىر مېۋىلىك دەرەخنىڭ شەكلىنى ياساپ چىقسىڭىز، ئۇنداقتا، بىر پارچە سۈرەتنىڭ پەقەت بىر سۈرەتكە كەلتۈرگۈچىنىڭ سۈرەتكە كەلتۈرۈشى بىلەنلا پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلەلەيسىز. دەل شۇنىڭدەك، الله نىڭ خىلمۇ-خىل ئۆسۈملۈك ۋە دەل- دەرەخلەردە رەڭگارەڭ سۈرەت ۋە شەكىلگە ئىگە مېۋىلەرنى پەيدا قىلغانلىقىنى كۆرسىڭىزلا الله نىڭ ئاجايىپ گۈزەل سۈرەتكە كەلتۈرگۈچى ۋە شەكىللەندۈرگۈچى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسىز. دېمەك، كائىناتتىكى گۈزەل سۈرەت ۋە شەكىللەرنىڭ ھەممىسى سۈرەتكە كەلتۈرگۈچى زاتنىڭ قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

سوئال: الله نىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى تونۇشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

جاۋاب: ئەگەر بىز الله نىڭ رىزىق بەرگۈچى، ھېكمەتلىك، تېخنىكىلىق، بىلگۈچى، كۆيۈمچان، سېخى، ھىدايەت قىلغۇچى، ھاياتلىق بەرگۈچى، سۈرەتكە كەلتۈرگۈچى ئىكەنلىكىنى تونۇساقلا، ئاندىن الله نىڭ مۇشۇ خىل سۈپەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. چۈنكى، كاپىرلار ئۆسۈملۈك ۋە باشقا نەرسىلەرنى ياراتتى، دەپ گۇمان قىلىۋاتقان تەبىئەت بۇ خىل سۈپەتلەرگە ئىگە بولالمايدۇ. ئاتېئىزمچىلار تەبىئەتنى ياراتقۇچى دېيىش ئارقىلىق ئۇنى ئىلاھلىق ئورنىغا چىقىرىپ قويىدى. ۋەھالەنكى، تەبىئەتتە نە ئىرادە نە ھېكمەت نە ئىلىم يوق.

ئۇنىڭدا نە كۆيۈنۈش نە مېھرىبانلىق مەۋجۇت ئەمەس. يېتەكلەش، سۈرەتكە كەلتۈرۈش ۋە ھاياتلىق ئاتا قىلىش دېگەنلەر بولسا ئىسمى بار جىسمى يوق تەبىئەتكە نىسبەتەن تامامەن يات ئىش. مەيلى ئۆتمۈشتە بولسۇن ياكى ھازىرقى زاماندا بولسۇن مۇشرىكلارنىڭ بۇت ـ ھەيكەللەر ھەققىدىكى جۆيلۈشلىرىمۇ بۈگۈنكى زاماندىكى ئاتېئىزمچىلارنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى يالغان ـ ياۋىداق ئەپسانىلىرىدىن قىلچە پەرقلەنمەيدۇ.

دېمەك، بىز الله نىڭ سۈپەتلىرىنى قانچىلىك تونۇساق، ئۆزىمىزنىڭ ئىلاھى، مەبۇدى، ياراتقۇچىسى بولغان يەككە ـ يېگانە الله نى شۇنچىلىك ياخشى تونۇيالايمىز. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلْيَنظُرِ الْإِنسَانُ إِلَى طَعَامِهِ أَنَّا صَبَبْنَا الْمَاء صَبًّا ثُمَّ شَقَقْنَا الْأَرْضَ شَقًّا فَأَنبَتْنَا فِيهَا حَبًّا وَعِنَبًا وَقَضْبًا وَزَيْتُونًا وَنَخْلًا وَحَدَائِقَ غُلْبًا وَفَاكِهَةً وَأَبًّا مَّتَاعًا لَّكُمْ وَلِأَنْعَامِكُمْ﴾ ﴿(بۇ كاپىر) ئىنسان ئۆزىنىڭ يېمەكلىكلىرىگە (ئىبرەت نەزىرى بىلەن) قارىسۇن. (بىز بۇلۇتتىن) زور مىقداردا يامغۇر ياغدۇردۇق. ئاندىن زېمىننى (ئۇنىڭدىن ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىش بىلەن) ياردۇق. سىلەرنىڭ ۋە ھايۋانلىرىڭلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، زېمىندا ئاشلىقلارنى، ئۈزۈمنى، ئوتياشلارنى، زەيتۇننى، خورمىنى، دەرەخلىرى قويۇق باغچىلارنى، تۈرلۈك مېۋىلەرنى، ئوت ـ چۆپلەرنى ئۆستۈردۇق.﴾ (80 ـ سۈرە ئەبەسە 24~32 ـ ئايەتلەر).

خۇلاسە:

1. الله بىزنى تائاملىرىمىز ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا بۇيرىدى. چۈنكى، ئۇ ياراتقان شەيئىلەردە ئۆزىنىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى تونۇتىدىغان ئالامەتلەرنى قىلدى.

2. ئەگەر بىز الله نىڭ ئانا قورسىقىدىكى بوۋاقتا رىزقىنى قانداق يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى، ئانىنىڭ ئەمچىكىدىن ۋە ئۈسسۈملۈكلەردىن رىزقىنى قانداق كەلتۈرگەنلىكىنى ئويلىساقلا، الله نىڭ «رىزىق بەرگۈچى» ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

3. سىز ئانىڭىزنىڭ بالىياتقۇسى ئىچىدىكى ۋە دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن كېيىنكى ۋاقتىڭىزدا الله سىزنىڭ رىزقىقا مۇھتاج ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىپ، سىزگە كىندىك نەيچىسى ۋە ئەمچەك ئارقىلىق رىزىق يەتكۈزۈپ بەردى. تۇپراقتا سۇ ماددىسى بارلىقىنى بىلىپ، سۇنى سۈمۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە يىلتىزنى ياراتتى. يوپۇرماقلارنىڭ ۋە يوپۇرماقلاردىكى يېشىللىقنىڭ كۈن نۇرىغا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى كۈن نۇرىغا ئۇدۇل ئۆسىدىغان قىلدى. مانا بۇلار بىزگە الله نىڭ «بىلگۈچى» دېگەن سۈپىتىنى تونۇتىدۇ.

4. ئەگەر بىز كىندىك نەيچىسىنىڭ ياسىلىشىدىكى، سۈتنىڭ بوۋاقنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ماس كېلىشىدىكى ۋە ئۈسسۈملۈكلەرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى پۇختا ھېكمەتنى كۆرسەك، الله نىڭ «ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى زات» ئىكەنلىكىنى تونۇيمىز.

5. ئەگەر بىز ئانىنىڭ قانغا ئايلىنىپ بولغان يېمەكلىكلىرى ئىچىدىن سۈتنى ئايرىپ چىقىشتىكى ۋە بىر خىل سۇ، بىر خىل ھاۋا، بىر خىل تۇپراقتىن ھەر خىل مېۋىلەرنى چىقىرىشتىكى تېخنىكىنى كۆرسەك، الله نىڭ «تېخنىكىلىق زات» ئىكەنلىكىنى تونۇيالايمىز.

6. ئەگەر الله بىزگە ئۆز پەزلى رەھمىتى بىلەن رىزىق يەتكۈزۈپ بەرمىسە، بىزنىڭ شۇ ھامان ھاياتتىن جۇدا

بولىدىغانلىقىمىزنى ئويلىساقلا، الله نىڭ «كۆيۈمچان» ئىكەنلىكىنى تونۇيمىز.

7. بىز مەخلۇقلارنىڭ ھەممىسىگە ئومۇم بولغان رىزىقنى كۆرسەك، الله نىڭ «سېخى» ئىكەنلىكىنى تونۇيمىز.

8. ئەگەر بىز الله نىڭ يېگى تۇغۇلغان بوۋاققا ئەمچەكتىكى سۈتنى سوراشنى ئىلھام قىلغانلىقىنى ۋە يەر قاتلىمىغا تەتۈر تاشلانغان ئۇرۇقلارنىڭ ئۆسۈشىدىكى توغرا يۆزلىنىشىنى كۆرسەك، ئۇنداقتا، بىز الله نىڭ «توغرا يولغا باشلىغۇچى» ئىكەنلىكىنى تونۇيمىز.

9. ئۆلۈك ماددىلاردا ھەرىكەتلىنىۋاتقان ھاياتلىق بىزگە الله نىڭ «ھاياتلىق بەرگۈچى» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

10. ئۆسۈملۈك ۋە دەل ـ دەرەخلەر چىقارغان خىلمۇ ـ خىل مېۋىلەردىكى ئاجايىپ گۈزەل سۈرەت ۋە شەكىللەر الله نىڭ «سۈرەتكە كەلتۈرگۈچى» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

11. ئەگەر بىز تائاملىرىمىزنى ياراتقان زاتنىڭ «رىزىق بەرگۈچى، بىلگۈچى، ھېكمەتلىك، تېخنىكلىق، كۆيۈمچان، سېخي، ھىدايەت قىلغۇچى، ھاياتلىق بەرگۈچى، سۈرەتلىگۈچى» الله ئىكەنلىكىنى تونۇساق، تەبىئەت ۋە بۇتلارنىڭ بۇ خىل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنمەيدىغانلىقىنى تونۇيالايمىز.

www.uyghurkitap.com



# 6. دەرس: ئايلىنىپ يۈرگۈچى سەللەر

## بۇلۇت ئايلىنىپ يۈرگۈچى سەل (كەلكۈن، قىيان)

سوئال: بۇلۇت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: بۇلۇت ھاۋادا ئايلىنىپ يۈرىدىغان سۇ بولۇپ، ئەگەر ئۇ كۆپەيسە ئۇنىڭدىن كەلكۈن شەكىللىك سەللەر پەيدا بولىدۇ. ئۇ يامغۇر بولۇپ زېمىنغا تۆكۈلگەندە ئۇنىڭدىن بىز ئىچىۋاتقان، ئۇلاغلىرىمىزنى ۋە زىرائەتلىرىمىزنى سۇغۇرۇۋاتقان قۇدۇق سۈيى، بۇلاق سۈيى ۋە ئۆستەڭ سۈيى قاتارلىقلار پەيدا بولىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ أَنزَلَ مِنَ السَّمَاء مَاء فَسَلَكَهُ يَنَابِيعَ فِي الْأَرْضِ ثُمَّ يُخْرِجُ بِهِ زَرْعًا مُّخْتَلِفًا أَلْوَانُهُ﴾ ﴿سەن بىلمەمسەنكى، الله بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرىدۇ. ئاندىن ئۇنى يەرگە سىڭدۈرۈپ بۇلاقنى پەيدا قىلىدۇ. ئاندىن الله ئۇنىڭ بىلەن رەڭگى خىلمۇ - خىل زىرائەتلەرنى ئۈندۈرىدۇ.﴾ (39-سۈرە زۇمەر 21-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

سوئال: بۇلۇت قانداق شەكىللىنىدۇ؟

جاۋاب: الله دېڭىز سۈيىنى پارغا ئايلاندۇرىدىغان قۇياش ئېنېرگىيىسىنى ئەۋەتىدۇ. بۇ سۇلار تۇز تەركىبى ئايرىلغان تاتلىق سۇغا ئايلىنىپ، پار ھالىتىدە ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ. بۇ پارلار ئاي شارى ياكى پلانېتلارغا يېتىپ بارغۇدەك دەرىجىدە داۋاملىق يۇقۇرىغا ئۆرلىمەستىن، بەلكى، مەلۇم قاتلاملارغا يېتىپ بارغاندا ئۆرلەشتىن توختايدۇ. چۈنكى، ئۇلار يامغۇر ھالىتىدە قايتىدىن زېمىنغا يېنىپ چۈشىدىغان بولۇپ، بۇ الله نىڭ ئۆز مەخلۇقلىرىغا

دېڭىز سۈيىدىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن بەلگىلىگەن تۈزۈمىدۇر.

سوئال: بۇ تۈزۈملەر قايسىلار؟

جاۋاب: (1) تاغلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىكى سۇلارنىڭ ئوتتۇرا قاتلاملارغا يۆتكىلىشىگە توسالغۇ بولماسلىقى ئۈچۈن، الله كۈننىڭ ئىسسىقلىقىنى ۋە شامالنى سۇ پارلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن تاغ تۈزلەڭلىكىگە كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەب قىلدى. الله دېڭىز سۈيىنى يۇقۇرىغا ئۆرلەتكەندە، سۇنىڭ ئىنسان، هايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە زىيانلىق بولغان تۇز تەركىبىنى ئۆرلەتمەي، دېڭىزدا ساقلاپ قالدى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَرَأَيْتُمُ الْمَاء الَّذِي تَشْرَبُونَ  أَأَنتُمْ أَنزَلْتُمُوهُ مِنَ الْمُزْنِ أَمْ نَحْنُ الْمُنزِلُونَ  لَوْ نَشَاء جَعَلْنَاهُ أُجَاجًا فَلَوْلَا تَشْكُرُونَ﴾ ﴿سىلەر ئىچىۋاتقان سۇنى دەپ بېقىڭلارچۇ،ئۇنى بۇلۇتتىن سىلەر چۈشۈردۈڭلارمۇ ياكى بىز چۈشۈردۇقمۇ؟ ئەگەر بىز خالىساق ئۇنى تۇزلۇق قىلىپ قوياتتۇق (پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ زور نېمەتلىرىگە) نېمىشقا شۈكرى قىلمايسىلەر؟﴾ (56ـ سۈرە ۋاقىئە 68~70ـ ئايەتلەر).

(2) الله كۈن نۇرىنى ۋە ئىسسىقلىقىنى دېڭىز يۈزىدىكى سۇنى تاغ تۈزلەڭلىكلىرىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن سەۋەب قىلدى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذَا أَقَلَّتْ سَحَابًا ثِقَالاً سُقْنَاهُ لِبَلَدٍ مَّيِّتٍ﴾ ﴿شاماللار ئېغىر بۇلۇتلارنى كۆتۈرگەن چاغدا، ئۇلارنى ئۆلۈك (يەنى قاغجىراپ ياتقان گىياهسىز) جايلارغا سۈرىمىز﴾ (7ـ سۈرە ئەئراف57ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

الله هاۋادىكى سوغۇقلۇقنى ئاسمان قاتلىمىغا سۇنى كۆتۈرۈشتىن توختىتىشقا سەۋەب قىلدى.

سوئال: نېمە ئۈچۈن يۇقۇرىغا كۆتۈرۈلگەنسېرى سوغۇقلۇق كۈچىيىپ بارىدۇ؟

جاۋاب: بىز يۇقۇرىغا كۆتۈرۈلۈپ، قۇياشقا يېقىنلاشقانسېرى يۇقىرى ھاۋا قاتلىمىدىكى ئەھۋاللارغا ئوخشاش ئىسسىقلىق دەرىجىسى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، دەپ پەرەز قىلىمىز. لېكىن، الله ئىشلارنى ئەكسىچە قىلدى. بىز يۇقۇرىغا ئۆرلەپ سەككىز مىلغا يەتكەندە، زېمىن ھاۋاسىدىكى دېڭىزدىن ئۆرلىگەن سۇ پارلىرىنىڭ توختاپ قالماسلىقى ۋە ئاسمانغا ئۆرلەش ئارقىلىق ئاسمان بوشلۇقىدا تارقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قىزىقلىق دەرىجىسى زىيادە بولماستىن، ئەكسىچە بارغانسېرى پەسىيىپ كېتىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنزَلْنَا مِنَ السَّمَاء مَاء بِقَدَرٍ فَأَسْكَنَّاهُ فِي الْأَرْضِ وَإِنَّا عَلَى ذَهَابٍ بِهِ لَقَادِرُونَ﴾ ﴿بىز بۇلۇتتىن ھاجەتكە قاراپ يامغۇر ياغدۇردۇق، ئۇنى زېمىندا توختاتتۇق، ئۇنى قۇرۇتۇۋېتىشكە ئەلۋەتتە قادىرمىز.﴾ (23-سۈرە مۆئمىنۇن 18-ئايەت).

سوئال: سۇ پارلىرىنى توپلاشتىكى قانۇنىيەتلەر قايسىلار؟

جاۋاب: سۇ پارلىرى يۇقۇرىغا ئۆرلەيدىغان، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان يەڭگىل ماددا. الله تۈتۈن، چاڭ-توزان ۋە چاڭلىشىش دانچىلىرى ...دىن ئىبارەت ئۇرۇقچىنى كۆتۈرىدىغان شامالنى ئەۋەتىدۇ. سۇ پارلىرى ئۆز-ئارا بىرىككەندە، شامال ئۇنى قوزغايدۇ. سۇ پارلىرى ئۆز-ئارا بىرىككەن ئۇششاق دانچىلار ئەتراپىدا سۇ قاپچۇقى بولۇپ شەكىللەنگەن ھالىتىدە جەملىنىدۇ. ئاخىرىدا ئۇ بىر كۆرۈۋاتقان چوڭ ھەجىمگە يېتىپ، سۇ پارلىرىنىڭ جەملىنىشى بىلەن ئېغىرلىشىدۇ. شامال سۇ پارلىرىنىڭ زېمىن قاتلىمىغا چۆكۈپ كەتمەسلىكىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. الله

مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللَّهُ الَّذِي يُرْسِلُ الرِّيَاحَ فَتُثِيرُ سَحَابًا فَيَبْسُطُهُ فِي السَّمَاء كَيْفَ يَشَاء وَيَجْعَلُهُ كِسَفًا فَتَرَى الْوَدْقَ يَخْرُجُ مِنْ خِلَالِهِ فَإِذَا أَصَابَ بِهِ مَن يَشَاء مِنْ عِبَادِهِ إِذَا هُمْ يَسْتَبْشِرُونَ﴾ ﴿الله شاماللارنى ئەۋەتىپ بۇلۇتنى قوزغايدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاسماندا خالىغىنى بويىچە تارقىتىدۇ، (گاھى) ئۇنى تارقاق پارچىلارغا بۆلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يامغۇرنىڭ بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، الله يامغۇرنى خالىغان بەندىلىرىنىڭ ئۈستىگە ياغدۇرغان چاغدا، ئۇلار دەرھال خۇشال بولۇپ كېتىدۇ.﴾ (30ـ سۈرە رۇم 48ـ ئايەت).

سوئال: الله يامغۇر ياغدۇرۇش قانۇنىيىتىدە ئۇنىڭغا ئورتاق بولغان باشقا قانۇنىيەتلەرنى قىلدىمۇ؟

جاۋاب: بۇيەردە مۇنداق ئىككى قانۇنىيەت بار.

1. دېڭىزدىن تاتلىق سۇنى تاغ تۈزلەڭلىكلىرىگە كۆتۈرۈش قانۇنىيىتى.

2. سۇ پارلىرىنىڭ ئۆز ئارا بىرىكىشى، قويۇقلىشىشى ۋە چاڭلىشىشى ئارقىلىق ئېغىرلاشقاندا شامالنى ئۇنى كۆتۈرۈشتىن توختىتىش قانۇنىيىتى.

بۇ ئىككى قانۇنىيەت تاتلىق سۇنى دېڭىزدىن تاغ تۈزلەڭلىكلىرىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ يەردە ئۈچىنچى بىر قانۇنىيەت بولۇپ، ئۇ كىشىلەردىن ئەجىر تەلەپ قىلماستىن، بۇلۇتنى ھەيدەيدىغان شامالنىڭ ۋاستىسى بىلەن دېڭىز يۈزىدىن سۇنى ئوتتۇرا قاتلامغا يۆتكەش قانۇنىيىتى. ئۇ شامال رەببىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇلغاندۇر. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَهُوَ الَّذِي يُرْسِلُ الرِّيَاحَ بُشْرًا بَيْنَ يَدَيْ رَحْمَتِهِ حَتَّى إِذَا أَقَلَّتْ سَحَابًا ثِقَالاً سُقْنَاهُ لِبَلَدٍ مَّيِّتٍ فَأَنزَلْنَا بِهِ الْمَاء فَأَخْرَجْنَا بِهِ مِن كُلِّ الثَّمَرَاتِ كَذَلِكَ نُخْرِجُ الْموْتَى لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ﴾ ﴿الله نىڭ

رەھمىتى (يەنى يامغۇر) مەيدانغا كېلىش ئالدىدا، الله بېشارەتچى قىلىپ شاماللارنى ئەۋەتىدۇ، شاماللار ئېغىر بۇلۇتلارنى كۆتۈرگەن چاغدا، ئۇلارنى ئۆلۈك (يەنى قاغجىراپ ياتقان گىياھسىز) جايلارغا سۈرىمىز، ئۇنىڭدىن يامغۇر ياغدۇرۇپ تۈرلۈك ـ تۈرلۈك مېۋىلەرنى چىقىرىمىز، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (زېمىندىن مېۋىلەرنى چىقارغاندەك، قىيامەتتە) ئۆلۈكلەرنى قەبرىلىرىدىن چىقىرىمىز.﴾ (7 ـ سۈرە ئەئراف57 ـ ئايەت).

شامالنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ھېكمەتكە قاراڭ! بۇ شامال ۋەيران قىلغۇچى (ئاپەت) بولماستىن، بەلكى بۇلۇتنىڭ ئېغىرلىقى ۋە قوزغىلىشىغا مۇناسىپ كېلىدۇ. الله بىزگە ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن بىر سائەتتىكە تەخمىنەن 75 مىل(120.7 كىلومېتىر) ماڭىدىغان ۋەيران قىلغۇچى خاراكتېرلىك قۇيۇن ۋە شىددەتلىك بورانلارنى ئەۋەتتى. ئەگەر ئۇ شامالنىڭ تېزلىكى 200 مىل (تەخمىنەن 322 كىلومېتىر) غا يەتسە، زېمىن ئۈستىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋەيران قىلىۋەتكەن بولاتتى. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بۇ زېمىندا سىزنىڭ ئۈستىڭىزدە مەۋجۇت بولىۋاتقان شامالنىڭ ئېگىزلىكى پەقەت 5 مىل (8 كىلومېتىر) غا يېتىدۇ. بىر سائەتتە 200 مىل (تەخمىنەن 322 كىلومېتىر) ماڭىدىغان شامال دېڭىز يۈزىدىن 5 مىل (8 كىلومېتىر) كۆتۈرۈلسە، ئېتىلىپ چىقىدىغان دېڭىز دولقۇنى پەيدا بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇ خىل مۇساپىدە ماڭىدىغان شامال چىقسا، يامغۇر شەكىللىنىش قانۇنىيىتى بۇزۇلغاندىن سىرت، ھاياتلىق قانۇنىيىتىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋەيران بولۇپ، بۇ خىل ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك شامال 3 مىل ئېگىزلىكتە قاتتىق شاۋقۇن پەيدا قىلىدۇ.

ئانـدىن كېيىن شـامال بولمىغـان رايونلارغـا كېلىـدۇ.
ئەگەر 2 ـ نومۇرلـۇق رايـون 1 ـ نومۇرلـۇق رايوننىـڭ ئورنىـدا بولسـا، قـاتتىق شـامال ھەمـمە نەرسـىلەرنى ۋەيـران قىلىۋېتىـدۇ.
ئەگەر 3 ـ نومۇرلۇق رايون 1 ـ نومۇرلۇق رايوننىڭ ئورنىدا بولسا شامال سۇنى ئىچكى قاتلاملارغـا ھەرىكەتلەندۈرەلمەيـدۇ. ئـادەملەر ۋە چارۋا ـ ماللار ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. زېمىندىكى پۈختا ھېكمەتكە قاراڭ.

4. ئاسماندىن چۈشـۈرگەن سـۇلارنى ھەمـمە نەرسىنى ۋەيـران قىلىۋېتىـدىغان كەلكـۈن شـەكلىدە ئەمەس، بەلكـى تـامچە ـ تـامچە يامغۇر شەكلىدە چۈشۈرۈش قانۇنىيىتى.

5. ئىنسـان جىسـمىدىكى قـان ـ تومۇرلارنىـڭ تارقالغىنىغـا ئوخشـاش، زېمىنـدا تارقالغـان ئۆسـتەڭ سـۇلىرىنى ئـاققۇزۇش قانۇنىيىتى.

6. كـۆلچەك ۋە يـوللاردا تـۇرۇپ قالغـان يـامغۇر سـۇلىرىنىڭ بۇزۇلـۇپ، سېسـىپ كەتمەسـلىكى ۋە يـوللار تېيىلغـاق بولـۇپ، مـېڭىش قىيىنلىشـىپ كەتمەسـلىكى ئۈچـۈن تۇپراقنىـڭ سـۇلارنى شوراش قانۇنىيىتى .

7. سۇلارنىڭ يەر يۈزىدىن ئانچە چوڭقۇر بولمىغان قـاتلاملاردا يەر ئاستىغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ كەتمەستىن، بەلكى، ئىنسانلارنىڭ بۇلاق، قـۇدۇق ۋە ئۆسـتەڭ شـەكلىدە پايدىلىنىشـى ئۈچـۈن ئـۇنى ئىلاھى تاش تەخسە ئارقىلىق توختىتىش قانۇنىيىتى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ قُلْ أَرَأَيْتُمْ إِنْ أَصْبَحَ مَاؤُكُمْ غَوْرًا فَمَن يَأْتِيكُم بِمَاء مَّعِينٍ ﴾(ئۇلارغـا) «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ (سۈيىڭلار يەر ئاستىغا) سىڭىپ كەتسە، سىلەرگە كىم ئېقىن سۇ كەلتۈرۈپ بېرىدۇ» دېگىن﴾(67 ـ سۈرە مۇلك 30 ـ ئايەت).

دېمەك، زېمىندا ياراتقۇچىنىڭ بۇيرۇقى ئاستىدا تەرتىپ بىلەن خىزمەت قىلىدىغان كۆپلىگەن قانۇنىيەتلەر بار بولۇپ، ئۇلار سۇنى تۈزدىن ئايرىپ بولغاندىن كېيىن، سۇنى دېڭىز يۈزىدىن تاغلارغا ۋە تاغ تۈزلەڭلىكلىرىگە يۆتكەش ھەمدە سۇدىن يامغۇر شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن سۇنى پايدىلىق، تامچە ـ تامچە سۈزۈك ھالىتىدە ئوتتۇرا قاتلامدىكى سۇغا ئېھتىياجلىق رايونلارغا يۆتكەپ بېرىدۇ. سۇلارنىڭ توختام سۇ ھالىتىدە سېسىپ، بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى ۋە ھاياتلىق پائالىيەتلىرىگە توسالغۇ بولماسلىقى ئۈچۈن، سۇلارنى تاش تەخسە ئارقىلىق يەر يۈزىگە يېقىن يەر ئاستى قاتلاملىرىدا ساقلايدۇ ھەمدە ئۇنى ئۆستەڭ شەكلىدە ئاقتۇرىدۇ.

دۇئالارنى ئاڭلىغۇچى، ئىجابەت قىلغۇچى، ئاجىزلارغا ياردەم بەرگۈچى پەرۋەردىگارنىڭ رەھمىتىنى تونۇغانلاردىن سوراپ بېقىڭ! يامغۇر ياغمىغان ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە گىرىپتار بولغان زېمىندىكى كىشىلەردىن سوراپ بېقىڭ، مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆگەتكەندەك رەببىدىن يامغۇر تىلەپ دۇئا قىلدى. الله چىن قەلبىدىن ئىخلاسمەنلىك بىلەن دۇئا قىلغانلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى. زېمىننىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىدىكى مۇسۇلمانلار بۇ ئەھۋالغا گۇۋاھ بولىدۇ. بۇ خىل ئەمەلىيەت الله نىڭ دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ فَلْيَسْتَجِيبُواْ لِي وَلْيُؤْمِنُواْ بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ﴾ ﴿مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا

قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن).﴾ (2ـ سۈرە بەقەر 185ـ ئايەت).

مۇنازىرە:

1. زېمىننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھېكمەتلىك قۇراشتۇرۇشىنىڭ ئىگىسى كىم؟

2. مۇشۇ ھېكمەتلىك ئىنچىكە ۋە تەرتىپلىك قانۇنلارنى بەلگىلىگەن كىم؟

3. ياردەم سورىغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغان، بۇلۇتنى پەيدا قىلىپ، يامغۇرنى چۈشۈرگەن كىم؟ بىر ئىشنى قىلىشقا ۋە بىر نەرسىگە ئەقىل ئىشلىتىشكە قادىر بولالمايدىغان بۇتمۇ ياكى ئىرادە ۋە تەدبىرگە ئىگە بولالمايدىغان گاس ـ گاچا، قارىغۇ تەبىئەتمۇ؟

4. پەيدا قىلغان، پۇختا قىلغان، مەۋجۇت قىلغان، شەكىللەندۈرگەن، بەلگىلىگەن، ئاڭلىغان، ئىجابەت قىلغان، ئۇ يوقلۇقمۇ؟ يوقلۇقتا مەۋجۇتلۇق بولمىسا، ئۇنىڭدىن قانداقمۇ مەۋجۇتلۇق كېلىپ چىقىدۇ؟

5. ياكى بۇلار ئىنسان ئەقلىگە ئاشۇ ھېكمەتلىك قانۇنلارنىڭ ھېكمەتلىك، قۇدرەتلىك، ئاڭلىغۇچى، ئىجابەت قىلغۇچى، رىزىق بەرگۈچى ۋە بەلگىلىگۈچى پەرۋەردىگارى بارلىقىنى سۆزلەپ بەرگۈچى پاكىتمۇ؟ يامغۇرنى شەكىللەندۈرۈشتىكى ھېكمەتلىك قانۇن ئەقىللەرگە ئۆز رەببىنىڭ قۇدرىتىنى، ياراتقۇچىنىڭ سۈپىتىنى، پەيدا قىلغۇچىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەگەر الله بولمىغان بولسا، كۆزلەر كۆرۈۋاتقان قانۇن، تۈزۈم، تەدبىر ۋە ھېكمەتلەر مەۋجۇت بولمايتتى.

شېئىرىي خۇلاسە

قاراپ باققىن قېرىنداشىم بۇلۇتقا،
ئەتە قانداق سەل بولۇپ ئۇ ئۇچىدۇ.
ئەۋەتتى ئىلاھى رەھمەت ئۇنى بىزگە،
ئىلاھى نېمەتكە شۈكرى ئېيتتىڭمۇ.
قۇياشنى چۈشۈردى ئۇ دېڭىزغا،
ئۇنىڭدىن پارلارنى قوزغىماق ئۈچۈن.
ئۇنىڭ سۈيىنى كۆتۈردى ئاسمانغا،
مۇشۇ كۆركەم تاغلار ئۈستىدىن.
سوغۇق ھاۋانى يۈزلەندۈردى بۇلۇتقا،
ئاسمانغا كۆتۈرۈشنى توختىتىش ئۈچۈن.
ئەگەر ئىسسىقلىقنى پەيدا قىلسا ئىدى ئۇ،
يىتەلمەيتتۇق بىرەر تامچە يامغۇرغا.
ئەۋەتتى ئۇ بۇلۇتقا ھەم شامالنى،
قوزغاش ئۈچۈن كۆكتە يامغۇر بۇلۇتنى.
قادىر ئەمەس تاغلار ئۇنى توسۇشقا،
ئەگەر الله يوقاتماقنى خالىسا.
چۈشسە يامغۇر كەلكۈن كەبى سەل بولۇپ،
ۋەيران بولۇپ يوقالمامدۇ ئادەملەر؟
چۈشسە ئەگەر شەھەرلەرگە سەل بولۇپ،
قانداق بولار تاغلاردىن مۇز كەلسە ھەم؟.

يامغۇرلارنى تامچە قىلىپ چۈشۈردى،
بىر قىسمىنى ئۆستەڭ قىلىپ ئاققۇزدى.
بىر قىسمىنى شوراتتى نەم تۇپراققا،
راۋان بولسۇن يولۇچىنىڭ يولى دەپ.
شوراشمۇ ھەم بولغاچ لېكىن ئۆلچەملىك،
سىڭىپ كەتمەس سۇلار بەكلا چوڭقۇرلاپ.
ساقلار ئۇنى قۇدۇقلاردا،ئېرىقتا،
ئالماق ئۈچۈن ئادەم، ھايۋان ئۇندىن نەپ.
نەزەر سېلىپ باقتىڭمۇ شۇ تەدبىرگە،
پىكىرسىز كىشىنىڭ تەدبىرىمۇ ئۇ؟
ئۇ تىلسىز بۇت ياكى جانسىز تەبىئەتمۇ،
ئۇمۇ ئۆز رەببىگە ئىتائەت قىلغۇچىغۇ؟!..
قىلچە شەك يوق ئۇنىڭ ھەقلىقىدە،
ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىدا.
مۇسۇلمانلار قورغاقچىلىق يەتكەن چاغدا،
كىيىم-كېچەك ، يۈك-تاقلىرىنى ئېلىپ قاچتى.
تەلەپ قىلدى ئىلاھىدىن خۇشاللىقنى،
تىلەكلىرى جاۋاب تاپتى خۇشاللاندى.
ئىجابەت قىلغىنى بۇتمۇ ياكى تەبىئەت،
ياكى بىر الله مۇ، دۇئالارنى ئاڭلىغۇچى!
خۇلاسە:
1. الله زېمىننى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى پۇختا ھېكمەت بىلەن ياراتقان.

2. تاتلىق سۇنى تاغ تۈزلەڭلىكلىرىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن قۇياشنى ۋە ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىنى كونترول قىلغۇچى زات الله دۇر.

3. شامالنى ئەۋەتىپ، بۇلۇتنى پەيدا قىلىپ يامغۇرنى چۈشۈرگەن زات الله دۇر.

4. ئۆستەڭلەرنى ئاققۇزغان، بۇلاقلارنى يارغان، سۇلارنى يەر قاتلىمىغا قاچىلىغان ۋە ئۇنى زېمىن بوشلۇقىدا زايە بولۇپ كېتىشتىن ساقلىغان زات الله دۇر.

5. ئىنسان، ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ياراتقان، رىزىققا كېپىل بولغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى مول قىلغان زات الله دۇر.

6. دۇئانى ئاڭلىغۇچى، ئىجابەت قىلغۇچى، مۇشەققەتلەرنى ئاسان قىلغۇچى ۋە موھتاجلارغا ياردەم بەرگۈچى زات الله دۇر.

7. گاس-گاچا، جانسىز ۋە ئەقىلسىز بۇت ھەم تەبىئەت تەدبىر قىلىش، ئاڭلاش، ئىجابەت قىلىش ۋە يارىتىشقا قادىر بولالمايدۇ.

# 7.دەرس: بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى «دېڭىز»

## ھاۋا ۋە ھاياتلىق

سوئال: ھاۋانىڭ بىزنىڭ ھاياتىمىزغا قانداق پايدىسى بار؟

جاۋاب: سىز بۇرنىڭىز ۋە ئاغزىڭىزنى بىر نەچچە مىنۇت ئېتىۋېلىڭ. شۇ چاغدا سىز ھاياتىڭىزغا نىسبەتەن ھاۋانىڭ ئەھمىيىتىنى بىلەلەيسىز. چۈنكى، ھاۋا سىز مۇھتاج بولىدىغان ئوكسىگېننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر ھاۋا بولمىسا پۈتۈن ئىنسانلار ۋە ھاۋادىن نەپەسلىنىدىغان بارلىق جانلىقلار بىر نەچچە مىنۇتتىلا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئويلىنىپ بېقىڭ، الله سىزگە نېمەت قىلغان ھاۋادىن بىر نەچچە مىنۇت ئايرىلىشقا قادىر بولالامسىز؟ سىز بۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭىزغا تەشەككۈر ئېيتىپ باقتىڭىزمۇ؟

## ھاۋانىڭ باشقا پايدىلىرى:

سوئال: ھاۋانىڭ يەنە باشقا پايدىسى بارمۇ؟

جاۋاب: ھاۋانىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل پايدىسى بار:

1. زېمىننى قورشاپ تۇرغان ھاۋا قاپچۇقىقا ئوخشاش زېمىن ئاھالىسىنى ھەر كۈنى دېگۈدەك زېمىنغا چۈشۈۋاتقان قۇيرۇقلۇق ئۇچار يۇلتۇز ۋە ئاقار يۇلتۇزلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغدايدىغان «قاپچۇق» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھاۋا قۇيرۇقلۇق ئۇچار يۇلتۇز ۋە ئاقار يۇلتۇزلار زېمىنغا يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان دەرىجىدە قويۇق بولۇپ، ئەگەر ھاۋا

بولمىغان بولسا، يۇلتۇزلار شەھەرلەرنى، كەنتلەرنى ۋە ئاھالىلەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەن بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، زېمىننى قورشاپ تۇرغان ھاۋا قاپچۇقى بىر نەچچە مىل يىراقلىقتا (ئېگىزلىكتە) تۇرۇپ، زېمىننى ۋە زېمىندىكى جانلىقلارنى ئاسماندىن زېمىنغا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان ئۆلتۈرگۈچى خاراكتېرلىك نۇرلاردىن قوغداش رولىنى ئۆتەيدۇ.

2. ھاۋانىڭ ئۆسۈملۈكلەردىكى گۈللەرنى چاڭلاشتۇرۇشى ئارقىلىق ئۆسۈملۈكلەر مېۋە چىقىرىدۇ. ئەگەر ھاۋا بولمىغان بولسا، بىز ئۆسۈملۈكلەردە مېۋىلەرنى تاپالمىغان بولاتتۇق. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَأَرْسَلْنَا الرِّيَاحَ لَوَاقِحَ ﴾ ﴿بىز يامغۇرنى ھەيدەيدىغان شاماللارنى ئەۋەتتۇق.﴾ (15 ـ سۈرە ھىجىر 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

3. قۇشلار ۋە ئايروپىلانلار ھاۋاغا تايىنىپ ئۇچىدۇ.

4. ھاۋا بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى «دېڭىز» بولۇپ، ئۇنىڭ بىزنىڭ جىسىملىرىمىزدىكى سۇيۇق جىسىم ۋە قان بېسىمىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدىغان رولى بار. ئەگەر ئاشۇ مۇناسىپ بېسىم بولمىغان بولسا، بىزنىڭ تومۇرلىرىمىز ۋە تومۇردىكى قانلىرىمىز ئېتىلىپ كەتكەن بولاتتى. بىز مۇشۇ تەڭپۇڭلۇق ئىچىدە ھاۋا بېسىمى ۋە قان بېسىمىنى سىزەلمەيمىز.

5. شامالدىن ئىبارەت يامغۇرلارنى بىزگە ھەقسىز يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

6. ئىنسانلار ئۇزاق زامانلاردىن بېرى يەلكەنلىك كېمىلەرنى ماڭدۇرۇشتا ھاۋانىڭ رولىدىن پايدىلانماقتا.

الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ إِن يَشَأْ يُسْكِنِ الرِّيحَ فَيَظْلَلْنَ رَوَاكِدَ عَلَى ظَهْرِهِ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِّكُلِّ صَبَّارٍ شَكُورٍ أَوْ يُوبِقْهُنَّ بِمَا كَسَبُوا وَيَعْفُ عَن كَثِيرٍ﴾

﴿ئەگەر الله خالىسا، شامالنى توختىتىۋېتىدۇ- دە، كېمىلەر دېڭىزنىڭ ئۈستىدە توختاپ قالىدۇ، بۇنىڭدا (قاتتىقلىقتا) سەۋر قىلغۇچى، (كەڭچىلىكتە) شۈكرى قىلغۇچى ھەر مۆمىن ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار. ياكى الله خالىسا، ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن كېمىلەرنى (بوران بىلەن) ھالاك قىلىدۇ، الله نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ.﴾ (42- سۈرە شۇرا 33~34- ئايەتلەر). ﴿ إِنَّ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ لَآيَاتٍ لِّلْمُؤْمِنِينَ وَفِي خَلْقِكُمْ وَمَا يَبُثُّ مِن دَابَّةٍ آيَاتٌ لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ وَاخْتِلَافِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَمَا أَنزَلَ اللَّهُ مِنَ السَّمَاءِ مِن رِّزْقٍ فَأَحْيَا بِهِ الْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَتَصْرِيفِ الرِّيَاحِ آيَاتٌ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ﴾ ﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا مۆمىنلەر ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ھەقىقەتەن نۇرغۇن دەلىللەر بار. سىلەرنىڭ يارىتىلىشىڭلاردا ۋە (الله زېمىندا) تارقىتىۋەتكەن جانىۋارلاردا (الله نىڭ قۇدرىتىگە) جەزمەن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەر بار. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، الله نىڭ بۇلۇتتىن (كۆكتىن) يامغۇر ياغدۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن رىزىقلاندۇرۇپ ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرۈشىدە ۋە شامالLarنىڭ يۆزلىنىشىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشىدا، چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (الله نىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار. ئەنە شۇلار الله نىڭ ئايەتلىرىدۇر. (ئى مۇھەممەد!) ئۇنى ساڭا ھەقلىق بىلەن تىلاۋەت قىلىپ بېرىمىز. ئۇلار (يەنى مەككە كۇففارلىرى) الله نى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى قويۇپ قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟﴾ (45- سۈرە جاسىيە3~6- ئايەتلەر).

www.uyghurkitap.com

## ھاۋانىــڭ موللــۇقى ۋە ئــۇنى قوبــۇل قىلىشــنىڭ ئاسانلىقى

سوئال: ھاۋانىڭ شەكىللىنىشىدە كۆرۈلىدىغان باشقا قانداق ھېكمەتلەر بار؟

جاۋاب: ﷲ نىڭ مەخلۇقلىرىدا پاكىتلار كۆپ بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ھەممە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئېھتىياجى بولغان ھاۋا ئىنتايىن مول بولۇپ، كۆيۈمچان زات ﷲ زېمىن يۈزىدىكى ھەممە ئورۇندا ھاۋانى پەيدا قىلدى. سىز ئۇ ھاۋانى جۇغلاشقا، يۆتكەشكە ۋە قاچىلاشقا تەكلىپ قىلىنمايسىز.

2. ئەگەر سىز ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ دائىم ئوكسىگېندىن ئىبارەت ياخشى ھاۋانى بۇزۇپ، ئۇنى كاربون تۆت ئوكسىد دىن ئىبارەت بۇزۇق ھاۋاغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى توغرىلىق ئويلانسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەپ «ياخشى ھاۋانىڭ بۇزۇلۇشى بۇنداق داۋاملىشىپ بارىدىغان بولسا، بىز چوقۇم ئۆلۈپ كېتىمىز» دەپ قالىسىز، ئەمما ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. مېھرىبان ﷲ ئۆسۈملۈكلەردە بۇزۇق ھاۋانى ئۆزگە سۈمۈرۈۋېلىپ، ياخشى ھاۋا ئىشلەپ چىقىرىدىغان خۇسۇسىيەتنى ئورۇنلاشتۇرغاچقا، ياخشى ھاۋا ئىنسان ۋە ھايۋانلارنىڭ ئىستېمال قىلىشى بىلەن تۈگەپ كەتمەستىن، بەلكى، ئىزچىل تۈردە تولۇقلىنىپ بارىدۇ.

## ئىنساندىكى ئىنچىكە جىسىملارنىڭ يارىتىلىشى:

1. ئىنسان مەيلى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چاغدا بولسۇن ياكى تۇغۇلغاندىن كېيىن بولسۇن، دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن تارتىپ

تــاكى هايــاتى ئاخىرلاشــقانغا قەدەر، مەيلــى ئۇخلىغــان هــالەتتە بولســۇن يــاكى ئويغــاق هــالەتتە بولســۇن، ئىنســانىدىكى نەپەســلىنىش ئەزاســى ھېرىــپ قالماســتىن ۋە توختــاپ قالماســتىن داۋاملىق خىزمەت قىلىدۇ.

بىزنىڭ نەپەسلىنىش ئەزايىمىزنىڭ يوللىرى ئــارقىلىق ھــاۋانى بىزنى چارچىتىپ قويمايدىغان، قىيناپ قويمايدىغان ۋە ئــازابلاپ قويمايدىغان دەرىجىدە قوبۇل قىلىشىمىزنىڭ ئاسانلىقى رەببىمىز الله نىڭ رەھمىتىدۇر.

ھايــاتلىقنى يــاراتقۇچى الله جانلىقلارغــا ئــۇلار ئېھتىيــاجلىق بولغــان ھــاۋانى ئىنئــام قىلــدى. ھــاۋا ئــۇلارنى ئاقــار يۇلتــۇز ۋە قۇيرۇقلــۇق ئۇچــار يۇلتۇزلارنــىڭ خەتىرىــدىن قوغدايــدۇ. ئۇلارغــا ئۆســۈملۈكلەرنى چاڭلاشــتۇرۇپ، يــامغۇرنى يــۆتكەپ بېرىــدۇ. ئۇلارنــىڭ جىســمىدىكى ســۇيۇق ماددىلارنــىڭ بېســمىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ.

كۆردىڭىزمۇ؟

1. ھاۋاغا مۇھتاج بولىدىغان ئىنساننى يارىتىشتىكى، الله نىڭ ئىنســاننىڭ ھاياتىغــا مۇناســىپ ھــاۋانى يارىتىشــتىكى ۋە زور مىقداردىكى ھاۋانى تولۇق قىلىشتىكى ھېكمەتنى كۆردىڭىزمۇ؟

2. ئاقــار يۇلتــۇز ۋە قۇيرۇقلــۇق ئۇچــار يۇلتــۇزلارنى زېمىنغــا يېتىشــتىن ئىلگىــرى كۆيدۈرۈۋېتىــدىغان، ئىنســاننىڭ ئىچكــى ســۇيۇقلۇق ماددىســىنىڭ بېســمىنى تەڭپۇڭلاشــتۇرىدىغان، ئۇچارلىقلارنــىڭ ئۇچۇشــىدا مــۇھىم رول ئوينايــدىغان ھاۋانــىڭ قويۇقلۇقىدىكى ھېكمەت ۋە تەقدىرنى كۆردىڭىزمۇ؟

3. ئۆسۈملۈك ۋە بۇلۇتنى چاڭلاشتۇرىدىغان، بۇلۇتنى قوزغاپ ئوتتۇرا قاتلامغا يۆتكەيدىغان،ئۇزۇن زامانلاردىن بىرى يەلكەنلىك

www.uyghurkitap.com

كېمىلەرنى ماگدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدىغان ھاۋانىڭ ھەرىكەتلىنىشىدىكى ھېكمەتنى كۆردىڭىزمۇ؟

4. زېمىن يۈزىدىكى ھەممە ئورۇندا ھاياتلىققا مۇناسىپ كېلىدىغان ھاۋانىڭ زور مىقداردا مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى كۆردىڭىزمۇ؟

5. ياخشى ھاۋا بىلەن بۇزۇق ھاۋا ئوتتۇرىسىدا بەلگىلەنگەن ئىنچىكە، پۇختا تەگپۈڭلۇقنى كۆردىڭىزمۇ؟

6. ئىنسان مەيلى ئۇخلىغان ياكى ئويغانغان چاغدا بولسۇن، ئۇنى جاپا-مۇشەققەتكە قالدۇرماستىن، توختاپ قالماي داۋاملىق خىزمەت قىلىدىغان نەپەسلىنىش ئەزالىرىدىكى ھېكمەتنى كۆردىڭىزمۇ؟

7. ئاجايىپ تەقدىر، پۇختا تەگپۈڭلۇق، ئاجايىپ قۇراشتۇرۇش ۋە ھېكمەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشلارنىڭ ئىگىسى كىم؟

8. ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان، پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ۋە كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە بولالمايدىغان بۇتلارمۇ؟

9. ھېكمەت ۋە ئىرادىگە ئىگە بولالمايدىغان گاس-گاچا، قارىغۇ، جانسىز تەبىئەتمۇ؟

10. ھېچ نەرسىنى قىلالمايدىغان يوقلۇقمۇ؟

11. ياكى ئاشۇ كۆرۈلۈۋاتقان ھېكمەت، ئاجايىپ تەقدىر، ھېكمەتلىك قانۇن، پۇختا تەگپۈڭلاشتۇرۇش ۋە ئاجايىپ قۇراشتۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى ھەرقانداق ئەقىلگە ئۇنىڭ ھېكمەتلىك رەببى، كاتتا ياراتقۇچىسى، كۆرگۈچى، ئىرادە قىلغۇچى، مېھرىبان، زېمىننى ھېكمەتلىك تەقدىر ۋە ئىنچىكە

سەنئەت بىلەن قورشاپ تۇرغان بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى سۆزلەپ بېرىدىغان پاكىتمۇ؟!...

شۇنداق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەككە- يېگانە الله نىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ روشەن دەلىلىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 8. دەرس: ئاراملىق ۋە خاتىرجەملىك

## بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز:

سوئال: الله نىڭ «الله سىلەرگە ئۆيىۈڭلارنى تۇرالغۇ ـ جاي قىلىپ بەردى» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: ئۇنىڭ مەنىسى شۇكى، بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز بىز ھېرىپ قالغاندا كېلىدىغان، يازنىڭ ئىسسىقىدىن ۋە قىشنىڭ سوغۇقىدىن پاناھلىنىدىغان، ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن، شامال ۋە يامغۇرنىڭ ئاۋارىچىلىقىدىن ساقلىنىدىغان خاتىرجەم ئارام ئېلىش ئورنىدۇر.

بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز بىزگە، بالىلىرىمىزغا ۋە ئاياللىرىمىزغا تۇرالغۇ بولىدۇ. الله نىڭ رەھمىتى ۋە تەقدىرى بىلەن بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز بىزنىڭ مۇقىم ماكانىمىز ۋە پاناھلىنىش ئورنىمىز بولۇپ، بىز ھەر ۋاقىت ئۇ ئارقىلىق خەتەرلەردىن ساقلىنىمىز.

ئەگەر الله خالىسا ئىدى، بىزنىڭ ئۆيلىرىمىزنى بىزگە نىسبەتەن ئارامگاھ قىلمايتتى. چۈنكى، الله بىزنى ئۆيلەردىن يىراقلاشتۇرىۋېتىدىغان يەر تەۋرەشنى، بىزنى تاغلارغا كەتكۈزۈۋېتىدىغان شىددەتلىك بوران ۋە چاقماق ياكى دېڭىز تاشقىنىنى ئەۋەتىشكىمۇ؛ زېمىننى ئۆيلەر ۋە ئۆيدىكى كىشىلەر چۆككۈپ كېتىدىغان دەرىجىدە يۇمشاق قىلىۋېتىشكىمۇ قادىر ئىدى. بىراق، الله (ئۆز رەھمىتى بىلەن) بىزنىڭ ئۆيلىرىمىزنى ئارام ئالىدىغان تۇرالغۇ جاي قىلدى.

الله قۇرۇلۇش ئۇسكۈنىلىرىنى پەيدا قىلىپ، ئىمارەت سېلىش ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى. تەپەككۇر قىلالايدىغان، پىلان

تۈزەلەيدىغان، سىزمىچىلىق ۋە ئىنژېنېرلىق قىلالايدىغان، تەجرىبە ۋە تېخنىكىلارنى ئۆگىنىدىغان ئەقىللەرنى تەقدىم قىلدى. بىزگە كۆرىدىغان كۆزلەرنى، ئاڭلايدىغان قۇلاقلارنى، ئىشلەيدىغان قوللارنى ۋە ماڭىدىغان پۇتلارنى بەردى. بىزگە قىينچىلىقنى ئاسانلاشتۇرىدىغان ئىلىمنى سوۋغا قىلدى. بىزگە قۇرۇلۇش ماددىلىرىنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. بىز تاغلاردىن ئۆزىمىز خالىغان نەرسىلەرنى يۆتكەپ كېلىمىز. ۋەھالەنكى، تاغلار قارشىلاشماستىن بىزگە بويسۇنىدۇ. بىز كېسىپ ئىشلىتىۋاتقان ياغاچلارمۇ بىزگە بويسۇنىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش تۇپراق، لاي، تۆمۈر، سېمونتلارمۇ پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىزگە بويسۇنىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللَّهُ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ قَرَارًا﴾ ﴿الله سىلەرگە زېمىننى تۇرالغۇ قىلدى.﴾ (40-سۈرە غافىر 64-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

## ئائىلە سايمانلىرى ۋە بىساتلار

سوئال: بىزنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىمىزنىڭ دائىرىسىگە كىرىدىغان باشقا نېمەتلەر بارمۇ؟

جاۋاب: شۇنداق، ئائىلە سايمانلىرىسىز ۋە بىساتسىز ئۆيلەر ھەقىقىي مۇكەممەل ئۆي ھېسابلانمايدۇ. شۇڭلاشقا الله ئۆي سايمانلىرىنىڭ ماددىلىرىنى (خام ئەشيالىرىنى) ياساشقا ئۆزى مەسئۇل بولدى. مەسىلەن: ئېتىزلاردا پاختىلارنى، چارۋا-ماللارنىڭ تېرىلىرىدە يۇڭلارنى ئۆندۈرۈپ بەردى. بىز بۇ نەرسىلەردىن جايناماز، مايكا، خىلمۇ-خىل ياپقۇچ ۋە سوغۇقتىن ساقلىنىشىمىز ئۈچۈن ھەرخىل يۇڭ كىيىملەرنى ياسايمىز. ئەمما، يايلاق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تاش ۋە ياغاچ دېگەندەك

نەرسىلەر تولۇق بولمىغانلىقتىن، چارۋا ـ ماللارنىڭ تېرىسى ۋە يۇڭلىرىدىن چېدىر ۋە كىيىملەرنى ياساپ ئىشلىتىلىدۇ. بىر جايدا مۇقىم تۇرمايدىغان كۆچمەنلەر ۋە ئەسكەرلەرمۇ شۇ خىل نەرسىلەردىن ئوبدان پايدىلىنىدۇ. ﷲ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاللّٰهُ جَعَلَ لَكُم مِّن بُيُوتِكُمْ سَكَنًا وَجَعَلَ لَكُم مِّن جُلُودِ الأَنْعَامِ بُيُوتًا تَسْتَخِفُّونَهَا يَوْمَ ظَعْنِكُمْ وَيَوْمَ إِقَامَتِكُمْ وَمِنْ أَصْوَافِهَا وَأَوْبَارِهَا وَأَشْعَارِهَا أَثَاثًا وَمَتَاعًا إِلَى حِينٍ﴾ ﴿ﷲ سىلەرگە ئۆيۈڭلارنى تۇرالغۇ جاي قىلىپ بەردى، سىلەرگە ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىدىن ئۆيلەرنى (چېدىرلارنى) قىلىپ بەردى، سىلەر كۆچكەن كۈنۈڭلاردىمۇ، تۇرغان كۈنۈڭلاردىمۇ ئۇنىڭ يېنىكلىكىنى ھېس قىلىسىلەر، سىلەرگە قويلارنىڭ يۇڭلىرىدىن، تۆگىلەرنىڭ يۇڭلىرىدىن، ئۆچكىلەرنىڭ يۇڭلىرىدىن ئۆي جاھازلىرىنى (يەنى سىلەر كىيىدىغان ۋە ئۆيۈڭلارنى سەرەمجانلاشتۇرىدىغان) ھەم مەلۇم مۇددەتكىچە (يەنى ئۆلۈم كەلگۈچە ياكى ئۇلار كونىراپ تۈگىگىچە) پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرنى قىلىپ بەردى.﴾ (16 ـ سۈرە نەھل 80 ـ ئايەت).

مانا مۇشۇنداق تولۇق ئۆي سەرەمجانلىرى، تەكشى يېيىلغان زېمىن، ئارامبەخش ئۆيلەر بىلەن ئىنسان ﷲ بەرگەن خاتىرجەملىك ۋە تىنچ ـ ئامانلىق نېمىتىنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ.

## كۆردىڭىزمۇ؟

1. زېمىننىڭ بىزگە ۋەيرانچىلىق ماكانى بولماستىن بەلكى، خاتىرجەملىك ۋە ئەمىنلىك ماكانى بولۇپ تەييارلىنىشىدىكى ئاشكارا ھېكمەتنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئاشۇ ھېكمەت بولسا، مېھرىبان ۋە ھېكمەتلىك زاتنىڭ قىلغانلىقىغا گۇۋاھ بولىدۇ.

2. الله نىڭ بىرنى زېمىندا ئورۇنلاشتۇرغان، بىزگە قۇرۇلۇشلارنى مۇستەھكەم قىلغان، بىرنى بۇلۇتقا تاقاشقۇدەك بىناالاردا تۇرغۇزغانلىقىدىكى ۋە بىزگە بەرگەن ئەمىلىي پىكىرلەردىكى ئىمكانىيەتنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ سېخى، مېھرىبان، كۆيۈمچان زاتنىڭ قىلغانلىقىغا گۇۋاھ بولىدۇ.

3. زېمىن ئۈستىدىكى مەخلۇقلارنىڭ بىزگە بويسۇنۇشى ئۆزى خالىغانچە ئورۇنلاشتۇرىدىغان، ئادەم باللىرىنى مۇشۇ زېمىندا ئىز باسار قىلغان ۋە ماكانلاشتۇرغان الله نىڭ قىلغانلىقىغا گۇۋاھ بولىدۇ.

4. زېمىننىڭ ئايلىنىشىدىن كېلىپ چىققان ئىتتىرىش كۈچىنىڭ تارتىش كۈچى بىلەن تەڭپۇڭ بولىشىدىكى ھېكمەتلىك تەدبىرنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئاشۇ ھېكمەتلىك تەدبىر ھېكمەتلىك، تېخنىكىلىق، قۇدرەتلىك ۋە ئىرادە قىلغۇچى الله نىڭ قىلغانلىقىغا گۇۋاھ بولىدۇ.

5. زېمىندىكى تاش ـ تۇپراق ۋە دەل ـ دەرەخلەر، چارۋا ـ مال تېرىلىرى ۋە يۇڭلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئىنساننىڭ راھەتلىنىشى، مەنپەئەتلىنىشى ۋە ئارام ئېلىشى ئۈچۈن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە ئۆي ۋە بىساتلىرىغا ئايلىنىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىنتايىن مول بولۇشى سېخىي ۋە بەندىلىرىنى ياخشى كۆرگۈچى الله نىڭ قىلغانلىقىغا گۇۋاھ بولىدۇ.

مۇنازىرە:

1. ئاشۇ ھېكمەتنىڭ رەببى بولغان ھېكمەتلىك زات كىم؟
2. ئىنسانلارغا تولۇق ئىمكانىيەتنى بەرگەن كىم؟

3 . مۇشۇ زېمىنىدا خالىغان نەرسىنى ئۆرۈنلاشتۇرىدىغان زېمىندىكى تاغ، دەرەخ، تاش قاتارلىقلارنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مەخلۇقلارنى ئىنساننىڭ ئىشلىتىشىگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن كىم؟

4. زېمىنىنىڭ ئايلىنىشىدىن كېلىپ چىققان ئىتتىرىش كۈچىنى تارتىش كۈچى بىلەن تەڭپۇڭلاشتۇرغان ھېكمەتلىك زات كىم؟

5. ئىنسانلار ئۈچۈن ياخشى ماكان ۋە تۇرالغۇلارنى يارىتىپ، ئۇنىڭدا ئۆي سايمانلىرى ۋە بىساتلارنى پەيدا قىلىپ بەرگەن ئىنتايىن سېخى زات كىم؟

6. ئۇ ھەرىكەتلىنەلمەيدىغان بۇتمۇ؟

7. بىر ئىشنى تەدبىر قىلالمايدىغان ۋە ئىرادە قىلىش ئىقتىدارى بولمىغان تەبىئەتمۇ؟

8. ياكى ئۇنىڭدا مەۋجۇتلۇق بولمىغان يوقلۇقمۇ؟

9. ياكى ئاشۇ ھېكمەت، سوۋغا قىلىش،ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلار ھېكمەتلىك، سوۋغا قىلغۇچى، ئىگە بولغۇچى، باشقۇرغۇچى، تەدبىر قىلغۇچى، سېخى، بەندىلىرىنى دوست تۇتقۇچى زاتنىڭ قىلغانلىقىغا گۇۋاھ بولىدۇ.

# 9. دەرس: الله نىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىك دەلىللىرى

## پەيغەمبەر ئەۋەتىشتىكى ھېكمەت:

سوئال: الله پەيغەمبەرلەرنى نېمە ئۈچۈن ئەۋەتتى؟

جاۋاب: 1) الله پەيغەمبەرلەرنى كىشىلەرگە رەببى ۋە ياراتقۇچىسىنى تونۇتۇش، ئۇلارنى الله غا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ مِن رَّسُولٍ إِلَّا نُوحِي إِلَيْهِ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدُونِ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيي قىلدۇق.﴾ (21-سۈرە ئەنبىيا 25-ئايەت).

2) سىز بىلىسىز سىزنىڭ ھەر بىر ئەزايىڭىز، جۈملىدىن كۆزىڭىز، بۇرنىڭىز، قۇلىقىڭىز ھەتتا سىزدىكى كىچىككىنە بىر تومۇرمۇ بىكارغا (سەۋەبسىز) يارىتىلغان بولماستىن، بەلكى مەلۇم بىر ھېكمەت سەۋەبىدىن يارىتىلغان. دېمەك، سىزنىڭ شۇ قەدەر مۇكەممەل يارىتىلىشىڭىزنىڭ مۇئەييەن ھېكمەت ئۈچۈن ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوق. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَحَسِبْتُمْ أَنَّمَا خَلَقْنَاكُمْ عَبَثًا وَأَنَّكُمْ إِلَيْنَا لَا تُرْجَعُونَ فَتَعَالَى اللَّهُ الْمَلِكُ الْحَقُّ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْكَرِيمِ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزۈڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك بىز ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى)، ئۆزۈڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ ھەق پادىشاھ — الله ئۈستۈندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا

www.uyghurkitap.com

ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر.﴾ (23ـ سۈرە مۆئمىنۇن 115～116ـ ئايەتلەر).

بىراق، سىز ھېكمەتنى ياراتقۇچىڭىز الله نىڭ پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق ئۆگىتىشى ئاستىدىلا تونۇيالايسىز. بۈگۈنكى زېمىن ئاھالىلىرى يۈز يىل ئىلگىرى بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى (دۇنياغا كەلمىگەن ئىدى). ئۇلار يەنە يۈز يىل ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن بۇ دۇنيادىن چىقىپ كېتىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، بۇ دۇنيادىن نېمە ئۈچۈن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى پەقەت ياراتقۇچىسىنىڭ ئۆگىتىشى ئارقىلىقلا تونۇيالايدۇ. چۈنكى، الله ئىنسانىنى يوقلۇق ھالىتىدە ياراتقان، تىرىك ھالىتىدە دۇنياغا كەلتۈرگەن ۋە ئۆلۈم ئارقىلىق بۇ دۇنيادىن چىقىشنى بەلگىلىگەن.

الله پەيغەمبەرلەرنى بىزگە بىز بىلمەيدىغان ئىشلارنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتتى. بىزنى ياراتقان رەببىمىز الله بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى ياخشىلايدىغان، روھىمىزنى تازىلايدىغان، ئەخلاقىمىزنى پاكلايدىغان ئىشلارنى ياخشى بىلگۈچىدۇر. الله پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق بىزنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەختلىك بولىدىغان ئىشلارغا يېتەكلىدى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ كَمَا أَرْسَلْنَا فِيكُمْ رَسُولاً مِّنكُمْ يَتْلُو عَلَيْكُمْ آيَاتِنَا وَيُزَكِّيكُمْ وَيُعَلِّمُكُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَيُعَلِّمُكُم مَّا لَمْ تَكُونُواْ تَعْلَمُونَ﴾ ﴿شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزگىنىمدەك) ئۆز ئىچىڭلاردىن سىلەرگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، سىلەرنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھدىن) پاك قىلىدىغان، سىلەرگە كىتابنى (يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى (يەنى دىنى ئەھكاملارنى)

ئۆگىتىــــــدىغان، ســـــــىلەرگە بىلمىگەنلىرىڭلارنـــــــى بىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتــۇق.﴾ (2ـ سۈرە بەقەر 151ـ ئايەت).

3) الله پەيغەمبەرلەرنى ئىنسانلار ھاياتىدىكى ئىختىلاپلاردىن، يەرلىـــك قانۇنلارنىـــڭ بەختســـىزلىكى ۋە ئـــازاب-ئوقۇبىتىـــدىن ئىنســانىيەتنى قۇتقــۇزۇش ۋە الله بەلگىلىــگەن يولغــا يېــتەكلەش ئۈچــۈن ئەۋەتتــى. الله مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿ وَمَا أَنزَلْنَا عَلَيْكَ الْكِتَابَ إِلاَّ لِتُبَيِّنَ لَهُمُ الَّذِي اخْتَلَفُواْ فِيهِ وَهُدًى وَرَحْمَةً لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ﴾ ﴿(ئـى مـۇھەممەد!) بىــز كىتــابنى (يەنــى قۇرئــاننى) پەقەت سـېنىڭ كىشـىلەرگە ئـۇلار (دىنىـــدىكى) دەتـــالاش قىلىشـــقان نەرســـىلەرنى بايـــان قىلىـــپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋمگە ھىدايەت ۋە رەھـمەت بولسۇن ئۈچۈنلا نازىل قىلدۇق.﴾ (16ـ سۈرە نەھل 64ـ ئايەت).

4) الله پەيغەمبەرلەرنى دىننــى تۇرغــۇزۇش، قوغــداش، دىنــدا بۆلۈنۈشتىن توسۇش ۋە الله چۈشۈرگەن قــانۇنلار بــويىچە ھۆكــۈم قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿شَرَعَ لَكُم مِّنَ الدِّينِ مَا وَصَّى بِهِ نُوحًا وَالَّذِي أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ وَمَا وَصَّيْنَا بِهِ إِبْرَاهِيمَ وَمُوسَى وَعِيسَى أَنْ أَقِيمُوا الدِّينَ وَلَا تَتَفَرَّقُوا فِيهِ﴾ ﴿الله سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغـان نەرســىنى، ســاڭا (يەنــى مـۇھەممەد ئەلەيھىســسالامغا) بىــز ۋەھـــيي قىلغـان نەرســىنى، ئىبراھىمغــا، مۇســاغا ۋە ئىســاغا بىــز تەۋســىيە قىلغـان نەرســىنى بايـان قىلـدى. سـىلەر دىننــى بەرپـا قىلىڭــلار، دىندا تەپرىقىچىلىـك قىلمـاڭلار﴾ (42ـ سـۈرە شـۇرا 13ـ ئايەتنىــڭ بىــر قىســمى). الله مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿ إِنَّا أَنزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ لِتَحْكُمَ بَيْنَ النَّاسِ بِمَا أَرَاكَ اللّهُ وَلاَ تَكُن لِّلْخَآئِنِينَ خَصِيمًا﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ســېنى كىشــىلەر ئارىســىدا الله نىــڭ كۆرســەتكىنى بــويىچە ھۆكــۈم

قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق. خائىنلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن.﴾ (4-سۈرە نىسا 105-ئايەت).

5) الله پەيغەمبەرلەرنى مۆمىنلەرنىڭ الله غا ئىتائەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا تەييارلىغان جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش، كاپىرلار كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا تەييارلىغان دوزاختىن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ھەمدە ئۇلارغا الله تەرەپتىن ھۆججەت تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى. الله مۇنداق دەيدۇ:﴿ رُّسُلاً مُّبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَ لِئَلاَّ يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَى اللّهِ حُجَّةٌ بَعْدَ الرُّسُلِ وَكَانَ اللّهُ عَزِيزًا حَكِيمًا﴾ ﴿ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن الله نىڭ ئالدىدا كىشىلەر (يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر) گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن) خۇشخەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾ (4-سۈرە نىسا 165-ئايەت).

6) الله پەيغەمبەرلەرنى كىشىلەرگە توغرا يولدا مېڭىشتا، ئېسىل ئەخلاقتا، توغرا ئىبادەت قىلىشتا ۋە ھەق دىندا مۇستەھكەم تۇرۇشتا ئۈلگە قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا﴾ ﴿سىلەرگە - الله نى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە الله نى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە - رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.﴾ (33-سۈرە ئەھزاب 21-ئايەت).

ئىنسانلار مانا مۇشۇنداق يۈكسەك ئىلاھى تەلىماتلارنى پەقەت الله نىڭ ۋەھيي قىلىشى ئارقىلىقلا ئۆگىنەلەيدۇ.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ راستچىللىق ئالامەتلىرى ۋە پەيغەمبەرلىك دەلىللىرى

سوئال: الله كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەرلەرنى يالغانچى دېمەسلىكى ئۈچۈن قانداق پاكىتلارنى ئۇلار بىلەن بىللە ئەۋەتتى؟

جاۋاب: الله پەيغەمبەرلەرنى كىشىلەرنىڭ يالغانچى دېمەسلىكى ئۈچۈن قۇرئان كەرىم «ئالامەت» دەپ ئاتىغان دەلىل ـ پاكىتلارنى؛ كىشىلەر «مۆجىزە» دەپ ئاتايدىغان ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېيتقانلىرىنى تەستىقلايدىغان دەلىل ـ پاكىتلارنى كەلتۈردى.

سوئال: مۆجىزە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مۆجىزە ـــ ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ مەيدانغا كەلتۈرۈشى ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار بولۇپ، ئۇ دەلىل، پاكىت، ھۆججەت دەپ ئاتىلىدۇ. الله پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ راستچىللىقىغا ۋە ئىشەنچلىكلىكىگە دەلىللەرنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئۇلارغا مۆجىزىلەرنى كەلتۈرۈپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسانلار! الله مېنى سىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. سۆزۈمنىڭ راستلىقىغا ئۆز قۇدرىتىدىن ئالامەتلەرنى بەردى. الله دىن باشقا ھېچكىشى (ئادەملەرمۇ) ئۇ ئالامەتلەرنى كەلتۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا سىلەر مېنى الله غا تۆھمەت قىلدى دەپ گۇمان قىلىسىلەر.»

الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِالْبَيِّنَاتِ وَأَنزَلْنَا مَعَهُمُ الْكِتَابَ وَالْمِيزَانَ لِيَقُومَ النَّاسُ بِالْقِسْطِ﴾ ﴿بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە،

ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق﴿ (57-سۈرە ھەدىد 25-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

سوئال: الله پەيغەمبەرلەرنى كۈچەيتكەن مۆجىزىلەرنىڭ مىساللىرى قايسىلار؟

جاۋاب: الله ئۆز كىتابىدا بايان قىلغان مىساللار خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَالُوا حَرِّقُوهُ وَانصُرُوا آلِهَتَكُمْ إِن كُنتُمْ فَاعِلِينَ قُلْنَا يَا نَارُ كُونِي بَرْدًا وَسَلَامًا عَلَى إِبْرَاهِيمَ﴾ ﴿ئۇلار ئېيتتى: «ئىبراھىمنى كۆيدۈرۈڭلار، ئىلاھلىرىڭلارغا ياردەم بېرىڭلار، ئەگەر ئۇلارغا ھەقىقىي ياردەم بەرمەكچى بولساڭلار». بىز ئېيتتۇق: «ئى ئوت! ئىبراھىمغا سالقىن ۋە ئامانلىق (بەخش ئېتىدىغان) بولۇپ بەرگىن» دېدۇق.﴾ (21-سۈرە ئەنبىيا 68~69-ئايەتلەر).

2. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَدْخِلْ يَدَكَ فِي جَيْبِكَ تَخْرُجْ بَيْضَاءَ مِنْ غَيْرِ سُوءٍ فِي تِسْعِ آيَاتٍ إِلَى فِرْعَوْنَ وَقَوْمِهِ إِنَّهُمْ كَانُوا قَوْمًا فَاسِقِينَ﴾ ﴿قولۇڭنى قويىنۇڭغا سالغىن، ئۇ ھېچقانداق ئىللەتسىز ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ، (بۇ) مېنىڭ فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە ئېلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن بەرگەن توققۇز مۆجىزەمنىڭ ئىچىدىدۇر، ئۇلار ھەقىقەتەن پاسىق قەۋم ئىدى﴾. (27-سۈرە نەمل 12-ئايەت).

بۇ توققۇز ئالامەت ئىچىدە فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقىنىڭ جازاسى ئۈچۈن چۈشكەنلىرى بار. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمُ الطُّوفَانَ وَالْجَرَادَ وَالْقُمَّلَ وَالضَّفَادِعَ وَالدَّمَ آيَاتٍ مُّفَصَّلَاتٍ فَاسْتَكْبَرُواْ وَكَانُواْ قَوْمًا مُّجْرِمِينَ﴾ ﴿بىز ئۇلارغا سۇ ئاپىتى، چېكەتكە، پىت، پاقا، قان (بالالىرىنى) روشەن

مۆجىزىلەر قىلىپ ئەۋەتتۇق،(الله غا ئىمان ئېيتىشقا) ئۇلارنىڭ گەدەنكەشلىكى يول قويمىدى، ئۇلار گۇناھكار قەۋم بولدى.﴾ (7 ـ سۈرە ئەئراف 133 ـ ئايەت).

3. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذْ قَالَ اللّهُ يَا عِيسى ابْنَ مَرْيَمَ اذْكُرْ نِعْمَتِي عَلَيْكَ وَعَلَى وَالِدَتِكَ إِذْ أَيَّدتُّكَ بِرُوحِ الْقُدُسِ تُكَلِّمُ النَّاسَ فِي الْمَهْدِ وَكَهْلاً وَإِذْ عَلَّمْتُكَ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَالتَّوْرَاةَ وَالإِنجِيلَ وَإِذْ تَخْلُقُ مِنَ الطِّينِ كَهَيْئَةِ الطَّيْرِ بِإِذْنِي فَتَنفُخُ فِيهَا فَتَكُونُ طَيْرًا بِإِذْنِي وَتُبْرِىءُ الأَكْمَهَ وَالأَبْرَصَ بِإِذْنِي وَإِذْ تُخْرِجُ الْمَوتَى بِإِذْنِي وَإِذْ كَفَفْتُ بَنِي إِسْرَائِيلَ عَنكَ إِذْ جِئْتَهُمْ بِالْبَيِّنَاتِ فَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُواْ مِنْهُمْ إِنْ هَذَا إِلاَّ سِحْرٌ مُّبِينٌ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا الله ئېيتتى : ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! ساڭا ۋە سېنىڭ ئاناڭغا بەرگەن نېمەتلىرىمنى ئەسلىگىن، ئەينى زاماندا ساڭا روھۇلقۇددۇس (يەنى جىبرىئىل) بىلەن مەدەت بەردىم، (كىچىكلىكىڭدە) بۆشۈكتە ۋە (پەيغەمبەر بولغان) ئوتتۇرا ياش ۋاقتىڭدا كىشىلەرگە سۆزلەيتتىڭ، ئەينى زاماندا ساڭا كىتابنى، ھېكمەتنى، تەۋراتنى ۋە ئىنجىلنى ئۆگەتتىم، ئەينى زاماندا مېنىڭ ئىزنىم بىلەن لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدە بىر نەرسە ياسايتتىڭ ـ دە، ئۇنى پۈۋلىسەڭ ئىزنىم بىلەن ئۇچىدىغان قۇش بولاتتى، مېنىڭ ئىزنىم بىلەن تۇغما كورنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتاتتىڭ، ئەينى زاماندا، مېنىڭ ئىزنىم بىلەن ئۆلۈكلەرنى (تىرىلدۈرۈپ قەبرىلىرىدىن) چىقىراتتىڭ، ئەينى زاماندا بەنى ئىسرائىلنى ساڭا چېقىلىشتىن توستۇم، سەن ئۇلارغا مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەن چېغىڭدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار: «بۇ پەقەت روشەن سېھىردۇر» دېدى.﴾ (5 ـ سۈرە مائىدە 110 ـ ئايەت).

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىكى ئۆزگەرتىشلەرنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، بىلىمسىز كىشىلەر ئىيسا

ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈچلۈك پاكىتلىرىنى كۆرگەندە «بۇ مۆجىزىلەر پەقەت الله نىڭ ياكى الله نىڭ ئوغلىنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ» دېيىشتى .

ئەمما، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك پاكىتلىرى ۋە مۆجىزىلىرى توغرىسىدا كېيىنكى دەرستە سۆزلەيمىز

خۇلاسە:

1. الله پەيغەمبەرلەرنى كىشىلەرگە رەببىنى تونۇتۇش، رەببىگە ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىش، ئۇلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەتنى چۈشەندۈرۈش، ئىختىلاپ ئازابىدىن قۇتقۇزۇش، كىشىلەر ئارىسىدا دىننى تۇرغۇزۇش، الله چۈشۈرگەن قانۇن بىلەن ھۆكۈم قىلىش، مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىپ، كاپىرلارنى دوزاخ بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش، كىشىلەرگە الله نىڭ ھۆججەتلىرىنى تۇرغۇزۇش ھەمدە مۆمىنلەرگە چىرايلىق ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى.

2. الله پەيغەمبەرلىرىنى الله نىڭ كىتابىدا پاكىت، ئالامەت دەپ ئاتىلىدىغان، كىشىلەر مۆجىزە دەپ ئاتايدىغان ھۆججەت ۋە دەلىللەر بىلەن كۈچەيتىدۇ. بۇ پاكىتلار پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ راست ۋە ئىشەنچىلىك ئىكەنلىكىگە، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزگۈچى ئەلچى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولىدۇ.

# 10. دەرس: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك پاكىتلىرى ۋە ئالامەتلىرى

## رەھبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ئالامەتلىرى:

سوئال: ﷲ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۈچەيتكەن مۆجىزە ۋە ئالامەتلەر قايسىلار؟

جاۋاب: بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزە ۋە پاكىتلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئىلگىرىكى كىتابلاردىكى بېشارەت.

ئىلگىرىكى كىتابلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يارىتىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەتلەر بېرىلگەن. شۇنداقلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتى، شەھىرى، قەۋمى ۋە زامانى ئالدىن خەۋەر قىلىنغان. ﷲ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ الَّذِينَ يَتَّبِعُونَ الرَّسُولَ النَّبِيَّ الأُمِّيَّ الَّذِي يَجِدُونَهُ مَكْتُوبًا عِندَهُمْ فِي التَّوْرَاةِ وَالإِنْجِيلِ ﴾ ﴿ئۇلار ئەلچىگە — ئۈممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۇز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ﴾ (7ـ سۈرە ئەئراف 157ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

يەھۇدىي ۋە ناسارا ئالىملىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇ ھەقتە بېشارەت بېرەتتى. ﷲ يەھۇدىي ـ ناسارالاردىن مۇشۇ بېشارەتلەرنى ئاڭلىغان ئەرەب مۇشرىكلىرىغا ئۇنى پاكىت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنَّهُ لَفِي زُبُرِ الْأَوَّلِينَ أَوَلَمْ يَكُن لَّهُمْ آيَةً أَن يَعْلَمَهُ عُلَمَاء بَنِي إِسْرَائِيلَ﴾ ﴿ھەقىقەتەن

قۇرئان ئىلگىرىكى (پەيغەمبەرلەرنىڭ) كىتابلىرىدا تىلغا ئېلىنغان. (ئابدۇللا ئىبنى سالام ۋە ئۇنىڭ ئىمان ئېيتقان ھەمراھلىرىغا ئوخشاش) بەنى ئىسرائىل ئۆلىمالىرىنىڭ قۇرئاننى بىلىشى مۇشرىكلارغا (قۇرئاننىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بولمامدۇ؟﴿ (26-سۈرە شۇئەرا 196~ 197-ئايەتلەر).

الله بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن چاغدا، بىرقىسىم كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتى. يەنە بىر قىسىملىرى ئۇنى ئىنكار قىلدى. ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ تۆرتكىسى ئىلگىرىكى كىتابلاردىكى بېشارەت ۋە ئالامەتلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئۇيغۇن كەلگەنلىكى بولدى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ الَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ مِن قَبْلِهِ هُم بِهِ يُؤْمِنُونَ﴾ ﴿قۇرئاندىن ئىلگىرى بىز كىتاب (يەنى ئىنجىل، تەۋرات) نازىل قىلغانلار (يەنى ناسارا ۋە يەھۇدىيلارنىڭ مۆمىنلىرى ) قۇرئانغا ئىشىنىدۇ.﴾ (28-سۈرە قەسەس 52-ئايەت).

دېمەك، يەھۇدىي - خرىستىئانلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى تا بۈگۈنگە قەدەر داۋاملاشماقتا.

2. قۇرئانى مۆجىزىلەر

الله مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى راستقا چىقىرىدىغان ئىلاھى تامغا بولۇش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئىلاھى پاكىت، ئالامەت ۋە مۆجىزىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب (قۇرئان كەرىم) بىلەن ئەۋەتتى.

قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ تىلى، ئۇسلۇبى ۋە قۇرۇلمىسىنىڭ پاساھەتلىك بولغانلىقى بىلەن مۆجىزە، پاكىت ۋە ئالامەتتۇر. ئۇ ئىنسان ۋە جىنلارغا ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق بىر كىتابنى كەلتۈرۈپ

بىقىشى ھەققىدە ئوچۇق جەڭ ئېلان قىلىدۇ. اﷲ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُل لَّئِنِ اجْتَمَعَتِ الإِنسُ وَالْجِنُّ عَلَى أَن يَأْتُواْ بِمِثْلِ هَذَا الْقُرْآنِ لاَ يَأْتُونَ بِمِثْلِهِ وَلَوْ كَانَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ ظَهِيرًا﴾ ﴿ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر ـ بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ﴾ (17 ـ سۈرە ئىسرا 88 ـ ئايەت).

قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلگىرىكى زامانلاردا يۈز بەرگەن غەيب ئىشلارنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئوي ـ خىياللىرىنى ۋە كېيىنكى زامانلاردا بولىدىغان ئىشلارنى ئالدىن خەۋەر قىلىشى بىر ئالامەتتۇر. ئۇ خەۋەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى زامانىمىزغا قەدەر كۆرۈلۈپ كەلدى. زاماننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ يەنە كۆرۈلۈۋاتىدۇ. اﷲ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ تِلْكَ مِنْ أَنبَاء الْغَيْبِ نُوحِيهَا إِلَيْكَ مَا كُنتَ تَعْلَمُهَا أَنتَ وَلاَ قَوْمُكَ مِن قَبْلِ هَذَا فَاصْبِرْ إِنَّ الْعَاقِبَةَ لِلْمُتَّقِينَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئەنە شۇ (قىسسە) غەيبكە ئائىت خەۋەرلەردىندۇر، ساڭا ئۇنى ۋەھيي قىلدۇق، سەن ۋە سېنىڭ قەۋمىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنى بىلمەيتتىڭلار، سەۋر قىلغىن، شۈبھىسىزكى، ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر﴾ (11 ـ سۈرە ھۇد 49 ـ ئايەت).

قۇرئان كەرىمنىڭ كۆڭۈللەرگە تەسىر قىلىشى بىر مۆجىزە ۋە پاكىتتۇر. سىز قۇرئان ئوقۇغان ۋاقتىڭىزدا كۆڭلىڭىزدە زور بىر تەسىرنى ۋە سىزگە سۆزلەۋاتقان زاتنىڭ اﷲ ئىكەنلىكىنى سېزەلەيسىز. اﷲ ئۆز كىتابىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ اللَّهُ نَزَّلَ أَحْسَنَ الْحَدِيثِ كِتَابًا مُّتَشَابِهًا مَّثَانِيَ تَقْشَعِرُّ مِنْهُ جُلُودُ الَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ ثُمَّ تَلِينُ جُلُودُهُمْ وَقُلُوبُهُمْ إِلَى ذِكْرِ اللَّهِ ذَلِكَ هُدَى اللَّهِ يَهْدِي بِهِ مَنْ يَشَاء وَمَن يُضْلِلْ

اللَّهُ فَمَا لَهُ مِنْ هَادٍ﴾ ﴿ الله سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدى. (پاساھەتتە، بالاغەتتە) ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، (ۋەز- نەسىھەتلەر، ئەھكاملار، قىسسىلەر ئۇنىڭدا) تەكرارلىنىدۇ، (قۇرئاندىكى ئازاب ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا) پەرۋەردىگارىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى تىترەيدۇ، ئاندىن الله نىڭ زىكرى ئۈچۈن (يەنى الله نىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتىگە دائىر ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا)، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يۇمشاپ (ئارام تاپىدۇ)، ئەنە شۇ (يەنى قۇرئان) الله نىڭ ھىدايىتىدۇركى، ئۇنىڭ بىلەن (الله ) خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، الله ئازدۇرغان ئادەمگە ھېچ ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ.﴾ (39- سۈرە زۇمەر23- ئايەت).

الله نىڭ ئايەتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش، مۇلاھىزە قىلىش قانچە كۆپ بولسا، ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىش شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ.

1. قۇرئان كەرىم ئۈممەتلەرنىڭ ياخشىسى ئۈچۈن چىقىرىلغان، ھۆكۈم ۋە ھىدايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۆجىزىدۇر. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، الله قا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.﴾ (3- سۈرە ئال ئىمران 110- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

خەت ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان بىر سەھرالىق ئادەمنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈممەت كىشىلىرىگە چىقىرىلغان ھىدايەت،

قانۇن ۋە ھۆكۈملەرنى ئېلىپ كېلەلىشى؛ مەدەنىيەتلىك، تەرەققىي قىلغان ئەللەرگە ۋە ھەرقايسى شەھەرلەرگە ماس كېلىدىغان ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويالىشى مۇمكىن ئەمەس.

2. زامان تەرەققىي قىلغانسېرى قۇرئان بايان قىلغان ھەقىقەتلەرنىڭ سىرى ئېچىلىپ، ئۇنىڭ مۆجىزىلىكى تېخىمۇ نامايان بولىدى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ سَنُرِيهِمْ آيَاتِنَا فِي الْآفَاقِ وَفِي أَنفُسِهِمْ حَتَّى يَتَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُ الْحَقُّ ﴾ ﴿ئۇلارغا بىز تاكى ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە، (ئاسمان - زېمىن) ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز﴾ (41-سۈرە فۇسسىلەت 53-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

قۇرئان كەرىم خەت ئوقۇشنى ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان ساۋاتسىز كىشىنىڭ تىلى بىلەن ھەرخىل مەيدانلاردىكى ئەڭ مۇھىم مەزمۇنلارنى ئېلىپ كەلگەن مۆجىزە بولۇپ، الله ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ئالدىدا سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا كُنتَ تَتْلُو مِن قَبْلِهِ مِن كِتَابٍ وَلَا تَخُطُّهُ بِيَمِينِكَ إِذًا لَّارْتَابَ الْمُبْطِلُونَ﴾ ﴿ئىلگىرى سەن كىتاب ئوقۇشنى بىلمەيتتىڭ، خەت يېزىشنىمۇ بىلمەيتتىڭ، (مۇبادا سەن كىتاب ئوقۇغان، خەت يازىدىغان بولساڭ) ئۇ چاغدا ھەقىقە قارشى تۇرغۇچىلار چوقۇم گۇمانلىناتتى.﴾ (29-سۈرە ئەنكەبۇت 48-ئايەت).

3. الله نىڭ ئۆز پەيغەمبىرىنى كۈچەيتىشى

الله نىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دەسلەپكى مەزگىلدە پەقەت ئازغىنە كىشىلەر ئىمان ئېيتتى. مۇشرىكلار ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى دىنىدىن ۋاز كەچتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى ئازابلاپ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشتى. الله ئۆز پەيغەمبىرىگە

ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن ياردەم بېرىش ئۈچۈن، كاپىرلارغا پەرىشتىلەرنى ئەۋەتتى. مۇسۇلمانلارنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن مۆگدەشنى چۈشۈردى. كاپىرلارغا شامالنى ئەۋەتتى. مانا بۇ مۆجىزىلەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىنساپلىق كىشىلەرنى، بۇنى الله ئەۋەتتى، دەيدىغان يەرگە كەلتۈردى.

ئۇنىڭدىن باشقا، الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن ھەممە كىشىلەر ئىچىپ قانغۇدەك دەرىجىدە سۇنى چىقىرىش، ئازراق تائامنى كۆپ مۇسۇلمانلارغا يەتكۈدەك دەرىجىدە كۆپەيتىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئا قىلىشى بىلەن كېسەللىنىڭ ساقىيىشى، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئۇنىڭغا سۆزلىشى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھ بولۇشى قاتارلىق مۆجىزىلەر بىلەن كۈچەيتتى.

4. الله نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداق بىر ئىش توغرۇلۇق دۇئا قىلسا، الله ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنى ئەمەلىيەتكە چىقاردى. ئۇ مۇشۇ پاكىت ۋە ئالامەتلەرنى ئاشكارا قىلغاندا، دىنسىزلار ئىسلامغا بولغان ئۆچمەنلىكىدىن راستچىل ئىمان ئېيتىشقا بۇرۇلدى. الله نىڭ سۆزىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن جانلىرى ۋە ماللىرى بىلەن جىھاد قىلىدىغان كۈچكە ئايلاندى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ أَنزَلْنَآ إِلَيْكَ آيَاتٍ بَيِّنَاتٍ وَمَا يَكْفُرُ بِهَا إِلاَّ الْفَاسِقُونَ﴾ ﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، ساڭا بىز روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق، ئۇلارنى پەقەت توغرا يولدىن چىققانلارلا ئىنكار قىلىدۇ.﴾ (2ـ سۈرە بەقەر 99ـ ئايەت).

خۇلاسە:

1. ﷲ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەر يالغان دېيەلمەيدىغان دەرىجىدىكى مۆجىزە، پاكىت ۋە ئالامەتلەر بىلەن كۈچەيتتى.

2. ئىلگىرىكى كىتابلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ زامانى، شەھىرى ۋە قەۋمىنىڭ ئەھۋالىنى ئالدىن خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگەندە بۇ ئالامەتلەر ئۇنىڭغا ئۇيغۇن كەلدى. كىتاب ئەھلىدىن سەلمان پارسى، ئابدۇللا ئىبنى سالام قاتارلىق ئىنسابلىق كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتى.

3. ﷲ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كىشىلەرنى يېتەكلىگۈچى ۋە ھىدايەت قىلغۇچى قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلدى. ۋەھالەنكى، قۇرئان كەرىمنىڭ خەت يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى بىلمەيدىغان ساۋاتسىز كىشىگە چۈشكەن تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭ ئىلمى تەرەققىياتلار ئىسپاتلاپ چىققان دۇنياۋى ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۇنىڭ روشەن مۆجىزە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

4. ﷲ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ دۈشمىنىگە قارشى كۈچەيتتى. ئۇنى نۇرغۇنلىغان ئادەتتىن تاشقىرى مۆجىزىلەر بىلەن ھۆرمەتلىدى. ئۇنىڭ ﷲ غا قىلغان ھەر قانداق دۇئاسى ئىجابەت قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىنى تارقىتىش www.uyghurkitap.com

# 11. دەرس: قۇرئان كەرىمنىڭ مەزمۇن ئىپادىلىشى ۋە تىل ئۇسلۇبى

**الله نىڭ سۆزى بىزنىڭ يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە پاكىت.**

سوئال: الله نىڭ سۆزى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھ بولامدۇ؟

جاۋاب: شۇنداق، قۇرئان كەرىم الله نىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى كۆرستىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ مُّحَمَّدٌ رَّسُولُ اللَّهِ وَالَّذِينَ مَعَهُ أَشِدَّاء عَلَى الْكُفَّارِ رُحَمَاء بَيْنَهُمْ ﴾ ﴿مۇھەممەد الله نىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆز ـ ئارا كۆيۈمچاندۇر﴾ (48ـ سۈرە فەتىھ 29ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

سوئال: مۇشۇ سۆز مۆمىننى قۇرئاننىڭ الله نىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە قانائەت قىلدۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ الله نىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزىلا ئىنساننى الله نىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە قانائەت قىلدۇرىدۇ.

سوئال: بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك ؟

جاۋاب: ياراتقۇچى بولغان الله نىڭ سۆزى بىلەن يارىتىلغۇچى بولغان ئىنساننىڭ سۆزىدە روشەن پەرق بارلىقى شۈبھىسىزدۇر. ئەگەر ئەقىللىق ئادەم ئىنساننىڭ سۆزى بىلەن الله نىڭ سۆزى ھەققىدە ئادىللىق بىلەن ئويلىنىپ باقسىلا، ئىلاھى سۆزنىڭ

خۇسۇسىيەتلىرى ئۇچۇن ئوچۇق پاكىتلارنى تاپالايدۇ. شۇنداقلا الله نىڭ سۆزى بىلەن ئىنساننىڭ سۆزى ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق بارلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. بەلكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھ بولىدىغان قۇرئان كەرىمنىڭ توقۇلما سۆز بولماستىن، ئەكسىچە الله تەرەپتىن كەلگەن ئىلاھى ۋەھيي ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇيدۇ.

## قۇرئان كەرىمنىڭ مەزمۇن ئىپادىلىشى ۋە تىل ئۇسلۇبى

سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسان سۆزىدىن ئارتۇق بولغان سۈپەت ۋە خۇسۇسىيەتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسان سۆزىدىن ئارتۇق بولغان خۇسۇسىيەتلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بىز بۇنىڭدىن قۇرئان كەرىمنىڭ بۇرۇنقىلارنى ۋە كېيىنكىلەرنى ئاجىز قىلغان مەزمۇن ئىپادىلىشى ۋە تىل ئۇسلۇبىنى سۆزلەيمىز. قۇرئان كەرىمنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلىغان ئادەم ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ ئىلمى ئىقتىدارى ۋە سۆزلەش قابىلىيىتى ھەرقانچە يۇقىرى بولسىمۇ، بىراق قۇرئاندەك بىر كىتابنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدىغانلىقى ۋە ساۋاتسىز ئادەمگە ئۇنى چۈشۈرۈپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ.

ئەينى چاغدا كاپىرلار بىرلىشىپ ئۆز ـ ئارا قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى تەسىرىگە قانداق قارشى تۇرۇش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتى. ئۇلار، قۇرئان كەرىمنىڭ مەزمۇن ئىپادىلىشى ۋە تىل ئۇسلۇبى ئۇنى ئاڭلىغان كىشىگە ئاجايىپ تەسىر قىلىدىغان سېھرى، دېيىشتى. الله مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق

كاپىرلارنىڭ مەسلىھەتچىسى ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرەنىڭ ئېيتقان سۆزىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ثُمَّ أَدْبَرَ وَاسْتَكْبَرَفَقَالَ إِنْ هَذَا إِلَّا سِحْرٌ يُؤْثَرُ﴾ «ئاندىن (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈدى، (پەيغەمبەرگە ئەگىشىشتىن) تەكەببۇرلۇق بىلەن باش تارتتى، «بۇ (كالامۇللاھ ئەمەس) پەقەت ئۆگىنىلگەن سېھىردۇر، بۇ پەقەت ئىنسان سۆزىدۇر» دېدى.» (74ـ سۈرە مۇددەسسىر 23~25ـ ئايەتلەر).

ئۇلارنىڭ الله نىڭ سۆزىنى سېھرى دېيىشى ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى قۇرئان كەرىمنىڭ تەسىرىگە قارشى تۇرۇشنىڭ بىرىنچى ۋاستىسى بولدى. ئىككىنچى ۋاستىسى ئۇلار بىر ـ بىرىنى قۇرئان كەرىمنى ئاڭلاشتىن توستى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا لَا تَسْمَعُوا لِهَذَا الْقُرْآنِ وَالْغَوْا فِيهِ لَعَلَّكُمْ تَغْلِبُونَ﴾ «كاپىرلار: «بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، ئۇنى ئېلىشتۇرۇۋېتىڭلار، سىلەر غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن» دەيدۇ.» (41ـ سۈرە فۇسسىلەت 26ـ ئايەت).

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەرەبلەر كىشىلەرنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ كۆڭۈل ۋە ئەقىللەرگە تەسىر قىلىدىغان تىل ئۇسلۇبىدىكى ئاشكارا مۆجىزىنى تونۇپ قېلىشىدىن ۋە ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولىشىدىن قورقتى. نۇرغۇن مۇشرىكلار الله نىڭ كىتابىدىكى ئايەتلەرنى ئاڭلىغاندا مۇسۇلمان بولدى. ئەمما كۇفرى ئۈستىدە چىڭ تۇرغانلارمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسانىنىڭ تىل ئۇسلۇبى ئۇنىڭغا يېقىنلىشالمايدىغان دەرىجىدىكى تىل ئۇسلۇبى ۋە مەزمۇن ئىپادىلىشىنى ئىنكار قىلمىدى. پەقەت ئۇلار قۇرئان كەرىمنى ئاڭلىغان كىشىگە تەسىر قىلىدىغان سېھرى دېيىشتى.

مانا بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ۋە ھەر قانداق سۆزدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىغا گۇۋاھ.

سوئال: بىز نېمە ئۈچۈن ھازىر قۇرئاننىڭ مەزمۇن ئىپادىلىشى ۋە تىل ئۇسلۇبىنى ئىلگىرىكى ئەرەبلەر بىلگەندەك بىلمەيمىز؟

جاۋاب: بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، قۇرئان كەرىم ئەرەبلەرنىڭ تىلى بويىچە چۈشكەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە چۈشىنىشلىك بولغان. ئەمما بىز بۈگۈن قۇرئان نازىل بولغان ئەرەب تىلىدىن يىراقلىشىپ، قۇرئان سۆزلىرىنى چۈشىنىشتە تولىمۇ قىيىنچىلىق ھېس قىلىدىغان بولدۇق. لېكىن، ئەرەب تىلىنى ئۆگەنگەن ۋە الله نىڭ كىتابىنى ئوقۇغان ئادەم قۇرئان كەرىمنىڭ تىل ئۇسلۇبىنىڭ ئىنسان سۆزىنىڭ تىل ئۇسلۇبىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنى كەلتۈرۈشكە كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك الله دىن باشقىسى قادىر بولالمايدىغانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئالىملارمۇ، نادانلارمۇ بىلىدىغان الله نىڭ كىتابىدىكى ھەر بىر سۈرىدە ئىلاھى ئالامەتلەر بار. بۇ ئىلاھى ئالامەتلەر قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن مەخلۇقلارنىڭ سۆزىدىن پەرقلىق بولغان ياراتقۇچىنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

## قۇرئان كەرىم كۆپ تەكرارلاش بىلەن كونىراپ قالمايدۇ.

سوئال: بىلىملىكلەر ۋە بىلىمسىزلەر الله نىڭ كىتابىدا كۆرگەن ئىلاھى مۆجىزىلەر قايسىلار؟

جاۋاب: ئاشۇ ئىلاھى مۆجىزىلەر شۇكى، قۇرئان كەرىم دائىم يېڭى بولۇپ، ئىنسان ئۇنى قايتا ـ قايتا تەكرارلىسىمۇ، ئۇ ھەرگىز كونىراپ قالمايدۇ. ئەگەر ئىنسانلارنىڭ بىرەر شېئىرى ياكى

نەسرى بىر ئاي ئىچىدە، ھەر كۈنى بىر نەچچە قېتىمدىن تەكرارلانسا، ئۇ چوقۇم قۇلاققا يېقىمسىز ۋە زېرىكىشلىك ئاڭلىنىدۇ. ھەرقانداق قەسىدە، شېئىرلار تۇپلىمى ۋە مۇزىكا بىلەن تەڭكەش قىلىنغان ھەرقانداق ناخشىلاردىمۇ ئەھۋال شۇنداق. شۇڭلاشقا ناخشىچىلار ناخشىلىرىنىڭ كونىراپ قالماسلىقى ئۈچۈن رادىئو ئىستانسىسىدىكى تارقاتقۇچىلاردىن ناخشىلىرىنى ھەر كۈنى ئاڭلاتماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەمما، الله نىڭ سۆزى بولسا ئىنسانىنىڭ سۆزى تۈزۈلىدىغان ھەرپلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ھەر بىر مۇسۇلمان ھەر كۈنى سۈرە فاتىھەنى پەرز نامازدا 17 قېتىم، سۈننەت نامازلار بىلەن قوشقاندا 31 قېتىمدىن كۆپرەك تەكرارلايدۇ. بۇ ئەھۋال قانداقتۇر بىرەر ئاي ياكى بىرەر يىل تەكرارلانماستىن بەلكى بىر ئۆمۈر داۋاملىشىدۇ. لېكىن، بۇ مۇسۇلمان سۈرە فاتىھەنىڭ كۈندە تەكرارلىنىشى بىلەن ئىنسان سۆزىگە ئوخشاش كونىراپ قالغانلىقىنى سەزمەيدۇ. دەل شۇنىڭدەك، قۇرئاندىكى باشقا سۈرىلەرمۇ فاتىھەگە ئوخشاش بولۇپ، بىز ئۇنى قانچە كۆپ تەكرارلىساقمۇ، بىراق ئۇنىڭ كونىراپ قالغانلىقىنى ياكى زېرىكىشلىك ئاڭلانغانلىقىنى ھېس قىلمايمىز. چۈنكى، الله نىڭ سۆزى ھەر ۋاقىت يېپيېڭى ھالەتتە تۇرىدۇ.

## ياۋروپادىكى بەزى ئىنساپلىق كىشىلەرنىڭ گۇۋاھلىقى

سوئال: مۇشۇ توغرۇلۇق مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەرنىڭ پوزىتسىيىسى قانداق؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغان ھەرقانداق ئادەم بىر تونۇغان مەزمۇنلارنى تونۇيدۇ. ﷲ نىڭ كىتابىدىكى ئالامەتلەرنى ئاشكارا كۆرىدۇ . شەرقشۇناسلار ۋە ئۇلاردىن باشقا بىر قىسىم كىشىلەر قۇرئاننىڭ نامىغا داغ چۈشۈرۈش ۋە ئۆزلىرىنىڭ جاھانگىر دۆلەتلىرىنى ساقلاشتا قۇرئاندىن پايدىلىنىش (قۇرئاننى بۇرمىلاش) ئۈچۈن قۇرئاننى تەتقىق قىلدى. بىراق، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىنساپلىق كىشىلەر ئىسلام دىنىنىڭ ھەق، راست ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئىسلام دىنىغا كىردى.

## ياۋروپادىكى ئىنساپلىق كىشىلەرنىڭ قۇرئان كەرىم ھەققىدە ئېيتقانلىرى:

شەرقشۇناس سۇيۇل مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇسلۇبى گۈزەل ۋە مول. ھەيران قالارلىقى شۇكى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇسلۇبى خىرىستىئان دىنىدىكىلەرنىڭ زېھنىگە تەسىر قىلىپ، ئۇلارنى قۇرئانغا ئىشەنگەن ۋە ئىشەنمىگەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.»

ھەرشەفىلد مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان كەرىمنىڭ تىل ئۇسلۇبى، شەكىللىنىشى ۋە قانائەت قىلدۇرۇش كۈچىدە ئۇنىڭغا يېتىدىغان بىر كىتاب يوق. ئىسلام دۇنياسىدىكى ھەرقانداق بىر ئىلىمنىڭ گۈللىنىشىدىكى ئارتۇقچىلىق قۇرئان كەرىمدە ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.»

فرانسىيەلىك دوكتور مورىس مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان كەرىم ئىنسان باللىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش ئۈچۈن چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى

www.uyghurkitap.com

كىتاب. قۇرئان كەرىمنىڭ الله نىڭ يېنىدىن كەلگەنلىكىدە شەك يوق.»

شەرقشۇناس لىيۇن مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان كەرىم بىپىسىپ ئۆتكەن ئون تۆت ئەسىردىن بۇيان ئۇلۇغ ۋە يېپيېڭى دەپ ھېسابلانماقتا. بىز گويا تۇنۇگۇنلا چۈشكەندەك يېپيېڭى ھالەتتە تۇرغان قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇسلۇبىدىن بىرەر نەرسىنى ئاددىي ساناشقا قادىر بولالمايمىز.»

## قۇرئان كەرىم جەڭ ئېلان قىلىدۇ، كىشىلەر ئاجىز كېلىدۇ.

سوئال: قۇرئان كەرىم ئىنسانلاردىن قۇرئان سۈرىلىرىدىن بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدىمۇ؟

جاۋاب: شۇنداق، قۇرئان كەرىم ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىدە شەك قىلغانلارغا قارىتا جەڭ ئېلان قىلدى. ئەگەر ئۇلار قۇرئاننى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى دەپ ئويلايدىغان بولسا، ئۇنداقتا، ئۇلارنى ھەمكارلىشىشقا تېگىشلىك بارلىق ھەمكارچى ۋە ياردەمچىلىرىنى توپلاپ، قۇرئان سۈرىلىرىدەك سۈرىدىن بىرنى كەلتۈرۈپ بېقىشقا چاقىردى. ھەمدە بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ الله نىڭ ئازابىدىن قورقۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇردى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَإِن كُنتُمْ فِي رَيْبٍ مِّمَّا نَزَّلْنَا عَلَى عَبْدِنَا فَأْتُواْ بِسُورَةٍ مِّن مِّثْلِهِ وَادْعُواْ شُهَدَاءكُم مِّن دُونِ اللّهِ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ فَإِن لَّمْ تَفْعَلُواْ وَلَن تَفْعَلُواْ فَاتَّقُواْ النَّارَ الَّتِي وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ أُعِدَّتْ لِلْكَافِرِينَ﴾ ﴿بەندىمىز (مۇھەممەد)گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار (قۇرئانغا

تەئەرروٗز قىلىشــتا) اللە دىــن باشــقا ياردەمچىڭلارنىــڭ ھەممىســنى (يــاردەمگە) چــاقىرىڭلار، (قۇرئــان ئىنسانىنىڭ سۆزى دېــگەن گېــپىڭلاردا) راســتچىل بولســاڭلار. ئەگەر مۇنــداق قىلالمىســاڭلار — ھەرگىزغــۇ قىلالمايســىلەر— كــاپىرلار ئۈچــۈن تەييارلانغــان، ئىنســان ۋە تاشــلار يېقىلغــۇ بولغــان دوزاخــتىن ساقلىنىڭلار.﴾ (2ـ سۈرە بەقەر 23~24ـ ئايەتلەر).

سوئال: قۇرئــان كىشــىلەرگە جەڭ ئېلان قىلغانــدىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى؟

جاۋاب: ئۇلار — قۇرئــان ئېنىــق ئېيتقانــدەك — گەرچە كــۆپ تىرىشقان بولسىمۇ، بىــراق ئاشــۇنداق بىــر ســۈرىنى كەلتۈرۈشــتىن پۈتــۈنلەي ئــاجىز كەلــدى. بــۇ خىــل ئــاجىزلىق ئالدىــدا كــاپىرلار يېڭىلگــــىنىگە تەن بەرمەي، مۇســۇلمانلارنىڭ يولىغــا قورالــلىــق ئۇرۇش بىلەن قارشى تۇردى.

خۇلاسە:

1. اللە نىــڭ ســۆزى بولغــان قۇرئــان كەرىــم مــۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھ بولىدۇ.

2. قۇرئان كەرىمدە قۇرئاننىڭ اللە نىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدىغان ئىلاھى مۆجىزىلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى كىشىلەرنى (ئۇنى كەلتۈرۈشتىن) ئــاجىز قىلغــان مەزمۇن ئىپادىلىشى ۋە تىل ئۇسلۇبى ئاشۇ ئىلاھــى مۆجىزىنىــڭ قاتارىــدىن ھېسابلىنىدۇ .

3. قۇرئان كەرىم تەكرارمۇ ـ تەكرار ئوقــۇش بىــلەن كــونىراپ قالماســتىن، بەلكــى، ھەر ۋاقىــت يېپيېڭــى ھــالەتتە تۇرىــدۇ. ياۋروپادىكى بەزى ئىنساپلىق ئالىملار بۇ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىدى ھەمدە ئۇنىڭ يۈكسەكلىكىنى تونۇدى.

4. قۇرئان ئۇنىڭ ھەقلىقىدىن شەكلىنىدىغان كىشىلەردىن قۇرئان سۈرىلىرىدەك بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. بىراق، ئۇلار بۇنىڭدىن ئاجىز كەلدى. شۇنداقلا قىيامەتكىچە مەڭگۈ ئاجىز كېلىدۇ.

# 12. دەرس: قۇرئان كەرىم ئىلىم-پەننى بېسىپ چۈشىدۇ

## قۇرئان كەرىم ھىدايەت كىتابى:

سوئال: الله قۇرئان كەرىمنى نېمە ئۈچۈن نازىل قىلدى؟

جاۋاب: الله قۇرئان كەرىمنى ئىنسانلارنى ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلدى. گەرچە قۇرئان مېدىتسىنا (تېببىي ئىلىم)، فىزىكا، ئىنژېنېرلىق ۋە ئاسترونومىيە كىتابى بولماستىن، بەلكى ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا باشلايدىغان ھىدايەت كىتابى بولسىمۇ، بىراق، ئۇ ئاشۇ ئىلىملەرنىڭ ماھىيىتىنى خاتىرلىدى.

## قۇرئان الله نىڭ ئىلمى بىلەن چۈشتى:

سوئال: «قۇرئان كەرىم زامانىۋى ئىلىملەرنى بېسىپ چۈشىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، قۇرئان كەرىم مەيلى ئىنسان ياكى ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدە سۆزلىسۇن ياكى باشقا مەخلۇقلار ھەققىدە توختالسۇن؛ قانداق بىر مەسىلە توغرۇلۇق سۆزلىسە، ئۇنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى سۈپەتلەپ بېرىدۇ. لېكىن، ئىنسانلارنىڭ ئىلمى ئاشۇ ھەقىقەتلەرنى بىلىشتىن كەم بولماقتا. قۇرئان كەرىم ئاشۇ ھەقىقەتلەرنى ئاچقان يېڭى سايمان ۋە ئۈسكۈنىلەر ئارقىلىق تەرەققىيات مۇھىتىدىكى يېڭى كەشپىياتلارنى ئېچىپ بەرمەكتە. بىز بۇنىڭدىن قۇرئان كەرىمنىڭ زامانىۋى ئىلىملەرنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئۇ بولسا ئىلىم تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋرلەردىكى قۇرئان كەرىم ئاشكارا قىلغان

يېڭى بىر پاكىت ۋە يېڭى بىر مۆجىزە. بىز مۇشۇ ئارقىلىق قۇرئان كەرىمنىڭ اللە نىڭ ئىلمى بىلەن چۈشكەنلىكىنى، ھەرقانداق ساختىلىقنىڭ ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

## قۇرئان كەرىم ئۇچقۇچىلاردىن ئىلگىرى يۇقىرى ھاۋا قاتلىمىدا يۈرەكنىڭ سىقىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئالدىن خەۋەر قىلىدۇ.

سوئال: بۇنىڭ مىساللىرى قايسىلار؟

جاۋاب: بۇنىڭ مىساللىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

ئاسمانغا ئۆرلىگەنسېرى يۈرەكنىڭ سىقىلىشى، ھەتتا، كاناي بوغۇلۇش دەرىجىسىگە يېتىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئۇچقۇچىلار بايقىغان كەشپىياتلار بار. بۇنىڭ سەۋەبى ئاسمانغا ئۆرلىگەنسېرى ئوكسىگېن (ھاۋا) نىڭ كەم بولغانلىقىدۇر.

مانا بۇ ھەقىقەت ئىلگىرى تونۇلمىغان ئىدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يۇلتۇز ۋە پلانېتلاردا ھاۋانىڭ يوقلۇقىنى بىلمەيتتى. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى ئىنسانلار تونۇشتىن ئون تۆت ئەسىر (1400يىل) ئىلگىرى خەۋەر قىلدى. اللە مۇنداق دەيدۇ:﴿فَمَن يُرِدِ اللّهُ أَن يَهْدِيَهُ يَشْرَحْ صَدْرَهُ لِلإِسْلاَمِ وَمَن يُرِدْ أَن يُضِلَّهُ يَجْعَلْ صَدْرَهُ ضَيِّقًا حَرَجًا كَأَنَّمَا يَصَّعَّدُ فِي السَّمَاء كَذَلِكَ يَجْعَلُ اللّهُ الرِّجْسَ عَلَى الَّذِينَ لاَ يُؤْمِنُونَ﴾ ﴿اللە كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا،ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ)، اللە كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى، (ئىمان ئېيتىش) ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا

چىقىشــتىنمۇ قــىيىن تۇيۇلــدۇ،ئىمان ئېيتمىغــانلارنى الله مۇشۇنداق ئازابلايدۇ.﴾ (6ـ سۈرە ئەنئام 125ـ ئايەت).

كىمكى ئۆزىنىڭ يامان ئەمەللىرى ۋە دىنغا قارشى تۇرۇشى بىلەن الله نىڭ ئازدۇرۇشىغا يولۇققان بولسا، ئىسلام ھەقىقەتلىرى ئالدىدا، الله ئۇنىڭ يۈرىكىنى خۇددى ئاسمانغا ئۆرلىگەن كىشىنىڭ يۈرىكى سىقىلغاندەك سىقىدۇ. كىشىلەر ئىلگىرى ئاسمانغا ئۆرلىگەن كىشىنىڭ يۈرىكى سىقىلىشتىن ئىبارەت ھەقىقەتنى بىلمەيتتى. بۇ ھەقىقەت پەقەت كىشىلەر ئاسمانغا ئۆرلىگەندىن كېيىنلا تونۇلدى. ئەينى چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە خاس ئايروپىلانى بولغانمۇ؟ ياكى بۇ ھەقىقەت الله نىڭ ئىلمى بىلەن چۈشكەن ۋەھيي ئارقىلىق تونۇلغانمۇ؟

قۇرئان كەرىم ئاناتومىيە ئىلمى ۋە ئوپېراتسىيە ئىلمىدىن ئىلگىرى ئاغرىقنى سىزىش تېرىگە مەركەزلەشكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

سوئال: بۇنىڭ مىساللىرى قايسىلار؟

جاۋاب: كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا ئاغرىقنى سېزىش جەسەتكە خاس، جەسەت شەيئىلەرنى سېزىش دەرىجىسىدە ئوخشاش، دەپ قارىلاتتى. لېكىن، زامانىۋى ئوپېراتسىيە ئىلمى ئاغرىقنى سېزىش تېرىگە مەركەزلەشكەنلىكىنى، كىشىلەر ئاغرىقنى ۋە يىڭنىنىڭ كىرگەنلىكىنى پەقەت تېرە دائىرىسىدىلا سېزەلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت (نامەلۇم ھەقىقەتنى) نامايان قىلدى. لېكىن، قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى 20ـ ئەسىردىكى ئوپېراتسىيە ئالىملىرىدىن ئىلگىرى خەۋەر قىلدى. الله مۇنداق دەيدۇ:﴿ إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُواْ بِآيَاتِنَا سَوْفَ نُصْلِيهِمْ نَارًا كُلَّمَا نَضِجَتْ جُلُودُهُمْ بَدَّلْنَاهُمْ جُلُودًا غَيْرَهَا لِيَذُوقُواْ الْعَذَابَ إِنَّ

اللَّهَ كَانَ عَزِيزًا حَكِيمًا﴾ ﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا ئازابنى تېتىتىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز. اللّٰه ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾ (4 ـ سۈرە نىسا 56 ـ ئايەت).

ئاغرىق ۋە ئازابنى سېزىش ئۇلارنىڭ تېرىسىگە مەركەزلىشىدۇ. كىشىلەرنىڭ «تېرىلەر پىشىپ، دوزاخ ئازابىدىن راھەتلىنىپ قالىدىكەنمىز» دېگەن خاتا تۇيغۇدا بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەممىنى بىلگۈچى، تېخنىكىلىق زات ئاشۇنى بىلىپ بىزگە، ئۇلارغا ئازابنى تېتىتىش ئۈچۈن باشقا بىر تېرىنى ئالماشتۇرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

ئەينى چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا خاس بولغان ئوپېراتسىيە ئۈسكۈنىسى بولغانمۇ؟ ياكى بۇ ھەقىقەت اللّٰه نىڭ سۆزى بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ اللّٰه نىڭ ئىلمى بىلەن چۈشكەنلىكىگە گۇۋاھ بولىدىغان پاكىتمۇ؟ اللّٰه مۇنداق دەيدۇ: ﴿سَنُرِيهِمْ آيَاتِنَا فِي الْآفَاقِ وَفِي أَنفُسِهِمْ حَتَّى يَتَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُ الْحَقُّ أَوَلَمْ يَكْفِ بِرَبِّكَ أَنَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ﴾ ﴿ئۇلارغا بىز تاكى ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە، (ئاسمان ـ زېمىن) ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلىرىنى كۆرسىتىمىز﴾ (41 ـ سۈرە فۇسسىلەت 53 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

خۇلاسە:

1. قۇرئان كەرىم قۇرئان چۈشكەندىن كېيىن تونۇلغان ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. ئاسمانغا ئۆرلىگەن كىشىنىڭ يۈرىكى سىقىلىشى، ئازاب ۋە ئاغرىقنى سېزىش تېرىگە مەركەزلەشكەنلىكىدىن ئىبارەت 20 ـ



www.uyghurkitap.com

ئەســـردىكى زامـــانىۋى ئىلىمـــلەر اللە نىـــڭ كىتابىـــدىكى مەزمۇنلارنى تەستىقلاپ كۆچەيتمەكتە.

3. بۈگۈن كۈندىكى ئىلمى تەرەققىياتلار ئارقىلىق بايقالغان بۇ ھەقىقەتــلەر قۇرئـــان كەرىمنىــڭ اللە نىــڭ ســۆزى ۋە پەيغەمبىـــرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلغـان ۋەھىيسـى ئىكەنلىكىـگە گـۇۋاھ بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# 13. دەرس: ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش

﴿مۇسا ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار (بولغان الله ) غا سېغىنىپ، ھېساب كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) گە ئىشەنمەيدىغان ھەر بىر مۇتەكەببىر(نىڭ زىيانكەشلىك قىلىشى) دىن پاناھ تىلەيمەن﴾ (40ـ سۈرە غافىر 27ـ ئايەت).

## ئىنسان ھاياتى ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ:

سوئال: ئىنساننىڭ ھاياتى قانچە قىسىمغا بۆلىنىدۇ؟

جاۋاب: ئىنسان ھاياتى ـ ئەمەل دىيارىدىكى قىسقا ھايات ۋە جازا ـ مۇكاپات دىيارىدىكى مەڭگۈلۈك ھاياتتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ.

## ئەمەل دىيارى:

سوئال: ئەمەل دىيارى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئەمەل دىيارى بىز بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە ياشايدىغان زېمىن بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ ئۆزىمىز خالىغان ئىشلارنى قىلىشىمىز ئۈچۈن بىزگە بېرىلگەن مۆھلەتتۇر. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَوَلَمْ يَسِيرُوا فِي الْأَرْضِ فَيَنظُرُوا كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ وَكَانُوا أَشَدَّ مِنْهُمْ قُوَّةً وَمَا كَانَ اللَّهُ لِيُعْجِزَهُ مِن شَيْءٍ فِي السَّمَاوَاتِ وَلَا فِي الْأَرْضِ إِنَّهُ كَانَ عَلِيمًا قَدِيرًا﴾ ﴿ئۇلار زېمىندا سەير قىلىپ، ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەر (يەنى ھالاك بولغان ئۈممەتلەر) نىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ ئۇلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر) بۇلاردىن تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى

ھېچ نەرسە الله نى ئاجىز قالدۇرالمايدۇ. الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر. ئەگەر الله ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن جازالايدىغان بولسا، يەر يۈزىدە ھېچبىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى ۋە لېكىن الله ئۇلار (دىن ھېساب ئېلىش) نى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە تەخىر قىلىدۇ. ئۇلار (دىن ھېساب ئېلىش) نىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە (ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە قاراپ جازا بېرىدۇ)، الله ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.﴾ (35_سۈرە فاتىر 44~45_ ئايەتلەر).

بىر كۈن ئۆتسە بىر كۈنلۈك مۆھلەت كېمىيىپ، بىز جازا ھويلىسىغا شۇنچە يېقىنلىشىمىز. ئەگەر مۆھلەت تۈگەپ كەتسە، ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىمىز بىزنىڭ نەزىرىمىزدە بىر سائەتكىمۇ تەڭ كەلمەيدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَيَوْمَ يَحْشُرُهُمْ كَأَن لَّمْ يَلْبَثُواْ إِلاَّ سَاعَةً مِّنَ النَّهَارِ يَتَعَارَفُونَ بَيْنَهُمْ قَدْ خَسِرَ الَّذِينَ كَذَّبُواْ بِلِقَاء اللّهِ وَمَا كَانُواْ مُهْتَدِينَ﴾ ﴿قىيامەت كۈنى الله ئۇلارنى(ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يىغىدۇ، (ئۇلارغا دۇنيادا تۇرغان مۇددىتى) كۈندۈزدە ئازغىنە ۋاقىت تۇرغاندەك قىسقا بىلىنىدۇ، ئۇلار ئۆز ئارا تونۇشىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ الله غا مۇلاقات بولۇشىنى (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشىنى) ئىنكار قىلغانلار چوقۇم زىيان تارتىدۇ، ئۇلار توغرا يول تاپمىدى.﴾ (10_سۈرە يۇنۇس 45_ئايەت).

جازا_مۇكاپات دىيارى:

سوئال: جازا _ مۇكاپات دىيارى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: جازا _ مۇكاپات دىيارى — ئىنسان دۇنيادا ئىلگىرى قىلغان ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسىنى ۋە الله ئۇنىڭغا بەرگەن نېمەتلەرگە قارىتا قىلغان ئەمىلىنىڭ مۇكاپات ياكى جازاسىنى

تاپىدىغان ئاخىرەت دىيارىدۇر. ئۆلۈم بولسا، كىشىلەرنى ئەمەل دىيارىدىن مۇكاپات ياكى جازا دىيارىغا يۆتكەيدىغان ئامىل. بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ زاماندىكى كىشىلەرمۇ يۈز يىل ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تېپىش ئۈچۈن جازا (مۇكاپات) ھويلىسىغا يۆتكىلىشى كېتىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ قُلْ يَتَوَفَّاكُم مَّلَكُ الْمَوْتِ الَّذِي وُكِّلَ بِكُمْ ثُمَّ إِلَى رَبِّكُمْ تُرْجَعُونَ وَلَوْ تَرَى إِذِ الْمُجْرِمُونَ نَاكِسُو رُؤُوسِهِمْ عِندَ رَبِّهِمْ رَبَّنَا أَبْصَرْنَا وَسَمِعْنَا فَارْجِعْنَا نَعْمَلْ صَالِحًا إِنَّا مُوقِنُونَ﴾ ﴿ئېيتقىنكى، «سىلەرنىڭ (جېنىڭلارنى ئېلىشقا) مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتە سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر». ئەگەر سەن گۇناھكارلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدىغان بولساڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ)، ئۇلار ئېيتىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! (ئىشىنىش ھەقىقىتىنى) كۆردۇق، ئاڭلىدۇق. بىزنى ياخشى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن (دۇنياغا) قايتۇرغىن، بىز (ئەمدى) ھەقىقەتەن (سېنىڭ ۋەدەڭنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) ئىشەنگۈچىلەرمىز﴾. (32 ـ سۈرە سەجدە 11~12 ـ ئايەتلەر). ﴿وَوُفِّيَتْ كُلُّ نَفْسٍ مَّا عَمِلَتْ وَهُوَ أَعْلَمُ بِمَا يَفْعَلُونَ وَسِيقَ الَّذِينَ كَفَرُوا إِلَى جَهَنَّمَ زُمَرًا حَتَّى إِذَا جَاؤُوهَا فُتِحَتْ أَبْوَابُهَا وَقَالَ لَهُمْ خَزَنَتُهَا أَلَمْ يَأْتِكُمْ رُسُلٌ مِّنكُمْ يَتْلُونَ عَلَيْكُمْ آيَاتِ رَبِّكُمْ وَيُنذِرُونَكُمْ لِقَاء يَوْمِكُمْ هَذَا قَالُوا بَلَى وَلَكِنْ حَقَّتْ كَلِمَةُ الْعَذَابِ عَلَى الْكَافِرِينَ قِيلَ ادْخُلُوا أَبْوَابَ جَهَنَّمَ خَالِدِينَ فِيهَا فَبِئْسَ مَثْوَى الْمُتَكَبِّرِينَ وَقَالُوا الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي صَدَقَنَا وَعْدَهُ وَأَوْرَثَنَا الْأَرْضَ نَتَبَوَّأُ مِنَ الْجَنَّةِ حَيْثُ نَشَاء فَنِعْمَ أَجْرُ الْعَامِلِينَ وَتَرَى الْمَلَائِكَةَ حَافِّينَ مِنْ حَوْلِ الْعَرْشِ يُسَبِّحُونَ بِحَمْدِ رَبِّهِمْ وَقُضِيَ بَيْنَهُم بِالْحَقِّ وَقِيلَ الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ ﴿ھەر ئادەمگە قىلغان ئەمەلىنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ. الله ئۇلارنىڭ

ئەمەللىرىنى ئۇبدان بىلىدۇ. كاپىرلار جەھەننەمگە توپ ـ توپ بولۇپ ھەيدىلىدۇ، ئۇلار جەھەننەمگە يېتىپ كەلگەندە، جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ، جەھەننەمنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «ئاراڭلاردىن سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئايەتلىرىنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرىدىغان، بۈگۈنكى ئۇچرىشىشىنىڭ بارلىقىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىگەنمۇ؟» دەيدۇ. ئۇلار: «شۇنداق (پەيغەمبەرلەر كەلگەن، بىزنى ئاگاھلاندۇرغان)، لېكىن ئازابقا دۇچار بولۇش ھۆكمى (كۇفرى ۋە قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن) كاپىرلارغا تېگىشلىك بولدى» دەيدۇ. (ئۇلارغا) «جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىڭلار، مۇتەكەببۇرلارنىڭ جايى نېمىدېگەن يامان!» دېيىلىدۇ. پەرۋەردىگارىغا تەقۋادارلىق قىلغانلار جەننەتكە توپ ـ توپ بولغان ھالدا ماڭدۇرۇلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار جەننەتكە يېتىپ كەلگەن چاغدا ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ بولغان بولىدۇ، جەننەتكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، سىلەر (گۇناھلارنىڭ كىرلىرىدىن) پاك بولدۇڭلار، جەننەتكە كىرىڭلار، (ئۇنىڭدا) مەڭگۈ قېلىڭلار» دەيدۇ. ئۇلار (جەننەتكە كىرىپ ئورۇنلاشقان چاغدا) ئېيتىدۇ: «جىمى ھەمدۇسانا اللّٰه غا خاستۇركى، ئۇ بىزگە قىلغان ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، جەننەتنىڭ زېمىنىغا بىزنى ۋارىس قىلدى. جەننەتتە ئۆزىمىز خالىغان جايدا تۇرىمىز، ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئەجرى (يەنى جەننەت) نېمىدېگەن ياخشى!». پەرىشتىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتقان، ھەمدە ئېيتقان ھالدا ئەرشنىڭ چۆرىسىنى ئوراپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەققانىي ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ (مۆمىنلەر جەننەتكە كىرىدۇ، كاپىرلار دوزاخقا

كىرىدۇ)، «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله غا خاستۇر!» دېيىلىدۇ.﴾ (39ـ سۈرە زۇمەر 70~75ـ ئايەتلەر).

## ئاخىرەت كۈنى ئىلاھى ئادىللىق تەلەپ قىلىش مەنبەسى:

سوئال: مۆمىننىڭ ئاخىرەت كۈنگە ئىشەنگەنلىكىنىڭ دەلىلى نېمە؟

جاۋاب: مۆمىننىڭ ئاخىرەت كۈنگە ئىشەنگەنلىكىنىڭ ئەڭ چوڭ دەلىلى، ئىنسانلارغا ئۆزلىرىنىڭ راستچىللىقىغا قارىتا پاكىتلارنى تەقدىم قىلغان، بىزگە بىزنىڭ ياراتقۇچىمىز، جەننەت ۋە دوزاخنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان الله نىڭ سۆزىنى يەتكۈزگەن پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىشتۇر. الله بىزگە ئۆزى توغرۇلۇق ۋە ئاخىرەت كۈنىنىڭ راست ئىكەنلىكى توغرۇلۇق خەۋەر بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەقلىي دەلىللەرمۇ بار.

سوئال: ئەقلىي دەلىللەر قايسىلار؟

جاۋاب: ئەقلىي دەلىللەر كۆپ بولۇپ، بىز تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىلاھى ئادىللىق دەلىلىنى سۆزلەيمىز.

سوئال: ئىلاھى ئادىللىق دەلىلى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىنساندا ئادىللىقنى ياخشى كۆرۈش ئارزۇسى بولۇپ، بۇ ئارزۇ ئىنساندا زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ، ئادىللىقنى قوللاش ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ خىل روھنى ئىنساندا ئاشۇ ئىنساننىڭ ياراتقۇچىسى الله ئورۇنلاشتۇرغان. ھەممىگە ئايانكى، ئىنساندىكى بۇ خىل ئادالەت تۇيغۇسى ياراتقۇچىنىڭ ئادىللىق سۈپىتىدىن كەلگەن. بۇ ھەقتە نۇرغۇن مىساللار بار.

1. ﷲ نىڭ ئادىللىقى ئۇنىڭ مەخلۇقى بولغان (يەنى ئۆزى ياراتقان) ئىنسانىنىڭ ئادىللىقىدىن نەچچە ھەسسە مۇكەممەل.

2. ئەگەر ئىنساننىڭ ئادىللىقى زۇلۇم قىلغۇچى بىلەن زۇلۇم قىلىنغۇچىنىڭ، قاتىل بىلەن ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ، ئىتائەت قىلغۇچى بىلەن ئاسىيلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى باراۋەر قىلىشقا ئۇنىمىسا؛ ئۇنداقتا ئىلاھى ئادىللىقنىڭ زالىم بىلەن مەزلۇملارنىڭ، قاتىل بىلەن مەقتۇل (ئۆلتۈرۈلگۈچى) لارنىڭ، ئاسىيلار بىلەن ئىتائەت قىلغۇچىلارنىڭ، كاپىرلار بىلەن مۆمىنلەرنىڭ، پاك،دىيانەتلىك ئادەملەر بىلەن پاسىق، گۇناھكار ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىنى باراۋەر قىلماسلىقىدا قىلچە شەك يوق. ﷲ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَمَا خَلَقْنَا السَّمَاء وَالْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا بَاطِلًا ذَلِكَ ظَنُّ الَّذِينَ كَفَرُوا فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ كَفَرُوا مِنَ النَّارِ أَمْ نَجْعَلُ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ كَالْمُفْسِدِينَ فِي الْأَرْضِ أَمْ نَجْعَلُ الْمُتَّقِينَ كَالْفُجَّارِ﴾ ﴿ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى بىكار ياراتمىدۇق، ئۇ (يەنى ئۇلارنى بىكار يارىتىلغان دەپ قاراش) كاپىرلارنىڭ گۇمانىدۇر، كاپىرلارغا دوزاختىن ۋاي! ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟ ياكى تەقۋادارلارنى فاجىرلارغا ئوخشاش قىلامدۇق؟﴾ (38ـ سۈرە ساد 27～28ـ ئايەتلەر).

بىراق، بىز دۇنيادا مۇكەممەل ئادىللىقنى ئۇچرىتالمايمىز. دۇنيادا كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە بېرىلىدىغان تولۇق مۇكاپات ياكى جازانى تاپالمايمىز. ئاخىرەت كۈنىنىڭ راستلىقىغا كەسكىن دەلىللەرنى تۇرغۇزغان ﷲ نىڭ ئادىللىقىدا شەك قىلمايمىز. شۇڭا ھېسابنىڭ بۇ دۇنيادا بولمايدىغانلىقىغا؛ ھېساب،جازا ۋە

مۇكاپاتىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر قىلغاندەك، مەلۇم بىر كۈنگە كېچىكتۈرۈلگەنلىكىگە ئىشىنىمىز.

خۇلاسە:

ئىنساننىڭ ھاياتى مۇشۇ دۇنيادىن ئىبارەت قىسقا مەزگىللىك ئەمەل دىيارى ۋە ئاخىرەتتىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك مۇكاپات (جازا) دىيارى دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. ئۇلۇم بولسا بىزنى ئەمەل ھويلىسىدىن مۇكاپات ھويلىسىغا يۆتكەيدىغان ۋاستە .

كىمكى دۇنيادا ياخشى ئەمەل قىلسا ﷲ ئۇنىڭغا مۇكاپات بېرىدۇ. كىمكى دۇنيادا يامان ئەمەل قىلسا ﷲ ئۇنى جازالايدۇ. ﷲ ئىنسانلارغا ئۆزلىرىنىڭ راستچىللىقىغا دەلىللەرنى تۇرغۇزغان، ئىنسانلارغا ئاخىرەتنى ۋە ئاخىرەتتە ئۇلارغا تەييارلىغان مۇكاپات ۋە جازانى ئالدىن خەۋەر قىلىدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى.

ﷲ نىڭ ئادىللىقى ئىنساننىڭ ئادىللىقىدىن مۇكەممەل. ئادىللىقنى تەلەپ قىلىش مەنبەسى ــ ياخشىلىق بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىنى باراۋەر قىلماسلىق. ۋەھالەنكى، دۇنيادا ياخشىلىق قىلغۇچىغا تولۇق ساۋاب، يامانلىق قىلغۇچىغا تولۇق جازا بېرىلمەيدۇ. شۇڭا، ﷲ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش، يامانلىق قىلغۇچىلارنى جازالاش ئۈچۈن ئاخىرەتتىن ئىبارەت مۇكەممەل بىر كۈننى قىلدى.

# 14. دەرس: ئاخىرەت كۈنىنىڭ ئەھۋاللىرى

## بەرزەخ ھاياتى:

سوئال: بەرزەخ دېگەن نېمە؟

جاۋاب: بەرزەخنىڭ مەنىسى «توسما» دېگەنلىك بولۇپ، بەرزەخ ھاياتى دېمەك، ئىنسانلار قىيامەت بەرپا بولغۇچە بەرزەخ دۇنياسىدا ئۆتكۈزىدىغان ھاياتلىقتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن الله ئۇلاردىن تولۇق ھېساب ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى قەبرىلەردىن قوپۇرىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ حَتَّى إِذَا جَاء أَحَدَهُمُ الْمَوْتُ قَالَ رَبِّ ارْجِعُونِ لَعَلِّي أَعْمَلُ صَالِحًا فِيمَا تَرَكْتُ كَلَّا إِنَّهَا كَلِمَةٌ هُوَ قَائِلُهَا وَمِن وَرَائِهِم بَرْزَخٌ إِلَى يَوْمِ يُبْعَثُونَ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ (يەنى كاپىرلارنىڭ) بىرىگە ئۆلۈم كەلسە ئېيتىدۇكى، «پەرۋەردىگارىم! مېنى (دۇنياغا) قايتۇرغىن. مەن قويۇپ كەلگەن مال- مۈلكۈم بىلەن ياخشىلىق قىلىشىم مۇمكىن». (ئۇنىڭ دۇنياغا قايتىشى) مۇمكىن ئەمەس، ئۇ چوقۇم شۇ سۆزنى قىلغۇچىدۇر، ئۇلار قەبرىلىرىدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنگە قەدەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنى دۇنياغا قايتىشتىن توسىدىغان) بىر توسما بولىدۇ.﴾ (23- سۈرە مۆئمىنۇن 99~100- ئايەتلەر).

سوئال: بەرزەخ ھاياتىدا ئەمەللەرگە ساۋاب ۋە ئازاب بارمۇ؟

جاۋاب: شۇنداق، ھېساب بەرزەخ ھاياتىغا يۆتكەلگەن ۋاقىتتىلا باشلىنىپ بولىدۇ. قىيامەتتىن بۇرۇنقى قەبرە ئازابى ھەققىدە الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ لَعَلِّي أَعْمَلُ صَالِحًا فِيمَا تَرَكْتُ كَلَّا إِنَّهَا كَلِمَةٌ هُوَ قَائِلُهَا وَمِن وَرَائِهِم بَرْزَخٌ إِلَى يَوْمِ يُبْعَثُونَ﴾ ﴿ئۇلار ئەتىگىنى - ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ، قىيامەت قايىم بولغان كۈندە: «ئى فىرئەۋن

جامائەسى! ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا (دوزاخ ئوتىغا) كىرىڭلار!» (دېيىلىدۇ).﴾ (40 ـ سۈرە غافىر 46 ـ ئايەت).

قىيامەتتىن ئىلگىرىكى بەرزەخ ھاياتىدىكى شېھىتلەرنىڭ ئەھۋالىنى سۈپەتلەپ الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَلاَ تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ أَمْوَاتًا بَلْ أَحْيَاء عِندَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ فَرِحِينَ بِمَا آتَاهُمُ اللّهُ مِن فَضْلِهِ وَيَسْتَبْشِرُونَ بِالَّذِينَ لَمْ يَلْحَقُواْ بِهِم مِّنْ خَلْفِهِمْ أَلاَّ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ﴾ ﴿الله يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ). ئۇلار الله نىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر، ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شېھىت بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ، (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ.﴾ (3 ـ سۈرە ئال ئىمران 169~170 ـ ئايەتلەر).

## قوزغىلىش ۋە قايتا تىرىلىش

سوئال: بەرزەخ ھاياتىدىن كېيىن نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟

جاۋاب: الله كىشىلەردىن تولۇق ھېساب ئېلىش ئۈچۈن، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى قەبرىلىرىدىن قوزغايدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ إِنَّ يَوْمَ الْفَصْلِ كَانَ مِيقَاتًا يَوْمَ يُنفَخُ فِي الصُّورِ فَتَأْتُونَ أَفْوَاجًا﴾ ﴿قىيامەت كۈنى ھەقىقەتەن (مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش) ۋاقتىدۇر. ئۇ كۈنى سۇر چېلىنىدۇ، سىلەر توپ ـ توپ بولۇپ كېلىسىلەر.﴾ (78 ـ سۈرە نەبە 17~18 ـ ئايەتلەر).

## ئەمەللەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى:

سوئال: ئىنسانلارنى قىيامەت كۈنىگە جۇغلاپ بولغاندىن كېيىن نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟

جاۋاب: ئىنسانلارنى قىيامەت كۈنىگە جۇغلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى يېزىلغان كىتاب ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَوُضِعَ الْكِتَابُ فَتَرَى الْمُجْرِمِينَ مُشْفِقِينَ مِمَّا فِيهِ وَيَقُولُونَ يَا وَيْلَتَنَا مَالِ هَذَا الْكِتَابِ لَا يُغَادِرُ صَغِيرَةً وَلَا كَبِيرَةً إِلَّا أَحْصَاهَا وَوَجَدُوا مَا عَمِلُوا حَاضِرًا وَلَا يَظْلِمُ رَبُّكَ أَحَدًا﴾ ﴿كىشىلەرنىڭ نامە-ئەمالى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدىكى خاتىرىلەردىن قورققانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار: «ۋاي بىزگە! بۇ نامە-ئەمالغا چوڭ-كىچىك گۇناھنىڭ ھەممىسى خاتىرىلىنىپتىغۇ؟» دەيدۇ، ئۇلار قىلغان-ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە-ئەمالغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ﴾ (18-سۈرە كەھف 49-ئايەت).

بىزگە تىل، قول-پۇت، ۋە تېرىلىرىمىز گۇۋاھ بولۇپ، بىز دۇنيادا قىلغان ئىشلىرىمىزدىن خەۋەر بېرىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿حَتَّى إِذَا مَا جَاؤُوهَا شَهِدَ عَلَيْهِمْ سَمْعُهُمْ وَأَبْصَارُهُمْ وَجُلُودُهُمْ بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ وَقَالُوا لِجُلُودِهِمْ لِمَ شَهِدتُّمْ عَلَيْنَا قَالُوا أَنطَقَنَا اللَّهُ الَّذِي أَنطَقَ كُلَّ شَيْءٍ وَهُوَ خَلَقَكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ﴾ ﴿ئۇلار دوزاخقا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى ۋە تېرىلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تېرىلىرىگە: «نېمىشقا بىزنىڭ زىيىنىمىزغا گۇۋاھلىق بەردىڭلار؟» دەيدۇ، تېرىلىرى: «ھەر نەرسىنى سۆزلەتكەن الله بىزنى سۆزلەتتى، ئۇ دەسلەپتە

سىلەرنى ياراتتى. ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر» دەيدۇ﴾ (41 ـ سۈرە فۇسسىلەت 19~20 ـ ئايەتلەر).

## مىزان:

سوئال: قىيامەت كۈنىسىدىكى مىزان دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مىزان ــــ الله قىيامەت كۈنى ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئورناتقان ئادىل تارازىدۇر. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَنَضَعُ الْمَوَازِينَ الْقِسْطَ لِيَوْمِ الْقِيَامَةِ فَلَا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْئًا وَإِن كَانَ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِّنْ خَرْدَلٍ أَتَيْنَا بِهَا وَكَفَى بِنَا حَاسِبِينَ﴾ ﴿قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ) ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز.﴾ (21 ـ سۈرە ئەنبىيا 47 ـ ئايەت).

الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَن ثَقُلَتْ مَوَازِينُهُ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ وَمَنْ خَفَّتْ مَوَازِينُهُ فَأُوْلَئِكَ الَّذِينَ خَسِرُوا أَنفُسَهُمْ فِي جَهَنَّمَ خَالِدُونَ﴾ ﴿تارازىسى ئېغىر كەلگەنلەر (يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. تارازىسى يېنىك كەلگەنلەر (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) زىيان تارتقۇچىلاردۇر، جەھەننەمدە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر﴾ (23 ـ سۈرە مۆئمىنۇن 102~103 ـ ئايەتلەر).

## سۇ كۆلچىكى (ھەۋزى كەۋسەر)

سوئال: سۇ كۆلچىكى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ئايرىم سۇ كۆلچىكى بولۇپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرى مەھشەرگاھ مەيدانىدىن كېيىن، جەننەتكە كىرىشتىن ئىلگىرى ئاشۇ كۆل سۈيىدىن سۇ ئىچىدۇ. بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر كۆلى بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيى سۈتتىن ئاق، ھەسەلدىن تاتلىق، ئىپاردىن خۇشپۇراقتۇر. ئۇ كۆلچەكتىن سۇ ئىچكەن ئادەم مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ.

## سىرات:

سوئال: سىرات دېگەن نېمە؟

جاۋاب: سىرات دېگەن جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان يول بولۇپ، ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مەھشەرگاھ مەيدانىدىن ئايرىلىپ بولغاندا بۇ يولدىن ئۆتىدۇ. جەننەت ئەھلى جەننەتكە يۈزلەنگەن ھالىتىدە ئۆتۈپ كېتىدۇ. دوزاخ ئەھلى بولسا جەھەننەمگە چۈشۈپ كېتىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِن مِّنكُمْ إِلَّا وَارِدُهَا كَانَ عَلَى رَبِّكَ حَتْمًا مَّقْضِيًّا ثُمَّ نُنَجِّي الَّذِينَ اتَّقَوا وَّنَذَرُ الظَّالِمِينَ فِيهَا جِثِيًّا﴾ ﴿سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دوزاختقا بارمايدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ، بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكمىدۇر. ئاندىن تەقۋادارلارنى (جەھەننەمدىن) قۇتقۇزىمىز، زالىملارنى جەھەننەمدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا قويىمىز.﴾ (19 ـ سۈرە مەريەم 71~72 ـ ئايەتلەر).

## جەننەت:

سوئال: جەننەت دېگەن نېمە؟

جـــاۋاب: جەنـــنەت بولســـا مۆمىنلەرنىـــڭ ئەڭ ئـــاخىرقى ئولتۇراقلىشىدىغان ماكانى بولۇپ، ئۇ ھەر بىر مۆمىن ئۆزىنىڭ راستچىل ئىمانى ۋە ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى تاپىدىغان، ئەڭ بەختەر ۋە ئەڭ ئىشەنچىلىك ئورۇندۇر. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَبَشِّرِ الَّذِين آمَنُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ أَنَّ لَهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ كُلَّمَا رُزِقُواْ مِنْهَا مِن ثَمَرَةٍ رِّزْقاً قَالُواْ هَذَا الَّذِي رُزِقْنَا مِن قَبْلُ وَأُتُواْ بِهِ مُتَشَابِهاً وَلَهُمْ فِيهَا أَزْوَاجٌ مُّطَهَّرَةٌ وَهُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن، ئۇلار جەننەتنىڭ بىرەر مېۋىسىدىن رىزىقلاندۇرۇلغان چاغدا: «بۇنىڭ بىلەن بۇرۇن (دۇنيادىمۇ) رىزىقلانغان ئىدۇق» دەيدۇ. ئۇلارغا كۆرۈنۈشى دۇنيانىڭ مېۋىلىرىگە ئوخشايدىغان، تەمى ئوخشىمايدىغان مېۋىلەر بېرىلىدۇ. جەننەتلەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر (يەنى ھۆرلەر) بېرىلىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ.﴾ (2ـ سۈرە بەقەر 25ـ ئايەت).

## دوزاخ:

سوئال: دوزاخ دېگەن نېمە؟

جـــاۋاب: ئەگەر الله ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى ھۆزۇر-ھالاۋەتلىك جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدىغان بولسا، ئۇنداقتا، يامان ئىش قىلغۇچى جىنايەتچىلەرنى دوزاخ بىلەن جازالىشى شەك ـ شۈبھىسىزدۇر. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَمَّا مَنْ خَفَّتْ مَوَازِينُهُ فَأُمُّهُ هَاوِيَةٌ وَمَا أَدْرَاكَ مَا هِيَهْ نَارٌ حَامِيَةٌ﴾ ﴿تارازىسى يېنىك كەلگەن (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ چۈشكەن، يا ياخشىلىقى

بولمىغــان) ئــادەمگە كەلســەك، ئۇنىــڭ جــايى هــاۋىيە بولىدۇ. هاۋىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن قانـداق بىلەلەيسـەن؟ هاۋىيە قىزىق ئوتتۇر.﴾ (101 ـ سۈرە قارىئە 8~11 ـ ئايەتلەر)

ياخشى ئەمەللىرى ئاز بولغـان ۋە ياخشـىلىق تارازىسـى يېنىـك كەلگەن ھەرقانـداق كىشـىنىڭ ئـاقىۋىتى قىزىتىلغـان ئـوت (يەنـى دوزاخ) بولىدۇ.

خۇلاسە:

1. ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن راھەت ۋە ئازابقا ئۇچرىشـىدىغان بەرزەخ ھاياتىغا يۆتكىلىدۇ.

2. دۇنيـا ھاياتىـدىن كېـيىن الله كىشـىلەرنى ھېسـاب ئۈچـۈن قىيامەت كۈنى قەبرىلىرىدىن قوزغايدۇ.

3. دۇنيادىكى ئەمەللەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

4. كىشـىلەرنىڭ ئەمەللـىرى ئۆلچىنىـدۇ. ياخشـىلىق تارازىسـى يېنىك كەلگەنلەرنىڭ ئاقىۋىتى جەھەننەم بولىدۇ.

5. ھەر بىــر پەيغەمبەرنىــڭ ئــۇ پەيغەمــبەر ۋە ئــۈممەتلىرى مەھشـەرگاھ مەيدانىـدىن كېـيىن سۇ ئىچىـدىغان بىـر كـۆلى بـار. بىزنىــڭ پەيغەمبىرىمىــز مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامنىڭ بىـر كـۆلى بولــۇپ، ئۇنىــڭ ســۈيى ســۈتتىن ئــاق، ھەســەلدىن تــاتلىق ۋە ئىپاردىن خۇشپۇراق.

6. جەننەت مۆمىنلەرنىڭ نېمەتلىك ھويلىسى.

7. دوزاخ بولسا كاپىر مۇناپىقلارنىڭ ئازاب ھويلىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# 15. دەرس: پەرىشتىلەرگە، كىتابلارغا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش

## پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش:

سوئال: پەرىشتىلەر كىملەر؟

جاۋاب: پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغان ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە پاك مەخلۇقلار بولۇپ، ئۇلار ئىنسانلارغا ئوخشاش يەپ ـ ئىچمەيدۇ، ئۇخلىمايدۇ، ئەر ـ ئايال دەپ ئايرىلمايدۇ. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ جىسمانىي ۋە ماددىي سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەنمەيدۇ.

سوئال: پەرىشتىلەرنىڭ ئەمەللىرى قايسىلار؟

جاۋاب: پەرىشتىلەر الله نىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشى بىلەن دۇنيا ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. ئۇلار الله نىڭ بۇيرۇقىنى بىجانىدىل ئورۇنلايدۇ. ئۇلار پەقەت الله نىڭ بۇيرۇقى بىلەنلا خىزمەت قىلىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿عِبَادٌ مُّكْرَمُونَ لَا يَسْبِقُونَهُ بِالْقَوْلِ وَهُم بِأَمْرِهِ يَعْمَلُونَ﴾ ﴿(پەرىشتىلەر الله نىڭ) ھۆرمەتلىك بەندىلىرىدۇر. ئۇلار الله غا ئالدى بىلەن سۆز قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، ئۇلار الله نىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ.﴾ (21 ـ سۈرە ئەنبىيا 26~27 ـ ئايەتلەر).

## پەرىشتىلەرنىڭ ئەمەللىرى:

1. الله نىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش ۋە الله نى مەدھىيىلەش.
2. پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيي ئېلىپ چۈشۈش.

3. بەنــدىلەرنىڭ ئەمەللىرىنــى خــاتىرىلەش. ﷲ مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿ وَإِنَّ عَلَيْكُمْ لَحَافِظِينَ كِرَامًا كَاتِبِينَ يَعْلَمُونَ مَا تَفْعَلُونَ ﴾ ﴿ھالبۇكى، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر بار. ئۇلار (ﷲ نىڭ دەرگاھىدا) ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بولۇپ (سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارنى ۋە ئەمەللىرىڭلار) نى يېزىپ تۇرىدۇ. ئۇلار قىلمىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.﴾ (82 ـ سۈرە ئىنفىتار 10~12 ـ ئايەتلەر).

## 4. ۋاپات تاپقۇزۇش (جاننى ئېلىش)

سوئال: پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش ۋاجىپمۇ؟

جاۋاب: شۇنداق، بىزنىڭ رەببىمىز ﷲ ئۆز كىتابىدا پەرىشتىلەر ھەققىدە خەۋەر بەردى ھەمدە ئۇلارغا ئىشىنىشنى ئىماننىڭ شەرتلىرىدىن بىر شەرت قىلدى. ﷲ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْهِ مِن رَّبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ آمَنَ بِاللّهِ وَمَلآئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ لاَ نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّن رُّسُلِهِ وَقَالُواْ سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ ﴾ ﴿پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ﷲ قا ۋە ﷲ نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) «ﷲ نىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)» دەيدۇ. ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر ياندىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ.﴾ (2ـ سۈرە بەقەر 285 ـ ئايەت).

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىتابلارغا ئىشىنىش:

سوئال: ئىلاھى كىتابلار كىمگە چۈشۈرۈلدى؟

جاۋاب: ئىلاھى كىتابلار اللہ تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن مۇرسەل پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرۈلدى. اللہ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ فَبَعَثَ اللّهُ النَّبِيِّينَ مُبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَ وَأَنزَلَ مَعَهُمُ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ لِيَحْكُمَ بَيْنَ النَّاسِ فِيمَا اخْتَلَفُواْ فِيهِ ﴾ ﴿اللہ (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كۇففارلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى؛ (اللہ ) كىشىلەرنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ھەق كىتابنى نازىل قىلدى ﴾ (2ـ سۈرە بەقەر 213ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

سوئال: مۇشۇ كىتابلار ئىچىدە خاتىرىلەنگەنلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىپىسى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتى، داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ زەبۇرى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنجىلى ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن قۇرئاندىن ئىبارەت.

سوئال: مۇشۇ ئىلاھى كىتابلار ھازىرمۇ اللہ تەرەپتىن چۈشۈرۈلگەن ۋاقتىدىكىدەك ساقلىنىۋاتامدۇ؟

جاۋاب: ياق، قۇرئان كەرىمدىن باشقا ئىلاھى كىتابلار پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىلدى. لېكىن، قۇرئان كەرىمنى اللہ ئۆزگەرتىلىشتىن ئۆزى ساقلاپ قالدى. يەھۇدىيلارنىڭ يېنىدا ساقلىنىۋاتقان تەۋرات خىرىستىئانلارنىڭ تەۋراتىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يېنىدىكى كىتابنى، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن كىتابنىڭ ئۆزى، دېيىشكە قىلچە ئاساسى يوق.

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنجىلىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىلدى. خرىستىئانلارنىڭ يېنىدا يەتمىش نەچچە ئىنجىلدىن قىسقارتىلغان تۆت ئىنجىل بولۇپ، تېخى يېقىندىلا ئۇلارغا ئوخشىمايدىغان ئىنجىل بەرنابا ناملىق بەشىنچى بىر ئىنجىل مەيدانغا كەلدى. خرىستىئان ئالىملىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىنجىللىرىنىڭ راستلىقىدىن گۇمان قىلىۋاتقانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ئەمما، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىپىسى ۋە داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ زەبۇرى ئۆزگەرتىلىپ يوقاپ كېتەيلا دەپ قالدى. قۇرئان كەرىم بولسا ئىلگىرىكى كىتابلاردىكى ھىدايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئۇ ئىلگىرىكى كىتابلارنى تەستىقلايدىغان ۋە ئۇنى نازارەت قىلىدىغان ئىلاھى كىتابتۇر. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَأَنزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ الْكِتَابِ وَمُهَيْمِنًا عَلَيْهِ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق.﴾ (5-سۈرە مائىدە 48-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

سوئال: مۇسۇلماننىڭ ئىلگىرىكى كىتابلارغا قارىتا مەيدانى قانداق بولۇش كېرەك ؟

جاۋاب: مۇسۇلمان الله چۈشۈرگەن ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئىشىنىشى ۋە ئۇنى تەستىقلىشى لازىم. مۇسۇلمان الله نىڭ ئۆزىنى ئىلگىرىكى كىتابلاردىكى ھىدايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۆزگەرتىلىشتىن ساغلام بولغان قۇرئان كەرىم ئارقىلىق ھىدايەت قىلغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. الله چۈشۈرگەن كىتابلارغا ئىشەنمىگەن كىشىنىڭ ئىمانى بۇزۇلىدۇ. قۇرئاننى ئىنكار قىلغان بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش:

سوئال: اﷲ پەيغەمبەرلەرنى مۇئەييەن ئۈممەتلەرگە ئەۋەتتىمۇ؟

جاۋاب: ياق، اﷲ ھەرقانداق ئۈممەتكە خۇش-بىشارەت بېرىدىغان، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرىدىغان ۋە اﷲ نىڭ يولىغا يېتەكلەيدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى. اﷲ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَنَذِيرًا وَإِن مِّنْ أُمَّةٍ إِلَّا خَلَا فِيهَا نَذِيرٌ ﴾ ﴿قانداقلا بىر ئۈممەت بولمىسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن.﴾ (35-سۈرە فاتىر 24-ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ﴿وَلِكُلِّ قَوْمٍ هَادٍ﴾ ﴿ھەر قەۋمنىڭ بىر ھىدايەت قىلغۇچىسى (يەنى پەيغەمبىرى) بولىدۇ.﴾ (13-سۈرە رەئىد 7-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

سوئال: قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنى تىلغا ئالدىمۇ؟

جاۋاب: ياق، بىزگە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ بەردى. اﷲ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ كَمَا أَوْحَيْنَا إِلَى نُوحٍ وَالنَّبِيِّينَ مِن بَعْدِهِ وَأَوْحَيْنَا إِلَى إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ وَإِسْحَقَ وَيَعْقُوبَ وَالأَسْبَاطِ وَعِيسَى وَأَيُّوبَ وَيُونُسَ وَهَارُونَ وَسُلَيْمَانَ وَآتَيْنَا دَاوُودَ زَبُورًا وَرُسُلاً قَدْ قَصَصْنَاهُمْ عَلَيْكَ مِن قَبْلُ وَرُسُلاً لَّمْ نَقْصُصْهُمْ عَلَيْكَ وَكَلَّمَ اللّهُ مُوسَى تَكْلِيمًا﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيي قىلغاندەك، ھەقىقەتەن ساڭا ۋەھيي قىلدۇق ھەمدە ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا، يەئقۇبنىڭ ئەۋلادلىرىغا، ئىساغا، ئەييۇبقا، يۇنۇسقا، ھارۇنغا سۇلايمانغا ۋەھيي قىلدۇق، داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق. بىز نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلگىرى (ئى مۇھەممەد!) ساڭا بايان قىلغانلىرىمىزمۇ بار، ساڭا

بايان قىلمىغانلىرىمىزمۇ بار، الله مۇساغا (بىۋاستە ) سۆز قىلدى.﴾ (4-سۈرە نىسا 163~164-ئايەتلەر).

سوئال: الله پەيغەمبەرلەرنى ئومۇمىي ئىنسانلارغا ئەۋەتتىمۇ ياكى خۇسۇسىي قەۋملەرگە ئەۋەتتىمۇ؟

جاۋاب: الله باشقا پەيغەمبەرلەرنى خۇسۇسىي قەۋملەرگە ئەۋەتتى. ئەمما، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئەۋەتتى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ قُلْ يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنِّي رَسُولُ اللّهِ إِلَيْكُمْ جَمِيعًا الَّذِي لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ لا إِلَهَ إِلاَّ هُوَ يُحْيِي وَيُمِيتُ فَآمِنُواْ بِاللّهِ وَرَسُولِهِ النَّبِيِّ الأُمِّيِّ الَّذِي يُؤْمِنُ بِاللّهِ وَكَلِمَاتِهِ وَاتَّبِعُوهُ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله غا خاستۇر.﴾ (7-سۈرە ئەئراف 158-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

سوئال: پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى قانچە؟

جاۋاپ: پەيغەمبەرلەرنىڭ سانىنى الله دىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. بىراق، قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغانلىرىنىڭ سانى 25 نەپەر.

سوئال: پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىش بىزگە ۋاجىپمۇ؟

جاۋاب: شۇنداق، الله ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىش بىزگە ۋاجىپ. بىز ئۇلارغا قۇرئان كەرىم خەۋەر بەرگەندەك ئىشىنىمىز. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْهِ مِن رَّبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ آمَنَ بِاللّهِ وَمَلآئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ لاَ نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّن رُّسُلِهِ ﴾ ﴿مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله غا ۋە الله نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كەلتۈردى. (ئۇلار) «اللە نىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)» دەيدۇ.﴾ (2ـ سۈرە بەقەر 285ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇرسەل پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى؟

جاۋاب: بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، اللە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئۆز دىنىنى مۇكەممەل قىلدى، نېمىتىنى تاماملىدى. قۇرئان كەرىمنى ئۆزگەرتىلىشتىن ئۆزى ساقلىدى. شۇڭا تا قىيامەتكىچە قايتا پەيغەمبەر ئەۋەتىشنىڭ ياكى قايتا ۋەھىي نازىل قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، قۇرئان ھەرقانداق زامان ۋە ماكانغا ماس كېلىدىغان، ئىنساننى يېتەكلىگۈچى مەڭگۈلۈك قانۇن سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ مَّا كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَا أَحَدٍ مِّن رِّجَالِكُمْ وَلَكِن رَّسُولَ اللَّهِ وَخَاتَمَ النَّبِيِّينَ وَكَانَ اللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمًا﴾ ﴿مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن (ئۇ) اللە نىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر (اللە ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ)، اللە ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر (سىلەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىڭلاردىن ھېچ نەرسە اللە غا مەخپىي ئەمەس).﴾ (33ـ سۈرە ئەھزاب 40ـ ئايەت).

خۇلاسە:

اللە پەرىشتىلەرنى نۇردىن ياراتتى. پەرىشتىلەر خۇسۇسىيەت ۋە سۈپەتلىرىدە ئىنسانلارغا قەتئىي ئوخشىمايدۇ. ئۇلار اللە بۇيرۇغان ئىشلارنى ئىجرا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى تەسبىھ

ئېيتىش، الله غا بويسۇنۇش، ۋەھىي ئېلىپ چۈشۈش، ئەمەللەرنى خاتىرىلەش ۋە جانلارنى قەبزى روھ قىلىشتىن ئىبارەت.

الله ئۆزىنىڭ ئەلچى ۋە پەيغەمبەرلىرىگە كىتابلارنى چۈشۈردى. ئۇ كىتابلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن سەھىپىلەر، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن تەۋرات، داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن زەبۇر، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن ئىنجىل ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن قۇرئاندىن ئىبارەت بولۇپ، گەرچە ئىلگىرىكى كىتابلار ئۆزگەرتىۋېتىلگەن بولسىمۇ، بىراق، قۇرئان كەرىم تا ھازىرغىچە ئۆزگەرتىلىشتىن ساقلىنىپ كەلدى.

الله ھەربىر ئۈممەتكە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن بولۇپ، قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى بىزگە سۆزلەپ بەردى. مۇرسەل پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى تەخمىنەن 124000(بىر يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ) غا يېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام. پەرىشتىلەرگە، كىتابلارغا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش ئىماننىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسلىرىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 16. دەرس: تەقدىرگە ئىشىنىش

## تەقدىر:

سوئال: تەقدىر دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەقدىر — الله شەيئىلەردە بېكىتكەن، دۇنيانىڭ قانۇنىيىتىدە ئورۇنلاشتۇرغان بەلگىلىك ئۆلچەمدىن ئىبارەت. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ سَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى الَّذِي خَلَقَ فَسَوَّى وَالَّذِي قَدَّرَ فَهَدَى ﴾ ﴿ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى پاك ئېتىقاد قىلغىن. ئۇ (پۈتۈن مەخلۇقاتنى) ياراتتى ، (ئۇلارنى) بېجىرىم (يەنى چىرايلىق ۋە مۇناسىپ شەكىلدە) قىلدى. مەخلۇقاتقا پايدىلىق ئىشلارنى (تەقدىر قىلدى، ئۇلارغا پايدىلىنىش يوللىرىنى) كۆرسەتتى.﴾ (87-سۈرە ئەئلا 1~3-ئايەتلەر). ﴿ وَخَلَقَ كُلَّ شَيْءٍ فَقَدَّرَهُ تَقْدِيرًا ﴾ ﴿الله ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى.﴾ (25-سۈرە فۇرقان 2-ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ﴿ وَكُلُّ شَيْءٍ عِندَهُ بِمِقْدَارٍ ﴾ ﴿الله نىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر.﴾ (13-سۈرە رەئد 8-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

## يامان تەقدىر ۋە ياخشى تەقدىر:

سوئال: مۆمىن تەقدىرگە قانداق پوزىتسىيىدە بولىدۇ؟

جاۋاب: مۆمىن ياخشى ۋە يامان تەقدىر الله تەرەپتىن بولىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. چۈنكى مۆمىن مەخلۇقلاردىكى تەقدىر(ئۆلچەم) لەرنى بەلگىلىگۈچىنىڭ ھېكمەتلىك، ھەممىنى بىلگۈچى، تېخنىكىلىق زات (الله ) ئىكەنلىكىنى تونۇيدۇ. ئىنساننىڭ الله نىڭ

تەقدىرى توغرىسىدىكى ھېكمەتنى بىلمەسلىكى ئىنسان ئىلمىنىڭ كەم ئىكەنلىكىدىندۇر. ئاشۇ ھېكمەتلىك تەقدىر بىلەن ئىنساننىڭ ئىلمى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بارىدۇ.

سوئال: زىيانلىق تەقدىرلەردىمۇ ھېكمەت بارمۇ؟

جاۋاب: ئىنسان ياخشى تەقدىردىن پايدىلىنىپ، يامان تەقدىردىن يىراقلىشىش لازىم. شۇنداقلا ئاچلىق تەقدىرىنى يېيىش تەقدىرى بىلەن، كېسەللىك تەقدىرىنى داۋالىنىش تەقدىرى بىلەن قايتۇرغاندەك؛ يامانلىق تەقدىرىنى ياخشىلىق تەقدىرى بىلەن قايتۇرۇش لازىم. كىمكى رەببىنىڭ ھىدايىتىگە قارشىلىق قىلسا، ئۆزىنىڭ قۇلىقى، كۆزى ۋە ئەقلى بىلەن الله نىڭ مەنپەئەتلىك تەقدىرلىرىدىن پايدىلىنالماي، ئۆزىگە ئۆزى دۈشمەن بولىدۇ.

## تەقدىرگە ئىشىنىش:

سوئال: تەقدىرگە ئىشىنىش ۋاجىپمۇ؟

جاۋاب: تەقدىرگە ئىشىنىش ۋاجىپ بولۇپ، ئۇ ئىماننىڭ شەرتلىرىدىن بىر شەرتتۇر .

سوئال: تەقدىرگە ئىشىنىشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

جاۋاب: 1) كىمكى الله نىڭ مۇشۇ دۇنيانى مۇئەييەن بەلگىلىك تەقدىر بىلەن ياراتقانلىقىغا ئىشەنسە، ئۇنىڭ تالانتى ۋە ئىقتىدارى تەقدىردىن ۋە ئىلاھى قانۇنىيەتلەردىن پايدىلىنىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى ئۇ ئىنسان زېمىننى گۈللەندۈرۈش، قۇرۇلۇش ۋە بىناكارلىق ھەمىدە يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئېچىش قاتارلىق ئىشلاردا الله بېكىتكەن قانۇنىيەتلەرگە ئەمەل قىلىدۇ.

2) كىمكى تەقدىرگە ئىشەنسە مەۋجۇداتتىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىلاھى ھېكمەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن ھالەتتە كېتىۋاتقانلىقىنى تونۇيدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسى شۇ بولىدۇكى، ئەگەر ئۇنىڭغا زىيان يەتسە، ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويمايدۇ. ئەگەر مۇۋەپپەقىيەت قازانسا، ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ باشقىلارغا يوغانچىلىق قىلمايدۇ. مۇشۇ ئارقىلىق تەرتىپلىك، ئېھتىياتچان ئىنسان مەۋجۇت بولىدۇ.

خۇلاسىكالام، تەقدىر الله شەيئىلەردە ئورۇنلاشتۇرغان بەلگىلىك ئۆلچەم بولۇپ، دۇنيانىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتى ئاشۇ ئۆلچەمگە ماس ھالەتتە داۋاملىشىپ بارىدۇ. ياخشىلىق ۋە يامانلىق الله نىڭ تەقدىرى (ئورۇنلاشتۇرۇشى) بويىچە بولىدۇ. الله بىزگە پايدىلىق تەقدىرنى ئايرىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغان؛ زىيانلىق تەقدىرنى ئايرىپ، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدىغان ھىدايەت، كۆز ۋە ئەقىللەرنى سوۋغا قىلدى. ھەرقانداق تەقدىردە زور ھېكمەتنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمىز. چۈنكى الله نىڭ تەقدىرى ئىلاھى ھېكمەتنىڭ خەزىنىسىدۇر.

تەقدىرگە ئىشىنىش ئىمان شەرتلىرىدىن بىر شەرت بولۇپ، الله زېمىندا ئورۇنلاشتۇرغان ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئاكتىپچانلىق بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ئۈندەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن غەلىبە ئالدىدا كۆرەڭلەپ كەتمەيدىغان، مەغلۇبىيەت ئالدىدا ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويمايدىغان تەمكىن، سالماق ۋە تەرتىپلىك ئىنساننى يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ.

# ئىككىنچى بۆلۈم

## 1 ـ دەرس: الله غا ۋە الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشىنىشنىڭ ئەھمىيىتى

### الله غا ئىشىنىشنىڭ ئەھمىيىتى :

سوئال: ئەڭ ئالدى بىلەن ئىنسانغا ۋاجىپ بولغان ئىش قايسى؟

جاۋاب: ئەڭ ئالدى بىلەن ئىنسانغا ۋاجىپ بولغان ئىش الله نى تونۇش ۋە الله غا ئىشىنىشتىن ئىبارەت.

سوئال: نېمە ئۈچۈن الله نى تونۇش ۋە الله غا ئىشىنىش ئىنساننىڭ تۈنجى مەجبۇرىيىتى ھېسابلىنىدۇ ؟

جاۋاب: ئەگەر ئىنسان ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى، خوجايىنى ۋە ئورۇنلاشتۇرغۇچىسى بولغان الله نى تونۇمىسا،تۆۋەندىكىدەك ناچار ئاقىۋەتكە قالىدۇ.

1. بۇ دۇنيادا ھايۋانغا ئوخشاش نېمە ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى، يەپ ـ ئىچىدىغانلىقىنى ۋە ئۇخلاپ ـ ئويغىنىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بۇ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى ۋە نېمە ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى بىلمەي ئۇنىڭ ھاياتى ئاخىرلىشىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَالَّذِينَ كَفَرُوا يَتَمَتَّعُونَ وَيَأْكُلُونَ كَمَا تَأْكُلُ الْأَنْعَامُ وَالنَّارُ مَثْوًى لَّهُمْ ﴾ ﴿كاپىرلار (ھاياتىي دۇنيادا ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولىدۇ ۋە چاھارپايلاردەك يەپ ـ ئىچىدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ.﴾ (47 ـ سۈرە مۇھەممەد 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

2. زېمىندا بۇزۇقچىلىق ۋە ناچار ئىش ـ ھەرىكەتلەر بىلەن

شۇغۇللىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ياخشى ئەمەل بىلەن يامان ئەمەلنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ. پەرۋەردىگارى ۋە خوجايىنى بولغان الله نىڭ قانداق ئىشلاردىن رازى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ياراتقۇچىسى غەزەپلىنىدىغان ئىشلارنى چۈشەنمەيدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، كىشىلەر ماشىنىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ توغرا ئۇسۇلىنى پەقەت ماشىنا ياسىغۇچى «ئۇستا»نىڭ يوليورۇقى ۋە كۆرسەتمىسى ئارقىلىقلا تونۇيدۇ. بومبىنى ئىشلىتىش ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ توغرا يولىنى پەقەت بومبا ياسىغۇچى «ئۇستا»نىڭ يوليورۇقى بىلەنلا بىلىپ يېتەلەيدۇ. دېمەك، كىشىلەر بىرەر ئەسۋاب ياكى سايماننى ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ توغرا ئىشلىتىش يولىنى پەقەت ئاشۇ ئەسۋاب ياكى سايماننى ياسىغۇچىنىڭ يوليورۇقى بىلەنلا تونۇيالايدۇ.

ئۇنداقتا، ئىنسان الله ياراتقان مەخلۇقاتلاردىن قايسى بىرىنى ئىشلىتىش ياكى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ توغرا ئۇسۇلىنى پەقەت مەخلۇقاتلارنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان الله نىڭ يوليورۇقى ئارقىلىقلا تونۇيالايدۇ. شۇڭلاشقا رەببىنى تونۇمايدىغان ئادەم ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ. الله ياراتقان شەيئىلەردىن ناتوغرا پايدىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ الله نىڭ توغرا يولغا باشلىغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. زېمىندا يۈز بېرىۋاتقان بۇزۇقچىلىقنىڭ الله نىڭ ھىدايىتىدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ:﴿ الَّذِينَ يَنقُضُونَ عَهْدَ اللَّهِ مِن بَعْدِ مِيثَاقِهِ وَيَقْطَعُونَ مَا أَمَرَ اللَّهُ بِهِ أَن يُوصَلَ وَيُفْسِدُونَ فِي الأَرْضِ أُولَئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ ﴾«پاسىقلار الله ۋەدە ئالغاندىن كېيىن ۋەدىسىنى بۇزىدۇ، الله ئۇلاشقا بۇيرۇغان شەيئىنى ئۈزۈپ قويىدۇ (يەنى سىلە ـ رەھىم قىلمايدۇ)، يەر

يۈزىــدە بۇزۇقچىلىــق قىلىــدۇ؛ ئەنە شــۇلار زىيــان تارتقۇچىلاردۇر.﴾ (2-سۈرە بەقەر 27-ئايەت)

3. هاياتلىقنىڭ نېمە ئۈچۈن باشلانغانلىقىنى بىلمەي تـۇرۇپ، دۇنيــادىكى هايــاتنى ئاخىرلىشــىدۇ. دۇنياغــا نــېمە ئۈچــۈن كىرگەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ دۇنيادىن چىقىپ كېتىـدۇ. ئۆلـۈمنى ئەسلەش، ئۇ ئادەمنى ناهايىتى پاراكەندە قىلىۋېتىدۇ. ھەتتـا، ئـۇ ئۆلـۈم توغرىلىــق ئــويلىنىش ۋە ئۆلـۈمنى ئەسلەشــتىنمۇ ئــۆزىنى قاچۇرىــدۇ. الله مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿ قُلْ إِنَّ الْمَوْتَ الَّذِي تَفِرُّونَ مِنْهُ فَإِنَّهُ مُلَاقِيكُمْ ثُمَّ تُرَدُّونَ إِلَى عَالِمِ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴾ ﴿ (ئـى مـۇھەممەد!) «سـىلەر قاچىـدىغان ئۆلـۈم چوقـۇم سـىلەرگە يولۇقىدۇ، ئاندىن سىلەر غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگـۈچى (الله ) نىـڭ دەرگاھىغـا قايتۇرۇلىسـىلەر، الله سـىلەرگە قىلمىشـىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ» دېگىن.﴾ (62-سۈرە جۇمۇئە 8-ئايەت).

4. الله نىڭ رازىلىقى بىلەن نىجات تېپىشتىن، الله نىڭ ھىمايە قىلىشى ۋە ياردەم بېرىشى بىلەن غەلىبە قىلىشتىن مەھرۇم قالىدۇ. الله مۇنــداق دەيــدۇ:﴿ وَلَيَنصُرَنَّ اللَّهُ مَن يَنصُرُهُ ﴾ ﴿ كىمكـى الله نىــڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە الله ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ.﴾ (22-سۈرە ھەج 40-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

## رەببىنى تونۇمايدىغان ئادەم:

1) يوق يەردىن پەيدا قىلغان ياراتقۇچىسىدىن غاپىـل ھالـدا، ئۆزىنىڭ يارىتىلىشىدىكى مەقسەتنى بىلمەي، بۇ دۇنيـادا ھـالاكەت يولىغا كىرىپ قالغان ۋە توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن ئازغۇندۇر.

2) زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ياخشى ئەمەللەردىن بىخەۋەر يۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاپ تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

3) ئۆزى كۆتۈپ تۇرغان كەلگۈسى ئاقىۋەتتىن بىخەۋەر ياشايدۇ.

4) الله نىڭ قوغدىشى ۋە ياردىمىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

سوئال: ئىنسانغا ئەڭ ئالدى بىلەن الله نى تونۇشنى ۋاجىپ قىلىدىغان يەنە باشقا سەۋەبلەر بارمۇ؟

جاۋاب: ئۆز رەببىنى تونۇشتىن غاپىل يۈرگەن ئادەم:

1) الله نىڭ رازىلىقىدىن ۋە نېمەتلىك جەننىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ آمَنُوا بِآيَاتِنَا وَكَانُوا مُسْلِمِينَ ادْخُلُوا الْجَنَّةَ أَنتُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ تُحْبَرُونَ يُطَافُ عَلَيْهِم بِصِحَافٍ مِّن ذَهَبٍ وَأَكْوَابٍ وَفِيهَا مَا تَشْتَهِيهِ الْأَنفُسُ وَتَلَذُّ الْأَعْيُنُ وَأَنتُمْ فِيهَا خَالِدُونَ وَتِلْكَ الْجَنَّةُ الَّتِي أُورِثْتُمُوهَا بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ﴾ ﴿ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقان ۋە مۇسۇلمان بولغانلار ئىدى. (ئۇلارغا) «سىلەر ئاياللىرىڭلار بىلەن بىللە خۇشال- خۇرام ھالدا جەننەتكە كىرىڭلار» (دېيىلىدۇ). ئۇلارغا ئالتۇن لېگەنلەردە (تائام)،ئالتۇن جاملاردا (شاراب) تۇتۇلىدۇ. جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتىدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر بار، سىلەر جەننەتتە مەڭگۈ قالىسىلەر. سىلەر (دۇنيادا) قىلغان (ياخشى) ئەمەلىڭلار بىلەن ۋارىس بولغان جەننەت ئەنە شۇدۇر.﴾ (43-سۈرە زۇخرۇف 69~72-ئايەتلەر).

2) كاپىرلارغا تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان دوزاختا ھالاك بولۇشقا يۈزلەنگەن بولىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلْقِيَا فِي جَهَنَّمَ كُلَّ كَفَّارٍ عَنِيدٍ﴾ ﴿ھەققە قارشى ياخشىلىقتىن توسقۇچى، ھەددىدىن ئاشقۇچى ھەر بىر كاپىرنى دوزاخقا تاشلاڭلار﴾(50-سۈرە قاف 24-ئايەت). ﴿وَعَدَ اللهُ الْمُنَافِقِينَ وَالْمُنَافِقَاتِ وَالْكُفَّارَ نَارَ جَهَنَّمَ خَالِدِينَ فِيهَا هِيَ حَسْبُهُمْ وَلَعَنَهُمُ اللّهُ وَلَهُمْ عَذَابٌ

مُّقِيمٌ ﴾ ﴿الله مۇنــاپىق ئەرلەرگە مۇنــاپىق ئايــاللار ۋە كۇففارلارغا دوزاخنى ۋەدە قىلـدى، ئـۇلار دوزاختـا مەڭگـۇ قالـىدۇ. دوزاخ ئــۇلارنى (ئازابلاشــقا) يېتەرلىكتــۇر، الله ئۇلارغــا لەنەت قىلدى، ئۇلار مەڭگۈلۈك ئازابقا دۇچـار بولـىدۇ.﴾ (9-سۈرە تەۋبە 68-ئايەت).

## الله نىــــڭ ئەلچىســــى مـــۇھەممەد ئەلەيھىســـــالامغا ئىشىنىشنىڭ ئەھمىيىتى :

ســـوئال: الله نىــــڭ ئەلچىســــى مـــۇھەممەد ئەلەيھىســـــالامغا ئىشىنىشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

جاۋاب: ئەگەر بىز الله نىڭ ئەلچىسىنى تونۇمىساق ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنمىســەك الله نىــڭ ھىدايىتــىدىن ۋە دۇنيــادىكى خــاتىرجەم ھايــات (روھــى خاتىرجەملىــك) تــىن مەھــرۇم قــالىمىز. شـۇنداقلا قىيامەت كۈنى مەڭگۈلۈك نېمەت - جەننەتتىن مەھرۇم قالىمىز.

ئۆز رەببىنىڭ ئەلچىسـىنى تونۇمىغـان ئـادەم ناھـايىتى ئاسـانلا دەججـال، جـادۇگەر ۋە سـېھىرگەرلەرنىڭ كونتروللـۇقى ئاسـتىغا چۈشۈپ قالىدۇ.

خۇلاسە:

1. ئىنسانىنىڭ تۈنجى مەجبۇرىيىتى الله نى تونۇش.

2. رەببىنــى تونۇمايــدىغان ئـادەم دۇنيـادا ھايۋانغـا ئوخشـاش ئۆزىنىڭ نـېمە ئۈچـۈن ياشـايدىغانلىقىنى بىلمەيـدۇ. ياراتقۇچىسـى بولغان الله نى رازى قىلىدىغان ئەمەللەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلـمەي، زېمىندا بۇزۇقچىلىـق بىـلەن شـۇغۇللىنىدۇ. دۇنياغـا نـېمە ئۈچـۈن كەلگەنلىكىنى بىلمەي دۇنيادىن چىقىپ كېتىدۇ.

3. رەببىنى تونۇمايدىغان ئادەم رەببىنىڭ رازىلىقىدىن ۋە نېمەتلىك جەننەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. جەھەننەمنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. اللە نىڭ قوغدىشى ۋە ياردىمىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

4. رەببىنىڭ ئەلچىسىنى تونۇمايدىغان ئادەم دۇنيادا ئىلاھىي ھىدايەت نېمىتىدىن، ئاخىرەتتە جەننەتنىڭ نېمىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

5. رەببىنىڭ ئەلچىسىنى تونۇمايدىغان ئادەم ناھايىتى ئاسانلا دەججال، جادۇگەر ۋە سېھىرگەرلەرنىڭ كونتروللۇقى ئاستىغا چۈشۈپ قالىدۇ.

## 2. دەرس: پەرىشتىلەرگە ۋە كىتابلارغا ئىشىنىشنىڭ ئەھمىيىتى

### پەرىشتىلەرگە ئىشىنىشنىڭ ئەھمىيىتى :

سوئال: پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش دېگەن نېمە؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىش ۋاجىپ بولىدۇ؟

جاۋاب:1) پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىش مۇسۇلمانىنىڭ ئىمانىغا نىسبەتەن كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر شەرت. رەببىمىز الله پەرىشتىلەر توغرىلىق بىزگە خەۋەر بەردى. بىز الله بەرگەن خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسىگە شەكسىز ئىشىنىمىز.

2) پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش ئىنساننىڭ الله نىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى قانۇنىغا بولغان تونۇشىنى كېڭەيتىدۇ. نەتىجىدە مۆمىنىنىڭ ئېڭىدا غەيبىي ھەقىقەتلەرنى توغرا تونۇش ۋە توغرا چۈشىنىش ھاسىل بولىدۇ. چۈنكى مۆمىن ئۇ ھەقىقەتلەرنى الله نىڭ بىلدۈرۈشى ئارقىلىقلا تونۇيدۇ.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش توغرىلىق خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاسمان چاراسلىدى، ئاسمانغا چاراسلاش ھەقلىق بولدى. ئاسماننىڭ ھەممىلا يېرىدە رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغۇچى پەرىشتىلەر بار.» ئاندىن كېيىن «بىزنىڭ ھەر بىرىمىزنىڭ مۇئەييەن ئورنى بار، بىز ھەقىقەتەن «ئىبادەت» تە سەپ تارتىپ تۇرغۇچىلارمىز، بىز ھەقىقەتەن الله قا تەسبىھ ئېيتقۇچىلارمىز.»(سۈرە ساففات:164 ـ 166) دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

پەرىشتىلەرگە ۋە ئۇلاردىن باشقا ئۆز رەببىگە بويسۇنىدىغان **الله** نىڭ مەخلۇقلىرىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش بىزگە بۇ دۇنيادا **الله** غا ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنىڭ ناھايىتى ئاز ئىكەنلىكىنى تونۇتىدۇ. ئاسىيلىق قىلغۇچىلارغا كائىنات قانۇنىيىتىدە تىلغا ئالغۇچىلىك سان يوق. گەرچە ئىنسانىيەت زور دەرىجىدىكى ئاسىيلار توپىنى شەكىللەندۈرسىمۇ بىراق، ئۇلارنى پەرىشتىلەر ۋە ئىتائەتمەن مەخلۇقلارغا سېلىشتۇرغاندا ئۇلارنىڭ سانى نەچچە ھەسسە تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ.

4) **الله** مۆمىنلەرنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئەۋەتىدىغان پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش بىزنى **الله** نىڭ پەرىشتىلەر ئارقىلىق كۈچەيتىشى (ياردەم بېرىشى) گە ھەقلىق بولۇشىمىز ئۈچۈن ئەمەل قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. **الله** مۇنداق دەيدۇ: ﴿ إِذْ يُوحِي رَبُّكَ إِلَى الْمَلآئِكَةِ أَنِّي مَعَكُمْ فَثَبِّتُواْ الَّذِينَ آمَنُواْ ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۆمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار، » (8 ـ سۈرە ئەنفال 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

5) دائىم بىزدىن ئايرىلمايدىغان، ئەمەللىرىمىزنى يېزىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش بىزنى يامانلىققا چۈشۈپ قىلىشىمىزدىن ھوشيار بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ھەر دائىم ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئىنتىلدۈرىدۇ. نەتىجىدە ياخشى ئىشلار ئەمەلگە ئايلانغاندا پەرىشتىلەر ئۇنى خاتىرىلەيدۇ. **الله** مۇنداق دەيدۇ: ﴿ أَ مْ يَحْسَبُونَ أَنَّا لَا نَسْمَعُ سِرَّهُمْ وَنَجْوَاهُم بَلَى وَرُسُلُنَا لَدَيْهِمْ يَكْتُبُونَ ﴾ «ئۇلار گۇمان قىلامدۇكى، بىز ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى ۋە پىچىرلاشقانلىقلىرىنى ئاڭلىمايمىز، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (ئۇنى ئاڭلاپ تۇرىمىز)، بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (يەنى پەرىشتىلىرىمىز)

ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى) يېزىپ تۇرىدۇ.﴾ (43ـ سۈرە زۇخرۇف 80 ـ ئايەت).

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر بىلەن دائىم ئايرىلمايدىغان پەرىشتىلەر بار، ئۇلار سىلەردىن سىلەر پەقەت جىما (جىنسىي ئالاقە) قىلغاندا ۋە ھاجەتخانىغا كىرگەندىلا ئايرىلىدۇ، شۇڭا ئۇلاردىن ھايا قىلىڭلار ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلەڭلار.»

## كىتابلارغا ئىشىنىشنىڭ ئەھمىيىتى :

سوئال: ئىلاھىي كىتابلارغا ئىشىنىشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

جاۋاب: 1) ئىلاھىي كىتابلارغا ئىشىنىش مۆمىننىڭ ئىمانىغا نىسبەتەن بولمىسا بولمايدىغان مۇھىم بىر شەرت.

2) ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئىشىنىش بولسا ساماۋى ئەقىدىلەرنىڭ ۋارىسى، ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى، ئەقىدە ۋە پەيغەمبەرلىك مىراسىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى ھەمدە زېمىن يۈزىدە ئىمانى دەۋەت ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان مۇسۇلمان ئۇممەتلەرگە لايىق سۈپەتتۇر. مۇشۇ ئىماننىڭ پايدىسى بولسا ئىنسانىيەتنىڭ بىرلىكىنى، ئۇلارنىڭ دىنى، پەيغەمبىرى ۋە ئىبادەت قىلغۇچىسىنىڭ بىرلىكىنى ھېس قىلىشتىن ئىبارەت.

3) ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئىشىنىش مۆمىننىڭ روھىنى جاھىللىق، تەرەپبازلىق، دىنى زىددىيەت ۋە توغرا يولدا كېتىۋاتقان پاك دىيانەتلىك مۆمىنلەرگە قارشى تۇرۇشتىن پاكلايدۇ.

4) ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئىشىنىش كىشىلەرگە الله نىڭ دىنىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى؛ ئىسلام دىنى ساماۋى ئەقىدىلەرنىڭ جۇغلانمىسى، مۇسۇلمانلار بولسا، ئىسلام يولىدىكى ئىنسانلارغا يېتەكچىلىك قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە ...... ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

مۆمىنلەر، ئەھلى كىتابتىن بىر قىسىم كىشىلەر ئۆز دىنىنىڭ تۈپ ئاساسىغا ئىگە بولالايدۇ، دەپ قارايدۇ. مانا بۇ ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى ئىنساپلىق كىشىلەرنى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا يېقىنلاشتۇرىدۇ . الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ شَرَعَ لَكُم مِّنَ الدِّينِ مَا وَصَّى بِهِ نُوحًا وَالَّذِي أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ وَمَا وَصَّيْنَا بِهِ إِبْرَاهِيمَ وَمُوسَى وَعِيسَى أَنْ أَقِيمُوا الدِّينَ وَلَا تَتَفَرَّقُوا فِيهِ ﴾ ﴿الله سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز ۋەھىي قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىساغا بىز تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى. سىلەر دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقىچىلىك قىلماڭلار﴾ (42-سۈرە شۇرا 13-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

5. ئىلاھىي كىتابلارغا ئىشىنىش قۇرئان كەرىمگە ۋە الله نىڭ توغرا يولغا باشلىغۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. الله نىڭ ھىدايىتى ئىنسانىيەتتىن ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. الله ئۈممەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ھىدايەتنى چۈشۈردى.

6. مۇسۇلمان قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلگىرىكى كىتابلاردىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ۋە ئۆزگەرتىلىشتىن ساغلام قالغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. قۇرئان كەرىم ئىلگىرىكى كىتابلارنى تەستىقلايدۇ، ئۇ ئىلگىرىكى كىتابلاردىكى ھەقىقەتنى چۈشەندۈرىدىغان بىردىنبىر مەنبەدۇر. الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَأَنزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ الْكِتَابِ وَمُهَيْمِنًا عَلَيْهِ ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق.﴾ (5ـ سۈرە مائىدە 48ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

خۇلاسە:

1. پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش ئىمان شەرتلىرىدىن بىر شەرت بولۇپ، ئۇ ئىنسانغا رەببىنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى تونۇشنى كېڭەيتىدۇ. ئەمەللىرىنىڭ دائىرىسىنى ۋە رەببىدىن قورقۇشنى كۈچەيتىدۇ.

2. ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئىشىنىش ئىماننىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى بولۇپ، جاھىللىق ۋە مۇتەئەسسىپلىككە قارشى تۇرىدۇ. ئىسلامي ئۈممەتلەرنى ئىلگىرىكى كىتابلارنى تەستىقلايدىغان ئىسلام ھىدايىتى ئۈستىدىكى ئىنسانلارغا يېتەكچىلىك قىلىشقا ۋە ئىلاھىي ھىدايەتنىڭ ھەممە كىشىلەرگە ئومۇملاشقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

3. پەرىشتىلەرگە ۋە ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئىشەنمىگەن ئادەمدە قەتئىي ئىمان بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## 3. دەرس: ئاخىرەت كۈنىگە ۋە تەقدىرگە ئىشىنىشنىڭ ئەھمىيىتى

### ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىشنىڭ ئەھمىيىتى :

سوئال: ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

جاۋاب: 1) ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان ئادەم بۇ دۇنيادا ھايۋانغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەتنى بىلمەي ياشايدۇ. دۇنيادىكى نەرسىلەرنى يوقاپ كېتىدىغان ۋە تۈگەپ كېتىدىغان نەرسە دەپ ئويلايدۇ ـ دە، ھاياتتا پۇل، دۇنيا، مەنپەئەت، ھوقۇق ۋە يۈز ـ ئابرۇي دېگەنلەرنى ياشاشنىڭ مەقسىتى قىلىۋالىدۇ. بىراق ئۇ ئادەم بىلمەيدۇكى، مال ـ دۇنيا ئۇنىڭغا ھېچنەرسىگە ئەسقاتمايدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ساقلىنىپ قالمايدۇ. ھوقۇق ۋە يۈز ـ ئابرۇي ئۇنىڭ بىلەن دائىم بىرگە تۇرمايدۇ. ئۆلۈم كەلگەندە ئۇنى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىشتىن ھېچ نەرسە توسۇپ قالالمايدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ بِشِمَالِهِ فَيَقُولُ يَا لَيْتَنِي لَمْ أُوتَ كِتَابِيهْ وَلَمْ أَدْرِ مَا حِسَابِيهْ يَا لَيْتَهَا كَانَتِ الْقَاضِيَةَ هَلَكَ عَنِّي سُلْطَانِيهْ﴾ ﴿نامە ـ ئەمەلى سول قولىغا بېرىلگەن ئادەم ئېيتىدۇكى، «ماڭا نامە ـ ئەمەلىم بېرىلمىگەن بولسىچۇ!. ھېسابىمنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمىسەم ئىدىم. دۇنيادا ئۆلۈمۈم ھاياتىمنى (ئاخىرەتتە قايتا تىرىلمەس قىلىپ) ئاخىرلاشتۇرسىچۇ! مېنىڭ مال ـ مۈلكۈم ماڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى. مېنىڭ ھوقۇقۇم قولۇمدىن كەتتى».﴾ (69 ـ سۈرە ھاققە 25~29 ـ ئايەتلەر).

ھاياتلىقنىڭ مەقسىتى شېرىن ـ شېكەر ئارزۇلار بىلەن لەززەتلىنىشمۇ؟ ۋەھالەنكى، ھەرقانداق لەززەت تۈگەپ كېتىدۇ.

ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان كاپىر ئۆزىدىكى كىچىككىنە بىر تال تومۇرنىڭمۇ بىر ھېكمەت سەۋەبىدىن يارىتىلغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئۆزىنى ھاياتلىق ۋە مەۋجۇتلۇقتىكى ھېكمەتنى بىلمەيدىغان، ھەيرانلىق ۋە گاڭگىراش ئىچىدە قالغان ۋە توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن ھالىتىدە ئۇچرىتىدۇ.

ئەمما، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان مۆمىن ئۇ دۇنيادىكى ھاياتلىقنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتلىقنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىكىنى؛ بۇ دۇنيادا پەرۋەردىگارنىڭ رازىلىقىغا، ئۇ دۇنيادا نىجاتلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىش ۋە يامان ئىشلاردىن يىراقلىشىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تونۇيدۇ. نەتىجىدە مەڭگۈلۈك، مۇقىم ۋە نېمەتلىك جەننەتكە كىرىدۇ ھەمدە الله ئاسىي كاپىرلارغا تەييارلىغان دوزاختىن ساقلىنىپ قالىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا أَعْتَدْنَا لِلظَّالِمِينَ نَارًا أَحَاطَ بِهِمْ سُرَادِقُهَا وَإِن يَسْتَغِيثُوا يُغَاثُوا بِمَاء كَالْمُهْلِ يَشْوِي الْوُجُوهَ بِئْسَ الشَّرَابُ وَسَاءتْ مُرْتَفَقًا إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ إِنَّا لَا نُضِيعُ أَجْرَ مَنْ أَحْسَنَ عَمَلًا أُوْلَئِكَ لَهُمْ جَنَّاتُ عَدْنٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهِمُ الْأَنْهَارُ يُحَلَّوْنَ فِيهَا مِنْ أَسَاوِرَ مِن ذَهَبٍ وَيَلْبَسُونَ ثِيَابًا خُضْرًا مِّن سُندُسٍ وَإِسْتَبْرَقٍ مُّتَّكِئِينَ فِيهَا عَلَى الْأَرَائِكِ نِعْمَ الثَّوَابُ وَحَسُنَتْ مُرْتَفَقًا﴾ بىز ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن تۇتۇن پەردىلىرى ئۇلارنى ئورىۋالىدىغان ئوتنى تەييارلىدۇق، ئۇلار (تەشنالىقتىن) سۇ تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش، يۈزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان (ناھايىتى قىزىق) سۇ بېرىلىدۇ، بۇ نېمىدېگەن يامان شاراب! جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كېلىدىغان بولساق، بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى

ھەقىقەتەن يوققا چىقىرىۋەتمەيمىز. ئەنە شۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار دائىم تۇرىدىغان جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، جەننەتتە ئۇلار ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى سالىدۇ، نېپىز ۋە قېلىن يىپەكتىن ئىشلەنگەن يېشىل كىيىملەرنى كىيىدۇ. (ئالتۇن ۋە ئېسىل رەختلەر بىلەن قاپلانغان) تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. بۇ نېمىدېگەن گۈزەل جاي!﴾ (18 ـ سۈرە كەھف 29~31 ـ ئايەتلەر).

2) ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان كاپىرنىڭ ئەڭ چوڭ مەقسىتى مۇشۇ دۇنيادا ئەمەلگە ئېشىۋاتقان شەخسىي مەنپەئەتكىلا مەركەزلىشىدۇ. پۈتكۈل تىرىشچانلىقىنى كىشىلەرنى يېقىتىش ۋە ئەڭ يۇقىرى مەنپەئەتكە ئېرىشىش يولىغا قارىتىدۇ. ئۆزىنىڭ شەخسىي ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىيانەت، ئالدامچىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلىدۇ. زۇلۇم قىلىش، قان تۆكۈش، باشقىلارنىڭ يۈز- ئابرۇيىنى چۈشۈرۈش، ھىيلىگەرلىك، پۇرسەتپەرەسلىك ۋە خائىنلىق قىلىش دېگەنلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىدۇ. بۇ خىل ئادەملەر الله نىڭ ئازابىدىن ئەمەس بەلكى، ئۆزىگە مەسئۇل كىشىلەرنىڭ جازاسىدىن قورقىدۇ. ئەگەر ئۇ ئەتراپىدىكى ئادەملەردىن خاتىرجەم بولالىسا، ھىيلىگەرلىك قىلىشنى پۇختا ئويلىيالىسا گويا بىر چىلبۆرە ياكى يىرتقۇچ ھايۋانغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان مۆمىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدۇ. رەببىنى غەزەپلەندۈرىدىغان، ئۇنى جەھەننەم ئوتىغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان ۋە جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىدىغان يامان ئىشلارنى قىلمايدۇ. ئۇ راستچىللىق، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتنى ساقلاش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن

توسـۇش ....تەك ئالىيجانـاب خىسـلەتلەرگە ئـگە بولۇپ،خىيـانەت، ئالـدامچىلىق ،ئوغرىلىـق ،زىنـا، غەيـۋەت .... قاتارلىق پەسكەشلىكلەردىن تامامەن يىراق تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ هـالال ئەمـگەك بىـلەن كـۆن كەچۈرىـدىغان ئادىـل ۋە هەققـانىي ئىنساندۇر.

ئەمما بىز مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا كۆرۈۋاتقان رەزىللىكلەرنىڭ سەۋەبى جازا ۋە مۇكاپات كـۈنى بولغـان ئـاخىرەتكە ئىشىنىشنىڭ ئـاجىزلىقى ۋە الله تۆۋەنـدىكى سـۆزىدە سـۈپەتلىگەن ئەجـدادلىرىنىڭ يـولىنى چىـڭ تۇتمىغانلىقىـدۇر. الله مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللّهِ﴾ ﴿(ئـى مـۇهەممەد ئـۈممىتى!) سـىلەر ئىنسـانلار مەنپەئەتـى ئۈچـۈن ئوتتۇرىغـا چىقىرىلغـان ياخشـىلىقتا بـۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، الله غـا ئىمـان ئېيتىـدىغان ئەڭ ياخشـى ئۈممەتسىلەر.﴾ (3-سۈرە ئال ئىمران 110-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

تەقدىرگە ئىشىنىشنىڭ ئەهمىيىتى :

سوئال: تەقدىرگە ئىشىنىشنىڭ ئەهمىيىتى نېمە؟

جاۋاب: الله دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى ئۆز ئەمرىگە بويسۇنىدىغان هېكمەتلىك تەقدىر بىلەن ئورۇنلاشتۇردى. تەقـدىرگە ئىشـەنگەن يەنـى، تامـاق يېـيىش، ئىچىملىـك ئىچىـش، راهەتلىـنىش، خاتىرجەملىك، ساقلىق ۋە داۋالىنىش .... تىن ئىبارەت پايدىلىق تەقـدىر بىـلەن ئـاچلىق ، تەشـنالىق، هېرىـپ - چارچـاش، قورقـۇش، ئـاغرىق ... قاتـارلىق زىيـانلىق تەقـدىرنىڭ بارلىقىغـا؛ شـۇنداقلا ياخشـىلىق ۋە يامـانلىق الله نىـڭ تەقـدىرى بىـلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشـەنگەن ئـادەم باشـقىلاردىن قورقمايـدۇ. بىـرەر ئىشتىن ئەندىشە قىلمايدۇ. چۈنكى ئـۇ هەر قانـداق ئىشـنىڭ الله

نىڭ تەقدىرى ۋە ھۆكمى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ھەر ۋاقىت الله نىڭ زېمىندىكى مەنپەئەتلىك تەقدىرى (ئورۇنلاشتۇرۇشى) توغرىلىق ئىزدىنىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ. زىيانلىق تەقدىرنى تونۇپ، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ. ئىلمىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت مۇشۇ ئاساستا مەيدانغا كېلىدۇ. تەقدىرگە ئىشىنىدىغان مۆمىن گەرچە ئىشلىرىدا سەۋەبكە تايىنىدىغان بولسىمۇ، بىراق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ياراتقۇچى الله غا تاپشۇرۇلغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەگەر الله خالىسا ئۇ ئىشنى قىلىدۇ، خالىمىسا ئۇنى قىلمايدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر بەزى ئىشلارنى ئالدىن مۆلچەرلەيدۇ. لېكىن ئەمەلىيەت ئۇنىڭ مۆلچەرلىگىنىدەك بولماي قالىدۇ. بۇخىل ئەھۋال ئۇلارنى تەقدىر ئورۇنلاشتۇرغان ھەقىقىي ئەھمىيەتلىك ئىشلاردىن يىراقلاشتۇرىۋېتىدۇ. شۇڭا تەقدىرگە ئىشىنىش ئارقىلىقلا مەنىۋى بەخت ۋە خاتىرجەملىكنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيَّتُهَا النَّفْسُ الْمُطْمَئِنَّةُ ارْجِعِي إِلَى رَبِّكِ رَاضِيَةً مَّرْضِيَّةً فَادْخُلِي فِي عِبَادِي وَادْخُلِي جَنَّتِي﴾ ﴿ئى ئارام تاپقۇچى جان! سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن. سەن مېنىڭ (ياخشى) بەندىلىرىم قاتارىغا قوشۇلغىن. مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن.﴾ (89-سۈرە فەجر 27~30-ئايەتلەر).

خۇلاسە:

1. ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش ھاياتلىقنىڭ چىن ماھىيىتىگە ئىشىنىش بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ مەنىسى پەقەت شۇ ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ.

2. ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش كۆڭۈلنى پاكلاپ، ئەمەللەرنى

ياخشىلايدۇ. قەلبنى يوقلىدىغان دۇنيا مەنپەئەتىگە بېرىلىپ كېتىشتىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

3. تەقدىرگە ئىشىنىش قەھرىمانلىق ۋە باتۇرلۇقنى قوزغايدۇ. ئىشەنگۈچىنى تەقدىردىن مەنپەئەتلىنىش ئۈچۈن ياخشى تەقدىرنى ئىزدەشكە، زېمىندا كۆرۈلۈۋاتقان يامان تەقدىردىن يىراقلىششقا ئۈندەيدۇ. تەقدىرگە ئىشىنىدىغان مۆمىن كۆڭلى خاتىرجەم، الله نىڭ تەقدىرىگە رازى بولغان ھالىتىدە ياشايدۇ.

4. ئاخىرەت كۈنىگە، تەقدىرگە ئىشىنىش ئىماننىڭ ئاساسلىرىدىن مۇھىم ئىككى ئاساس.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## 4. دەرس : تەلەپ ۋە شەرتلەر

تەكەببۇرلۇق ۋە ساختىلىق

سوئال: بەزى كاپىرلارنىڭ ھەقتىن باش تارتىشىنىڭ سەۋەبى نىمە؟

جاۋاب: بۇنىڭ سەۋەبى تەكەببۇرلۇق ۋە ساختىلىقتىن ئىبارەت. ئىنسانىيەت دۇنياسىدا الله نىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ بەندىلىرىگە ئايدىڭلاشتۇرغان، ئۇلارنىڭ توغرا يولدا مېڭىشى ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر بىلەن بىرگە ئەۋەتكەن پاكىتلار توغرىلىق ئىزدەنمەيدىغان بىر قىسىم باشتۇك (ھەقتىن باش تارتقۇچى) كاپىرلار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى مەينەت سۇدىن ياراتقان زاتقا تەكەببۇرلۇق قىلدى. ھەتتا ئۇلار ھاكاۋۇرلۇق ۋە ئەسكىلىكتە الله قا شەرت ۋە تەلەپلەرنى قويۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوِ اتَّبَعَ الْحَقُّ أَهْوَاءهُمْ لَفَسَدَتِ السَّمَاوَاتُ وَالْأَرْضُ﴾ ﴿ئەگەر ھەقىقەت (يەنى قۇرئان) ئۇلارنىڭ نەپسى- خاھىشلىرىغا بويسۇنىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار خاراب بولغان بولاتتى﴾ (23- سۈرە مۆئمىنۇن 71-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

سوئال: الله نېمە ئۈچۈن كاپىرلارنىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ؟

جاۋاب: ئەگەر الله كاپىرلارنىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان بولسا، ئۇلار باشتۇڭلۇقتا (ھەقتىن باش تارتىشتا) تېخىمۇ چېكىدىن ئېشىپ كېتەتتى. ئاسمان- زېمىننىڭ تەرتىپلىك قانۇنى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولاتتى. چۈنكى، بىر ئادەم الله دىن كېچىنى كۈندۈز قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر ئادەم ئايالنى ئەر

قىلىپ بىرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇچىنچى ئادەم اللە دىن دۇشمىنىنى ئۆلتۈرۈپ بىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ ياكى باشقا بىر تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يەنە بىر ئادەم اللە دىن ئاسماننى زېمىن قىلىپ بىرىشىنى، يەنە بىر ئادەم اللە دىن ئۆزىنى پەيغەمبەرلەر دەرىجىسىدە قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. اللە ھەقىقەتەن راست سۆزلىگۈچىدۇر. ﴿ئەگەر ھەقىقەت (يەنى قۇرئان) ئۇلارنىڭ نەپسى- خاھىشلىرىغا بويسۇنىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار خاراب بولغان بولاتتى﴾ (23-سۈرە مۆئمىنۇن 71-ئايەتنىڭ بىر قىسمى). لېكىن اللە جاھىللارنىڭ باشتۇكلۇقىنى قوبۇل قىلمايدۇ. اللە كىشىلەرگە پاكىتلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، دەلىللەرنى تۇرغۇزۇپ، ئۇلارغا قۇلاق، كۆز ۋە دىللارنى ياراتتى. مۆمىنلەر ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلەندى. جاھىل كاپىرلار باشتۇكلۇقىدا چىڭ تۇرىۋەردى. ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئالدىدا «باتىل» دىن باشقا قانداقمۇ پاكىتى بولسۇن؟! اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ يُحَاجُّونَ فِي اللَّهِ مِن بَعْدِ مَا اسْتُجِيبَ لَهُ حُجَّتُهُمْ دَاحِضَةٌ عِندَ رَبِّهِمْ وَعَلَيْهِمْ غَضَبٌ وَلَهُمْ عَذَابٌ شَدِيدٌ﴾ ﴿كىشىلەر اللە نىڭ دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، (كىشىلەرنى ئىماندىن توسۇش ئۈچۈن) اللە نىڭ دىنىدا خۇسۇمەت قىلىشقانلارنىڭ دەلىللىرى اللە نىڭ دەرگاھىدا باتىلدۇر، ئۇلار (دۇنيادا) غەزەپكە ئۇچرايدۇ، (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.﴾ (42-سۈرە شۇرا 16-ئايەت).

## كاپىرلارنىڭ بەزى تەلەپلىرى:

سوئال: قۇرئان كەرىم كاپىرلارنىڭ تەلەپلىرىنى تىلغا ئالدىمۇ؟

كىتاب ئۇيغۇر بىلىمى www.uyghurkitap.com

جاۋاب: شۇنداق، قۇرئان كەرىم بىزگە ھېكايە قىلىپ بەرگەن، كاپىرلارنىڭ بىر قىسىم تەلەپ ۋە شەرتلىرى بولۇپ، الله يەھۇدىيلارنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قويغان تەلەپلىرىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ قُلْتُمْ يَا مُوسَى لَن نُّؤْمِنَ لَكَ حَتَّى نَرَى اللَّهَ جَهْرَةً فَأَخَذَتْكُمُ الصَّاعِقَةُ وَأَنتُمْ تَنظُرُونَ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا: «ئى مۇسا! الله نى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدىڭلار-دە، (سىلەرگە نازىل بولغان ئازابنى) كۆرۈپ تۇرغىنىڭلار ھالدا سىلەرنى چاقماق سوقتى.﴾ (2-سۈرە بەقەر 55-ئايەت). قۇرەيش كاپىرلىرىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: ﴿وَقَالُواْ لَن نُّؤْمِنَ لَكَ حَتَّى تَفْجُرَ لَنَا مِنَ الأَرْضِ يَنبُوعًا أَوْ تَكُونَ لَكَ جَنَّةٌ مِّن نَّخِيلٍ وَعِنَبٍ فَتُفَجِّرَ الأَنْهَارَ خِلالَهَا تَفْجِيرًا أَوْ تُسْقِطَ السَّمَاء كَمَا زَعَمْتَ عَلَيْنَا كِسَفًا أَوْ تَأْتِيَ بِاللّهِ وَالْمَلآئِكَةِ قَبِيلاً أَوْ يَكُونَ لَكَ بَيْتٌ مِّن زُخْرُفٍ أَوْ تَرْقَى فِي السَّمَاء وَلَن نُّؤْمِنَ لِرُقِيِّكَ حَتَّى تُنَزِّلَ عَلَيْنَا كِتَابًا نَّقْرَؤُهُ قُلْ سُبْحَانَ رَبِّي هَلْ كُنتُ إَلاَّ بَشَرًا رَّسُولاً﴾ ﴿ئۇلار ئېيتتى:«تاكى سەن بىزگە يەر ئاستىدىن بىر بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ چىقارمىغۇچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز. ياكى سېنىڭ خورمىلىق، تاللىق ۋە ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان بىر بېغىڭ بولسۇن. ياكى سەن ئېيتقاندەك ئۈستىمىزگە ئاسماننى پارچە - پارچە قىلىپ چۈشۈرگىن، ياكى (پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھچى قىلىپ الله نى ۋە پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا كەلتۈرگىن. ياكى سېنىڭ ئالتۇندىن ئۆيۈڭ بولسۇن،ياكى سەن (شۇتا بىلەن) ئاسمانغا چىققىن، تاكى الله تەرىپىدىن سېنىڭ ئۈنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭ يېزىلغان) بىز ئوقۇيالايدىغان بىر كىتابنى ئېلىپ چۈشمىگۈچە سېنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» .(ئى مۇھەممەد!ئۇلارغا) ئېيتقىنكى،«الله پاكتۇر،مەن

پەقەت بىر پەيغەمبەر ئىنسانمەن( الله نىڭ ئىزنى بولمىسا ھېچ ئادەم مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ)﴿.(17 ـ سۈرە ئىسرا 90~93 ـ ئايەتلەر). ﴿وَكَذَلِكَ جَعَلْنَا فِي كُلِّ قَرْيَةٍ أَكَابِرَ مُجَرِمِيهَا لِيَمْكُرُواْ فِيهَا وَمَا يَمْكُرُونَ إِلاَّ بِأَنفُسِهِمْ وَمَا يَشْعُرُونَ وَإِذَا جَاءتْهُمْ آيَةٌ قَالُواْ لَن نُّؤْمِنَ حَتَّى نُؤْتَى مِثْلَ مَا أُوتِيَ رُسُلُ اللّهِ اللّهُ أَعْلَمُ حَيْثُ يَجْعَلُ رِسَالَتَهُ سَيُصِيبُ الَّذِينَ أَجْرَمُواْ صَغَارٌ عِندَ اللّهِ وَعَذَابٌ شَدِيدٌ بِمَا كَانُواْ يَمْكُرُونَ﴾ ﴿ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشلىرى ئۈچۈن (مەككىدە قۇرەيشنىڭ چوڭلىرىنى باش گۇناھكار قىلغىنىمىزدەك)،ھەر بىر شەھەرنىڭ چوڭلىرىنى باش گۇناھكار قىلدۇق،ئۇلارنىڭ ئىشلەتكەن ھىيلە ـ مىكىرلىرى ئۆزلىرىگە يانىدۇ (يەنى ئۇلار ھىيلە ـ مىكىرلەرنىڭ ۋابالىغا قالىدۇ)،ئۇلار (بۇنى) سەزمەيدۇ. ئۇلارغا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) بىرەر مۆجىزە كەلگەن چاغدا،(ئۇلار) بىزگە پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزە بېرىلمىگۈچە (ئۇنىڭغا) ھەرگىز ئىشەنمەيمىز،دەيدۇ. الله پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئورنىتىشنى (يەنى كىمنىڭ ئۇنىڭ ئەھلى بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ،(بۇ) گۇناھكارلار ئۆزلىرى ئىشلەتكەن ھىيلە ـ مىكىرلەر تۈپەيلىدىن الله نىڭ دەرگاھىدا خورلۇققا ۋە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.﴾ (6 ـ سۈرە ئەنئام 123~124 ـ ئايەتلەر).

مانا بۇ ئادەملەر ھەرقانداق زامان ۋە ماكاندىكى ئادەملەرنىڭ «كاتتىۋاش»لىرى بولۇپ، ئۇلار كىشىلەرنى رەببىنىڭ ھىدايىتىدىن ئالداش ئۈچۈن ھەر خىل گۇمانلارنى ئويدۇرۇپ چىقاردى. ئۆزلىرىنىڭ ھەقكە تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقىغا دەلىل بولىدىغان شەرتلەرنى قويدى. ئۇلار الله دىن ئۆزلىرىگە مۇرسەل پەيغەمبەرلىرىگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلدى.

مەنمەنلىك ۋە بىلىمسىزلىكنى چۈشەندۈرىدىغان مىسال:

سوئال: ساختىپەز كىشىلەرنىڭ بىلىمسىزلىكنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان مىسال قايسى؟

جاۋاب: ئەگەر بىر دۆلەتتە بىر پادىشاھ ياكى رەئىس بولسا، شۇ دۆلەت ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭ ئاشۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلسا ھەمدە ئۇنىڭ پادىشاھلىقىغا دەلىللەرنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنى ئېتىراپ قىلىش ئۈچۈن پادىشاھنىڭ ئۇلارنىڭ شەھىرىگە كېلىشىنى ياكى تاشلارنى بىر ئورۇندىن بىر ئورۇنغا يۆتكەپ بېرىشىنى شەرت قىلسا پادىشاھ ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلامدۇ؟ ئەگەر پادىشاھ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ: «مەن بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى، مېنى ئىنكار قىلىدىغانلار قەيەردە؟» دېسە؛ ئۇلار پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەلسە، پادىشاھ ئۇلارغا: «سىلەر مېنىڭ مۇشۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئىكەنلىكىمگە ئىشىنىشىڭلار ئۈچۈن مېنىڭ نېمە قىلىشىمنى ئويلايسىلەر؟» دېسە؛ ئۇلار پادىشاھقا: «ئەگەر سەن بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى بولساڭ، دۆلىتىڭدىكى تاشلارنى باشقا ئورۇنغا يۆتكىگىن» دېسە؛ پادىشاھ: «بولىدۇ، مەن تاش يۆتكەيدىغان ئىشنى قىلاي» دېسە؛ يەنە بىر ئادەم كېلىپ: «ئەگەر سەن بۇ تاختاينى باشقا بىر ئورۇنغا يۆتكەپ بەرسەڭ، ئاندىن مەن سېنىڭ بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئىكەنلىكىڭنى تەستىقلايمەن» دېسە، پادىشاھ ئۇنىڭغا: «بولىدۇ، مەن تاختاي يۆتكەيدىغان ئىشنىمۇ قىلاي» دېسە؛ يەنە بىر ئادەم كېلىپ:

«ئـــى پادىشـــاھ مەن ســـېنىڭ بـــۇ قـــاچىنى يۇيـــۇپ بېرىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن» دېسە؛ يەنە بىر ئادەم: «سېنىڭ بـۇ شـەھەرنىڭ پادىشـاھى ئىكەنلىكىڭنـى ئېتىـراپ قىلىشـىم ئۈچـۈن مېنىڭ پالانى دۈشمىنىمنى ئۆلتۈرۈپ بېرىشىڭنى شەرت قىلىـمەن» دېسـە؛ ئۇنـداقتا، بىـز مۇشـۇنداق تەلەپلەرنـى قوبـۇل قىلىـدىغان پادىشاھنى شەكسىزكى، ناھايىتى ئەخمەق ۋە دۆت دەپ قـارايمىز. بىـراق، ئـۆزىنى ھۆرمەتلەيـدىغان پادىشـاھ: «كىـم مېنىـڭ مۇشـۇ شەھەرنىڭ پادىشـاھى ئىكەنلىكىمنـى تونۇشـنى خالىسـا، ئۇنـداقتا مېنىڭ ۋەزىپەم توغرىلىق سورىسۇن. مەن ھۆكـۈمەت تەشـكىللەپ، مىنىســتىرلىكلەرنى تۈرگــۈزىمەن. دۆلەت شەرتنامىســى ئىمــزالاپ، دۆلەت مالىيەسى، دۆلەت ئارمىيىسى قاتارلىق چـوڭ ئىشـلارنى بىـر تەرەپ قىلىمەن. ئەمما، تاش، تاختـاي يـۆتكەش، قاچـا يۇيـۇش دېگەنــدەك ئۇششــاق ئىشــلارنى دۆلىتىمــدىكى پــۇقرالار قىلىــدۇ» دەيدۇ.

## الله ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن ئالاھىدە مىساللار

سوئال: يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللارنىڭ مەزمۇنى نېمە؟

جاۋاب: ئەگەر بىرەر شـەخس يـاكى جامـائەت شـۇ شـەھەرنىڭ رەئىسى ياكى پادىشاھىنىڭ ھوقۇقىنى ئىنكار قىلسا ھەمـدە ئۇنـىڭ پادىشاھلىقىنى تەستىقلاش ئۈچۈن تاش، تاختاي يـۆتكەش، قاچـا يۇيۇش، ئادەم ئۆلتۈرۈش، دېگەندەك شەرتلەرنى قوبۇل قىلىشـنى تەلەپ قىلسا، ئېنىقكى، ئۇ پادىشاھ ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلمايـدۇ. چـۈنكى ئـۇلار پادىشـاھنى ھاقارەتلەيـدىغان ۋە ئۇنـىڭ ئـورنىنى ســناپ باقــدىغان ئىشــلارنى تەلەپ قىلــدى. بۇخىــل تەلەپنى ئورۇنلاش دۆلەت قـانۇنىنى بـۇزۇپ، ئـۇلارنى باشـتۇگلۇق

ۋە تەكەببۇرلۇققا ئۈندەيدۇ. لېكىن پادىشاھ :«كىم مېنى ئاشۇ پادىشاھ ياكى رەئىستىن باشقا ئادەم قىلالمايدىغان ئىشلار بىلەن سىناشنى ئويلىسا، ئاشۇ ئادەم مېنى ھەقىقىي تونۇغان بولىدۇ» دەيدۇ.

دەل يۇقىرىقىدەك، باشتۇڭ كاپىرلار اللە غا ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن تاش، تاختاي يۆتكەش، ئادەم ئۆلتۈرۈش، كېچىنى كۈندۈز، ئەرنى ئايال قىلىپ بېرىشتەك ئەرزىمەس ئىشلارنى شەرت قويۇشنى ئويلىدى. اللە كاپىرلارنىڭ باشتۇڭلۇقىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق «كىم مېنى ئاسمان ـ زېمىننى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەرنى يارىتىش، ئۆلۈم ۋە ھاياتلىقنى يارىتىش، مەخلۇقلارنىڭ ئىشلىرىنى تەدبىر قىلىش، رىزىقلارنى تولۇقلاش، كېچە ـكۈندۈزنى ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت اللە دىن باشقىسى قادىر بولالمايدىغان ئىشلار بىلەن تونۇشنى ئويلىسا ئاندىن مېنى ھەقىقىي تونۇغان بولىدۇ» دەيدۇ.

مانا بۇ اللە دىن باشقىسى قادىر بولالمايدىغان، اللە نىڭ مەخلۇقلىرىنىڭ بىمەنە تەلەپلىرىگە تاقابىل تۇرىدىغان ئاددىيغىنا بىر مىسال.

## اللە ھاجەتمەنلەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ

سوئال: ئەگەر بىرەر ھاجەتمەن ئادەم دۇئا قىلسا اللە ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلامدۇ؟

جاۋاب: ھاجەتمەنلەرنىڭ دۇئاسىدا ئىشىنىش ۋە بىچارىلىك بار. باشتۇڭلارنىڭ سوئالىدا تەكەببۇرلۇق ۋە ھاكاۋۇرلۇق بار. شۇڭلاشقا، اللە ھاجەتمەنلەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ، ئەمما كاپىرلارنىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

نۇرغۇن مۇسۇلمانلار زېمىنىغا قورغاقچىلىق يېتىپ، ﷲ دىن يامغۇر تەلەپ قىلدى. ﷲ ئۇلارغا ياردەم بېرىپ ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. ﷲ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ أَمَّن يُجِيبُ الْمُضْطَرَّ إِذَا دَعَاهُ وَيَكْشِفُ السُّوءَ وَيَجْعَلُكُمْ خُلَفَاء الْأَرْضِ أَإِلَهٌ مَّعَ اللَّهِ قَلِيلًا مَّا تَذَكَّرُونَ ﴾ ﴿بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا (ئۇنىڭ دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان كىم؟ ﷲ دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر ئازغىنە ۋەز- نەسىھەت ئالىسىلەر.﴾ (27-سۈرە نەمل 62-ئايەت).

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 5.دەرس: الله نىڭ مەخلۇقاتلىرى الله نىڭ سۈپىتى ۋە قۇدرىتىگە ئەيىنەك

سوئال: يوقلۇق بىرەر ئىشنى قىلالامدۇ؟

جاۋاب: «يوقلۇق ھېچ ئىشنى قىلالمايدۇ.» بۇ ھەممە ئادەم بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان ھەقىقەت بولۇپ، ئۇنىڭغا ساراڭدىن باشقىلار قارشى چىقمايدۇ. قانداقلا بىر ئەقىللىق ئادەمگە «قولىڭىزدىكى سائەت ياكى ماشىنا ياكى سىزغۇچنى يوقلۇق پەيدا قىلدى، ئۇنىڭ ياسىغۇچىسى يوق» دېسىڭىز، ئۇنداقتا بۇنى تەستىقلاش زادى مۇمكىن ئەمەس. الله مۇنداق دەيدۇ:﴿ أَمْ خُلِقُوا مِنْ غَيْرِ شَيْءٍ أَمْ هُمُ الْخَالِقُونَ أَمْ خَلَقُوا السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ بَل لَّا يُوقِنُونَ﴾ ﴿ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟. ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟ بەلكى ئۇلار ( الله نىڭ بىرلىكىگە) ئىشەنمەيدۇ.﴾ (52ـ سۈرە تۇر 35~36ـ ئايەتلەر).

1. ھەر بىر ئىشنىڭ قىلغۇچىسى بولۇشى لازىم.
2. ھەر بىر ياسالغان نەرسىنىڭ ياسىغۇچىسى بولۇشى لازىم
3. ھەر بىر مەخلۇقنىڭ ياراتقۇچىسى بولۇشى لازىم.

ئىش ـ ھەرىكەت ئاشۇ ھەرىكەتنىڭ سۈپىتى ۋە قۇدرىتىگە ئەيىنەك

سوئال: ياسىغۇچى بىلەن ياسالغۇچىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

جاۋاب: ياسىغۇچى بىلەن ياسالغۇچىنىڭ ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋىتى بار. چۈنكى ياسالغۇچى شەيئى ياسىغۇچى ۋە پەيدا

قىلغۇچىنىڭ ئىقتىدارىغا ئەينەك ۋە دەلىل.

سوئال: بۇنى قانداق چۈشىنىمىز؟

جاۋاب: ئەگەر سىز قولىڭىزدىكى سىزغۇچ توغرىسىدا ئويلىنىپ باقسىڭىز، سىزغۇچ ھەققىدىكى نۇرغۇن جاۋابلار (بىلىملەر) غا ئېرىشەلەيسىز.

1. سىزغۇچ ياسىغۇچى «ئۇستا»نىڭ يېنىدا ياغاچنىڭ بارلىقىنى تونۇيسىز.

2. سىزغۇچ ياسىغۇچى «ئۇستا»نىڭ ياغاچتىن سىزغۇچ ياساش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇيسىز.

سىز سىزغۇچنىڭ شەكلى رەتلىك، سىلىق، قىرىنىڭ تۈز ئىكەنلىكىنى كۆرسىڭىز، ئۆز ئەقلىڭىز بىلەن سىزغۇچ ياسىغۇچى «ئۇستا»نىڭ ياغاچنى سىلىق قىلىشقا، ياغاچنى رەتلىك كېسىشكە، ياغاچنىڭ قىرىنى ئەگرى قىلىپ قويماي تۈز ياساشقا قادىر ئىكەنلىكىنى تونۇيسىز. شۇنداقلا، سىز ئۇ سىزغۇچنىڭ قارا سىزىقلار بىلەن تەكشى قىسىملارغا ئايرىلغانلىقىنى كۆرسىڭىزلا سىزغۇچ ياسىغۇچى «ئۇستا»نىڭ يېنىدا قارا رەڭ بارلىقىنى، قارا رەڭنى ئىنچىكە رەتلىك سىزىقلارغا ئايرىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇيسىز.

ئەگەر سىز ماشىنا ھەققىدە ئويلانسىڭىز ماشىنا ياسىغۇچى «ئۇستا» نىڭ يېنىدا تۆمۈر ، سىم ۋە ئەينەك قاتارلىق ماشىنا زاپچاسلىرىنىڭ بارلىقىنى، بۇلارنى ئۆز - ئارا قۇراشتۇرۇش ئارقىلىق ماشىنا ياساپ چىقالايدىغانلىقىنى بىلەلەيسىز. سىز يەنە ئەقلىڭىزگە تايىنىپ ماشىنا ياسىغۇچىنىڭ بىر قىسىم سۈپەتلىرىنى تونۇيالايسىز. يەنى، ئۇنىڭ ماشىنا ياساش تېخنىكىسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى؛ ئۆز ئىشلىرىدا ھېكمەتلىك ، ئىش - ھەرىكەتلىرىدە

ئىنچىكە، شۇنداقلا ئۇنىڭ تولىمۇ ئەقىللىق بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇيسىز. ئۇنداقتا، ھەرقانداق ياسالغان نەرسە ياسىغۇچىنىڭ سۈپىتى ۋە قۇدرىتىگە ئەينەك.

مەخلۇقاتلار ياراتقۇچىنىڭ بەزى سۈپەتلىرى ۋە قۇدرىتىگە ئەينەك

سوئال: مەخلۇقاتلار ياراتقۇچىنىڭ سۈپىتى ۋە قۇدرىتىگە ئەينەك بولامدۇ؟

جاۋاب: مەخلۇقاتلار بىلەن ياراتقۇچى ئوتتۇرىسىدا بىر ئىلگىرى تىلغا ئالغان ياسىغۇچى بىلەن ياسالغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش قويۇق مۇناسىۋەت بار. يەنى، مەخلۇقاتلار ياراتقۇچىنىڭ سۈپىتى ۋە قۇدرىتىگە ئەينەك بولىدۇ.

## سىز كۆرمەمسىز؟

1. ئەگەر سىز ھەر كۈنى يېڭىدىن دۇنياغا كېلىۋاتقان تۈزۈلۈشى ھېكمەتلىك بولغان مىليونلىغان جانلىق ۋە جانسىز مەخلۇقاتلارنى كۆرسەك، ئۇنداقتا بىز بۇ مەخلۇقاتلارنى ياراتقان ۋە پەيدا قىلغان ياراتقۇچى بارلىقىنى ئېنىق تونۇيالايمىز.

2. ئەگەر بىز ھەر كۈنى ئۆلۈك ماددىلاردىن تىرىلگەن ۋە پەيدا بولغان، تىرىك كائىناتتا قۇراشتۇرۇلغان مىڭلىغان شەيئىلەرنى كۆرسەك، ئۇنداقتا بىز ئۆز ئەقلىمىز بىلەن تىرىك كائىناتتا يارىتىلىۋاتقان ۋە ھەرىكەتلىنىۋاتقان ھاياتلىقنى ئۇ كائىناتنى تىرگۈزگەن ۋە ھاياتلىق ئاتا قىلغان زاتنىڭ قىلغانلىقىنى تونۇيمىز.

3. ئەگەر بىز ھەر كۈنى كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولىۋاتقان ئۆسۈملۈك، ھايۋانلار، ئادەم بالىلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى باشقا نەرسىلەردىكى ھېكمەتلىك، پۇختا، ئاجايىپ، كۆركەم، ئىنچىكە ۋە ناھايىتى چىرايلىق بولغان مىڭلىغان سۈرەتلەر (مەنزىرىلەر) ھەققىدە تەپەككۇر قىلساق، ئېنىقكى ئاشۇ سۈرەتلەرنى سۈرەتكە كەلتۈرگۈچى زاتنىڭ قىلغانلىقىنى تونۇيمىز. ئەگەر سىز مۇشۇ مەخلۇقاتلار توغرىلىق تەپەككۇر قىلسىڭىز، ئۇ مەخلۇقاتلار سىزنىڭ ئەقلىڭىزگە ياراتقۇچىنىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

1. سىز مەخلۇقاتلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تۈزۈلۈشىدىكى ئاشكارا ھېكمەتنى كۆرسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ ئەقلىڭىزگە ئۇ ھېكمەتنىڭ ئىگىسى ھېكمەتلىك ۋە ئىرادە قىلغۇچى زات ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

2. سىز مۇشۇ مەخلۇقاتلاردىكى پۇختا تەدبىر ۋە ھېكمەتلىك تەقدىرنى كۆرسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ ئەقلىڭىزگە ئۇنىڭ ئىگىسى ھەممىنى بىلگۈچى ۋە تېخنىكىلىق زات ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

3. سىز مەخلۇقاتلار مەنپەئەتلىنىۋاتقان نېمەتلەرنى كۆرسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ ئەقلىڭىزگە ئۇنىڭ رەببى مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان زات ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

4. سىزنىڭ ئەقلىڭىز سىزگە كۆرۈلۈۋاتقان قۇدرەت ۋە ھېس قىلىنىۋاتقان سۈپەتلەرنىڭ پەقەت ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئارقىلىقلا بولىدىغانلىقىنى ئىپتىپ بېرىدۇ.

دېمەك، ﷲ نىڭ مەخلۇقاتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلغان كىشى ئۇ مەخلۇقاتلارنى ئۆز رەببىنىڭ سۈپىتى ۋە قۇدرىتىنى

كۆرسىتىدىغان ئەينەك ھالىتىدە ئۇچرىتىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ ئۆز رەببىگە چىن قەلبىدىن تەۋرەنمەس ۋە كۈچلۈك ئىمان ئېيتىدۇ. شۇڭا، قۇرئان كەرىم بىزنى اللە نىڭ مەخلۇقاتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا ۋە ئويلىنىشقا چاقىردى. اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَاخْتِلاَفِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَالْفُلْكِ الَّتِي تَجْرِي فِي الْبَحْرِ بِمَا يَنفَعُ النَّاسَ وَمَا أَنزَلَ اللّهُ مِنَ السَّمَاء مِن مَّاء فَأَحْيَا بِهِ الأرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَبَثَّ فِيهَا مِن كُلِّ دَآبَّةٍ وَتَصْرِيفِ الرِّيَاحِ وَالسَّحَابِ الْمُسَخِّرِ بَيْنَ السَّمَاء وَالأَرْضِ لآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ﴾ ﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە، اللە بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋاناتلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا، چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئەلۋەتتە (اللە نىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر.﴾ (2ـ سۈرە بەقەر 164ـ ئايەت).

ئەرەبلەرنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ ئىمانىغا دەلىل بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىرەر تېزەك بولسا، ئۇ تۆگىنىڭ بارلىقىغا دەلىل بولىدۇ. ئىز ـ ئىز سالغۇچىغا دەلىل بولىدۇ. كۆركەم زېمىن ۋە قەۋەتلىك ئاسمان ھەممە نەرسىدىن خەۋەردار ۋە مەرھەمەتلىك اللە غا دەلىل بولمامدۇ؟»

ئۇنداقتا، بىز اللە نىڭ مەخلۇقاتلىرىدىكى اللە نىڭ سۈپىتى ۋە قۇدرىتىنى كۆرۈپ، اللە نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تونۇيمىز.

بىر نەرسىنى يوقۇتۇپ قويغۇچى ئۇ نەرسىنى بېرەلمەيدۇ

سوئال: بىز اللە نىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى قانداق تونۇيمىز؟

جاۋاب: بىر ئىشنى قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالمايدىغان ئادەم پەيدا قىلغۇچى بولالامدۇ؟ ئەگەر بىز بىر تاشنىڭ يېنىدا ياتقان ئۆلۈكنى كۆرۈپ، «بۇ تاش ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى» دېسەك، ساقچىلار بۇ تاشقا قاتىللىق جىنايىتى بېكىتىپ، ئۇنىڭغا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرامدۇ؟ يەنە پەسىل ئۆزىنىڭ ئىچكى دائىرىسىدىكى شورىغۇچى يىلتىز ۋە تۇز ماددىسىنى ياسىدىمۇ؟

ھەرقانداق ئەقىل ئىگىسىگە بېرىلىدىغان ئوچۇق جاۋاب: «تاش ئادەم ئۆلتۈرگۈچى ئەمەس، پەسىلمۇ ياسىغۇچى ئەمەس. چۈنكى تاش كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولالمايدۇ. پەسىل بولسا شورىغۇچى يىلتىز ۋە تۇز ماددىسىنى ياساش ئىقتىدارىغا تېخىمۇ ئىگە بولالمايدۇ.» دېمەك، بىرەر ئىشنى قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالمايدىغان ئادەم پەيدا قىلغۇچى ئەمەس.

بۇت ۋە تەبىئەت يارىتىش قۇدرىتىگە ئىگە بولالمايدۇ

سوئال: بۇت ۋە تەبىئەت دۇنيانى ۋە مەخلۇقاتلارنى يارىتىش قۇدرىتىگە ئىگە بولالامدۇ؟

جاۋاب:

1. بىز دۇنيادىكى ئاجايىپ ھېكمەتنى كۆرۈۋاتىمىز، لېكىن بۇت ۋە تەبىئەت بۇنداق ھېكمەتكە ئىگە بولالمايدۇ.

2. بىز دۇنيادىكى مۆجىزە خاراكتېرلىك زور تەدبىرلەرنى

كۆرۈۋاتىمىز، لېكىن بۇت ۋە تەبىئەت تەدبىرگە ئىگە بولالمايدۇ.

3. بىز دۇنيادىكى يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا ۋە ئىلىم ـ پەننى كۆرۈۋاتىمىز، لېكىن بۇت ۋە تەبىئەت ئىلىمگە ئىگە بولالمايدۇ.

4. بىز ھەر كۈنى يارىتىلىۋاتقان ھېكمەتلىك، تەپەككۇر قىلالايدىغان ئەقىللەرنى كۆرۈۋاتىمىز. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ ضُرِبَ مَثَلٌ فَاسْتَمِعُوا لَهُ إِنَّ الَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِ اللَّهِ لَن يَخْلُقُوا ذُبَابًا وَلَوِ اجْتَمَعُوا لَهُ وَإِن يَسْلُبْهُمُ الذُّبَابُ شَيْئًا لَّا يَسْتَنقِذُوهُ مِنْهُ ضَعُفَ الطَّالِبُ وَالْمَطْلُوبُ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! (يەنى مۇشرىكلار جامائەسى!) بىر مىسال كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار، شۈبھىسىزكى، سىلەر اللە نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنىڭ ھەممىسى يىغىلغان تەقدىردىمۇ بىر چىۋىننى يارىتالمايدۇ (ئەقلى بار ئادەم قانداقمۇ مۇشۇنداق بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋېلىپ ئۇلارغا چوقۇنىدۇ؟)، چىۋىن ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن بىر نەرسىنى (بۇتقا سۈركەپ قويۇلغان خۇشپۇراق بىر نەرسىنى) ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تارتىپ ئالالمايدۇ، بۇتمۇ ۋە (ئۇنىڭغا) چوقۇنغۇچىمۇ ئاجىزدۇر.﴾ (22 ـ سۈرە ھەج 73 ـ ئايەت).

ئۇنداقتا تەدبىر، ھېكمەت، تېخنىكا، ئىلىم، ئىقتىدار ۋە تەپەككۇر قىلالايدىغان ئەقىل ھەرگىزمۇ تەبىئەت ۋە بۇتنىڭ يارىتىشىدىن ئەمەس، بەلكى، مۇشۇ ئالەمدە كۆرۈلۈۋاتقان مەخلۇقاتلاردىن ئايرىم بولغان ياراتقۇچى، ھېكمەتلىك، بىلگۈچى، قۇدرەتلىك، ئىرادە قىلغۇچى بولغان اللە نىڭ يارىتىشىدىندۇر.

خۇلاسە:

1. ھەرقانداق ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچىسى بولۇش، ھەرقانداق ياسالغۇچىنىڭ ياسىغۇچىسى بولۇش،

ھەرقانداق مەخلۇقنىڭ ياراتقۇچىسى بولۇش تەبىئىي قانۇنىيەتتۇر.

2. ياسالغۇچى، يارىتىلغۇچى ۋە ئىش - ھەرىكەتنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ياسىغۇچىسى، پەيدا قىلغۇچىسى ۋە ياراتقۇچىسىنىڭ سۈپىتى ۋە قۇدرىتىگە ئەينەك.

3. دۇنيا بولسا ئۆز ياراتقۇچىسىنىڭ سۈپىتى ۋە قۇدرىتىگە ئەينەك.

4. بۇت ۋە تەبىئەت ياراتقۇچى ئەمەس، چۈنكى ئۇ چىۋىن چاغلىق نەرسىنى يارىتىش قۇدرىتىگە ئىگە بولالمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

## 6. دەرس: «سىلەر ئۆز ۋۇجۇدىڭلارغا قاراپ باقمامسىلەر؟»

### ئىنسان جىسمىدىكى ھەرىكەت ۋە بوغۇم

#### سۆڭەك

سوئال: ئىنسان جىسمىدىكى سۆڭەكنىڭ پايدىسى نېمە؟

جاۋاب: الله ئىنسان جىسمىغا كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئىنسانىي شەكلىنى بېرىش ئۈچۈن سۆڭەكنى ياراتتى. چۈنكى، سۆڭەك بىنانىڭ تۈۋرۈكىگە ئوخشاش بولۇپ، ئەگەر ئاشۇ سۆڭەك بولمىسا ئىنسان بىر پارچە دۆۋىلەنگەن گۆش پارچىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

#### بوغۇم

سوئال: ئىنساندا سۆڭەك شەكلىدىكى بوغۇملارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىكى ھېكمەت نېمە؟

جاۋاب: ئەگەر ئىنساننىڭ سۆڭىكىدە بوغۇم بولمايدىغان بولسا بىرلا سۆڭەك بولۇپ قالىدۇ ـ دە، ئىنساننىڭ ئورنىدىن تۇرۇشى ئۇياقتا تۇرسۇن؛ بىرەر بارمىقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشىمۇ زادى مۇمكىن بولمايدۇ. ئۇنداقتا ئىنساننىڭ ئەھۋالى خۇددى بىر پارچە تۆمۈرگە ئوخشاش بولۇپ قالامدۇ؟ لېكىن ياراتقۇچى الله ئىنسان جىسمىنى ئاجايىپ پۇختىلىق بىلەن يارىتىپ، ئۇنى بوغۇملار بىلەن ئايرىدى.

1. ھەرقانداق سۆڭەكنى ئاجايىپ پۇختىلىق ۋە زور ھېكمەت بىلەن ئۇنىڭغا تۇتاشقان سۆڭەككە ماس ھالدا شەكىللەندۈردىكى، ئۇ سۆڭەك ئىككىنچى بىر سۆڭەككە زادى ماس كەلمەيدۇ.

2. ياراتقۇچى الله مۇشۇ بوغۇملارنى ئۆزىگە خاس ھەرىكەتكە

مۇناسىپ ھالەتتە شەكىللەندۈردى. مەسىلەن: تىز بوغۇمنى پاچاقنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپكە ھەرىكەتلىنىش ئارقىلىق ئېگىلىدىغان ھالەتتە شەكىللەندۈردى.

3. بوغۇملار سۆڭەكلەردەك يىرىك بولماستىن، بەلكى، ناھايىتى سىلىق ھالەتتە يارىتىلغان. چۈنكى، بۇ بوغۇمنىڭ ئاسان ھەرىكەت قىلىشى ۋە سۆڭەكلەرنىڭ بىرسى بىرسىگە سۈركىلىش ئارقىلىق چىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈندۇر.

4. ئەگەر سىز بىر قاسساپنىڭ قوي ياكى كالىنىڭ سۆڭىكىنى كېسىۋاتقانلىقىنى كۆرسىڭىز، بوغۇم ئارىسىدىن چۈشۈۋاتقان چاپلاشسىمان سۇيۇقلۇق ماددىنى ئۇچرىتىسىز. بۇنىڭ سەۋەبى بوغۇمدىكى سۆڭەكنىڭ ئاسان ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن بولۇپ، ئۇ سۇيۇقلۇق ماددا ماتورلۇق سايمانلارنىڭ چېتىلمىسىدىكى سىلىقلاش مېيىنىڭ رولىنى ئۆتەيدۇ. ئەگەر سىلىقلاش مېيى ئاخىرغىچىلىك ماتورلۇق سايماننى بىر ـ بىرىگە سۈركىلىش ئارقىلىق ئۇپراپ كېتىشتىن ساقلايدۇ دېيىلسە، ئۇنداقتا سۇيۇقلۇق ماددا ئۆز ئارا ھەرىكەتلىنىدىغان سۆڭەكلەرنى ئۇپراپ كېتىش ۋە چىرىپ كېتىشتىن مۇھاپىزەت قىلىدۇ.

مۇسكۇللار

سوئال: سۆڭەكنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان نەرسە نېمە؟

جاۋاب: ھەرىكەتلىنىش كۈچى بولسا سۆڭەككە تۇتاشقان ۋە سۆڭەكنى يۆگەپ تۇرىدىغان گۆشلۈك مۇسكۇللاردىن ئىبارەت. ياراتقۇچى الله ھەرقانداق سۆڭەكنى ئۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان گۆشلۈك مۇسكۇللار بىلەن ئورۇۋالاندۇردى. سۆڭەك ۋە مۇسكۇللار ئىنسانىنىڭ ھەر قانداق ھەرىكىتىگە مۇناسىپ ھالەتتە شەكىللەندۈرۈلدى. سىز ئۆزىڭىز توغرىلىق ئويلىنىپ بېقىڭ. الله

مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَانظُرْ إِلَى العِظَامِ كَيْفَ نُنشِزُهَا ثُمَّ نَكْسُوهَا لَحْمًا﴾ ﴿بۇ سۆڭەكلەرگە قارىغىنكى، ئۇنى قانداق قۇراشتۇرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭغا گۆش قوندۇرىمىز﴾ (2-سۈرە بەقەر 259-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

الله نىڭ بىر تامچە مەنىدىن سۆڭەك، گۆشلۈك مۇسكۇل ۋە بوغۇملارنى قانداق ياراتقانلىقى توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىپ بېقىڭ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنسَانَ مِن سُلَالَةٍ مِّن طِينٍ ثُمَّ جَعَلْنَاهُ نُطْفَةً فِي قَرَارٍ مَّكِينٍ ثُمَّ خَلَقْنَا النُّطْفَةَ عَلَقَةً فَخَلَقْنَا الْعَلَقَةَ مُضْغَةً فَخَلَقْنَا الْمُضْغَةَ عِظَامًا فَكَسَوْنَا الْعِظَامَ لَحْمًا ثُمَّ أَنشَأْنَاهُ خَلْقًا آخَرَ فَتَبَارَكَ اللَّهُ أَحْسَنُ الْخَالِقِينَ﴾ ﴿بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن لاينىڭ جەۋھىرىدىن ياراتتۇق. ئاندىن ئۇنى بىر پۇختا قارارگاھ (يەنى بەچچىدان)دا (جايلاشقان) ئابىمەنى قىلدۇق. ئاندىن ئابىمەنىنى لەختە قانغا ئايلاندۇردۇق، ئاندىن لەختە قاننى پارچە گۆشكە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن پارچە گۆشنى سۆڭەككە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇردۇق، ئاندىن ئۇنى (جان كىرگۈزۈپ) باشقا مەخلۇقاتقا ئايلاندۇردۇق، ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى الله (ھېكمەت ۋە قۇدرەت جەھەتتىن) ئۇلۇغدۇر.﴾ (23-سۈرە مۆئمىنۇن 12~14-ئايەتلەر).

مۇنازىرە:

1. ئومۇرتقا سۆڭىكىنى پەيدا قىلغان كىم؟ ئۇنى ئانا قېنىدا ئېقىپ يۈرۈۋاتقان تائامدىن بالىياتقۇ قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە شەكىللەندۈرگەن كىم؟

2. بوغۇم ۋە سۆڭەكنى شەكىللەندۈرگەن، ئۇنى سىلىق قىلغان ۋە سۆڭەكلەر ھەرىكەتلەنگەن چاغدا ئۇنى بىر - بىرىگە سۈركىلىش ئارقىلىق ئۇپراپ كېتىشتىن ساقلاش ئۈچۈن

چاپلاشسمان سۇيۇقلۇق ماددىلار بىلەن ياردەم بەرگەن كىم؟

3. سۆگەككە گۆش قونـدۇرغان ۋە ئاجايىـپ زور ئىنچىكىلىـك ئىچىــدە جىســمنى ھەرىكەتلەنــدۈرگەن ھەممىنـــى بىلگــۈچى ۋە تېخنىكىلىق زات كىم؟

ئــۇ بىــر ئورۇنـــدىن بىـــر ئورۇنغـــا يۆتكىلىشــكىمۇ قـــادىر بولالمايدىغان گاس - گاچا بۇتمۇ؟ ياكى ئۇ تەپەككۇر ۋە تەدبىر قىلىشـقا ئىـگە بولالمايـدىغان تەبىئەتمـۇ؟ يـاكى ئـۇ ھېچقانـداق مەۋجۇتلۇقى بولمىغان يوقلۇقمۇ؟ يـاكى ئاشـۇ ئاجايىـپ يـارىتىش، قۇراشـــتۇرۇش ۋە ئىـــنچىكە تەقـــدىر يـــاراتقۇچى، بىلگـــۈچى، تېخنىكىلىق، قۇدرەتلىك، ئاجايىپ سۈرەتلىگۈچى بولغان الله نىڭ ياراتقانلىقىغا گۇۋاھ بولامدۇ؟

خۇلاسە:

1. الله ئىنسانغا ئىنسانىي كۈچ - قـۇۋۋەت ۋە شـەكلى قـامەت ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئومۇرتقا سۆڭىكىنى ياراتتى.

2. الله سۆڭەك بوغۇملىرىدا سۆڭەكلەرنىڭ ئۇيراپ كېتىشى ۋە چىرىپ كېتىشىنىڭ ئالـدىنى ئالىـدىغان چاپلاشسـمان سـۇيۇقلۇق ماددىلارنى قىلدى.

3. الله سـۆڭەككە ئاجايىـپ پۇختىلىـق ئىچىـدە بوغۇملارنىـڭ جىسمنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن خىـزمەت قىلىـدىغان گۆشـنى قوندۇردى.

4. ئاشـۇلارنىڭ ھەممىســـى ئـــۇنى ھېكمەتلىـــك، بىلگـــۈچى، تېخنىكىلىق بولغان الله نىڭ ياراتقانلىقىغا گۇۋاھ بولىدۇ.

5. جانســىز بــۇت ۋە ئەقىلســىز تەبىــئەت ئاشــۇلاردىن بىــرەر نەرسىنى ياساشقا كۈچى يەتمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

## 7. دەرس: مېغىش نېمەتلىرى

سوئال: الله نېمە ئۈچۈن ئىنسانغا مېغىشنى نېمەت قىلىپ بەردى؟

جاۋاب: دۇنيادا ئۆسۈملۈك ۋە بىر قىسىم ھايۋانلارغا ئوخشاش ئۆز ئورنىدىن ماڭالمايدىغان تىرىك مەخلۇقلار بولسىمۇ، بىراق، الله ئىنساننىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مېغىشنى نېمەت قىلىپ بەردى.

1. ئىنسان مېغىش ئارقىلىق خەتەرلىك ئورۇنلارنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

2. مېغىش ئارقىلىق ئىلىم - مەرىپەت ۋە پەن - تېخنىكىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

3. مېغىش ئارقىلىق مىللەت ۋە خەلقلەر ئارا تونۇشۇپ، تىجارەت ۋە سودا ئالاقىسى قىلىدۇ.

4. ئىنسان مېغىش ئارقىلىق خىلمۇ - خىل گۈزەل مەنزىرىلەر ۋە مۇناسىپ ھاۋا بىلەن مەنپەئەتلىنەلەيدۇ.

5. مېغىش بىلەن ھاياتلىقنىڭ مەنىسى ئىشقا ئاشىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن الله بىزگە ماڭىدىغان پۇتلارنى ۋە زېمىن ئۈستىدىكى ھىدايەت يوللىرىنى كۆرۈدىغان كۆزلەرنى ياراتتى. بىزنىڭ ئاسان مېغىشىمىز ئۈچۈن زېمىننى بويسۇندۇرۇپ بەردى. شۇنداقلا، بىزنى زېمىننىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە مېغىپ بېقىشقا بۇيرىدى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولًا فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِن رِّزْقِهِ وَإِلَيْهِ النُّشُورُ﴾ «الله سىلەرگە زېمىننى مېغىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېغىڭلار. الله نىڭ

(بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەنىدىن كېيىن الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.﴾ (67 ـ سۈرە مۇلك 15 ـ ئايەت).

## مېڭىشىمىزنى ئاسانلاشتۇرىدىغان ۋاستىلەر

سوئال: بىزنىڭ مېڭىشىمىزنى ئاسانلاشتۇرىدىغان ۋاستىلەر قايسىلار؟

جاۋاب: سەپەر — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقانىدەك — جەھەننەم ئوتىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، ئەگەر ئىنسان يۈك ـ تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ سەپەر قىلسا ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟ الله ئۆز رەھمىتى بىلەن تۆگە، قېچىر، ئات، ئېشەككە ئوخشاش بىزدىن چوڭ مەخلۇقاتلارنى بىزگە بويسۇندۇرۇپ بەردى. بىز ئۇ ھايۋانلارغا مىنىمىز ۋە يۈك ـ تاقلىرىمىزنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىمىز. گەرچە ئۇلار بىزدىن يوغان بولسىمۇ يەنىلا بىزگە بويسۇنىدۇ. بىز الله نىڭ ئۇ ھايۋانلارنى بىزگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكى بىلەن كۈچلۈك بولىمىز. سىز بۆرە ياكى ئېيىق ۋە ياكى يولۋاسنى بويسۇندۇرۇشقا ئورۇنۇپ بېقىڭ. ئۇلار گەرچە ئېشەك ۋە تۆگىدىن كىچىك بولسىمۇ سىزگە بويسۇنامدۇ؟ يۈك ـ تاقلىرىڭىزنى ئۈستىگە ئارتىش ئۈچۈن ئۇلارنى بويسۇندۇرالامسىز؟ الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَتَحْمِلُ أَثْقَالَكُمْ إِلَى بَلَدٍ لَّمْ تَكُونُواْ بَالِغِيهِ إِلاَّ بِشِقِّ الأَنفُسِ إِنَّ رَبَّكُمْ لَرَؤُوفٌ رَّحِيمٌ ﴾ ﴿ئۇلار يۈك ـ تاقلىرىڭلارنى سىلەر جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن ئاران يېتىپ بارالايدىغان جايلارغا كۆتۈرۈپ بارىدۇ، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە ھەقىقەتەن شەپقەتلىكتۇر ۋە مېھرىباندۇر.﴾(16 ـ سۈرە نەھل 7 ـ

www.uyghurkitap.com

ئايەت).

الله نىڭ بىرگە دېگىنى بويسۇندۇرۇپ بېرىشى يەنى الله نىڭ بىزگە قىلغان نېمىتىدۇر. الله بىزنىڭ مېڭىشىمىز ئۈچۈن زېمىننى مۇۋاپىق قىلىپ بەرگەندەك بىزنىڭ يۆتكىلىشىمىز ئۈچۈن دېڭىزنى مۇۋاپىق قىلىپ بەردى. ھايۋان ۋە چاھارپايلارنى كۆندۈرۈپ بەرگەندەك كېمە ۋە شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُوَ الَّذِي يُسَيِّرُكُمْ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ﴾ ﴿الله سىلەرنى قورۇقلۇقتا (يەنى ئۇلاغلار ئۈستىدە)، دېڭىزدا (يەنى كېمىلەر ئۈستىدە) سەپەر قىلدۇرىدۇ.﴾ (10 ـ سۈرە يۇنۇس 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

الله سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى يارىتىدۇ

سوئال: ھايۋانلاردىن باشقا قاتناش ۋاستىلىرى بارمۇ؟

جاۋاب: الله ئىنسانغا ئاسمان - زېمىندىكى نەرسىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى.

الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَمْ تَرَوْا أَنَّ اللَّهَ سَخَّرَ لَكُم مَّا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَأَسْبَغَ عَلَيْكُمْ نِعَمَهُ ظَاهِرَةً وَبَاطِنَةً وَمِنَ النَّاسِ مَن يُجَادِلُ فِي اللَّهِ بِغَيْرِ عِلْمٍ وَلَا هُدًى وَلَا كِتَابٍ مُّنِيرٍ﴾ ﴿بىلمەمسىلەركى، الله ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى (يەنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلارغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بەردى). سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن (يەنى ماددىي ۋە مەنىۋى) نېمەتلىرىنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەردى. بەزى كىشىلەر ھېچقانداق ئىلىمسىز، ھىدايەتسىز ۋە نۇرلۇق كىتابسىز ھالدا الله بارىسىدا جېدەللىشىدۇ.﴾ (31 ـ سۈرە لوقمان 20 ـ ئايەت).

شۇنداق، الله ئىنسانغا ھايۋان ۋە چارۋا - ماللارنى كۆندۈرۈپ بەرگەندەك، ئۇنىڭغا تۆمۈر، مىتال ۋە پار كۈچىنى

بويسۇندۇرۇپ بەردى. ھەمدە الله كۆندۈرۈپ بەرگەن نەرسىلەردىن پايدىلىنىدىغان ئەقلىنى بەردى. ئىنسانلار ھاۋانىڭ بېسىمدىن پايدىلىنىپ، تېز سۈرئەتلىك پويىز قاتارلىقلارنى ياساپ چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىنساننىڭ تەپەككۇرى تەرەققىي قىلىپ، الله ئۇنىڭغا زېمىندا ساقلاپ بەرگەن زور مىقداردىكى بېنزىن كۈچىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ھەرخىل ماشىنا ۋە ئايروپىلانلارنى ياساپ چىقتى.

بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلار تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، راكېتا ۋە ئالەم كېمىسىنى ياساپ چىقتى. قۇرئان كەرىم بىزگە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىجادىيەتلەرنىڭ كېيىنكى زامانلاردا قېچىر، ئات، ئېشەك ۋە كېمىلەرنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالْخَيْلَ وَالْبِغَالَ وَالْحَمِيرَ لِتَرْكَبُوهَا وَزِينَةً وَيَخْلُقُ مَا لاَ تَعْلَمُونَ﴾ ﴿الله ئاتنى، خېچىرنى ۋە ئېشەكنى مىنىشىڭلار ئۈچۈن ۋە زىننەت ئۈچۈن ياراتتى، الله يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ يارىتىدۇ.﴾ (16-سۈرە نەھل 8-ئايەت). ﴿وَآيَةٌ لَّهُمْ أَنَّا حَمَلْنَا ذُرِّيَّتَهُمْ فِي الْفُلْكِ الْمَشْحُونِ وَخَلَقْنَا لَهُم مِّن مِّثْلِهِ مَا يَرْكَبُونَ﴾ ﴿ئۇلارغا (بىزنىڭ كامالى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەت شۇكى، بىز ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنى (نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەرسە - كېرەك ۋە ھايۋانلار بىلەن) توشقۇزۇلغان كېمىسگە چۈشۈردۇق. بىز ئۇلار ئۈچۈن شۇ كېمىگە ئوخشاش ئۇلار چۈشىدىغان نەرسىلەرنى ياراتتۇق.﴾ (36-سۈرە ياسىن 41~42-ئايەتلەر).

ئەگەر الله بىر ئىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى كەلتۈرىدۇ. الله ئىنسان ئەقلىنى ۋە ئىلمىي تەرەققىياتلارنى قۇرئان كەرىم بىزگە خەۋەر قىلغان زامانىۋى قاتناش

ۋاسىتىلىرىنىڭ نامايان بولۇشىغا سەۋەب قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن كېيىنكى زامانلاردا زېمىن «پارچىلىرى»نىڭ يېقىنلىشىدىغانلىقى توغرىلىق خەۋەر قىلدى. مانا بۇ زېمىن پارچىلىرىنى يېقىن قىلىدىغان قاتناش ۋاستىلىرىدۇر. مۇشۇ ۋاستىلەر بىلەن زېمىن ئۆز-ئارا تۇتىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر قىلغاندەك ئۆز ئارا يېقىنلىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «زامانلار يېقىنلاشمىغۇچە، زېمىن قاتلانمىغۇچە ۋە زېمىننىڭ بىر قىسمى بىر قىسمىغا قوشۇلمىغۇچە قىيامەت بولمايدۇ.»

بۇخىل يېڭى قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن ئىلگىرىكى نۇرغۇنلىغان قاتناش قوراللىرى بىكار قىلىندى. ئىلگىرىكى قاتناش قوراللىرى پەقەت يېڭى ۋاستىلەر تېپىلمايدىغان چەت - سەھرالاردىلا ئىشلىتىلمەكتە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاخىرقى زامانلاردا تۆگىلەر تاشلىنىپ قالىدۇ، ئۇلارغا مىنىلمەيدۇ.» دېگەن.

خۇلاسە:

1. ھايۋان، ئۆسۈملۈك ۋە كۆپىنچە مەخلۇقاتلاردىن يۆتكىلىش ۋە مېڭىشقا قادىر بولالمايدىغانلىرى بولسىمۇ، بىراق، الله ئىنساننى مېڭىش ۋە يۆتكىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىپ ياراتتى. ئىنسان مېڭىش ئارقىلىق ساناپ تۈگەتكۈسىز نېمەتلەرگە ئېرىشىدۇ.

2. ئىنساننىڭ مېڭىش كۈچى ۋە ئىقتىدارى بار تۇرۇپ، الله ئۇنىڭغا يۆتكىلىش ۋە يۈك - تاقلىرىنى ئارتىش ئۈچۈن بىر قىسىم ھايۋانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى.

3. الله ئىنسانغا قۇرۇقلۇقنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەندەك،

دېڭىز ۋە ھاۋانى بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئىنسان الله ئاتا قىلغان ئىلىم ۋە ئىقتىدار بىلەن زامانىۋى قاتناش ۋاستىلىرىنى ياساپ، ھاۋادا ئۇچۇش ۋە دېڭىز چوڭقۇرلۇقىغا چۆكۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى اللە نىڭ نېمەتلىرىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 8. دەرس: بىزنىڭ تائامىمىز

«ئىنسان تائامىغا قاراپ باقسۇن!»

ئانىنىڭ قورسىقىدا

سوئال: بىز ئانىمىزنىڭ قورسىقىدا قانداق ئوزۇقلىنىمىز؟

جاۋاب: ئەگەر ئىسپېرما بالىياتقۇ ئىچىدە شەكىللەنسە، رىزىق بەرگۈچى الله ئۇنى ئۆز رەھمىتى بىلەن تەييارلىغان رىزقلىنىش ئورنىغا يۈزلەندۈرىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ بالىياتقۇ پەردىسىگە چاپلىشىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېكمەتلىك تەدبىر بىلەن پەردە ئېرىيدۇ. ئاندىن ئىسپېرما ئانا قېنى بىلەن بىۋاستە تۇتىشىدۇ. ئاندىن ئانا ئوزاسىدىن ئوزۇقلىنىدۇ . ئانا قورسىقىدىكى ئەھۋال ئەنە شۇنداق داۋاملىشىپ، ئاخىرى بوۋاق ئانا قورسىقىدىن چىقىدۇ. بوۋاق ئانىنىڭ قورسىقىدا توققۇز ئايغىچە ئوزا يەتكۈزگۈچى ۋاستە -كىندىك نەيچىسى- بىلەن تۇتاشقان ھالەتتە داۋاملىشىدۇ. بوۋاق ئانا قورسىقىدىن چىققاندىن كېيىن كىندىك نەيچىسى ئۈزۈلىدۇ.

ئىككى ئەمچەكتىن

سوئال: بوۋاق كىندىك نەيچىسىدىن ئىبارەت ئوزا مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىن قەيەردىن ئوزالىنىدۇ؟

جاۋاب: ئىنساننىڭ ياراتقۇچىسى ھېكمەتلىك، بىلگۈچى ۋە تېخنىكىلىق زات بولۇپ، ئىنسانغا ئېغىز، يۇتقۇنچاق، ئۈچەي،

ئاشـــقازان، قىزىلئـــۆڭگەچ، ئـــىنچىكە ئـــۈچەي ۋە جىگەردىن ئىبارەت ھەزىم قىلىش سىستېمىلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ بولغانـدىن كېيىن، ئانـدىن ئانـا قورسـىقىدىن چىقىشنى تەقـدىر قىلدى. الله بوۋاققا ئۇنىڭدىن ئىلگىـرى سـۈت بولمىغـان، لېكىن بوۋاق ئانا قورسـىقىدىن چىققانـدىن كېيىن سـۈتكە توشـقۇزۇلغان ئەمچەكتىن ئىبارەت يېڭى بىر مەنبەنى تەييارلىدى.

سوئال: ئانا سۈتى بوۋاقنىڭ غىزاسىغا يېتەرلىك بولامدۇ؟

جاۋاب: ئانا سۈتى كراخمال، ماي ماددىسى، ئاقسـىل، تـۇز ۋە ۋىتامىندىن ئىبارەت غىزا ماددىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سۈتنىڭ بوۋاقنىــڭ ئاشــقازىنىغا مۇناســىپ كېلىشــى تەدبىرلىــك زاتنىــڭ شەپقىتىدۇر. بوۋاقنىڭ ھەزىم قىلىش كۈچى كۆپەيگەنسېرى سـۈتمۇ بىرگە كۆپىيىدۇ.

زېمىندىن

سوئال: بوۋاق ئانا سۈتى ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىن قەيەردىـن تائام يەيدۇ؟

جــاۋاب: ئىنســاننى يــاراتقۇچى ھېكمەتلىــك ، تېخنىكىلىــق زاتتـۇر. سـۈت باسـقۇچىدىن كېـيىن الله زېمىنـدا ئورۇنلاشـتۇرغان دان، مېۋە ۋە گۆشلەردىن غىزالىنىشتىن ئىبارەت يەنە بىر باسـقۇچ كېلىـدۇ . الله زېمىـن ئۈسـتىدىكى مۇشـۇ غىـزالىنىش مەنبەلىرىنـى ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىغا يېتەرلىك ھالەتتە يـاراتتى. الله مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿ وَقَدَّرَ فِيهَا أَقْوَاتَهَا فِي أَرْبَعَةِ أَيَّامٍ سَوَاء لِّلسَّائِلِينَ﴾ ﴿الله ئەھلـى زېمىننىــڭ رىزقىنــى بەلگىلىــدى، (زېمىننــى يــارىتىش بىــلەن ئاھالىسىنىڭ رىزقىنى بەلگىلەشنى كەم ـ زىيادىسىز) باراۋەر تـۆت

كۈنــدە (تاماملــدى)، (زېمىنىنــڭ ۋە ئۇنىڭــدىكى نەرســىلەرنىڭ يــارىتىلىش مــۇددىتىنى) ســورىغۇچىلار ئۈچــۈن (بــۇ جــاۋابتۇر)﴾ (41 ـ سۈرە فۇسسىلەت 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

اللە زېمىن ئۈستىدىكى مەخلۇقاتلارنىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى ھەمــدە زېمىنىنــى تائــام مەنبەســى قىلىــپ يــاراتتى. ئىنســانغا كەسكۈچى، ئېتىتقۇچى ۋە يۇمشاتقۇچى كۈچلۈك چىشلار بىلەن ياردەم بەردى ھەمدە ئۇنىڭغا تائاملارغا ماس كېلىدىغان كۈچلۈك ھەزىم قىلىش سىستېمىلىرىنى بەردى.

## ئىنسان تائامىنىڭ تەييارلىنىشى

ســوئال: ئىنســان تائامىنىــڭ تەييــارلىنىش جەريــانى قانــداق بولىدۇ؟

جاۋاب: بىز ئالدىنقى ئىككى باسقۇچتا كىندىك نەيچىسى ۋە ئىككــى ئەمچەكــتىن ئىبــارەت غىــزا مەنبەســىنىڭ قانــداق تەييارلانغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئەمما ئۈچىنچى باسقۇچتا تائام تەييــارلاش ئومــۇمىي شــەكىلدە تاماملىنىــدۇ. ئىنســان تائامىنىــڭ تەييارلىنىشــىدا كــۆپلىگەن مەخلۇقلارنىــڭ ھەسسىســى قوشــۇلغان بولىدۇ.

1. تۇپراق

اللە تــۇپراقنى ئۆســۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشــىگە مۇۋاپىــق ھــالەتتە تەييار قىلدى. تۇپراقنى ئۇنىڭدىكى ماددىلار ئۆسۈملۈككە ئاسان يۆتكىلىــدىغان ھــالەتتە تەييارلىــدى. تــۇپراق تەييارلاشــتا كــۆزگە كۆرۈنمەيــدىغان كىچىككىــنە «تىرىــك كائىنــات» دىــن ئىبــارەت باكتېرىيىلەرنىــڭ رولــى ئىنتــايىن مــۇھىم . اللە مۇنــداق دەيــدۇ:

﴿وَالأَرْضَ مَدَدْنَاهَا وَأَلْقَيْنَا فِيهَا رَوَاسِيَ وَأَنبَتْنَا فِيهَا مِن كُلِّ شَيْءٍ مَّوْزُونٍ وَجَعَلْنَا لَكُمْ فِيهَا مَعَايِشَ وَمَن لَّسْتُمْ لَهُ بِرَازِقِينَ﴾ ﴿يەر يۈزىنى يېيىپ كەڭ قىلدۇق، ئۇنىڭغا تاغلارنى ئورناتتۇق، يەر يۈزىدە ھەرخىل تەكشى ئۆلچەملىك ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق. يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ۋە سىلەر رىزقىنى بېرەلمەيدىغانلار (يەنى خادىملار ۋە ھايۋانلار) ئۈچۈن تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ياراتتۇق (ئۇلارنىڭ يېمەك- ئىچمەكلىرىنى سىلەر ئەمەس، بىز يارىتىمىز).﴾ (15- سۈرە ھىجر 19~20- ئايەتلەر).

2. دەسلەپكى ئۇرۇقچىلار

ئۇرۇقچا — دەل- دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۇپراقتىن ئۈنۈپ چىقىشىدىكى تۇنجى ئاساس ياكى مەنبە ھېسابلىنىدۇ . ئۇرۇقچا دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەردىن ئېلىنىدۇ. دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەر بولسا يەنە شۇ ئۇرۇقچىلاردىن ئۈنۈپ چىقىدۇ. بىزنى تائامغا موھتاج قىلغان، تائامنى تەييارلىغان ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ياراتقان، رىزىق بەرگۈچى، ھېكمەتلىك زاتنىڭ ئىرادىسى ئالدىدا بىز پۈتۈنلەي ئاجىزمىز. بىزنى غىزاغا باشلاپ قويغان زات بىز تۇپراققا تېرىيدىغان ئۇرۇقچانىڭ مەنبەسىنى پەيدا قىلدى. ئەگەر يامغۇر چۈشسە ئۇرۇقچا بىخلىنىدۇ. زېمىن دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۈنۈپ چىقىشى ئۈچۈن ئۈستى تەرەپتىن، دەرەخنىڭ تۈپى ۋە شورىغۇچى يىلتىزلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئاستى تەرەپتىن ئىبارەت قارمۇ- قارشى ئىككى تەرەپكە يېرىلىدۇ.

3. دېڭىز، شامال ۋە تۇپراق

تۇپراقتىكى قۇرۇق ئۇرۇقچا ئۈنمەيدۇ. الله دېڭىزنى سۇ مەنبەسى قىلىپ شەكىللەندۈردى. دېڭىز ئۈستىدىكى پارلاردىن

كۆتۈرۈلگەن بۇلۇتنى قوزغايدىغان شامالنى ئەۋەتتى. شامال بىزگە زۆرۈر بولغان ئۇچقۇچى سەللەرنى ھەيدەپ بېرىدۇ. ياراتقۇچىنىڭ رەھمىتى بىلەن ئۇ ئېتىلىپ چىققان سەل ياكى سۇغۇق مۇز بولماستىن بەلكى، كىچىك تامچە بولۇپ چۈشىدۇ. ياراتقۇچى الله ئۇنى ئۆستەڭلەردە ئاققۇزىدۇ، يەر قاتلاملىرىغا كىرگۈزىدۇ ۋە ئۇنىڭ (سۇلارنىڭ) چوڭقۇرلۇققا چۆكۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى «تاش تەخسە» بىلەن ساقلايدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَهُوَ الَّذِي يُرْسِلُ الرِّيَاحَ بُشْرًا بَيْنَ يَدَيْ رَحْمَتِهِ حَتَّى إِذَا أَقَلَّتْ سَحَابًا ثِقَالاً سُقْنَاهُ لِبَلَدٍ مَّيِّتٍ فَأَنزَلْنَا بِهِ الْمَاء فَأَخْرَجْنَا بِهِ مِن كُلِّ الثَّمَرَاتِ كَذَلِكَ نُخْرِجُ الْموْتَى لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ﴾ ﴿الله نىڭ رەھمىتى (يەنى يامغۇر) مەيدانغا كېلىش ئالدىدا، الله بېشارەتچى قىلىپ شاماللارنى ئەۋەتىدۇ، شاماللار ئېغىر بۇلۇتلارنى كۆتۈرگەن چاغدا، ئۇلارنى ئۆلۈك (يەنى قاغجىراپ ياتقان گىياھسىز) جايلارغا سۈرىمىز، ئۇنىڭدىن يامغۇر ياغدۇرۇپ تۈرلۈك- تۈرلۈك مېۋىلەرنى چىقىرىمىز، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (زېمىندىن مېۋىلەرنى چىقارغاندەك، قىيامەتتە) ئۆلۈكلەرنى قەبرىلىرىدىن چىقىرىمىز.﴾ (7-سۈرە ئەئراف 57- ئايەت).

4. ھاۋا ۋە كېچە كۈندۈز

ئەگەر ھاۋا ۋە قۇياشنىڭ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى بولمىسا، بىز دەرەخ، دان ۋە مېۋىلەرنى تاپالمىغان بولاتتۇق. ئەگەر قۇياش دائىم نۇر چاچقۇچى بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ كەتكەن بولاتتى. بىراق كېچە -كۈندۈز دائىم مۇنتىزىم ھالەتتە ئالمىشىپ تۇرىدۇ. كۈندۈز غىزانىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالىدۇ. كېچە بولسا ئىنسانلارغا ئارام ۋە راھەت ئېلىپ كېلىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ:﴿ فَالِقُ الإِصْبَاحِ وَجَعَلَ اللَّيْلَ

سَكَنًا وَالشَّمْسَ وَالْقَمَرَ حُسْبَانًا ذَلِكَ تَقْدِيرُ الْعَزِيزِ الْعَلِيمِ﴾ «الله سۇبھىنى (قاراڭغۇدىن) يېرىپ چىقارغۇچىدۇر (يەنى تاڭنى يورۇتقۇچىدۇر)، الله كېچىنى (سىلەر ئۇچۇن) ئىستىراھەت قىلىپ ياراتتى،(سىلەرنىڭ) ۋاقىت ھېسابلىشىڭلار ئۈچۈن قۇياش بىلەن ئاينى ياراتتى.»(سۈرە ئەنئام :96)

5. يېشىل ماددىلار

ئۆسۈملۈكلەردە يېشىل چېكىتلەردىن شەكىللەنگەن يېشىل ماددىلار بار. يېشىل چېكىتلەرنىڭ ھەممىسى ئىلگىرىكى خام ئەشيا ماددىلىرىدىن ئېلىنىدىغان غىزا مەنبەسىدۇر. ئۇنىڭدىن غىزالار شەكىللىنىدۇ.

تۇز، مەدەن ۋە سۇ تۇپراقتىن ئېلىنىدۇ. كاربون تۆت ئوكسىد ھاۋادىن ئېلىنىدۇ. ئىسسىقلىق قۇياشتىن ئېلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن تۇنجى شېكەر ماددىسى ياسىلىدۇ. شېكەر ماددىسى بىزنىڭ غىزالىنىشىمىز ۋە چارۋا ـماللىرىمىزنىڭ غىزالىنىشى ئۈچۈن مۇۋاپىق بولغان غىزا ماددىسىغا ئايلىنىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَهُوَ الَّذِيَ أَنزَلَ مِنَ السَّمَاء مَاء فَأَخْرَجْنَا بِهِ نَبَاتَ كُلِّ شَيْءٍ فَأَخْرَجْنَا مِنْهُ خَضِرًا نُّخْرِجُ مِنْهُ حَبًّا مُّتَرَاكِبًا وَمِنَ النَّخْلِ مِن طَلْعِهَا قِنْوَانٌ دَانِيَةٌ وَجَنَّاتٍ مِّنْ أَعْنَابٍ وَالزَّيْتُونَ وَالرُّمَّانَ مُشْتَبِهًا وَغَيْرَ مُتَشَابِهٍ انظُرُواْ إِلِى ثَمَرِهِ إِذَا أَثْمَرَ وَيَنْعِهِ إِنَّ فِي ذَلِكُمْ لآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ﴾ «الله بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈردى،ئۆسۈملۈكلەردىن يېشىل يापراقلارنى چىقاردى،(بوغداي ۋە ئارپا باشاقلىرىغا ئوخشاش) بىر ـ بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن دانلارنى يېتىشتۈردى. خورما دەرىخىنىڭ چېچەكلىرىدىن يەرگە يېقىن ساڭگىلاپ تۇرىدىغان خورما ساپاقلىرىنى يېتىشتۈردى،(يامغۇر سۈيى بىلەن) ئۈزۈملۈك باغلارنى يېتىشتۈردى، (يامغۇر سۈيى بىلەن) شەكىلدە،

ھەجىمىدە، تەمىدە بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان زەيتۇن،ئانار دەرەخلىرىنى يېتىشتۈردى، (ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ يېگى تۇتقان مېۋىسىگە ۋە پىشقان مېۋىسىگە قاراڭلار،ئۇلاردا الله نىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئوچۇق دەلىللەر بار﴾ (6-سۈرە ئەنئام 99-ئايەت) .

1. ئىسپېرمىنى ئانا قېنى بىلەن تۇتاشتۇرغان، تۇتاشتۇرغۇچى نەيچىلەرنى شەكىللەندۈرگەن، بوۋاق بالىياتقۇ قاراڭغۇلۇقى ئىچىدىكى ھالەتتە ئۇنىڭغا ئانا قېنىدىن غىزانى يەتكۈزۈپ بەرگەن زات ھېكمەتلىك، بىلگۈچى، تېخنىكىلىق، رىزىق بەرگۈچى ۋە كۆيۈمچان دەپ سۈپەتلەنمەمدۇ؟

2. بوۋاقنى ئانا قورسىقىدىن چىقارغان، ئۇنىڭغا ھېكمەتلىك، مۇناسىپ ھەزىم قىلىش سىستېمىلىرىنى شەكىللەندۈرگەن، بوۋاقنىڭ ھەزىم قىلىش سىستېمىلىرىنىڭ ئۆسۈش باسقۇچىغا ماس ھالدا ئىككى ئەمچەكتىن غىزانى كەلتۈرۈپ بەرگەن زات تەدبىر قىلغۇچى، بىلگۈچى، مېھرىبان ۋە ھېكمەتلىك دەپ سۈپەتلەنمەمدۇ؟

3. دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىگە ماس كېلىدىغان مۇنبەت تۇپراقنى، ئۆسۈملۈك خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان باكتېرىيە ۋە ئۇرۇقچىنى ياراتقان، دېڭىز سۇلىرىنى پارغا ئايلاندۇرۇپ يۇقۇرىغا ئۆرلەتكەن، بۇلۇتنى ھەيدەيدىغان شامالنى ئەۋەتكەن، بۇلۇتنى ھەر تەرەپكە ھەيدىگەن، ئۇنى تامچە-تامچە يامغۇر قىلىپ چۈشۈرگەن، ئاشكارا ھالەتتە ئۆستەڭلەردە ئاققۇزغان، زېمىننىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭدۈرىۋەتمەستىن، يەر يۈزىگە يېقىن تۆۋەنكى يەر قاتلاملىرىدا ساقلىغان، قۇياشنى

ياراتقان، كېچە ـ كۈندۈزنى ئالماشتۇرغان، ئاجايىپ يېشىل ماددىلارنى پەيدا قىلغان زات ئەڭ ئۇلۇغ، ياراتقۇچى، قۇدرەتلىك ، رىزىق بەرگۈچى، كونترول قىلغۇچى، كۈچلۈك، ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھېكمەتلىك دەپ سۈپەتلەنمەمدۇ؟

ئى مۇسۇلمان، سىز الله نىڭ مەخلۇقاتلىرى گۇۋاھ بولغاندەك، مۇشۇ دۇنيانىڭ ھېكمەتلىك، ياراتقۇچى، قۇدرەتلىك، رىزىق بەرگۈچى، كۆيۈمچان، تېخنىكىلىق، بىلگۈچى، تەدبىر قىلغۇچى، كۈچلۈك، كونترول قىلغۇچى ۋە ئەڭ ئۇلۇغ ئىگىسىنىڭ بارلىقىغا گۇۋاھ بولۇڭ. ئۇ بولسىمۇ پۈتكۈل كائىنات ئۇنىڭ قۇدرىتىگە دەلىل بولغان الله تائالا دۇر. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلْيَنظُرِ الْإِنسَانُ إِلَى طَعَامِهِ أَنَّا صَبَبْنَا الْمَاء صَبًّا ثُمَّ شَقَقْنَا الْأَرْضَ شَقًّا فَأَنبَتْنَا فِيهَا حَبًّا وَعِنَبًا وَقَضْبًا وَزَيْتُونًا وَنَخْلًا وَحَدَائِقَ غُلْبًا وَفَاكِهَةً وَأَبًّا مَّتَاعًا لَّكُمْ وَلِأَنْعَامِكُمْ﴾ ﴿(بۇ كاپىر) ئىنسان ئۆزىنىڭ يېمەكلىكلىرىگە (ئىبرەت نەزىرى بىلەن) قارىسۇن. (بىز بۇلۇتتىن) زور مىقداردا يامغۇر ياغدۇردۇق. ئاندىن زېمىننى (ئۇنىڭدىن ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىش بىلەن) ياردۇق. سىلەرنىڭ ۋە ھايۋانلىرىڭلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، زېمىندا ئاشلىقلارنى، ئۈزۈمنى، ئوتياشلارنى، زەيتۇننى، خورمىنى، دەرەخلىرى قويۇق باغچىلارنى، تۈرلۈك مېۋىلەرنى، ئوت ـ چۆپلەرنى ئۆستۈردۇق.﴾ (80 ـ سۈرە ئەبەسە24~32 ـ ئايەتلەر).

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## 9. دەرس: بىز نۇرلۇق چىراغنى قىلدۇق

### نۇرلۇق چىراغ

سوئال: نۇرلۇق چىراغ دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئۇ بولسا كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى يوقىتىدىغان، ئەتراپلارنى يورۇتىدىغان، الله كۆيدۈرگەن چىراغ (قۇياش) بولۇپ، الله ئۇنى ئۆز ھېكمىتى بىلەن بويسۇندۇردى. ئىنسانلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ تاكى مۇشۇ زامانغىچە قۇياشتىن مەنپەئەتلەنمەكتە. قۇياش نۇرى ئۆچۈپ قالمىغان ۋە يالقۇنى تۈگەپ قالمىغان ھالەتتە الله خالىغان مۇددەتكىچە داۋام قىلىدۇ. الله قۇياشنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَجَعَلَ الشَّمْسَ سِرَاجًا﴾ ﴿الله كۈننى (نۇر چاچقۇچى) چىراغ قىلدى.﴾ (71-سۈرە نوھ 16-ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ﴿تَبَارَكَ الَّذِي جَعَلَ فِي السَّمَاءِ بُرُوجًا وَجَعَلَ فِيهَا سِرَاجًا وَقَمَرًا مُّنِيرًا﴾ ﴿ئاسماندا بۇرۇجلارنى، يېنىپ تۇرىدىغان چىراغنى (يەنى كۈننى) ۋە نۇرلۇق ئاينى ياراتقان الله نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر.﴾ (25-سۈرە فۇرقان 61-ئايەت).

سوئال: بىزنىڭ يەرشارىمىزغا يەتكەن كۈن نۇرىنىڭ مىقدارى قانچىلىك؟

جاۋاب: نۇرنىڭ بىر خىل ئۆلچىمى بولۇپ، ئۇ ئەتراپقا تارقىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆلچەنمەيدۇ. لېكىن ھەرقانداق ۋاقىتتا قۇياشتىن تارقىلىۋاتقان نۇر مۇئەييەن مىقدارغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن تۆت مىليون (4000000) توننىدىن كۆپرەك دەپ ئۆلچىنىدۇ. مۇشۇ نۇرلاردىن بىزنىڭ

زېمىنىمىزغـــــا ھەر ســــېكۇنتتا تــــۆت رەتلـــــى (178.92كىلوگرام) ئېغىرلىقتىكى نۇر يېتىپ تۇرىدۇ.
سوئال: ئەگەر بىز زېمىندا مەنپەئەتلىنىۋاتقان قۇياش نـۇرىنى ھېسابلايدىغان بولساق، بىـر كۈنـدە يەرشـارىغا يەتـكەن نۇرنىـڭ قىممىتى قانچىلىك؟
جـاۋاب: يەرشـارىغا بىـر كۈنـدە يەتـكەن نۇرنىـڭ ئېغىرلىقـى تەخمىنەن 173 تونىنا بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىر سائەتلىك قىممىتـى تەخمىنەن 68 مىليارد (68000000000) فوندقا يېتىدۇ. مانـا بـۇ كــۆپىنچە كىشــىلەر ئوقۇيالمايــدىغان، كۆپلــۈك دەرىجىســى ئەڭ يــۇقىرى بولغــان مــۇرەككەپ ســاندۇر. كىشــىلەر ئاشــۇ نۇرلــۇق چىراغتىكى ياراتقۇچىنىڭ نېمەتلىرىنى چۈشەندىمۇ؟

قۇياشنىڭ پايدىسى

سوئال: قۇياشنىڭ پايدىسى قايسىلار؟
جـــاۋاب: بىزنىـــڭ ھاياتىمىزغـــا نىســـبەتەن قۇياشـــنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرلۈك زور ئەھمىيىتى بار.
1. بىـــز قۇيـــاش نـــۇرى بولغـــانلىقى ئۈچـــۈنلا كـــۆرەلەيمىز ۋە زېمىندا ماڭالايمىز.
2. قۇيـــاش نۇرىنىـــڭ ئىسســـىقلىقى بىـــلەن ئۆســـۈملۈكلەردىن بىزنىڭ ۋە ھەرقانداق تىرىك كائىناتنىڭ تائامى شەكىللىنىدۇ.
3. قۇياشـــنىڭ ئىسســـىقلىقى بىـــلەن زېمـــىن ئىسســـىيدۇ. زېمـــىن ئۈســـتىدە ياشـــايدىغان ھەرقانـــداق تىرىـــك كائىناتقـــا زىيـــان يەتكۈزىدىغان ئۆلتۈرگۈچى خاراكتېرلىك سوغۇق يوقىلىدۇ.
4. يـــاراتقۇچى ﷲ قۇياشـــنىڭ ئىسســـىقلىقى ۋە نۇرىـــدىن

www.uyghurkitap.com

ئىنسانغا زېمىندا كۆيدۈرىدىغان يېقىلغۇلارنى تەييارلىدى. ئۆسۈملۈكلەردە بولىدىغان خىلوروپلاست (يېشىل ماددىلار) دىكى نۇرنىڭ خىمىيىلىك تەسىرلىرى بىلەن قۇياشنىڭ ئىسسىقلىقى ئۆسۈملۈكلەردە، يوپۇرماقلاردا، دەرەخنىڭ غوللىرىدا ياكى يىلتىزلىرىدا ساقلىنىدۇ. مۇشۇ دەرەخ پارچىلىرىنى كۆيدۈرۈشىمىز بىلەن قاچىلانغان قۇياش ئىسسىقلىقى پارتىلاپ چىقىدۇ. مۇئەييەن دەۋرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ياغاچ ۋە تاش - تۇپراقلارنىڭ يەر قاتلاملىرىدا ئۆز - ئارا بىرىكىشى نەتىجىسىدە كۆمۈر ۋە نېفىت قاتارلىق مەدەنلەر ھاسىل بولىدۇ. ئەسلى مەنبەسىدە يېشىل ماددىلار مەۋجۇت بولغان يەنى قۇياشنىڭ ئىسسىقلىقىنى ئۆزىدە ساقلىغان بۇ خىل يەر ئاستى بايلىقلىرىدىن خىلمۇ - خىل كۆيدۈرگۈچى يېقىلغۇلار ئايرىپ ئېلىنىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِي جَعَلَ لَكُم مِّنَ الشَّجَرِ الْأَخْضَرِ نَارًا فَإِذَا أَنتُم مِّنْهُ تُوقِدُونَ﴾ ﴿الله سىلەر ئۈچۈن يېشىل دەرەختىن ئوت پەيدا قىلدى. سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئوت ياقىسىلەر.﴾ (36 - سۈرە ياسىن 80 - ئايەت).

نۇرلۇق چىراغنىڭ ھەجمى

سوئال: ئەگەر قۇياش بىزنىڭ زېمىنىمىزغا يېقىنلىشىپ قالسا نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟

جاۋاب: ئەگەر قۇياش بىزنىڭ زېمىنىمىزغا ئەسلىدىكى ئورنىدىن ئازغىنە يېقىنلىشىپ قالسا، ئەلۋەتتە زېمىن ئۈستىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن بولاتتى. ئەگەر قۇياش بىزنىڭ زېمىنىمىزدىن ئازغىنە يىراقلىشىپ كەتسە، بىز ۋە تىرىك كائىناتنىڭ ھەممىسى سوغۇقتىن توڭلاپ كەتكەن بولاتتۇق.

لېكىن، الله نىڭ قۇدرىتى چەكسىز، قانۇنى ئاشكارا بولۇپ، الله قۇياشنى مەلۇم مىقدار ۋە پۇختا قانۇنىيەت بىلەن ئېگىز ـ پەس بولۇپ كەتمەيدىغان، ھېرىپ قالمايدىغان ۋە بۇيرۇلغان ئىشتىن توختاپ قالمايدىغان ھالەتتە بويسۇندۇردى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَسَخَّر لَكُمُ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ دَآئِبَينَ وَسَخَّرَ لَكُمُ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ وَآتَاكُم مِّن كُلِّ مَا سَأَلْتُمُوهُ وَإِن تَعُدُّواْ نِعْمَتَ اللّهِ لاَ تُحْصُوهَا إِنَّ الإِنسَانَ لَظَلُومٌ كَفَّارٌ﴾ ﴿سىلەرگە ئاي بىلەن كۈننى تەرتىپلىك دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە كېچە بىلەن كۈندۈزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. الله سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەردى، سىلەر الله نىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر،كاپىر ئادەم، شەك ـ شۈبھىسىزكى، زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، (الله نىڭ نېمەتلىرىگە ) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر.﴾ (14 ـ سۈرە ئىبراھىم 33~34 ـ ئايەتلەر).

ئۇنداقتا، ئاشۇنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان گۇۋاھ بولغانىدەك، ياراتقۇچى، ئەڭ زور، ھېكمەتلىك ، غالىب، كونترول قىلغۇچى، تېخنىكىلىق، مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان زاتنىڭ قىلغانلىقىغا گۇۋاھ بولمامدۇ؟

خۇلاسە:

1. قۇياش الله ياراتقاندىن تارتىپ، الله خالىغان ۋاقىتقىچىلىك نۇرى ئۆچۈپ قالمايدىغان، يالقۇنى تۈگەپ قالمايدىغان، دائىم يېنىپ تۇرىدىغان نۇرلۇق چىراغ .

2. قۇياش نۇرىدىن بىزنىڭ زېمىنىمىزغا يېتىدىغىنى پەقەت ئۇنىڭ ئازغىنە بىر قىسمى بولۇپ، ئەگەر بىزگە بىر سائەت ئىچىدە يەتكەن نۇرنىڭ مىقدارىغا باھا بېكىتىلسە، بىز ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەشكە قادىر بولالمايمىز.

3. قۇياش نۇرغۇن تەرەپلەردىن مەنپەئەتلىك بولۇپ، بىز ئۇنىڭ نۇرىغا تايىنىپ كۆرىمىز. قۇياشتىن ئۆسۈملۈكلەر ۋە بىزنىڭ تائامىمىز شەكىللىنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن زېمىن ئىسسىيدۇ. قۇياشتىن خىلمۇ-خىل مەقسەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كۈيدۈرۈش ۋاستىلىرى شەكىللىنىدۇ.

4. الله ئاشۇ غايەت زور چىراغنى ئىنچىكە ۋە ھېكمەتلىك قانۇن بىلەن بويسۇندۇردى.

5. يۇقىرىقى مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ غايەت زور چىراغنىڭ رەببىنىڭ الله ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولىدۇ.

## 10. دەرس: ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبەرلەرگە بولغان ئېھتىياجى

### بىزنىڭ مەۋجۇت بولىشىمىزدىكى ھېكمەت

سوئال: بىز نېمە ئۈچۈن ياشايمىز؟

جاۋاب: بۇ سوئال ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن مەڭگۈلۈك ئاقىۋەتنى بەلگىلەيدىغان ئاساسلىق تېما بولۇپ، ئادەملەرنى ئۇلارنىڭ مۇشۇ زېمىن ئۈستىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋشىدىكى تۈپ غايە ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا ھەر ۋاقىت ئۈندەپ تۇرىدۇ. بىراق، ئۇلار ھەرقانچە ئويلانسىمۇ، ئۆزلۈكىدىن بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى تاپالمايدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي «بىز ياشاش ئۈچۈن يەيمىزمۇ ياكى يېيىش ئۈچۈن ياشايمىزمۇ؟» دېيىشكە مەجبۇر بولىدى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا يَتَمَتَّعُونَ وَيَأْكُلُونَ كَمَا تَأْكُلُ الْأَنْعَامُ وَالنَّارُ مَثْوًى لَّهُمْ ﴾ ﴿كاپىرلار (ھاياتىي دۇنيادا ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولىدۇ ۋە چاھارپايلاردەك يەپ- ئىچىدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ.﴾ (47- سۈرە مۇھەممەد 12- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئىنسان ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋشىدىكى ھېكمەتنى پەقەت ياراتقۇچىسى بولغان الله تەرەپتىن كەلگەن تەلىمات ۋە ھىدايەت ئارقىلىقلا تونۇيالايدۇ.

### بىزنىڭ ياراتقۇچىمىز

سوئال: بىزنىڭ ياراتقۇچىمىز كىم؟ ئۇنى رازى قىلىدىغان ۋە غەزەپلەندۈرىدىغان ئىشلار قايسى؟

جاۋاب: بۇ ئىنساننىڭ يولى ۋە ئاقىۋىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن مۇھىم سوئال. ئىنسان ئۆزىنى ئۆزى ياراتمىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنى يوقلۇقتىن پەيدا قىلغان ياراتقۇچىسىنىڭ قولى بولىدۇ. ياراتقۇچىسىنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى، ئۇنى رازى قىلىدىغان ۋە غەزەپلەندۈرىدىغان ئىشلارنى پەقەت ياراتقۇچىنىڭ ئۆگىتىشى بىلەنلا چۈشىنەلەيدۇ. ئەگەر ئىنسانغا رەببى تەرەپتىن ھىدايەت كەلمىسە، ئىنسان ھەيرانلىق ۋە گاڭگىراش ئىچىدە ھىدايەت يولىنى تاپالمىغان ھالىتىدە قالىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ مِن رَّسُولٍ إِلَّا نُوحِي إِلَيْهِ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدُونِ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيي قىلدۇق.﴾ (21 ـ سۈرە ئەنبىيا 25 ـ ئايەت).

## ئۆلۈم ۋە ئۆلۈمدىن كېيىنكى ئىشلار

سوئال: بىز نېمە ئۈچۈن ئۆلىمىز؟ ئۆلگەندىن كېيىن بىزنى نېمە ئىشلار كۈتۈپ تۇرىدۇ؟

جاۋاب: بۇ ئىنساننىڭ ئاقىۋىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەڭ مۇھىم سوئال. ئىنسان تۇنۇگۈنلا كىچىككىنە بىر بوۋاق ئىدى. مانا بۈگۈن ئۇ چوپچوڭلا بىر ئەر (ياكى ئايال) بولۇپ قالدى. ئەتە ئۇنىڭغا ئۆلۈم كېلىپ، ئۇنى ئائىلىسىدىن، بالىلىرىدىن، ھەمراھلىرىدىن، مال ـ دۇنياسىدىن، يۈز ـ ئابرۇيىدىن ۋە

خىزمىتىــدىن ئايرىۋېتىــدۇ. ھېچبىــر ئــادەم ئــۇنى ھاياتلىقتىن ئايرىلىپ كېتىشتىن توسۇپ قالالمايدۇ. ئىنسان يۈز يىـل ئىلگىرىكـى بىـر ئەۋلاد كىشـىلەرنىڭ ئاللىقاچـان دۇنيـادىن غايىب بولغانلىقىنى كۆرۈدۇ . يۈز يىـل ياكى ئۇنىڭـدىن كـۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن ئۇمۇ بۇ دۇنيادىن غەيبى دۇنياغا چىقىپ كېتىـدۇ. ئىنسـان ئۆلـۈپ كەتكەنـدىن كېـيىن ئـۇنى قايسـى ئىشـلار كۈتـۈپ تۇرىــدۇ؟ ئىنســان بــۇلارنى پەقەت ئىنســاننى تىرىلــدۈرگەن ۋە ئۆلتـۈرگەن، ئـۇنى دۇنياغـا كىرگـۈزگەن ۋە دۇنيـادىن چىقارغـان ياراتقۇچىنىــڭ بىلدۈرۈشــى ئــارقىلىقلا بىلەلەيــدۇ. ئەگەر بىــزگە ياراتقۇچىمىز تەرىپىدىن ھىدايەت يولى كۆرسىتىپ بېرىلمىسە، بىز كېيىنكى ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھەرگىز بىلەلمەيمىز. ﷲ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا قِيلَ إِنَّ وَعْدَ اللَّهِ حَقٌّ وَالسَّاعَةُ لَا رَيْبَ فِيهَا قُلْتُم مَّا نَدْرِي مَا السَّاعَةُ إِن نَّظُنُّ إِلَّا ظَنًّا وَمَا نَحْنُ بِمُسْتَيْقِنِينَ وَبَدَا لَهُمْ سَيِّئَاتُ مَا عَمِلُوا وَحَاقَ بِهِم مَّا كَانُوا بِهِ يَسْتَهْزِؤُون﴾ ﴿(ســىلەرگە) «ﷲ نىــڭ ۋەدىســى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، قىيامەتتە (يەنى قىيامەتنىڭ بولۇشىدا) ھېچ شــەك يــوق» دېيىلســە، ســىلەر (ھەددىــدىن زىيــادە سەركەشــلىكىڭلاردىن): «قىيامەتنىــڭ نــېمە ئىكەنلىكىنــى بىلمەيمىز، پەقەت ئـۇنى بولۇشـى مۇمكىن دەپ گۇمـان قىلىمىز، (ئۇنىڭغـا) بىـز ھەقىقىي ئىشـەنمەيمىز» دېـدىڭلار. (ئـاخىرەتتە) ئۇلارنىــڭ قىلغــان يامــان ئىشــلىرى ئاشــكارا بولىــدۇ، ئــۇلار (دۇنيــادىكى چاغلىرىــدا) مەســخىرە قىلغــان ئــازاب ئــۇلارنى ئورىۋالــدۇ.﴾ (45ـ ســۈرە جاســىيە 32~33ـ ئــايەتلەر). ﴿وَلَوْ أَنَّا أَهْلَكْنَاهُم بِعَذَابٍ مِّن قَبْلِهِ لَقَالُوا رَبَّنَا لَوْلَا أَرْسَلْتَ إِلَيْنَا رَسُولًا فَنَتَّبِعَ آيَاتِكَ مِن قَبْلِ أَن نَّذِلَّ وَنَخْزَى قُلْ كُلٌّ مُّتَرَبِّصٌ فَتَرَبَّصُوا فَسَتَعْلَمُونَ مَنْ أَصْحَابُ الصِّرَاطِ السَّوِيِّ وَمَنِ اهْتَدَى﴾ ﴿ئەگەر بىــز ئــۇلارنى ئۇنىڭــدىن (يەنــى مــۇھەممەد

www.uyghurkitap.com

ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىشتىن) ئىلگىرى ھالاك قىلغان بولساق، ئۇلار چوقۇم: «نېمىشقا بىزگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتمىدىڭ؟ بىز خار ۋە رەسۋا بولۇشتىن ئىلگىرى سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگىشەتتۇق» دەيتتى. ئېيتقىنكى«ھەممە (سىلەرنىڭ ۋە بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۈتمەكتە، سىلەرمۇ كۈتۈڭلار، كىملەرنىڭ توغرا يول ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى ۋە كىملەرنىڭ ھىدايەت تاپقانلىقىنى (ئۇزاققا قالماي) بىلىسىلەر﴾ (20- سۈرە تاھا 134~135ئايەتلەر). ﴿رُّسُلاً مُّبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَ لِئَلاَّ يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَى اللّهِ حُجَّةٌ بَعْدَ الرُّسُلِ وَكَانَ اللّهُ عَزِيزًا حَكِيمًا﴾ ﴿ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن الله نىڭ ئالدىدا كىشىلەر (يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر) گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن) خۇشخەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق﴾ (4- سۈرە نىسا165- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئىنسان ھاياتىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ يولى

سوئال: ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى بۇزۇقچىلىقتىن قۇتقۇزىدىغان ئامىللار قايسى؟

جاۋاب: ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلايدىغان تۈپ ئاساس ياكى مەنبە ھەققىدە كىشىلەر ھەر خىل ئىختىلاپلارنى قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىنىڭ ھەق ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىشىدۇ. ئىنسانلار ئۆز ئەھۋالىنى ياخشىلايدىغان توغرا يولنى پەقەت مەخلۇقاتلارغا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، پاكلىق بىلەن بۇزۇقچىلىقنىڭ قەيەردىن كېلىدىغانلىقىنى تونۇتىدىغان

ياراتقۇچىنىڭ بىلدۈرۈشى ئارقىلىقلا تونۇيدۇ. اللە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا أَنزَلْنَا عَلَيْكَ الْكِتَابَ إِلاَّ لِتُبَيِّنَ لَهُمُ الَّذِي اخْتَلَفُواْ فِيهِ وَهُدًى وَرَحْمَةً لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) پەقەت سېنىڭ كىشىلەرگە ئۇلار (دىنىدىكى) دەتالاش قىلىشقان نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋمگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولسۇن ئۈچۈنلا نازىل قىلدۇق.﴾ (16 ـ سۈرە نەھل 64 ـ ئايەت).

شۇنداق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكىدەك، ئۇلار رەببىنىڭ يولىيورۇق ۋە تەلىماتلىرىغا ئەگەشكەندىلا ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرى ياخشىلىنىدۇ. اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كَمَا أَرْسَلْنَا فِيكُمْ رَسُولاً مِّنكُمْ يَتْلُو عَلَيْكُمْ آيَاتِنَا وَيُزَكِّيكُمْ وَيُعَلِّمُكُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَيُعَلِّمُكُم مَّا لَمْ تَكُونُواْ تَعْلَمُونَ﴾ ﴿شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزگىنىمدەك) ئۆز ئىچىڭلاردىن سىلەرگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، سىلەرنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھدىن) پاك قىلىدىغان، سىلەرگە كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى دىنى ئەھكاملارنى) ئۆگىتىدىغان، سىلەرگە بىلمىگەنلىرىڭلارنى بىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.﴾ (2 ـ سۈرە بەقەر 151 ـ ئايەت). ﴿قَدْ جَاءكُم مِّنَ اللّهِ نُورٌ وَكِتَابٌ مُّبِينٌ يَهْدِي بِهِ اللّهُ مَنِ اتَّبَعَ رِضْوَانَهُ سُبُلَ السَّلاَمِ وَيُخْرِجُهُم مِّنِ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّورِ بِإِذْنِهِ وَيَهْدِيهِمْ إِلَى صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ﴾ ﴿سىلەرگە اللە تەرىپىدىن نۇر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ۋە روشەن كىتاب (يەنى قۇرئان) كەلدى. اللە شۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرى (اللە نىڭ شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى)غا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى

(كۇفرى) قاراڭغۇلۇقتىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ.﴾ (5 ـ سۈرە مائىدە 15~16 ـ ئايەتلەر).

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلارغا الله نىڭ پەيغەمبەرلىرى بولمىسا، ئۇلار ھاياتىنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش ئۇقتىسىنى ھەمدە ياشاشنىڭ تۈپ غايىسىنى بىلەلمەي بىر توپ قارىغۇ پادىغا ئوخشاپ قالىدۇ.

خۇلاسە:

1. ئىنسان ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىكى ھېكمەتنى پەقەت ئۇنى ياراتقان الله نىڭ ئۆگىتىشى ئارقىلىقلا تونۇيدۇ.

2. ئىنسان ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە خوجايىنىنى، نېمىنىڭ ھالال ۋە ھاراملىقىنى پەقەت رەببى تەرەپتىن كەلگەن ھىدايەت ئارقىلىقلا تونۇيدۇ.

3. ئىنسان ئۆزىنى قايسى خىل ئاقىۋەتنىڭ كۈتۈپ تۇرىۋاتقانلىقىنى پەقەت ئۇنى تىرىلدۈرگەن ياراتقۇچىنىڭ ھىدايىتى بىلەنلا تونۇيدۇ.

4. ئىنسان ئۆز ئىشلىرىنى ياخشىلايدىغان ئاساسلارنى پەقەت ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى الله نىڭ ئۆگىتىشى بىلەنلا تونۇيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن الله ئىنسانلارنى ھىدايەت يولىغا باشلاشتىن ئىبارەت ئىنسانلارنىڭ تۈپ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىدۇ.

## 11. دەرس: بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ خەۋىرى

### پەيغەمبەرلىكنىڭ پاكىتلىرى

سوئال: يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرىكىلەر ھەققىدە خەۋەر بەرگەنلىكىنىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزدىن ئىلگىرىكى نۇرغۇنلىغان ئۈممەتلەرنىڭ خەۋىرىنى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىلەن بولغان ۋەقەلىكلىرىنى ۋە الله ئۇلارغا چۈشۈرگەن ھىدايەتنىڭ بايانىنى ئېلىپ كەلدى.

سوئال: بۇلارنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

جاۋاب: بۇلارنىڭ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئەھمىيىتى بار:

1. ئىلگىرىكىلەرنىڭ تارىخلىرىدىن ئىبرەت ئېلىش ھەمدە الله نىڭ ھەرقايىسى دەۋردىكى پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەرگە ياردەم بېرىش قانۇنىيىتىنى چۈشىنىش. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكُلاًّ نَّقُصُّ عَلَيْكَ مِنْ أَنبَاء الرُّسُلِ مَا نُثَبِّتُ بِهِ فُؤَادَكَ وَجَاءكَ فِي هَذِهِ الْحَقُّ وَمَوْعِظَةٌ وَذِكْرَى لِلْمُؤْمِنِينَ﴾ ﴿كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ساڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇ قىسسىلەر ھەقىقەتنى، مۆمىنلەر ئۈچۈن ۋەز۔ نەسىھەت، ئىبرەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.﴾ (11۔ سۈرە ھۇد 120۔ ئايەت).

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەر بىلمەيدىغان، يەھۇدىي پوپلىرى بىلەن ناسارا ئالىملىرى يوشۇرۇپ كەلگەن غەيبىي ھەقىقەتلەردىن خەۋەر بېرىشى بۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا الله نىڭ خەۋەر قىلغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. الله

مۇنداق دەيدۇ: ﴿تِلْكَ مِنْ أَنبَاء الْغَيْبِ نُوحِيهَا إِلَيْكَ مَا كُنتَ تَعْلَمُهَا أَنتَ وَلاَ قَوْمُكَ مِن قَبْلِ هَذَا فَاصْبِرْ إِنَّ الْعَاقِبَةَ لِلْمُتَّقِينَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئەنە شۇ (قىسسە) غەيبكە ئائىت خەۋەرلەردىندۇر، ساڭا ئۇنى ۋەھيى قىلدۇق، سەن ۋە سېنىڭ قەۋمىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنى بىلمەيتتىڭلار، سەۋر قىلغىن، شۈبھىسىزكى، ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر. ﴾ (11 ـ سۈرە ھۇد 49 ـ ئايەت).

مىسال:

سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرىكىلەر ھەققىدە خەۋەر بېرىشى ئۇنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى تەستىقلايدىغان مۆجىزە، پاكىت ۋە ئالامەت ھېسابلىنامدۇ ؟

جاۋاب: شۇنداق، بىز بۇلارنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندە مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرىمىز.

ھىندىستان بىلەن جۇڭگودىكى تارىخچىلار ئۆزلىرىنىڭ مىڭ يىل ئىلگىرىكى تارىخى ۋە جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى تارىخى مۇناسىۋەت توغرىلىق ئىختىلاپ قىلىشتى. بۇخىل ئىختىلاپ ئاخىرقى ھېسابتا بىرمۇنچىلىغان جەڭگى ـ جېدەل ۋە ماجىرالارغا سەۋەب بولىدى. دەل شۇ پەيتتە بىلىمسىز ۋە ساۋاتسىز بىر ئادەمنىڭ جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ ئەڭ توغرا تارىخىنى ئېيتىپ بېرەلىشى، تەپسىلىي ئەھۋاللارنى ئاشكارىلىشى، تالاش ـ تارتىش قىلغۇچىلارغا ئىختىلاپنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرۈشى ۋە ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئەقىلگە سىغامدۇ؟

جۇڭگو ۋە ھىندىستاندىكى ئىنساپلىق تارىخى ئالىملار ئاشۇ ساۋاتسىز ئادەمنىڭ ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، شۇڭا ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ ئادەمنىڭ سېپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېلان

قىلـدى. ئاشـۇ ۋەقەنىـڭ يـۈز بېرىشـى پەقەت ﷲ نىـڭ ئاشــۇ تــارىخنى ئاشــۇ ساۋاتســىز ئــادەمگە ۋەھــي ئــارقىلىق بىلدۈرگەنلىكى بولسىلا ئاندىن ئەقىلگە سىغىدۇ.

سوئال: بۇ مەسىلىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىـلەن قانـداق مۇناسىۋىتى بار؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىتاب، ژۇرنال، مەتبۇئـات ۋە رادىئو قاتارلىق ئاخبـارات ۋاسـىتىلىرى يـاكى ئوقۇتـۇش ئـورۇنلىرى بولمىغـان جـاھىلىيەت دەۋرىــدە ياشــىغان ساۋاتســىز پەيغەمــبەر. تالاش ـ تارتىش قىلىنغان تارىخ ئىلگىرىكـى ئۈممەتلەرنىـڭ، شـۇ ئۈممەتلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە پەيغەمبەرلەر ئېلىـپ كەلگەن دىنىنىڭ تارىخىدىن ئىبارەت. ئىختىلاپ قىلىشقان ئـالىملار ناسارالارنىڭ پوپلىرى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ راھىبلىرى بولـۇپ، ئـۇلار دىنــى ئىلىملەرنــى مونوپــول قىلىۋالغــان ئىــدى. ﷲ بىزنىــڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامنى ئىلىـم ۋە مەدەنىيەتـتىن خـالىي بىلىمســىز ئـۈممەتكە پەيغەمــبەر قىلىــپ ئەۋەتتــى. يەنــى، ئوقـۇش ۋە يېزىشـنى بىلمەيـدىغان ساۋاتسـىز ئـادەمنى پەيغەمـبەر قىلىپ تاللىدى. ئۇنىڭغا ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىـڭ تـارىخى ۋەقەلىرىنـى ۋە شـۇ پەيغەمــبەرلەر ئېلىــپ كەلــگەن ھىــدايەت يــوللىرىنى، ھەتتــا كۆڭـۈللەردە يوشـۇرۇن ھـالەتتە سـاقلانغان ئـوي ـ خىيـاللارنىمۇ ۋەھيي ئارقىلىق خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھـۇدىي ۋە نـاسـارا ئالىملىرىغـا:« ﷲ مېنــى سـىلەر ئىخـتىلاپ قىلىشـقان ئىشـلار توغرىلىـق ھەقىقـى بىلىـم بىـلەن ئەۋەتتـى. مەن سـىلەر ئۆزگەرتىۋەتكەن دىننى تـوغرا ھالىتىـدە ئېلىـپ كەلـدىم» دېـدى. ئەھلـى كىتـاب ئالىملىرىـدىن ئىنسـاپلىق كىشـىلەر ئـۇ سـۆزلەرنى

www.uyghurkitap.com

ئاڭلاپ ھەقىقە گۇۋاھلىق بەردى. ئۇلار: «ئى مۇھەممەد، بىز سېنىڭ ھەققەتنى ئېلىپ كەلگەنلىكىڭگە؛ ئىختىلاپنى كۆتۈرۈپ، مۇجمەللىكنى يوقاتقانلىقىڭغا؛ سېنىڭ الله نىڭ ھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىمىز» دېدى. ئاندىن ئۇلار ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. الله مۇشۇ ئىنساپلىق كىشىلەر توغرىلىق تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى. ﴿الَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ مِن قَبْلِهِ هُم بِهِ يُؤْمِنُونَ وَإِذَا يُتْلَى عَلَيْهِمْ قَالُوا آمَنَّا بِهِ إِنَّهُ الْحَقُّ مِن رَّبِّنَا إِنَّا كُنَّا مِن قَبْلِهِ مُسْلِمِينَ﴾ ﴿قۇرئاندىن ئىلگىرى بىز كىتاب (يەنى ئىنجىل، تەۋرات) نازىل قىلغانلار (يەنى ناسارا ۋە يەھۇدىيلارنىڭ مۆمىنلىرى) قۇرئانغا ئىشىنىدۇ. ئۇلارغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇلار: «بىز قۇرئانغا ئىشەندۇق، شۈبھىسىزكى، ئۇ پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەتتۇر. بىز ھەقىقەتەن بۇنىڭدىن بۇرۇن مۇسۇلمان ئىدۇق» دەيدۇ.﴾ (28-سۈرە قەسەس 52~53-ئايەتلەر).

قۇرئان كەرىم ئەرەبلەرگە ئەھلى كىتابنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ھۆججەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَوَلَمْ يَكُن لَّهُمْ آيَةً أَن يَعْلَمَهُ عُلَمَاء بَنِي إِسْرَائِيلَ﴾ ﴿(ئابدۇللا ئىبن سالام ۋە ئۇنىڭ ئىمان ئېيتقان ھەمراھلىرىغا ئوخشاش) بەنى ئىسرائىل ئۆلىمالىرىنىڭ قۇرئاننى بىلىشى مۇشرىكلارغا (قۇرئاننىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بولمامدۇ؟.﴾ (26-سۈرە شۇئەرا 197-ئايەت).

قۇرئان كەرىم مۇشۇ ئالامەتلەرگە ئىشارەت قىلىدۇ.

سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرىكىلەر ھەققىدە خەۋەر بېرىشى قۇرئاننىڭ الله نىڭ ۋەھيىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولىدىغان پاكىت ھېسابلىنامدۇ ؟ قۇرئاندا بۇ ھەقتە مەلۇمات

بارمۇ؟

جاۋاب: شۇنداق، ئىلگىرىكى زامانلاردا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتىنى ئوچۇق بىلدىغان الله قۇرئان كەرىمدە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿تِلْكَ مِنْ أَنبَاء الْغَيْبِ نُوحِيهَا إِلَيْكَ مَا كُنتَ تَعْلَمُهَا أَنتَ وَلاَ قَوْمُكَ مِن قَبْلِ هَذَا فَاصْبِرْ إِنَّ الْعَاقِبَةَ لِلْمُتَّقِينَ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئەنە شۇ (قىسسە) غەيبكە ئائىت خەۋەرلەردىندۇر ساڭا ئۇنى ۋەھيي قىلدۇق، سەن ۋە سېنىڭ قەۋمىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنى بىلمەيتتىڭلار، سەۋر قىلغىن، شۈبھىسىزكى، ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر.»(11-سۈرە هۇد 49-ئايەت).

الله يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىنى سۆزلەشتىن ئىلگىرى مۇنداق دەيدۇ:﴿نَحْنُ نَقُصُّ عَلَيْكَ أَحْسَنَ الْقَصَصِ بِمَا أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ هَذَا الْقُرْآنَ وَإِن كُنتَ مِن قَبْلِهِ لَمِنَ الْغَافِلِينَ﴾ «بۇ قۇرئاننى ساڭا ۋەھيي قىلىش ئارقىلىق ئەڭ چىرايلىق قىسسىنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ قىسسىدىن ھەقىقەتەن بىخەۋەر ئىدىڭ.» (12-سۈرە يۈسۈپ3-ئايەت).

ئى مۇھەممەد، الله ساڭا قۇرئان كەرىمدە ئىبرەت ئۈچۈن چىن ۋە راست بولغان، ئۇسلۇب جەھەتتە ئەڭ گۈزەل تارىخلارنى سۆزلەپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ الله نىڭ ۋەھيىسىدۇر. ئەمما سەن غەيبى ۋە تارىخى ئىلىملەرنى، زور ۋەقەلەرنى ئۆزۈڭگە تايىنىپلا بايان قىلىپ بېرەلمەيسەن. چۈنكى قۇرئان كەرىم نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى ھېچنەرسىنى بىلمەيتتىڭ. سېنىڭ قەۋمىڭ سېنىڭ بىلىمسىز ئىكەنلىكىڭنى ئوچۇق بىلىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ذَلِكَ مِنْ أَنبَاء الْغَيْبِ نُوحِيهِ إِلَيْكَ وَمَا كُنتَ لَدَيْهِمْ إِذْ أَجْمَعُواْ أَمْرَهُمْ وَهُمْ يَمْكُرُونَ﴾ «مانا بۇلار (يەنى يۈسۈفنىڭ قىسسىسى) بىر قىسىم

غەيىب خەۋەرلىرى بولۇپ، بىز ئۇنى ساڭا ۋەھيي قىلدۇق. ئۇلار (يەنى يۈسۈفنىڭ قېرىنداشلىرى) (ئۇنىڭغا قارشى) چارە ـ تەدبىر تۈزۈپ بىر قارارغا كېلىشكەندە، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ.﴾(12 ـ سۈرە يۈسۈپ 102 ـ ئايەت). ﴿وَمَا كُنتَ بِجَانِبِ الْغَرْبِيِّ إِذْ قَضَيْنَا إِلَى مُوسَى الْأَمْرَ وَمَا كُنتَ مِنَ الشَّاهِدِينَ وَلَكِنَّا أَنشَأْنَا قُرُونًا فَتَطَاوَلَ عَلَيْهِمُ الْعُمُرُ وَمَا كُنتَ ثَاوِيًا فِي أَهْلِ مَدْيَنَ تَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِنَا وَلَكِنَّا كُنَّا مُرْسِلِينَ وَمَا كُنتَ بِجَانِبِ الطُّورِ إِذْ نَادَيْنَا وَلَكِن رَّحْمَةً مِّن رَّبِّكَ لِتُنذِرَ قَوْمًا مَّا أَتَاهُم مِّن نَّذِيرٍ مِّن قَبْلِكَ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز غەربى تاغنىڭ بىر تەرىپىدە مۇساغا ۋەھيي نازىل قىلغىنىمىزدا سەن يوق ئىدىڭ، (بۇنى) ئۆز كۆزۈڭ بىلەنمۇ كۆرمىگەن ئىدىڭ. لېكىن بىز نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ياراتتۇق، ئۇلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولدى، سەن مەديەن ئاھالىسىنىڭ ئىچىدە ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرغۇچى بولغىنىڭ يوق، لېكىن بىز (سېنى ئۇلاردىن باشقا بىر قەۋمگە پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق. بىز تۇر تېغىنىڭ بىر تەرىپىدە (مۇساغا) سۆز قىلغىنىمىزدا سەن يوق ئىدىڭ، لېكىن بۇ سەندىن ئىلگىرى ھېچبىر ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىگەن قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان رەھمەتتۇر.﴾(28 ـ سۈرە قەسەس 44~46 ـ ئايەتلەر).

ئى مۇھەممەد، سەن خۇددى ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىچىدە ھازىر بولغاندەكلا، ئۇلارنىڭ تارىخى ۋەقەلىرىنى ئېلىپ كەلدىڭ. بۇ ئەھلى كىتاب ئارىسىدىكى ئىنساپلىق كىشىلەر بىلىدىغان ئىش. ئەمەلىيەتتە سەن ئۇ ئىشلارنى بىلمەيتتىڭ. پەقەت الله نىڭ ۋەھيىسى ساڭا ھەممىنى بىلدۈردى.

خۇلاسە:

1. يەھۇدىيلارنىڭ راھىبلىرى ۋە ناسارالارنىڭ پوپلىرى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخى ۋە ئۇلار ئېلىپ كەلگەن دىن، ھىدايەت توغرىلىق ئىختىلاپ قىلىشتى. ھەر بىر گۇرۇھ ئۆزىنىڭ ھەق ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىشتى. بۇ ئىختىلاپلار ﷲ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دىنىدىن بىخەۋەر ۋە بىلىمسىز ئۈممەت ئىچىدە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنگە قەدەر داۋاملاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئىختىلاپلارنى يوقاتتى، ئىشلارنى ئايدىڭلاشتۇردى، ئىلگىرىكى زامانلاردا يۈز بەرگەن ئىشلارنى خۇددى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك ئىنچىكىلىك بىلەن چۈشەندۈردى.

2. ئەھلى كىتابنىڭ ئىنساپلىق كىشىلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىلغان سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. «بۇ ساۋاتسىز كىشى بىلمەيدىغان ئىلىم بولۇپ، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ» دېيىشتى ۋە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى.

3. قۇرئان كەرىم ئاشۇ مەزمۇنلارنى بايان قىلىپ، ئۇنى ھەرقانداق ئەقىللىق ئادەمگە نىسبەتەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ﷲ نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە پاكىت دەپ ئېتىبارغا ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 12.دەرس: الله ئۇلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ۋە يوشۇرۇن سۆھبەتلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

### كۆڭۈلدىكى ئىشلارنى بىلىش

سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدىن كەچكەن بەزى ئىشلاردىن خەۋەر بەردىمۇ؟

جاۋاب: كىشىلەر كۆڭۈللىرىدە يوشۇرغان بەزى ئىشلارنى الله مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاشكارا قىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىشلارنى ئەتراپىدىكى ساھابىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ. ئاندىن ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇلارنىڭ مەخپىيەتلىكى ۋە پىچىرلاشلىرىنى خەۋەر قىلغان ۋە بىلدۈرگەن كىشىنىڭ الله ئىكەنلىكىنى تونۇيدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَمْ يَعْلَمُواْ أَنَّ اللّهَ يَعْلَمُ سِرَّهُمْ وَنَجْوَاهُمْ وَأَنَّ اللّهَ عَلاَّمُ الْغُيُوبِ﴾ ﴿الله نىڭ ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى، (ئۆزئارا قىلىشقان) يوشۇرۇن سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، پۈتۈن غەيبلەرنى چوڭقۇر بىلىدىغانلىقىنى ئۇلار ئۇقمامدۇ؟﴾ (9-سۈرە تەۋبە 78-ئايەت). ﴿يَعْلَمُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَيَعْلَمُ مَا تُسِرُّونَ وَمَا تُعْلِنُونَ وَاللَّهُ عَلِيمٌ بِذَاتِ الصُّدُورِ﴾ ﴿الله ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، الله (نىيەتلىرىڭلاردىن، ئەمەللىرىڭلاردىن) يوشۇرغانلىرىڭلارنى ۋە ئاشكارىلىغانلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، الله دىللاردىكى سىرلارنى بىلگۈچىدۇر.﴾ (64-سۈرە تەغابۇن 4-ئايەت).

سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرنىڭ دىللىرىدىكى يوشۇرۇن سىرلارنى ئەڭ توغرا ھالەتتە خەۋەر بېرىشى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دەلىل، ئالامەت، مۆجىزە ۋە پاكىت ھېسابلىنامدۇ ؟

جاۋاب: كۆڭۈلدىكى نەرسىلەرنى الله دىن باشقىسى بىلمەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭۈلدىكى سىرلارنى خەۋەر قىلىشى ھەر قانداق ئەقىللىق كىشىگە نىسبەتەن ئۇنىڭ الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ.

مىساللار:

سوئال: بۇ ھەقتىكى مىساللار قايسى؟

جاۋاب: مىساللار ناھايىتى كۆپ. تارىخ ۋە ھەدىس كىتابلىرى بۇنداق مىساللارغا باي. قۇرئان كەرىم ئۇ مىساللارنىڭ بىر قىسمىنى تىلغا ئالدى. بۇ مىساللار كۆپلىگەن مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمان بولىشىغا سەۋەب بولدى.

## تۆئمىنىڭ ۋەقەلىكى

سوئال: قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان بۇ ھەقتىكى مىسال قايسى؟

جاۋاب: مۇسۇلمانلار ئىچىدە تۆئمە ئىسىملىك ئاجىز بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە مەدىنە شەھرىدە ياشايتتى. ئۇ قوشنىسىنىڭ بىر قۇر تۆمۈر كىيىمىنى ئوغرىلاپ، بىر يەھۇدىينىڭ يېنىدا يوشۇرۇپ قويىدى. كىيىم ئىگىلىرى كىيىمنى ئىزدەپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئۇنى يەھۇدىينىڭ يېنىدىن تېپىۋالدى. يەھۇدىيلار ئۆزىنىڭ يەھۇدىي قېرىندىشىنىڭ گۇناھسىز

www.uyghurkitap.com



ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ، ئوغرىنىڭ تۆئىمە ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى. ئوغرىلىقنى نومۇس دەپ قارىغان تۆئىمەنىڭ قەۋمى ئىچىدە قاتتىق غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى ھەمدە قانداقتۇر بىر ئۇسۇل بىلەن ئۆزلىرىدىن بۇ نومۇسنى يۇيۇشقا كىرىشتى. تۆئىمە كىيىمنى ئوغرىلىمىغانلىقىغا ۋە ئۇنى بىلمەيدىغانلىقىغا قەسەم قىلدى. تۆئىمەنىڭ قەۋمى ئۇچۇن تۆئىمەنى ئاقلاش ۋە ئوغرىلىق ئىشىنى يەھۇدىيغا ئىتىراپ قىلدۇرۇش مۇھىم مەسىلىگە ئايلاندى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ: «بۇ يەھۇدىيلارنىڭ تۆئىمەگە قىلغان تۆھمىتى، بۇ پەقەت يەھۇدىيلارنىڭ ئىسلامغا قىلغان ھىيلىسى» دېدى ۋە تۆئىمەنى يەھۇدىيلارنىڭ تۆھمىتىدىن ئاقلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە قېرىندىشىنىڭ گۇناھسىز، يەھۇدىينىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردى. مانا مۇشۇ ۋاقىتتا تۆئىمە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى پاش قىلىدىغان، يەھۇدىينى ئاقلايدىغان ۋەھيي نازىل بولدى. ﷲ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا أَنزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ لِتَحْكُمَ بَيْنَ النَّاسِ بِمَا أَرَاكَ اللّهُ وَلاَ تَكُن لِّلْخَآئِنِينَ خَصِيمًا وَاسْتَغْفِرِ اللّهِ إِنَّ اللّهَ كَانَ غَفُورًا رَّحِيمًا وَلاَ تُجَادِلْ عَنِ الَّذِينَ يَخْتَانُونَ أَنفُسَهُمْ إِنَّ اللّهَ لاَ يُحِبُّ مَن كَانَ خَوَّانًا أَثِيمًا يَسْتَخْفُونَ مِنَ النَّاسِ وَلاَ يَسْتَخْفُونَ مِنَ اللّهِ وَهُوَ مَعَهُمْ إِذْ يُبَيِّتُونَ مَا لاَ يَرْضَى مِنَ الْقَوْلِ وَكَانَ اللّهُ بِمَا يَعْمَلُونَ مُحِيطًا هَاأَنتُمْ هَؤُلاء جَادَلْتُمْ عَنْهُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا فَمَن يُجَادِلُ اللّهَ عَنْهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَم مَّن يَكُونُ عَلَيْهِمْ وَكِيلاً وَمَن يَعْمَلْ سُوءًا أَوْ يَظْلِمْ نَفْسَهُ ثُمَّ يَسْتَغْفِرِ اللّهَ يَجِدِ اللّهَ غَفُورًا رَّحِيمًا وَمَن يَكْسِبْ إِثْمًا فَإِنَّمَا يَكْسِبُهُ عَلَى نَفْسِهِ وَكَانَ اللّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا وَمَن يَكْسِبْ خَطِيئَةً أَوْ إِثْمًا ثُمَّ يَرْمِ بِهِ بَرِيئًا فَقَدِ احْتَمَلَ بُهْتَانًا وَإِثْمًا مُّبِينًا وَلَوْلاَ فَضْلُ اللّهِ عَلَيْكَ وَرَحْمَتُهُ لَهَمَّت طَّآئِفَةٌ مُّنْهُمْ أَن يُضِلُّوكَ وَمَا يُضِلُّونَ إِلاُّ أَنفُسَهُمْ وَمَا يَضُرُّونَكَ مِن شَيْءٍ وَأَنزَلَ اللّهُ عَلَيْكَ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَعَلَّمَكَ مَا لَمْ تَكُنْ تَعْلَمُ وَكَانَ فَضْلُ اللّهِ عَلَيْكَ عَظِيمًا﴾ (ئى مۇھەممەد!) سېنى

كىشىلەر ئارىسىدا الله نىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلىسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق. خائىنلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن. الله دىن مەغپىرەت تىلىگىن. الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. (گۇناھ قىلىش بىلەن) ئۆزلىرىگە خىيانەت قىلغۇچىلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن. خىيانەتكە ئادەتلەنگەن، گۇناھقا چۆمگەن كىشىنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ. ئۇلار (خىيانەتلىرىنى) ئىنسانلاردىن (خىجىل بولۇپ) يوشۇرىدۇ، الله دىن (خىجىل بولۇپ) يوشۇرمايدۇ؛ ئۇلار الله رازى بولمايدىغان سۆزنى (يەنى بوھتان چاپلاش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ۋە يالغان قەسەمنى) پىلانلىغان چاغدا، الله ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇراتتى، سۆزىنى ئاڭلاپ تۇراتتى). ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى الله تامامەن بىلگۈچىدۇر. سىلەر شۇنداق كىشىلەرسىلەركى، ھاياتىي دۇنيادا ئۇلارنىڭ (يەنى ئوغرى ۋە خائىنلارنىڭ) تەرىپىنى ئالدىڭلار، قىيامەت كۈنى كىم الله غا قارشى ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئالىدۇ؟ (يەنى الله نىڭ ئازابىنى كىم ئۇلاردىن دەپئى قىلىدۇ؟) ياكى كىم ئۇلارغا ھامىي بولىدۇ. كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن الله دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ئۇ الله نىڭ مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. كىمكى(قەستەن) بىرەر گۇناھ قىلسا، ئۇنى ئۆزىنىڭ زىيىنىغا قىلىدۇ (يەنى ئۇنىڭ ۋابالىنى ئۆزى تارتىدۇ). الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. كىمكى بىر كىچىك گۇناھ ياكى بىر چوڭ گۇناھ قىلىپ قويۇپ، ئۇنى بىگۇناھ ئادەمگە چاپلىسا، ئۇ شۇ بوھتاننى ۋە ئوپئوچۇق

بىر گۇناھنى ئۆزىگە يۈكلىۋالغان بولىدۇ. (ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ساڭا ﷲ نىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى، ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم چوقۇم سېنى ئازدۇرۇشنى قەستلەيتتى؛ ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىلا ئازدۇرىدۇ، ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ﷲ ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى سۈننەتنى) نازىل قىلدى، ساڭا سەن بىلمىگەن نەرسىلەرنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە غەيىب ئىشلارنى) بىلدۈردى. ﷲ نىڭ ساڭا پەزلى چوڭدۇر.﴾ (4 ـ سۈرە نىسا105~113 ـ ئايەتلەر).

ھاتەبنىڭ ۋەقەسى

سوئال: ھاتەبنىڭ ۋەقەسى قانداق ۋەقە؟

جاۋاب: بۇ ئىنتايىن چوڭ بىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن مۇسۇلمانىنىڭ مىسالى. يەنى ھاتەب ئىبن ئەبى بەلتەئەنىڭ ۋەقەسى. «ھۇدەيبىيە شەرتنامىسى» بۇزۇلغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىنى پەتھى قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، كىشىلەرنى تەييارلىق قىلىشقا چاقىردى. مۇسۇلمانلار مەككىنى پەتھى قىلىش ئۈچۈن ئۆز جانلىرىنى تەييارلىدى. ھاتەب مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرى مەغلۇپ بولۇپ، قۇرەيشلەرنىڭ مەككىدە ئولتۇراقلاشقان مۇسۇلمانلار ئاھالىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، قۇرەيشلەر بىلەن يېقىنلىشىشنى مەقسەت قىلدى. مۇبادا پەتھى قىلىش مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشسا، مەككىدىكى ئائىلىسىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن، قۇرەيشلەرگە مۇسۇلمانلارنىڭ تەييارلىقلىرىنى خەۋەر قىلىپ قويۇشنى راۋا كۆردى ھەمدە بۇ ھەقتە بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇنى بىر ئايالدىن ئەۋەتتى. ﷲ

بۇ ئەھۋالنى ئۆز پەيغەمبىرىگە خەۋەر قىلدى. بىز بۇ ۋەقەنى ئەلى (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)غا قالدۇرايلى، ئۇ بىزگە ۋەقەلىكنىڭ تەپسىلاتىنى ئۆزى سۆزلەپ بەرسۇن.

ئەلى (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن، زۇبەير ۋە مىقداد ئۈچىمىزنى چاقىرىپ، بىزگە «سىلەر ‹رەۋزىخا› دېگەن جايغىچە مېڭىڭلار، ئۇ يەردە بىر ئايال بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر پارچە خەت بار. سىلەر ئۇ خەتنى ئېلىۋېلىڭلار» دېدى. بىز يۈرۈپ كەتتۇق. بىزنىڭ ئاتلىرىمىز ناھايىتى تېز چاپتى. بىز «رەۋزىخا» دېگەن جايغا يېتىپ كەلدۇق. راستتىنلا ئۇ يەردە بىر ئايال تۇراتتى. بىز ئۇنىڭغا «خەتنى چىقار» دېدۇق، ئۇ ئايال «مەندە ھېچ نەرسە يوق» دېدى. بىز «خەتنى چىقار، بولمىسا بىز كىيىملىرىڭنى سالدۇرىمىز» دېدۇق. ئۇ خەتنى ئۆرۈمە چاچلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقاردى. بىز ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدۇق. خەتتە «ھاتەب ئىبن ئەبى بەلتەئەدىن مەككىدىكى مۇشرىكلارغا ..... ھاتەب پەيغەمبەرنىڭ بەزى ئىشلىرىنى خەۋەر قىلىدۇ....» دېيىلگەن ئىدى.

- بۇ نېمە ئىش؟ دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

ئى الله نىڭ ئەلچىسى، مېنىڭ ئىشىم توغرىلىق ئالدىراقسانلىق قىلمىسىلا، مەن ئەسلىدە قۇرەيشلىك ئەمەس. بەلكى، مەن ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكەن (دوست بولۇشقان). سىلەر بىلەن بىرگە بولغان مۇھاجىرلارنىڭ قۇرەيشلەر بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇلار شۇ مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئۆز ئەھلىنى قوغدىيالايدۇ. ئەمما مېنىڭ قۇرەيشلەر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم بولمىغاچقا، مەن ئەھلىمنى

قوغـداش ئۈچـۈن ئـۇلار بىـلەن يېقىنلىششىنى مۇۋاپىـق كـۆردۈم. بىــراق، بـۇ ھەرگىزمـۇ دىنـىـدىن يېـنىش ۋە ئىسـلامغا كىرىــپ بولغانــدىن كېـيىن كۇفرىغـا قـايتىش ئۈچـۈن ئەمەس- ، دېـدى ھاتەب.

- ئــۇ ســىلەرگە راســت ســۆزلىدى- ، دېــدى پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالام .

- مېنى قويـۇۋېتىڭلار! مەن بـۇ مۇنـاپىقنى ئۆلتۈرىـۋېتىمەن- ، دېدى ئۆمەر( الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)

- يـاق، ھـاتەب بەدرى ئۇرۇشـىغا قاتناشـتى، الله بەدرىـگە قاتناشـقان ئادەمنىــڭ قىلغــان ئىشــلىرىدىن خەۋەردار بولــدى - دېــدى پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام ۋە الله نىــڭ مۇنــۇ ســۆزىنى ئوقـۇدى: «سـىلەر ئـۆزۈڭلار خالىغـان بـويىچە ئەمەل قىلىڭـلار. بەلكى، مەن گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلدىم».

الله بۇ ۋەقەنى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىپ مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا عَدُوِّي وَعَدُوَّكُمْ أَوْلِيَاء تُلْقُونَ إِلَيْهِم بِالْمَوَدَّةِ وَقَدْ كَفَرُوا بِمَا جَاءكُم مِّنَ الْحَقِّ يُخْرِجُونَ الرَّسُولَ وَإِيَّاكُمْ أَن تُؤْمِنُوا بِاللَّهِ رَبِّكُمْ إِن كُنتُمْ خَرَجْتُمْ جِهَادًا فِي سَبِيلِي وَابْتِغَاء مَرْضَاتِي تُسِرُّونَ إِلَيْهِم بِالْمَوَدَّةِ وَأَنَا أَعْلَمُ بِمَا أَخْفَيْتُمْ وَمَا أَعْلَنتُمْ وَمَن يَفْعَلْهُ مِنكُمْ فَقَدْ ضَلَّ سَوَاء السَّبِيلِ ﴾ ﴿ئــى مــۆمىنلەر ، مېنىــڭ دۈشــمىنىمنى ۋە ســىلەرنىڭ دۈشــمىنىڭلارنى دوســت تۇتماڭلار، ئۇلار سىلەرگە كەلـگەن ھەقىقەتنـى (يەنـى ئىسلامنى، قۇرئاننى) ئىنكار قىلغان تۇرسا، ئۇلارغا دوستلۇق يەتكۈزىسىلەر، ئــۇلار پەرۋەردىگــارىڭلار الله غــا ئىمــان ئېيتقــىنىڭلار ئۈچــۈن پەيغەمبەرنى ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقاردى، ئەگەر سىلەر مېنىڭ يولۇمدا جىھاد قىلىپ ۋە رازىلىقىمنى تىلەپ چىققان بولساڭلار (ئــۇ چاغــدا مېنىــڭ دۈشــمىنىمنى ۋە ســىلەرنىڭ

دۈشـمەنلىرىمىنى دوست تۇتمـاڭلار)، سـىلەر ئۇلارغـا يوشـۇرۇن دوسـتلۇق يەتكۈزىسـىلەر، مەن سـىلەر يوشـۇرغان ۋە ئاشـكارىلىغان نەرسـىلەرنى بىلىـپ تـۇرىمەن، كىمكـى شـۇنداق قىلىدىكەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتـۇپ، ئۇلارغا پەيغەمبەرنىـڭ خەۋەرلىرىنــى يەتكۈزىــدىكەن)، ئــۇ ھەقىــقەتەن تــوغرا يولــدىن ئازغان بولىدۇ.﴾ (60ـ سۈرە مۇمتەھىنە 1ـ ئايەت).

مانا بۇ ئىككى مىسال. ئۇنىڭدىن باشقا تارىخ، ھەدىس ۋە تەپسىر كىتابلىرىدا مۇنداق مىساللار ئىنتايىن كۆپ.

خۇلاسە:

1. ﷲ ئــۆز پەيغەمبىــرى مــۇھەممەد ئەلەيھىســسالامغا بەزى كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى ئىشلارنى ئاشكارا قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئـۇنى كىشـىلەرگە خەۋەر قىلـدى. بۇنىڭـدىن بەزى كاپىرلار ئىمان ئېيتتى. مۆمىنلەرنىڭ ئىمانى تېخىمۇ كۈچەيدى.

2. قۇرئان كەرىم تىلغا ئالغان مىساللاردىن:

1) تۆئىمەنىــڭ ۋەقەســى. تۆئىمىنىــڭ قەۋمــى تــۆئىمىنى ئـاقلاپ،يەھۇدىينى قـارىلاش توغرىلـىق مەسلىھەتلەشـتى. مۇشـۇ ۋاقىتتـا يەھـۇدىينى ئـاقلاپ، مۇسـۇلماننىڭ جىنـايىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ئايەت (ۋەھيي) نازىل بولدى.

2) ھاتەبنىــڭ ۋەقەســى. ھــاتەب قۇرەيشـلەرگە دوسـتلۇق يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇلارغا يوشۇرۇنچە بىر پارچە خەت يازدى. ﷲ ئۆز پەيغەمبىرىگە بۇ ئەھۋالنى، خەتنى ئېلىـپ ماڭغـان ئايالنى ۋە ئـۇ ئايالنىـڭ ئـورنىنى خەۋەر قىلـدى. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام ئەلـى، زۇبەيـر ۋە مىقـدادنى ئەۋەتتـى. ئـۇلار پەيغەمـبەر خەۋەر قىلغان ئورۇنـدا ئـۇ ئايـالنى ئـۇچراتتى ھەمـدە ئۇنىڭـدىن خەتنـى ئېلىۋالدى.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوشۇرۇن ئىشلار ھەققىدە بەرگەن خەۋىرى تارىخ، ھەدىس ۋە تەپسىر كىتابلىرىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مانا بۇ ئەھۋال پەيغەمبەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئەستىقلايدىغان ئالامەت، دەلىل ۋە پاكىتتۇر.

www.uyghurkitap.com

## 13. دەرس: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر قىلغان ئىشلارنى بىر زاماندىن كېيىن بىلىسىلەر

كېيىنكى ئىشلار ھەققىدە ئالدىن خەۋەر بېرىش

سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېيىنكى زامانلاردا يۈز بېرىدىغان ئىشلار ھەققىدە ئالدىن خەۋەر بەرگەن. بۇ ئىشلار پەيغەمبەر خەۋەر قىلغاندەك ئەمەلگە ئاشتىمۇ؟

جاۋاب: الله ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئالدىن خەۋەر بەرگەن، كېيىنكى زامانلاردا يۈز بېرىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ. ئۇ ئىشلاردىن بىزنىڭ زامانىمىزدا تونۇلغانلىرىمۇ، ھازىرغا قەدەر تونۇلمىغانلىرىمۇ بار بولۇپ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ تونۇلىشىدا شەك يوق.

سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېيىن بولىدىغان ئىشلاردىن خەۋەر بېرىشى ۋە ئۇ ئىشلارنىڭ پەيغەمبەر خەۋەر قىلغاندەك ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دەلىل بولامدۇ؟

جاۋاب: ئۇ ھەرقانداق ئەقىللىق كىشىگە نىسبەتەن ئوچۇق پاكىت. ئەگەر ئەقىللىق بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەن ئىشلارنىڭ دۇنيادا ئىزچىل تۈردە ئەمەلگە ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، ئۇ ئىشلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەقەت غەيىبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى الله نىڭ خەۋەر بەرگەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر قىلغان ئاخىرەت ھەققىدىكى ئەھۋاللارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم بولىدىغانلىقىنى بىلىمىز.

دىـمەك، دۇنيـادا پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالام خەۋەر بەرگەن ئىشلار قانداق ئەمەلىيەتكە ئايلانغان بولسا، ئـاخىرەت ھەققىـدىكى ئىشلارمۇ شەك ـ شۈبھىسىز ئەمەلىيەتتۇر.

مىساللار:

بۇنىڭ مىسالى قايسى؟

جـاۋاب: بۇنـىڭ مىسـالى ناھـايىتى كـۆپ. ھەدىـس ۋە تـارىخ كىتـابلىرى بۇنـداق مىسـاللارغا بـاي. بىـز بۇنىڭـدىن پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام خەۋەر بەرگەن، سـاھابىلەر ئـۆز كـۆزى بىـلەن كـۆرگەن، پەيغەمـبەر ۋاپـات بولغانـدىن كېـيىن ئىزچىـل تـۇردە ئەمەلـگە ئاشـقان ۋە ھازىرغـا قەدەر ئىزچىـل ئەمەلـگە ئېشـىۋاتقان مىساللارنى سۆزلەپ ئۆتىمىز.

## رۇم شەھىرىنىڭ غەلىبە قىلىشى

سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئەمەلگە ئاشقان غەيبى خەۋەرلەرنىڭ مىسالى قايسى؟

جـاۋاب: بۇنـىڭ مىسـالى، قۇرئـان كەرىمنـىڭ رۇم شـەھىرى توغرىلىق بەرگەن خەۋىرى بولۇپ، بۇنىڭدا «رۇملۇقلارنى پارسـلار مەغلۇپ قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي يېڭى بىر ئۇرۇش يۈز بېرىـدۇ. بـۇ قېتىمقـى ئۇرۇشـتا غەلـبە رۇملۇقلارغـا مەنسۇپ بولـدۇ. ئۇنـىڭ مەيدانغا كېلىش ۋاقتى ئون يىلدىن ئاشمايدۇ» دېيىلگەن ئىدى.

قۇرئـان كەرىمـدە مۇشـۇ غەيبـى خەۋەرنـىڭ نازىـل بولـۇش سەۋەبى مۇنداق: كاپىرلار بـۇتپەرەس پارسـلارنىڭ رۇملـۇق ئەھلـى كىتابلار ئۈستىدىن غەلـبە قىلغانلىقىغا ناھـايىتى خۇشـال بولـۇپ كەتتى. مۇسـۇلمانلار بولسـا بۇنـىڭ ئەكسىچە بولۇشنى ئـويلايتتى.

چـــۈنكى مۇســـۇلمانلار ئەھلـــى كىتـــابنى ئـــۆزلىرىگە مۇشـــرىكلارغا قارىغانـــدا بىـــر ئـــاز يـــېقىن دەپ قـــارايتتى. ﷲ بـــۇ ئەھۋال توغرىلىق تۆۋەنـدىكى ئـايەتنى نازىـل قىلـدى:﴿ الم غُلِبَتِ الرُّومُ فِي أَدْنَى الْأَرْضِ وَهُم مِّن بَعْدِ غَلَبِهِمْ سَيَغْلِبُونَ فِي بِضْعِ سِنِينَ لِلَّهِ الْأَمْرُ مِن قَبْلُ وَمِن بَعْدُ وَيَوْمَئِذٍ يَفْرَحُ الْمُؤْمِنُونَ بِنَصْرِ اللَّهِ يَنصُرُ مَن يَشَاء وَهُوَ الْعَزِيزُ الرَّحِيمُ وَعْـــدَ اللَّـــهِ لَا يُخْلِـــفُ اللَّـــهُ وَعْـــدَهُ وَلَكِـــنَّ أَكْثَـــرَ النَّـــاسِ لَا يَعْلَمُـــونَ ﴾ ﴿ئەلىـف،لام،مىم، رۇملـۇقلار يـېقىن بىـر جايـدا يېڭىلـدى، ئـۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىـدۇ، ئىلگـىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش ﷲ نىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر، بۇ كۈنـدە مۆمىنلەر ﷲ نىڭ بەرگەن يـاردىمى بىـلەن خۇشـال بولىـدۇ، ﷲ خالىغـان كىشىگە يـاردەم بېرىـدۇ، ﷲ غـالىبتۇر، (مـۆمىنلەرگە ) ناھـايىتى مېھرىباندۇر. ﷲ (ئۇلارنى غالىب قىلىـدىغانلىقنى) ۋەدە قىلـدى، ﷲ ۋەدىســىگە خىلاپلىــق قىلمايــدۇ (چــۈنكى ﷲ نــىڭ ۋەدىســى ھەقتۇر، سـۆزى راسـتتۇر)، لـېكىن كىشـىلەرنىڭ تولىسـى (بـۇنى) بىلمەيدۇ.﴾ (30 ـ سۈرە رۇم1~6 ـ ئايەتلەر).

غەيبى خەۋەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بـۇ سـۈرە «سـۈرە رۇم» دەپ ئاتالدى. بۇ ئايەت چۈشكەن چاغدا مۇشرىكلار ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشـتى. ئـۇلار بىـلەن ئەبـۇبەكرى ئوتتۇرىسـىدا مۇنـازىرە بولدى. ئۇلار: «ئـى ئەبـۇبەكرى، سـېنىڭ ھەمراھـىڭ (مـۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچـى) ‹بىـر نەچـچە يىـل ئىچىـدە رۇملـۇقلار پارسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ› دەيدۇ» دېدى.

ـ ئۇ راست ئېيتىدۇ ـ دېدى، ئەبۇبەكرى.

ـ ئۇنداقتا سەن بىلەن دو تىكىشمەيلىمۇ؟ ـ دېدى ئۇلار.

ئەبۇبەكرى ئۇلارنىڭ شەرتىنى قوبـۇل قىلـدى. بـۇ شـەرت بىـر نەچچە تۇياق تۆگە بېرىش توغرىلىق تۈزۈلگەن ئىدى. توققۇز يىل

www.uyghurkitap.com

ئۆتە - ئۆتمەيلا رۇملۇقلار پارسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. قۇرئان كەرىم توققۇز يىل ئىلگىرى خەۋەر قىلغاندەك، ئۇلار پارسلارنى بەيتۇلمۇقەددەستىن قوغلاپ چىقاردى. ئەگەر سىز الله نىڭ كىتابىدا خاتىرىلەنگەن مۇشۇ ھادىسىلەر توغرىلىق ئويلىنىپ باقسىڭىز، بىزنىڭ يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى توغرىلىق، ئۇلارغا كەلگەن الله نىڭ كىتابىدىكى غەيبى ئىلىملەر توغرىلىق تولۇق ئىشەنچكە ئىگە بولىسىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە: «ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر مېنى يالغانچى دېسەڭلار، رەببىم مېنى بىر سىناق ئالدىدا قويدى. بۇ سىناقنىڭ نەتىجىسى ئون يىلدىن ئازراق ۋاقىت ئىچىدە ئاشكارا بولىدۇ. مەن سىلەرگە شۇنى ئېلان قىلىمەنكى، رەببىم ماڭا ئون يىلدىن ئازراق ۋاقىت ئىچىدە رۇملۇقلارنىڭ پارسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى ھەقىقىي ۋەدە قىلدى. مەن رەببىمنىڭ بەرگەن خەۋىرىگە تولۇق ئىشىنىمەن. سىلەر مېنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىمنى ياكى رەببىم ۋەھيى قىلغان ھەقىقەتنى يەتكۈزىدىغان ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى ئون يىلغا يەتمەيدىغان ۋاقىت ئىچىدە بىلىپ قالىسىلەر» دېدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر پارچە خېتى يەمەن خەلقىنىڭ مۇسۇلمان بولىشىغا سەۋەب بولدى.

سوئال: يۇقىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر پارچە خېتى يەمەن خەلقىنىڭ مۇسۇلمان بولىشىغا سەۋەب بولدى دېگەن سۆز تىلغا ئېلىندى، بۇ ۋەقەنىڭ مەزمۇنى قانداق؟

جاۋاب: ئۇ بىر مۆجىزە بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى نورمال ئىش ئەمەس. بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

پادىشاھ كىسراغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر پارچە خېتى يېتىپ بارغاندا، كىسرا ئۇ خەتنى يىرتىۋەتتى. كىسرا پارس دۆلىتىنىڭ كۈچىنى يۇقىرى ھېسابلاپ ، ئەرەبلەرنى بولسا ناھايىتى تۆۋەن كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى خىزمەتچىسى بولغان ئەداننى كىسراغا خەت يېزىشقا جۈرئەت قىلغان مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ ئىشى توغرىلىق يەمەنگە ئادەم ئەۋەتىشكە بۇيرىدى. بۇ خەۋەر يەمەنگە يېتىپ كەلگەندە يەمەننىڭ ۋالىيسى بازان سەنئادىن مەدىنىگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئىككى ئەلچىنى ئەۋەتتى. بازاننىڭ ئەلچىلىرى مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندە ئۇلار بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدا مۇنداق بىر سۆھبەت بولدى. بۇ ئەلچىلەر بۇرۇتلىرىنى قويۇپ بېرىپ، ساقاللىرىنى چۈشۈرۈۋەتكەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:« سىلەرنى مۇنداق قىلىشقا كىم بۇيرىدى؟» دېدى.

- بىزنىڭ رەببىمىز- دېيىشتى ئەلچىلەر. (ئەينى زاماندا كىشىلەر ئۆز پادىشاھىنى «رەب» دەپ ئاتايتتى. بۇنداق ئاتاش پەقەت پارس پادىشاھلىرىغىلا خاس ئىدى.)

- سىلەرنى ئەۋەتكەن ئادەمگە خەۋەر قىلىپ قويۇڭلار. ئۇنىڭ رەببىنى مېنىڭ رەببىم كېچىدە ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەمدى مېنىڭ سىلەر بىلەن بىرگە بېرىشىمنىڭ ھاجىتى قالمىدى. مېنىڭ رەببىم مەن ئۈچۈن ئىنتىقام ئالدى ۋە بازاننى ماڭا ئادەم ئەۋەتىشكە بۇيرۇغان كىسرانى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇ بۇ ۋەقەلەرنى ماڭا ۋەھيي ئارقىلىق بىلدۈردى. كىم ماڭا قارشىلىق قىلىدىكەن رەببىم ئۇنى

ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ (ھالاك قىلىدۇ)» دېدى.

بازاننىڭ ئەلچىلىرى قايتىپ كەتتى. ئۇلاردا قىسقىغىنا بىر پارچە خەت بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:« مېنىڭ رەببىم ئۇنىڭ رەببىنى كېچىدە ئۆلتۈرۈۋەتتى» . ئەلچىلەر بۇ خەۋەرنى بازانغا يەتكۈزگەندە بازان: «بۇ قېتىمقى مۇھەممەد توغرىلىق قىلغان سەپەرنىڭ ماھىيىتى ئاشكارىلانغۇچە، پارسلار تەرىپىدىن كېلىدىغان يولىيورۇقنى كۈتەيلى. ئەگەر شۇ كېچىدە پارس پادىشاھى كىسرانىڭ راستتىنلا ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرى كەلسە، ئۇنداقتا مۇھەممەد ﷲ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەر بولىدۇ. ئەگەر ئۇ دېگەن سۆزلەر يالغان بولسا، بىز بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا باشقا ئىشلار يۈز بېرىدۇ» دېدى.

ھەقىقەتەن يەمەنلىكلەرگە مەجۇسىي، يەھۇدىي ۋە ناسارالار تەرىپىدىن يېڭى بىر خەۋەر كەلدى. بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىسرانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ھەققىدە ئالدىن بەرگەن خەۋەرنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. كىسرا ھەقىقەتەن باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ئىدى.

بۇ ۋەقەنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى؟

1. بازان ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن مۇسۇلمان بولدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇخستى بىلەن ئىلگىرىكى يەمەننىڭ ۋالىيلىق ھوقۇقىنى ساقلاپ قالدى.

2. يەھۇدىيلاردىن باشقا يەمەن خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى مۇسۇلمان بولدى.

3. يەمەنلىكلەردىن بىر توپ جامائەت مەدىنىگە كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرىگە دىنىي ئىشلارنى تەلىم بېرىشنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز ئىبن جەبەل ۋە

بەرا ئىبن يەخنەسىل ئەنسارى قاتارلىق ساھابىلەرنى يەمەن خەلقىگە ئىسلام دىنىنى ئۆگىتىشكە ئەۋەتتى. رىۋايەتلەرگە قارىغانىدا ئەۋەتىلگەنلەر ئىچىدە ئەلى ـ الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ـ مۇ بار ئىدى.

## سۈرگۈن قىلىنغانلارغا ۋەدە قىلىنغان ياردەم ۋە ئۇلارنىڭ ئىز باسار قىلىنىشى

سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشقان غەيبى خەۋەرنىڭ مىسالى قايسى؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارغا خەۋەر قىلغان ئىشلارنىڭ مىسالى «مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولىدۇ، الله مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىدۇ ۋە مۇسۇلمانلار مۆمىنلىك دەرىجىسىگە يېتەلەيدۇ» دېگەندىن ئىبارەت. الله مۇنداق دەيدۇ:﴿ أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَاتَلُونَ بِأَنَّهُمْ ظُلِمُوا وَإِنَّ اللَّهَ عَلَى نَصْرِهِمْ لَقَدِيرٌ الَّذِينَ أُخْرِجُوا مِن دِيَارِهِمْ بِغَيْرِ حَقٍّ إِلَّا أَن يَقُولُوا رَبُّنَا اللَّهُ وَلَوْلَا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُم بِبَعْضٍ لَّهُدِّمَتْ صَوَامِعُ وَبِيَعٌ وَصَلَوَاتٌ وَمَسَاجِدُ يُذْكَرُ فِيهَا اسْمُ اللَّهِ كَثِيرًا وَلَيَنصُرَنَّ اللَّهُ مَن يَنصُرُهُ إِنَّ اللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ الَّذِينَ إِن مَّكَّنَّاهُمْ فِي الْأَرْضِ أَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ وَأَمَرُوا بِالْمَعْرُوفِ وَنَهَوْا عَنِ الْمُنكَرِ وَلِلَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ ﴾ ﴿هۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، الله ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر. (ئۇلار) پەقەت پەرۋەردىگارىمىز الله دېگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلدى، ئەگەر الله ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ

ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە الله نىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسچىتلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى، كىمكى الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە الله ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، الله ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر. (الله نىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى الله غا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە الله غا قايتىدۇ).﴾ (22-سۈرە ھەج 39~41-ئايەتلەر).

الله يۇقىرىقى ئايەتتە تۆۋەندىكى ئىشلاردىن خەۋەر بېرىدۇ:

1. مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولىدىغانلىقى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَاتَلُونَ أَنَّهُمْ ظُلِمُوا وَإِنَّ اللَّهَ عَلَى نَصْرِهِمْ لَقَدِيرٌ﴾ ﴿ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، الله ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر.﴾ (22-سۈرە ھەج 39-ئايەت).

مۇشۇ ئايەت نازىل بولغاندا، ئەبۇ بەكرى سىددىق - الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن- «مەن ئۇرۇشنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى بىلدىم» دەيدۇ.

2. مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلىشى. بۇ ھادىسە قۇرئاننىڭ كەرىمنىڭ خەۋىرى بىلەن بىردەك بولدى.

3. الله نىڭ ئۆز يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان مۇسۇلمانلارنى زېمىندا ئورۇنلاشتۇرۇشى. الله ئۇلارنى شەرق، شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلەردە ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئۇلارغا زېمىننىڭ

كۆپ قىسىم جايلىرىنى بويسۇندۇرۇپ بەردى.

4. مۇسۇلمانلار زېمىندا ئولتۇراقلاشقان چاغدا، ئۇلار نامازنى ئادا قىلىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋاللىرىدۇر.

﴿الَّذِينَ إِن مَّكَّنَّاهُمْ فِي الْأَرْضِ أَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ وَأَمَرُوا بِالْمَعْرُوفِ وَنَهَوْا عَنِ الْمُنكَرِ وَلِلَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ﴾ ﴿(الله نىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ.﴾ (22-سۈرە ھەج 41-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئوسمان ئىبنى ئەففان-الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن- مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت بىز توغرىلىق چۈشكەن. بىز رەببىمىز الله دىگەنلىكىمىز ئۈچۈن ناھەق يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن زېمىندا ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدۇق. بىز نامازنى ئادا قىلىپ، زاكاتنى بەردۇق. ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توستۇق. مىنىڭ ۋە ھەمراھلىرىمنىڭ كەلگۈسى ئاقىۋىتى الله ئۈچۈندۇر».

## خاتالىشىپ كەتكەندە كېلىدىغان ئازاب

سوئال: مۇشۇ زاماندا تونۇلغان غەيبى خەۋەرلەرنىڭ مىسالى قايسىلار؟

جاۋاب: الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ هُوَ الْقَادِرُ عَلَى أَن يَبْعَثَ عَلَيْكُمْ عَذَابًا مِّن فَوْقِكُمْ أَوْ مِن تَحْتِ أَرْجُلِكُمْ أَوْ يَلْبِسَكُمْ شِيَعاً وَيُذِيقَ بَعْضَكُم بَأْسَ بَعْضٍ انظُرْ كَيْفَ نُصَرِّفُ الآيَاتِ لَعَلَّهُمْ يَفْقَهُونَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «الله سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن (نۇھ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قەۋمىگە، ئەسھابۇلپىلگە ئەۋەتىلگەن ئازابقا

ئوخشاش) ياكى ئايغىڭلار ئاستىدىن (يەرئەۋىن ۋە قارۇنلارغا ئەۋەتىلگەن ئازابقا ئوخشاش) ئازاب ئەۋەتىشكە، ياكى سىلەرنى پىرقىلەر قىلىپ ،ئارىلاشتۇرۇپ (يەنى ئۇرۇشقا سېلىپ) بىرىڭلارغا بىرىڭلارنىڭ ئازابىنى تېتىتىشقا قادىردۇر». ئۇلارنى چۈشەنسۇن دەپ ،ئايەتلىرىمىزنى تۈرلۈك شەكىللەردە قانداق بايان قىلىدىغانلىقىمىزغا قارىغىن.﴾ (6ـ سۈرە ئەنئام 65ـ ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇشۇ ئايەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى توغرىلىق سورالغاندا، جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:«بۇ ھادىسىلەر ئەمەلىيەتتە بولىدۇ. بىراق ئۇنىڭ جەريانى تېخى يۈز بەرمىدى. ئۇنىڭ يۈز بېرىشى ھازىر ئەمەس بەلكى، كېيىنكى زامانلاردىكى سالىھ مۇسۇلمانلارغا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپلىگەن خاتالىشىپ كەتكەن كىشىلەرگە ئازاب ئەۋەتىلىدۇ».

بىز ھازىرقى زاماندا مۇشۇ ئازابلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۇچرىتىۋاتىمىز. ئۇ بولسا بومباردىمانچى ئايروپىلان، سۇ ئاستى كېمىسى، پارتلاتقۇچ دورا ۋە ھەرخىل بومبىلار بولۇپ، ئۇ ئىسلامىي ئۈممەتنىڭ ئاستى ۋە ئۈستى تەرىپىدىن ئۇلارغا چۈشۈۋاتىدۇ. زاماننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مۇشۇ غەيبى خەۋەرنىڭ راستلىقى ئاشكارا بولماقتا.

بۇ مۇسۇلمان ئۈممەت مەزھەپ، گۇرۇھ، دۆلەت ۋە ھەرخىل تەشكىلىي گەۋدىلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، الله ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزىلەرنىڭ ئازابىنى بەزىلەرگە تېتىتىدۇ. بۇيۈك الله ھەقىقەتەن راست سۆزلىگۈچىدۇر.

﴿قُلْ هُوَ الْقَادِرُ عَلَى أَن يَبْعَثَ عَلَيْكُمْ عَذَابًا مِّن فَوْقِكُمْ أَوْ مِن تَحْتِ أَرْجُلِكُمْ أَوْ يَلْبِسَكُمْ شِيَعاً وَيُذِيقَ بَعْضَكُم بَأْسَ بَعْضٍ انظُرْ كَيْفَ نُصَرِّفُ الآيَاتِ لَعَلَّهُمْ يَفْقَهُونَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «الله سىلەرنىڭ

ئۇســتۈڭلاردىن (نــۇھ ۋە لــۇت ئەلەيھىســالاملارنىڭ قەۋمىــگە، ئەسـھابۇلپىلگە ئەۋەتىلـگەن ئازابقـا ئوخشـاش) يـاكى ئايىغىڭلار ئاستىدىن (فىرئەۋن ۋە قارۇنلارغا ئەۋەتىلگەن ئازابقا ئوخشاش) ئـازاب ئەۋەتىشـكە، يـاكى سىلەرنى پىـرقىلەر قىلىـپ، ئارىلاشـتۇرۇپ (يەنــى ئۇرۇشـقا سېلىپ) بىرىڭلارغـا بىرىڭلارنىــڭ ئـــازابىنى تېتىتىشـــقا قـــادىردۇر». ئـــۇلارنى چۈشەنســـۇن دەپ،ئـــايەتلىرىمىزنى تۈرلـــۈك شـــەكىللەردە قانـــداق بايـــان قىلىدىغانلىقىمىزغا قارىغىن.﴾ (6-سۈرە ئەنئام 65-ئايەت).

ئـــازابىنى پەقەت ھەقىقـــي تەۋبە قىلىـــش ئـــارقىلىقلا چىكىندۈرگىلى بولىدۇ. بۇ ھەقتىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەر ناھايىتى كـۆپ بولـۇپ، ئۇلارنىــڭ ھەممىســى مـۇھەممەد ئەلەيھىســالامنىڭ اللە نىڭ ۋەھىيسىنى يەتكۈزىـدىغان ھەق پەيغەمـبەر ئىكەنلىكىـگە گۇۋاھ بولىدۇ.

خۇلاسە:

1. يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خەۋەر قىلغان غەيبى ئىشـلارنىڭ دەلىـل - پـاكىتلىرى ناھـايىتى كـۆپ بولـۇپ، بىــزگە كېيىنكى زامانلاردا يـۈز بېرىـدىغانلىقى ۋەدە قىلىنـدى. پەيغەمـبەر ئەلەيھىســالام خەۋەر بەرگەن ئىشــلارنىڭ ئەمەلىــيەتكە چىقىــش دەۋرى يېقىنلاپ كەلدى.

2. رۇملۇقلارنىـــڭ غەلىـــبە قىلىشـــى ۋە يەمەن خەلقىنىـــڭ مۇسۇلمان بولىشـىغا سـەۋەب بولغـان پـارس پادىشـاھى كىسـرانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشـــگە ئوخشـــاش بىـــر قىســـىم مـــۆجىزىلەر پەيغەمـــبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدىلا يۈز بەردى.

3. مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىندا ئۈستۈنلۈككە ئېرىششى، ئۇلارنىڭ نامـازنى ئـادا قىلىـپ، زاكـاتنى بېرىشـى قاتـارلىقلار پەيغەمـبەر

ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشقان مۆجىزىلەرنىڭ بىرى.

4. مۇسۇلمانلار ھەق يولدىن ئېغىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئاستى ۋە ئۈستىدىن ئازاب چۈشۈشى، ئۇلارنىڭ مەزھەپ ۋە گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ، بىرسى بىرسىنىڭ ئازابىنى تېتىشى ئوخشاشلا مۆجىزىنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ.

## 14. دەرس: قۇرئان كەرىمنىڭ مۇشۇ زامانلاردىكى مۆجىزىلىرى

قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىسى تۈگەپ قالمايدۇ.

سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ ئاجايىباتلىرى ۋە مۆجىزىلىرىنىڭ چېكى بارمۇ؟

جاۋاب:پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنى «ئۇنىڭ مۆجىزىلىرى تۈگەپ قالمايدۇ» دەپ سۈپەتلىدى. قۇرئان كەرىم ھەرقانداق زامانلاردىمۇ يېڭى ھالىتىدە تۇرىدۇ. ئۇ ھەرقانداق زامانىۋى دۇنياغا ماس كېلىدىغان مۆجىزىدۇر. چۈنكى ئۇ ئەڭ يۈكسەك، ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەتلىك ياراتقۇچىنىڭ سۆزى.

قۇرئان كەرىم ھاۋاغا ئۇچۇشقا ئۇرۇنغۇچىلار ھەققىدە سۆزلەيدۇ

سوئال: بۇنىڭ مىسالى قايسى؟

جاۋاب: بۇنىڭ مىسالى ھازىرقى ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دۇنياغا كەلگەن تەرەققىيات ۋە كەشپىياتلاردىن ئىبارەت بولۇپ، قۇرئان كەرىم كىشىلەر بۇنى تونۇشتىن بىر نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىلا ئاشۇ كەشپىياتلارنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن خەۋەر قىلغان. بۇنىڭدىن ئىككى يۈز يىل(200 يىل) ئىلگىرى ئىنسانىنىڭ ھاۋاغا ئۇچۇشى ياكى ئاسماندا پەرۋاز قىلىشى ۋە ياكى زېمىن دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىشكە ئۇرۇنۇشى قاتارلىقلارنى تەستىقلاش زادىلا

www.uyghurkitap.com

ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش ھېسابلىناتتى. لېكىن قۇرئان كەرىم ئون تۆت ئەسىر (1400يىل) ئىلگىرى ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل ئۇرۇنۇشىنىڭ مۇئەييەن ئىمكانىيەتلەر ئاستىدا ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئالدىن خەۋەر قىلدى. يەنە بۇ خىل ئۇرۇنۇشنىڭ - الله ئاسمانغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلىۋاتقان كىشىلەرگە بىر پارچە ئوت يالقۇنىنى ئەۋەتكەن چاغدا - مەغلۇپ بولىدىغانلىقى، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا قايتۇرۇلىدىغانلىقى توغرىلىق خەۋەر بەردى. دەل شۇنىڭدەك بىر تۈركۈم جىنلار پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاش دائىرىسىگە يېتىكەندە، ئۇلارغا مۇشۇ ھادىسىلەر يۈز بەرگەن ۋە ئۇلارغا چەك ئېلان قىلىنغان. ئۇلارغا ئۆرلەشكە رۇخسەت قىلىنغان دائىرىلەر بولۇپ، پەرىشتىلەردىن ئوغرىلىقچە گەپ ئاڭلاش دائىرىسى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا مَعْشَرَ الْجِنِّ وَالْإِنسِ إِنِ اسْتَطَعْتُمْ أَن تَنفُذُوا مِنْ أَقْطَارِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ فَانفُذُوا لَا تَنفُذُونَ إِلَّا بِسُلْطَانٍ فَبِأَيِّ آلَاءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ يُرْسَلُ عَلَيْكُمَا شُوَاظٌ مِّن نَّارٍ وَنُحَاسٌ فَلَا تَنتَصِرَانِ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار ۋە جىنلار جامائەسى! ئەگەر سىلەر (الله نىڭ قازاسىدىن قېچىپ) ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ چېگرىلىرىدىن ئۆتۈپ كېتەلىسەڭلار، ئۆتۈپ كېتىڭلار، سىلەر پەقەت قۇۋۋەت بىلەن ئۆتۈپ كېتەلەيسىلەر (لېكىن سىلەرگە مۇنداق قۇۋۋەت قەيەردىن كەلسۇن؟). (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ (قىيامەت كۈنى) سىلەرگە قىزىق ئوتنىڭ يالقۇنى ۋە تۈتۈنى ئەۋەتىلىدۇ، سىلەر ئۆزۈڭلارنى قوغدىيالمايسىلەر.﴾ (55 ـ سۈرە رەھمان33~35 ـ ئايەتلەر).

الله جىنلارنىڭ تىلى بويىچە خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَأَنَّا لَمَسْنَا السَّمَاء فَوَجَدْنَاهَا مُلِئَتْ حَرَسًا شَدِيدًا وَشُهُبًا وَأَنَّا كُنَّا نَقْعُدُ مِنْهَا مَقَاعِدَ لِلسَّمْعِ فَمَن يَسْتَمِعِ الْآنَ يَجِدْ لَهُ شِهَابًا رَّصَدًا﴾ ﴿(جىنلار ئېيتتى) « بىز (ئاسمان ئەھلىنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاش ئۈچۈن) ئاسمانغا (چىقىشنى) تىلىدۇق، ئاسماننىڭ كۈچلۈك مۇھاپىزەتچىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) بىلەن ۋە (كۆيدۈرگۈچى) يۇلتۇزلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدۇق . بىز ھەمىشە (ئوغرىلىقچە تىڭشاش ئۈچۈن) ئاسماننىڭ ئولتۇرۇشقا بولىدىغان جايلىرىدا ئولتۇراتتۇق، كىمكى ئەمدى (ئوغرىلىقچە) ئاڭلاشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلارنى بايقايدۇ.﴾ (72ـ سۈرە جىن 8~9ـ ئايەتلەر).

ئىلگىرىكى ئايەتتە:

1. ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ كېيىنكى زامانلاردا ئاسمان ۋە زېمىننىڭ دائىرىسىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە ۋە ھاۋاغا ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنىدىغانلىقى خەۋەر قىلىنغان.

2. ئۇلارنىڭ ھۇجۇم قىلىش ۋاستىلىرى تولۇقلانغاندا ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقى خەۋەر قىلىنغان.

3. ئۇلارغا ئوتنىڭ يالقۇنى ۋە تۈتۈنى بىلەن ئىلاھىي جەڭ ئېلان قىلىندۇ.

4. ئىنسان ۋە جىنلار مۇشۇ مەيداندا مۇسابىقىلەشتى. جىنلار ئوغرىلىقچە سۆز ئاڭلاش دائىرىسىگە يەتتى.

﴿فَمَن يَسْتَمِعِ الْآنَ يَجِدْ لَهُ شِهَابًا رَّصَدًا﴾ ﴿كىمكى ئەمدى (ئوغرىلىقچە) ئاڭلاشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلارنى بايقايدۇ.﴾ (72ـ سۈرە جىن 8ـ ئايەت).

ئەمدى بىز ئىنسانلارنىڭ ئورۇنۇشىنى كۆرۈپ باقايلى!

قۇرئان كەرىم 14ئەسىر(1400يىل) ئىلگىرى خەۋەر قىلغان

ئىنسانلارنىڭ ئورۇنۇش ۋاقتى يېتىپ كەلدى. بۇ ئورۇنۇشلار ئاسمانغا ئەمەس، بەلكى، ئاسمان بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدىكى ھاۋاغا ھۇجۇم قىلىشقا ئورۇنۇشتىن ئىبارەت.

بۈگۈنكى كۈندىكى تەتقىقاتچى ئالىملار ئاسمان بوشلۇقىدىن تارقىلىۋاتقان بىر خىل ئاۋازنى ئاڭلاشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلمەكتە. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار: «بۇ خىل ئاۋازلارنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، قۇياش دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ» دېيىشمەكتە. مانا بۇ ئىنساننى ئاڭلاش ئۈچۈن ئورۇنۇشقا يېتەكلەۋاتقان مەنبەدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانلار ئىلگىرى جىنلار قوغلانغاندەك قوغلىنىدۇ.

## يېقىلغۇ ماددىلىرىنىڭ ئەسلى مەنبەسى يېشىل دەرەخلەر

سوئال: يەنە باشقا مىساللار بارمۇ؟

جاۋاب: مىساللار ناھايىتى كۆپ. سۆزى ئەڭ راستچىل الله نىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿سَنُرِيهِمْ آيَاتِنَا فِي الْآفَاقِ وَفِي أَنفُسِهِمْ حَتَّى يَتَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُ الْحَقُّ أَوَلَمْ يَكْفِ بِرَبِّكَ أَنَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ﴾ ﴿ئۇلارغا بىز تاكى ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە، (ئاسمان- زېمىن) ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى (سېنىڭ راستلىقىڭنىڭ دەلىلى بولۇشقا) ئۇلارغا كۇپايە ئەمەسمۇ.﴾ (41-سۈرە فۇسسىلەت 53-ئايەت).

خىمىيە ئالىملىرى يېقىلغۇ ماددىلىرىنىڭ ئەسلى مەنبەسى ئۆسۈملۈكلەردە مەۋجۇت بولۇۋاتقان يېشىل چېكىت ئىكەنلىكىنى

بايقىدى. قۇياش يالقۇنىدىن كېلىپ چىققان يېشىل چېكىت ئۆسۈملۈك پارچىلىرىغا قاچىلىنىدۇ. بۇ يېشىل چېكىتلەر ئۆسۈملۈك ۋە دەل - دەرەخلەردە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئاسان كۆيىدىغان ۋە ئاسان ئوت ئالىدىغان ماددىلارنى ھاسىل قىلىدۇ.

شۇنداقلا دۇنياۋى ئالىملار زېمىن قاتلاملىرىدىكى نېفىت ۋە ئۇنىڭ باشقا تۈرلىرى (بېنزىن ۋە كىرسىن قاتارلىقلار) نىڭ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئۆسۈملۈكتىن يۆتكەلگەن يېقىلغۇ ماددىلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنىڭ ھايۋانلار غىزالىنىۋاتقان ئۆسۈملۈك ۋە زېمىنغا كۆمۈلۈپ قالغان تاش-تۆپراق ئىكەنلىكىنى؛ كۆيدۈرگۈچى ماددىلارنىڭ ئۆسۈملۈكتىن ئېلىنىدىغانلىقىنى بايقاپ چىقتى.

مانا بۇلاردىن بىز ئىشلىتىۋاتقان يېقىلغۇ ماددىلىرىنىڭ ئەسلى مەنبەسى يېشىل دەرەخلەر ئىكەنلىكىنى تونۇيمىز. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى 14ئەسىر(1400يىل) ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان.

﴿الَّذِي جَعَلَ لَكُم مِّنَ الشَّجَرِ الْأَخْضَرِ نَارًا فَإِذَا أَنتُم مِّنْهُ تُوقِدُونَ﴾ ﴿الله سىلەر ئۈچۈن يېشىل دەرەختىن ئوت پەيدا قىلدى. سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئوت ياقىسىلەر.﴾ ( 36-سۈرە ياسىن 80-ئايەت).

ئىچكى دېڭىز دولقۇنى

1975- يىلى يازدا ئوبۇللۇسەيۈز تايلاندنىڭ شەرقى قىرغىقىدىكى لۇجىيى دېڭىزى چوڭقۇرلۇقىدىكى سۇ ئاستى ئىچكى دولقۇنلارنى سۈرەتكە ئالدى. 1900- يىللارنىڭ بېشىدا ئىسكەندافى شەھرىدىكى دېڭىز ساياھەتچىلىرى سۇ ئاستىدا دولقۇن بارلىقىغا نەزەر سالدى. دېڭىزنىڭ سىرتقى يۈزى پاراخوتلارنى ھەيدىگەندەك، بۇ دولقۇنلارمۇ سۇ ئاستى كېمىسىنى ھەيدەيدۇ. دولقۇن دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا بولىدۇ.

ۋەھالەنكى، قۇرئان كىشىلەرنىڭ گۇمانىنىڭ ئەكسىچە دېڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا دولقۇنىنىڭ بارلىقى توغرىلىق مۇنداق ئىككى تۈرنى سۆزلەپ بەردى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَوْ كَظُلُمَاتٍ فِي بَحْرٍ لُّجِّيٍّ يَغْشَاهُ مَوْجٌ مِّن فَوْقِهِ مَوْجٌ مِّن فَوْقِهِ سَحَابٌ ظُلُمَاتٌ بَعْضُهَا فَوْقَ بَعْضٍ﴾«ياكى ئۇلارنىڭ (ياخشى دەپ گۇمان قىلغان) ئەمەللىرى چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇققا ئوخشايدۇ، ئۇنى (يەنى دېڭىزنى) قاتمۇ- قات دولقۇنلار ۋە دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ تۇرىدۇ. (مانا بۇ) قاتمۇ - قات قاراڭغۇلۇقلاردۇر،» (24-سۈرە نۇر 40-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

## قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ يېڭى تۈرلىرى

سوئال: قۇرئان كەرىم بىزگە قاتناش قوراللىرىنىڭ يېڭى تۈرلىرى ھەققىدە خەۋەر بەردىمۇ؟

جاۋاب: الله سەپىرىمىزنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىزگە يارىتىپ بەرگەن ئات، ئېشەك ، خېچىر ۋە كېمىلەردىن ئىبارەت قاتناش ۋاستىلىرىنى سانىغان چاغدا، بىزگە قىلغان نېمىتىنى پەقەت مۇشۇ ۋاستىلەر ئىچىدىلا چەكلەپ قويماستىن، بەلكى، يېڭى ۋاستىلەرنىڭ بارلىقىنى خەۋەر قىلدى. الله ئۇ ۋاستىلەرنى سىلەر ئۈچۈن يارىتىدۇ ۋە ئۇنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بېرىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالْخَيْلَ وَالْبِغَالَ وَالْحَمِيرَ لِتَرْكَبُوهَا وَزِينَةً وَيَخْلُقُ مَا لاَ تَعْلَمُونَ﴾ «الله ئاتنى، خېچىرنى ۋە ئېشەكنى مىنىشىڭلار ئۈچۈن ۋە زىننەت ئۈچۈن ياراتتى، الله يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ يارىتىدۇ.» (16-سۈرە نەھل 8-ئايەت).

شۇنداق، قۇرئان كەرىم قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ ئىزچىل تۈردە داۋاملىق كۆپىيىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. مۇسۇلمان قاتناش

ۋاســتىلىرىنىڭ ھەرقانــداق تۈرىنىــڭ «الله ســىلەر بىلمەيــدىغان نەرســىلەرنى يارىتىــدۇ» دېــگەن ســۆزىدە بايــان قىلىنغــانلىقىنى كــۆرۈدۇ ھەمــدە يېڭــى قاتنــاش ۋاســتىلىرىنىڭ بــارلىقىنى ۋە الله نىــڭ ئــۇ ۋاســتىلەرنى ئــۆزىگە بويســۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى سېزەلەيدۇ. بۇ ئىشلار الله نىڭ تۆۋەنــدىكى ســۆزىدە ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. الله مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿وَآيَةٌ لَّهُمْ أَنَّا حَمَلْنَا ذُرِّيَّتَهُمْ فِي الْفُلْكِ الْمَشْحُونِ وَخَلَقْنَا لَهُم مِّن مِّثْلِهِ مَا يَرْكَبُونَ﴾﴿ئۇلارغــا (بىزنىــڭ كامــالى قــۇدرىتىمىزنى كۆرســىتىدىغان) ئــالامەت شــۇكى، بىــز ئۇلارنىــڭ ئاتــا ـ بــوۋىلىرىنى (نــۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەرســە ـ كېرەك ۋە ھايۋاناتلار بىلەن) توشقۇزۇلغان كېمىسىگە چۈشــۈردۇق. بىــز ئــۇلار ئۈچــۈن شــۇ كــېمىگە ئوخشــاش ئــۇلار چۈشــىدىغان نەرسىلەرنى ياراتتۇق.﴾(36ـ سۈرە ياسىن 41～42ـ ئايەتلەر)

سوئال: توشقۇزۇلغان كېمىنىڭ مىسالى قايسى؟

جــاۋاب: ئــۇ بولســا پەقەت بىــر ۋاســتىدىنلا ئىبــارەت بولــۇپ، پويىز، پاراخوت ۋە ھەرخىل چوڭ ماشىنىلارنى كېمىگە ئوخشىتىش مۇمكىن . بىز ھازىر بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان ھەرخىل ۋاستىلەرنى كــۆرۈپ تــۇرۇۋاتىمىز. ئىلگىرىكــى كىشــىلەر الله خەۋەر قىلغــان ئىشلارنىڭ ئەمەلى كۆرۈنۈشلىرى مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇنقى ئــاز بىر قىسىم ۋاستىلەرنىلا بىلەتتى . مانا ئەمــدى قۇرئــان كەرىمنىــڭ بەرگەن خەۋىرىدىن ئون نەچچە ئەسىر ئۆتۈپ، ئۇ ئالــدىن خەۋەر قىلغــان پــار ماشىنىســى، ئىچكــى قوزغــاتقۇچ، ئېلېكترونلــۇق ئۈســكۈنىلەر، پــارتلاتقۇچ ۋە باشــقا يېڭــى قاتنــاش ۋاســتىلىرى مەيــدانغا كەلــدى. ئىلگىرىكــى زامــانلاردا مەۋجــۇت بولمىغــان بــۇ زامانىۋى ۋاستىلەرنى چەكسىز بىلىمگە ئىگە الله دىن باشقا كىمــۇ ئالدىن خەۋەر قىلالايدۇ؟

سوئال: ئىنسانلارنىڭ ياساپ چىققان مەھسۇلاتلىرى الله نىڭ يارىتىش دائىرىسىنىڭ سىرتىدىمۇ؟

جاۋاب: بىر ماشىنىنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ۋە بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكىلىشى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئۈسكۈنىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. دەل شۇنىڭدەك، ئەگەر بىز ماشىنا ئىنساننىڭ ياسىشى ئارقىلىق دۇنياغا كەلگەن دېسەك، ئۇنداقتا ئەلۋەتتە خاتالاشقان بولىمىز. چۈنكى بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئىنسان ماشىنىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئۈسكۈنە (ماتور) نى ياسىدى ۋە ئۇنى ئوت ئالدىغان قىلىپ قۇراشتۇردى ، دەپ ھېسابلىنىدۇ خالاس. ئەمما ئىشلارنىڭ ماھىيىتى باشقىچە. ئىنساننى ياراتقان الله ئۇنىڭغا ئىلمىي ۋە ئەقلىي ئىقتىدارنى بەردى. ئۇنىڭغا ھەرخىل كانلارنى (يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ) بويسۇندۇرۇپ بېرىپ، ئۇنى زېمىندا ئورۇنلاشتۇردى. ئىنسان الله ئاتا قىلغان ئەقلىگە، كۈچكە، ئىقتىدارغا ۋە ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ھەرخىل ماددىلارغا تايىنىپ ئاجايىپ نەرسىلەرنى ياساپ چىقتى. چۈنكى، ئىنساننى ۋە ئۇنىڭدىكى ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىنى الله ياراتتى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاللَّهُ خَلَقَكُمْ وَمَا تَعْمَلُونَ﴾ ﴿ھالبۇكى، سىلەرنى ۋە ياسىغان نەرسەڭلارنى الله ياراتقاندۇر.﴾ (37-سۈرە ساففات 96-ئايەت).

ئاي نۇرلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرى ئۆچۈپ قالغان

سوئال: قۇرئان كەرىم ئاينىڭ يۈزى دەسلەپتە نۇرلۇق بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭ نۇرىنىڭ ئۆچۈپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلدىمۇ؟

جاۋاب: بۇ خەۋەر الله نىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدە بايان قىلىندى. ﴿وَجَعَلْنَا اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ آيَتَيْنِ فَمَحَوْنَا آيَةَ اللَّيْلِ وَجَعَلْنَا آيَةَ النَّهَارِ

مُبْصِرَةً لِتَبْتَغُواْ فَضْلاً مِّن رَّبِّكُمْ وَلِتَعْلَمُواْ عَدَدَ السِّنِينَ وَالْحِسَابَ وَكُلَّ شَيْءٍ فَصَّلْنَاهُ تَفْصِيلاً﴾ ﴿كېچە بىلەن كۈندۈزنى (كامالى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئىككى ئالامەت قىلدۇق، كېچىنىڭ ئالامىتىنى كۆتۈرۈۋەتتۇق، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلىشىڭلار (يەنى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تېپىش يولىدا سەئيى ھەرىكەتتە بولۇشۇڭلار) ئۈچۈن، (كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى ئارقىلىق كۈنلەرنىڭ، ئايلارنىڭ)يىللارنىڭ سانىنى ۋە ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزنىڭ ئالامىتىنى يورۇقلۇق قىلدۇق، (دىنىي ۋە دۇنياۋى) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلى بايان قىلدۇق.﴾ (17 ـ سۈرە ئىسرا 12 ـ ئايەت).

سوئال: مۇشۇ ئايەتتىكى مەركىزى نوقتا قەيەردە؟

جاۋاپ: الله نىڭ «كېچىنىڭ ئالامىتىنى كۆتۈرۈۋەتتۇق، كۈندۈزنىڭ ئالامىتىنى يورۇقلۇق قىلدۇق» دېگەن سۆزىدىكى كېچىنىڭ ئالامىتى ـ ئاي. كۈندۈزنىڭ ئالامىتى ـ كۈن. بىز كېچىنىڭ ئالامىتىنى كۆتۈرۈۋەتتۇق دېگەنلىك ئۇنى ئۆچۈرۈۋەتتۇق ۋە ئۇنىڭ نۇرىنى يوقىتىۋەتتۇق دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، «ئۆچۈرۈش» ئەسلىدە مەۋجۇت بولغان يورۇقلۇقنى قارىتىلىدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئاينىڭ نۇرلۇق ئىكەنلىكىنى ۋە نۇرىنىڭ ئۆچۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى بىلدۇق. مانا بۇلار تەتقىقاتچىلارنىڭ بايقاش ئۈسكۈنىلىرى ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن تونۇلغان سىردۇر. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تەرەپتىن ۋەھيىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىگە گۇۋاھ بولىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ:﴿قُلْ أَنزَلَهُ الَّذِي يَعْلَمُ السِّرَّ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ﴾ ﴿ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرنى بىلىپ تۇرىدىغان الله نازىل قىلدى.﴾(25 ـ سۈرە فۇرقان 6 ـ ئايەتنىڭ

بىر قىسمى).

سوئال: ئىلگىرىكى تەپسىرشۇناس ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشى قانداق؟

جاۋاپ: ئىلگىرىكى تەپسىرشۇناس ئالىملار: «ئاي كېچىنىڭ ئالامىتى، قۇياش كۈندۈزنىڭ ئالامىتى» دېدى. ئابدۇللا ئىبنى ئابباس ـ الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ـ : «ئاي بولسا قۇياش نۇر چاچقاندەك نۇر چاچىدۇ. ئاي كېچىنىڭ ئالامىتى، قۇياش كۈندۈزنىڭ ئالامىتى»﴿ دېدى. شەۋكانى: «بىز كېچىنىڭ ئالامىتىنى ئۆچۈرۈۋەتتۇق» دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە «ئاي نۇر تارقىتىش ۋە يورۇقلۇق چىقىرىشتا قۇياشقا ئوخشايدۇ» دېدى.

## چۈش بىزنى ئاجىز قىلىپ قويىدۇ

سوئال: بىز بۇ «سۆز»نى قانداق چۈشىنىمىز؟

جاۋاپ: ھاشارەت ئىلمى مۇتەخەسسىسلىرى چۈشىنىڭ شۆلگەيلىرى ناھايىتى مول بولغان شۆلگەيسىمان بەزلەردىن ئۆزۈلۈكسىز ئاجرىلىپ چىقىدىغانلىقىنى بايقىدى. ئەگەر چۈش تائامدىن بىرەر نەرسىنى ئېلىۋالسا، ئۇ تائامغا زور مىقداردىكى شۆلگەيلەرنى تارقىتىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ كۆپۈكى ئارقىلىق باشقا بىر ماددىغا ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئەگەر چۈش بىزدىن بىرەر نەرسىنى تارتىۋالسا، بىز ئۇنى قايتۇرۇۋالماقچى بولساق، ھەرگىزمۇ قايتۇرۇۋېلىشقا قادىر بولالمايمىز.

سوئال: بىز نېمە ئۈچۈن چۈش بىزدىن ئېلىۋالغان نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىشقا قادىر بولالمايمىز؟

جاۋاپ: چۈنكى، چۈش ئېلىۋالغان نەرسىگە شۇ ھامان

شۆلگەيلىرىنى ئېلىشتۇرىۋېتىدۇ ۋە ئۇنى باشقا ماددىغا ئايلاندۇرىۋېتىدۇ. ئەگەر بىز چىۋىننى ئۆلتۈرسەك ۋە چىۋىن بىزدىن ئېلىۋالغان نەرسىنى ئىزدىسەك، ئۇنى ھەرگىز تاپالمايمىز. چۈنكى چىۋىن ئۇنى باشقا نەرسىلەرگە ئايلاندۇرىۋېتىدۇ.

سوئال:قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى تىلغا ئالدىمۇ؟

جاۋاپ: قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى تىلغا ئېلىپ، ئىنساننىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىگە بىر مىسال بايان قىلدى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ ضُرِبَ مَثَلٌ فَاسْتَمِعُوا لَهُ إِنَّ الَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِ اللَّهِ لَن يَخْلُقُوا ذُبَابًا وَلَوِ اجْتَمَعُوا لَهُ وَإِن يَسْلُبْهُمُ الذُّبَابُ شَيْئًا لَّا يَسْتَنقِذُوهُ مِنْهُ ضَعُفَ الطَّالِبُ وَالْمَطْلُوبُ مَا قَدَرُوا اللَّهَ حَقَّ قَدْرِهِ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! (يەنى مۇشرىكلار جامائەسى!) بىر مىسال كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار، شۈبھىسىزكى، سىلەر الله نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنىڭ ھەممىسى يىغىلغان تەقدىردىمۇ بىر چىۋىننى يارىتالمايدۇ (ئەقلى بار ئادەم قانداقمۇ مۇشۇنداق بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋېلىپ ئۇلارغا چوقۇنىدۇ؟)، چىۋىن ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن بىر نەرسىنى (بۇتقا سۈركەپ قويۇلغان خۇشپۇراق بىر نەرسىنى) ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تارتىپ ئالالمايدۇ، بۇتمۇ ۋە (ئۇنىڭغا) چوقۇنغۇچىمۇ ئاجىزدۇر.ئۇلار (ئەرزىمەس بۇتلارنى الله غا شېرىك قىلىۋېلىپ) الله نى تېگىشلىك رەۋىشتە ئۇلۇغلاشمىدى،﴾ (22ـ سۈرە ھەج 73~74ـ ئايەتلەر).

مانا بۇ ھازىرقى ئىلىم ـ پەن دەۋرىدە تونۇلغان چىۋىننىڭ يارىتىلىشىدىكى بىر سىردۇر. ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر بولمىسا، ئىنسانلار بۇ ھەقىقەتنى ئىلمى تەتقىقات ئۈسكۈنىلىرى تەرەققى قىلىشتىن بۇرۇن تونۇمىغان بولاتتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى

## چۈمۈلە ئاڭلايدۇ ۋە سۆزلەيدۇ

سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ مەخپىي سىرلارنى بايان قىلىشتا ھازىرقى ئىلىم - پەندىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى ھەققىدىكى مىسال قايسى؟

جاۋاپ: قۇرئان كەرىم چۈمۈلىنىڭ ئاڭلاش ۋە سۆزلەش سىستېمىلىرى بىلەن ئۆزۈقلاندۇرۇلغانلىقىنى بايان قىلغان تۇنجى كىتاب. ئاناتومىيە (ئوپېراتسىيە ئىلمى) تەرەققى قىلىپ ئىنچىكە ھۈجەيرىلەر بايقالدى. ھاشارەت ئىلمىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، تەتقىقاتچىلار چۈمۈلىنىڭ ئاڭلاش سىستېمىسى ۋە ئۆز-ئارا سۆزلىشىش مۇمكىن بولىدىغان ئەزالارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقاپ چىقتى.

سوئال: بۇ ھەقىقەت قايسى ئايەتتە تىلغا ئېلىنىدۇ؟

جاۋاپ: الله سۈرە نەملىنىڭ 18- ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿حَتَّى إِذَا أَتَوْا عَلَى وَادِي النَّمْلِ قَالَتْ نَمْلَةٌ يَا أَيُّهَا النَّمْلُ ادْخُلُوا مَسَاكِنَكُمْ لَا يَحْطِمَنَّكُمْ سُلَيْمَانُ وَجُنُودُهُ وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ﴾ ﴿ئۇلار (شامدىكى بىر) چۈمۈلىلەر ۋادىسىغا يېتىپ كەلگەندە، بىر چۈمۈلە ئېيتتى: «ئى چۈمۈلىلەر! ئۇۋىلىرىڭلارغا كىرىپ كېتىڭلار، سۇلەيمان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئۇقماستىن سىلەرنى يەنچىۋەتمىسۇن.﴾ (27- سۈرە نەمل 18- ئايەت).

خۇلاسە:

1. قۇرئان كەرىمنىڭ ھەرقانداق زاماندا ئاشكارا بولىدىغان مۆجىزىلىرى بار. ئۇ مۆجىزە ۋە ئاجايىباتلار قۇرئاننىڭ الله تەرەپتىن نازىل بولغانلىقىغا گۇۋاھ بولىدۇ.

2. قۇرئــان كەرىــم كىشــىلەر هــاۋادا تــۇرۇش ئىمكانىيىتىنى ئويلاپ باقمىغان زاماندا، ئىنسانىنىڭ هاۋاغا هۇجۇم قىلىش ئىمكانىيىتى بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

3. قارىماققــا يېشــىل دەرەخــلەر كۆيدۈرۈشــكە قولايلىــق ئەمەســتەك كۆرۈنســىمۇ، بىــراق، دەل ئەكســچە قۇرئــان كەرىــم ئىشــلىتىلىۋاتقان كۆيــدۈرگۈچى مــاددىلاردىكى ئوتنىــڭ يېشــىل دەرەخلەردىن چىقىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

4. قۇرئــان كەرىــم الله نىــڭ ئۆســۈملۈكلەرنى تــاش، كۆمــۈر قاتارلىق قارا، يېشىل ماددىلارغا ئايلاندۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

5. قۇرئان كەرىم دېڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئىككى خىل دولقۇن بارلىقىنى خەۋەر قىلــدى. بــۇ تېخــى 1900 ـ يىللارغــچە ئېچىلمىغان سىر ئىدى.

6. قۇرئان كەرىم الله نىڭ كىشىلەرگە ئات، ئېشەك، خېچىر، قۇلــۋاق ۋە كــېمە قاتــارلىق ئۇلارغــا تونــۇش بولغــان قاتنــاش ۋاســتىلىرىدىن باشــقا يەنە يېڭــى قاتنــاش ۋاســتىلىرىنى يارىتىــدىغانلىقىنى خەۋەر قىلــدى. ئىلمــى تەرەققىيــاتلار مەيــدانغا كېلىپ، الله خەۋەر قىلغان ئىشلارنىڭ سىرىنى ئاچماقتا.

7. قۇرئــان كەرىــم ئاينىــڭ نۇرلــۇق ئىكەنلىكىنــى ۋە نۇرنىــڭ ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. مۇشــۇ ھەقىقەتلەرنىــڭ ســىرىنى ئاچىدىغان ئىلمى تەرەققىياتلار مەيدانغا كەلدى.

8. قۇرئــان كەرىــم ئىنســاننىڭ چــۈش ئېلىۋالغــان نەرســىنى قايتۇرۇشتىن ئــاجىز كېلىــدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىــدۇ. ئىنســانىيەت چىۋىننىــڭ ئېلىۋالغــان نەرســىنى دەرھــال باشــقا بىــر ماددىغــا ئايلاندۇرۇشتەك يۇقىرى ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىنى تونۇماقتا.

9. قۇرئــان كەرىــم بىــزگە چۈمۈلىنىــڭ ئاڭلايــدىغانلىقى ۋە

سۆزلەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان تۇنجى كىتاب. بۈگۈنكى زامانىدا قۇرئان ئىلگىرى خەۋەر قىلغان مۆجىزىنىڭ سىرىنى ئاچىدىغان ئىلمى تەرەققىياتلار مەيدانغا كەلدى.

## 15 .ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق

سوئال: ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىقنىڭ قانداق پەرقى بار؟

جاۋاپ: ئۆلۈك بولسا تىرىكلەرنىڭ ئەكسىچە تاماق يېمەيدۇ، ئىچىملىك ئىچمەيدۇ، ئاڭلىمايدۇ، بىرەر نەرسىنى بىلەلمەيدۇ، ئەقىل ئىشلىتەلمەيدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزدا بىرەر نەرسىنى سىزەلمەيدۇ، ئۇخلىمايدۇ، نەپەسلەنمەيدۇ، جۈپلەشمەيدۇ ۋە بوۋاقلارغا مېھرى ـ شەپقەت قىلالمايدۇ.

ئانا يېڭەن ئۆلۈك تائامنىڭ تېرىك جىسىمغا قانداق يۆتكىلىدىغانلىقى توغرىلىق ئويلىنىپ بېقىڭ. چۈنكى ئۇ خىل ئەھۋال بىزنىڭ جىسمىمىزدا ھەركۈنى دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. سىز قولىڭىزغا قاراپ بېقىڭ. سىزنىڭ قولىڭىز كىچىككىنە بىر قول بولۇپ، ئۇ ئۆلۈك تائامدىن غىزالىنىش ئارقىلىق جانلىق، ھەرىكەتچان بىر قولغا ئايلىنىدۇ. ئۆلۈكنىڭ قولىغا قاراپ بېقىڭ. ئۇ ئەسلىدە قان تومۇرلىرى سوقىدىغان ھايات بىر قول ئىدى. ئۇ بۈگۈن بىر ئۆلۈك قولغا ئايلىنىپ قالدى.

ئۆلۈكلەردە ھاياتلىقنى كىم ھەرىكەتلەندۈردى؟ تىرىكلەرگە ئۆلۈمنى كىم ھۆكۈم قىلدى؟ ئۇ ھاياتلىققا ۋە ئۆلۈمگە ئىگە بولالمايدىغان جانسىز بۇتمۇ؟ ياكى ئۇ ئۆلۈم، ھاياتلىق، ئەقىل ۋە تەدبىرگە ئىگە بولالمايدىغان تەبىئەتمۇ؟

ھەممىگە مەلۇمكى، تىرىك كائىناتنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمنى يامان كۆرىدۇ. لىكىن ئۇ بەرىبىر ئۆلىدۇ. چۈنكى ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق ئۇنىڭ ئىلكىدە ئەمەس. پەقەت ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى بولغان ۋە قانداق خالىسا شۇنداق تەسەررۇپ قىلىدىغان اللە

نىڭ ئىلكىدە. **الله** مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾ ﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى **الله** غا خاستۇر، **الله** ئۆلتۈرەلەيدۇ، تىرىلدۈرەلەيدۇ، **الله** ھەر نەرسىگە قادىردۇر.﴾ (57_سۈرە ھەدىد 2_ئايەت). ﴿وَهُوَ الَّذِي يُحْيِي وَيُمِيتُ وَلَهُ اخْتِلَافُ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ أَفَلَا تَعْقِلُونَ﴾ ﴿**الله** (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرىدۇ، (تىرىكنىڭ) جېنىنى ئالىدۇ، كېچە_كۈندۈزنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىشى **الله** نىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر، چۈشەنمەمسىلەر؟﴾ (23_سۈرە مۆئمىنۇن 80_ئايەت).

## ھاياتلىقتىن كېيىنكى ئۆلۈم

سوئال: بىز نېمە ئۈچۈن ئۆلىمىز؟

جاۋاپ: بىزنى تىرگۈزگەن ۋە ئۆلتۈرىدىغان زات _**الله**_ بىزگە ئۆلۈمنىڭ ئەمەل ھويلىسىدىن جازا ۋە مۇكاپات ھويلىسىغا يۆتكىگۈچى ئامىل ئىكەنلىكىنى ۋە ھەربىر جاننىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ جازا _ مۇكاپاتى ئۇنىڭغا تولۇق بېرىلىدىغانلىقىنى خەۋەر بەردى. **الله** مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُلُّ نَفْسٍ ذَآئِقَةُ الْمَوْتِ وَإِنَّمَا تُوَفَّوْنَ أُجُورَكُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَمَن زُحْزِحَ عَنِ النَّارِ وَأُدْخِلَ الْجَنَّةَ فَقَدْ فَازَ وَما الْحَيَاةُ الدُّنْيَا إِلاَّ مَتَاعُ الْغُرُورِ﴾ ﴿ھەر بىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنىڭ ئەجرىڭلار (يەنى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى) قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ، كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئالدايدىغان مالدىنلا ئىبارەتتۇر (يەنى ئالدايدىغان نەرسە بولۇپ، ئازغىنا بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن تۈگەيدۇ).﴾ (3_سۈرە ئال ئىمران 185_

ئايەت).

ئۆلۈمدىن قاچقىلى بولمايدۇ

سوئال: ئۆلۈمدىن قاچقىلى بولامدۇ؟

جاۋاپ: مەن ئۆلۈمنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغان ئادەمگە هەيران قېلىۋاتىمەن. زېمىن ئۈستىدىكى بىرمۇ ئادەم ئۆلۈمنى ئىنكار قىلمايدۇ. بىراق نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئۆلۈمنى ئەسلەشتىن ۋە ئۆلۈمدىن كېيىنكى ئىشلارغا تەييارلىق قىلىشتىن توسىدۇ. ئۇلار ئۆلۈمگە ئۇچرىشىدىغان تۇرۇپمۇ، ئۆلۈمنى ئەسلەشتىن قاچىدۇ. ئۇلارغا ئۆلۈم كېلىدىغان تۇرۇپمۇ، ئۆلۈمنى كۆرمەسكە سالىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ أَيْنَمَا تَكُونُواْ يُدْرِككُّمُ الْمَوْتُ وَلَوْ كُنتُمْ فِي بُرُوجٍ مُّشَيَّدَةٍ ﴾ ﴿قەيەردە بولماڭلار، (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ، سىلەر مۇستەهكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ.﴾ (4-سۈرە نىسا 78-ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ﴿ قُلْ إِنَّ الْمَوْتَ الَّذِي تَفِرُّونَ مِنْهُ فَإِنَّهُ مُلَاقِيكُمْ ثُمَّ تُرَدُّونَ إِلَى عَالِمِ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴾ ﴿(ئى مۇهەممەد!) «سىلەر قاچىدىغان ئۆلۈم چوقۇم سىلەرگە يولۇقىدۇ، ئاندىن سىلەر غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى (الله ) نىڭ دەرگاهىغا قايتۇرۇلىسىلەر، الله سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ» دېگىن.﴾ (62-سۈرە جۇمۇئە 8-ئايەت).

بەلگىلەنگەن قارار

سوئال: ئۆلۈم ۋە هاياتلىق ئىنساننىڭ ئىلكىدىمۇ؟

جاۋاپ: ياق، ئۆلۈم ۋە هاياتلىق ئىنساننىڭ ئىلكىدە ئەمەس. ئەگەر هاياتلىق ئىنساننىڭ ئىلكىدە بولغان بولسا، هەممە

ئۆلۈكلەر ئۆزىنى تىرىلدۈرۈۋالغان بولاتتى. ئەگەر ئۆلۈم ئىنساننىڭ ئىلكىدە بولغان بولسا، يەر يۈزىدىكى ھېچبىر شەخس ئۆلمىگەن بولاتتى.

سوئال: ئۇنداقتا ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق كىمنىڭ ئىلكىدە؟

جاۋاپ: ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق بولسا ئىنساننى تىرگۈزگەن ۋە مەۋجۇت قىلغان الله نىڭ ئىلكىدە. ھەرقانداق ئىنسان «ئۆلۈم» دىن ئىبارەت مۇقەررەر قانۇنىيەتتىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. يۈز يىل ئىچىدىلا بىر ئەۋلات كىشىلەر گويا يەرشارىدا ياشاپ باقمىغاندەك بولۇپ كېتىدۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىزمۇ ئىلگىرىكى كىشىلەرگە ئوخشاشلا ئۆلۈپ كېتىمىز. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِكُلِّ أُمَّةٍ أَجَلٌ فَإِذَا جَاء أَجَلُهُمْ لاَ يَسْتَأْخِرُونَ سَاعَةً وَلاَ يَسْتَقْدِمُونَ﴾ ﴿(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان) ھەر بىر ئۈممەتنىڭ (ھالاك بولىدىغان) مۇئەييەن ۋاقتى بولىدۇ، (ھالاك بولىدىغان) ۋاقتى يەتكەندە، ئۇلار بىردەممۇ ئىلگىرى-كېيىن بولمايدۇ (يەنى دەرھال ھالاك بولىدۇ).﴾ (7-سۈرە ئەئراف 34-ئايەت).

ھەر بىرىمىزنىڭ ھاياتى الله نىڭ ئىلمى بىلەن مەلۇم مۇددەت ئىچىگە چەكلەنگەن. الله ھەربىرىمىزنى مۇشۇ زېمىن ئۈستىدە مەلۇم مۇددەتكىچە ھايات تۇرغۇزىدۇ. ھەر بىرىمىزگە بەلگىلەنگەن مەلۇم قارار بار. ئەگەر شۇ قارار كەلسە، ئۇنى كېچىكتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. نۇرغۇن كىشىلەر ناھايىتى ساغلام تۇرۇپمۇ، ئاددىي سەۋەپلەر بىلەن الله نىڭ دەرگاھىغا كېتىپ قالىدۇ. شۇ ئاددىي سەۋەپلەر ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەپ بولىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ أَجَلَ اللَّهِ إِذَا جَاء لَا يُؤَخَّرُ لَوْ كُنتُمْ تَعْلَمُونَ.﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىلسەڭلار، الله نىڭ (ئىنسانغا بېكىتكەن) ئەجىلى كەلگەن چاغدا (ئەجەل) كېچىكتۈرۈلمەيدۇ.﴾ (71-سۈرە



www.uyghurkitap.com

نوھ 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

بۇنىڭ ئەكسىچە نۇرغۇن كىشىلەر خەتەرلىك كېسەللەرگە ياكى قاتتىق جاراھەتلەرگە گىرىپتار بولىدۇ. ئۇرۇشتا يارىدار بولۇپ، بىرەر ئەزاسى كېسىۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئېغىر قاتناش ھادىسىلىرى ياكى سۇيىقەستلەرگە ئۇچرايدۇ. لېكىن ئۇلار شۇنداق ئېغىر مۇسىبەتلەرگە ئۇچرىغان تۇرۇپمۇ، ئۆلۈپ كەتمەي يەنىلا ھايات ياشايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئەجىلى تېخى ئاخىرلاشمىغانلىقى ئۇچۇندۇر. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا كَانَ لِنَفْسٍ أَنْ تَمُوتَ إِلاَّ بِإِذْنِ اللهِ كِتَابًا مُّؤَجَّلاً﴾ ﴿ھېچ كىشى الله نىڭ ئىزنىسىز ئۆلمەيدۇ، الله ھەر ئادەمنىڭ ئەجىلىنى پۈتۈۋەتكەن (ئادەمنىڭ ئۆمرىنى قورقۇنچاقلىق ئۇزارتالمايدۇ، باتۇرلۇق قىسقارتالمايدۇ).﴾ (3 ـ سۈرە ئال ئىمران 145 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

مۆمىن ۋە كاپىرنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ئەھۋالى

سوئال: ئۆلۈم كەلگەندە مۆمىن ۋە كاپىرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاپ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « مۆمىنغا ئۆلۈم كەلگەندە ، ئۇنىڭغا الله تەرەپتىن بىشارەتچى كېلىدۇ. ئۇ الله غا ئۇچرىشىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. الله مۇ ئۇنىڭغا ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەمما ئاسى كاپىرغا ئۆلۈم كەلگەندە ئۇ ئۇچراشماقچى بولغان يامانلىق كېلىدۇ. ئۇ الله غا ئۇچرىشىشنى يامان كۆرىدۇ.»

مۆمىنگە ئۆلۈم ھازىر بولغاندا ئۇنى خاتىرجەم قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا رازىمەنلىك بىلەن بىشارەت بېرىدىغان رەھمەت پەرىشتىسى چۈشىدۇ. الله ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. مۆمىن جەننەتنىڭ نېمەتلىرىگە ۋە ئۇنىڭ ناھايىتى

گۈزەل ئىكەنلىكىگە قارايدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ ۋە رەببىگە ئۇچرىششىنى ياخشى كۆرىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ قَالُوا رَبُّنَا اللَّهُ ثُمَّ اسْتَقَامُوا تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ الْمَلَائِكَةُ أَلَّا تَخَافُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَبْشِرُوا بِالْجَنَّةِ الَّتِي كُنتُمْ تُوعَدُونَ نَحْنُ أَوْلِيَاؤُكُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَفِي الْآخِرَةِ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَشْتَهِي أَنفُسُكُمْ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَدَّعُونَ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز الله دۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭۈلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، (ئۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (الله) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر» دەيدۇ.﴾ (41-سۈرە فۇسسىلەت 30~32-ئايەتلەر)

ئەمما كاپىرلار ئۆلۈش بىلەنلا ئازاپلىنىدۇ، ئۇلار رەببىگە ئۇچرىششىنى يامان كۆرىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْ تَرَى إِذْ يَتَوَفَّى الَّذِينَ كَفَرُواْ الْمَلآئِكَةُ يَضْرِبُونَ وُجُوهَهُمْ وَأَدْبَارَهُمْ وَذُوقُواْ عَذَابَ الْحَرِيقِ﴾ ﴿پەرىشتىلەر (بەدرى ئۇرۇشىدا) كافىرلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ ئىدىڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالنى كۆرگەن بولاتتىڭ). (پەرىشتىلەر ئۇلارغا)«دوزاخنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئازابىنى تېتىڭلار!»(دەيتتى).﴾ (8-سۈرە ئەنفال 50-ئايەت).

ئۆلۈم سىلەرگە تۇيۇقسىز كېلىدۇ

سوئال: كىشىلەر ئارىسىدا: «مەن قېرىغاندا تەۋبە قىلىمەن»

دەيدىغان ئادەملەر بار، ئۇ ئادەم توغۇرلۇق ئىسلامنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاپ: ئۇ ئادەم ئۆلۈمنىڭ ئۇنىڭغا قېرىغاندا كېلىدىغانلىقىنى قانداق بىلىدۇ؟ ئۇ ئۆلۈم بىلەن پەقەت تەۋبە قىلىپ بولغاندىن كېيىنلا كېلىشكە كېلىشىم تۈزۈشكەنمۇ؟ زېمىن ئۈستىدىكى بىرەر ئادەم ئۆزىنىڭ مەلۇم مۇددەتكىچە ھايات ياشايدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالامدۇ؟ ياكى مۇشۇ سۆزلەرنى قىلغۇچى ئادەم الله دىن ئاشۇ توغرىلىق ئەھدە ئالغانمۇ؟ الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا تَدْرِي نَفْسٌ مَّاذَا تَكْسِبُ غَدًا وَمَا تَدْرِي نَفْسٌ بِأَيِّ أَرْضٍ تَمُوتُ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ﴾﴿ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى- يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، الله ھەقىقەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر.﴾(31- سۈرە لوقمان 34- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئۆلۈم الله نىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ھېچبىر ئادەم ئۆزىگە قاچان ئۆلۈم كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ھەرقانداق ئەقىللىق ئادەم ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىرىشى لازىم.

خۇلاسە:

1. ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق بولسا، ئۆلۈم ۋە ھاياتلىقنى ياراتقۇچى الله نىڭ ئىلكىدە. ھەرگىزمۇ ئۆزى ئۈچۈن ئۆلۈم ۋە ھاياتلىققا ئىگە بولالمايدىغان تەبىئەت ۋە بۇتنىڭ ئىلكىدە ئەمەس.

2. ئۆلۈم ئەمەل ھويلىسىدىن جازا ۋە مۇكاپات ھويلىسىغا يۆتكىگۈچى ئامىل.

3. ھەر قانداق ئىنسان ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆلۈمدىن كېيىنكى ئىشلارغا پۇختا تەييارلىق قىلىشى لازىم.

## 16. دەرس: بەرزەخ هاياتى

بەرزەخ

سوئال: بەرزەخ دىگەن نېمە؟

جاۋاپ: بەرزەخ ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن قىيامەت بەرپا بولغۇچە ئارىلىقتا بولىدىغان ئەھۋاللاردۇر. بەرزەخنىڭ مەنىسى ئىككى شەيئى ئوتتورىسىدىكى بىر توساق دىگەنلىكتۇر. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿حَتَّى إِذَا جَاء أَحَدَهُمُ الْمَوْتُ قَالَ رَبِّ ارْجِعُونِ لَعَلِّي أَعْمَلُ صَالِحًا فِيمَا تَرَكْتُ كَلَّا إِنَّهَا كَلِمَةٌ هُوَ قَائِلُهَا وَمِن وَرَائِهِم بَرْزَخٌ إِلَى يَوْمِ يُبْعَثُونَ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ (يەنى كافىرلارنىڭ) بىرىگە ئۆلۈم كەلسە ئېيتىدۇركى، «پەرۋەردىگارىم! مېنى (دۇنياغا) قايتۇرغىن. مەن قويۇپ كەلگەن مال- مۈلكۈم بىلەن ياخشىلىق قىلىشىم مۇمكىن». (ئۇنىڭ دۇنياغا قايتىشى) مۇمكىن ئەمەس، ئۇ چوقۇم شۇ سۆزنى قىلغۇچىدۇر، ئۇلار قەبرىلىرىدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنگە قەدەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنى دۇنياغا قايتىشتىن توسىدىغان) بىر توسما بولىدۇ.﴾ (23- سۈرە مۆئمىنۇن 99~100- ئايەتلەر).

قەبرە ۋە ئۇنىڭ ئازابى

سوئال: قەبرە بەرزەخ هاياتىنىڭ بىر قىسمى هىسابلىنامدۇ؟

جاۋاپ: شۇندق، قەبرە بەرزەخ هاياتىنىڭ بىر قىسمى هىساپلىنىدۇ.

سوئال: قەبرىدە ئىنسانغا نېمە ئىشلار يۈز بىرىدۇ؟

جاۋاپ: ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن ئۆز ئەمەللىرىدىن هىساب

بىرىشكە باشلايدۇ. لېكىن تولۇق ھىساب قىيامەت كۈنى بولىدۇ.

سوئال: قەبرىگە ئېلىنمىغان كىشىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاپ: ئادەمنىڭ جەسىتى مەيلى پارچە - پارچە بولۇپ كەتسۇن ياكى ئۇنى يىرتقۇچلار يەپ كەتسۇن ۋەياكى ئۇنىڭ جەسىتى كۆيدۈرۈلۈپ كۈلى دېڭىز ئوكيانلارغا چېچىۋېتىلسۇن ئوخشاشلا قەبرىدىكى كىشىلەر دۇچ كەلگەن قىسمەتكە دۇچ كېلىدۇ. ھېچكىم الله نىڭ قانۇنىيىتىنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ:﴿قُتِلَ الْإِنسَانُ مَا أَكْفَرَهُ مِنْ أَيِّ شَيْءٍ خَلَقَهُ مِن نُّطْفَةٍ خَلَقَهُ فَقَدَّرَهُ ثُمَّ السَّبِيلَ يَسَّرَهُ ثُمَّ أَمَاتَهُ فَأَقْبَرَهُ ثُمَّ إِذَا شَاء أَنشَرَهُ ﴾﴿ئىنسانغا لەنەت بولسۇنكى، ئۇ ئەجەپ كاپىر بولدى! الله ئۇنى نېمىدىن ياراتتى؟ الله ئۇنى ئابىمەنىدىن ياراتتى، (ئۇ تولۇق يارىتىلىپ بولغۇچە) الله ئۇنى بىر قانچە باسقۇچلارغا بۆلۈپ پەيدىن - پەي ياراتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا (ماڭار) يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى. ئاندىن ئۇنى ۋاپات قىلدۇردى، ئۇنىڭغا (كۆمۈلىدىغان) قەبرىنى بەرپا قىلدى. ئاندىن الله ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا تىرىلدۈرىدۇ.﴾ (80- سۈرە ئەبەسە 17~22-ئايەتلەر).

سوئال: ئىنسان قەبرىدە نېمىلەرگە ئۇچرىشىدۇ؟

جاۋاپ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:« ئەگەر ئۆلۈك قەبرىگە قويۇلسا، ئۇنى قەبرىگە قويغان كىشىلەرنىڭ قايتقان چاغدىكى ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم مۇئمىن بولسا، ئوقوغان نامىزى باش تەرەپتە تۇرىدۇ، روزىسى ئوڭ تەرەپتە، زاكىتى سول تەرەپتە، سەدىقە، ناماز ۋە كىشىلەرگە قىلغان خەيرى - ئىھسانلىرى ئاياغ تەرەپتە تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم باش تەرىپىگە قارىسا، ئۇنىڭ نامىزى: « مېنىڭ يېنىمدا

پاناھ جاي بار» دەيدۇ. ئوڭ تەرىپىگە قارىسا، ئۇنىڭ روزىسى: «مېنىڭ يېنىمدا پاناھ جاي بار» دەيدۇ. سول تەرىپىگە قارىسا ئۇنىڭ زاكىتى: « مېنىڭ يېنىمدا پاناھ جاي بار» دەيدۇ. ئاندىن ئاياغ تەرىپىگە قارىسا ئۇنىڭ سەدىقە ۋە كىشىلەرگە قىلغان ياخشى ئەمەللىرى: « مېنىڭ يېنىمدا پاناھ جاي بار» دەيدۇ. ئاندىن كېيىن بۇ ئادەمگە « مەن ساڭا سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا تۇرغان بۇ ئادەمنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ سەن ئۇ ئادەم توغرىلىق نېمە دەيسەن؟ سەن ئۇ ئادەم توغرىلىق نىمىگە گۇۋاھلىق بېرىسەن؟» دېيىلىدۇ. ئۇ ئادەم «مېنى قويىۋۇتىڭلار! مەن ناماز ئوقوۋالاي» دەيدۇ. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا:«سەن ئۇنى بۇنىڭدىن كېيىن قىلىۋالىسەن، سەن ھازىر بىزگە سەندىن سورىغان سوئاللارغا جاۋاپ بەرگىن. ساڭا سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا تۇرغان بۇ ئادەمنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ سەن ئۇ ئادەم توغرىلىق نېمە دەيسەن؟ سەن ئۇ ئادەم توغرىلىق نىمىگە گۇۋاھلىق بېرىسەن؟» دەيدۇ. ئۇ ئادەم :« بۇ بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام. مەن ئۇنى الله نىڭ ھەق پەيغەمبىرى ، ئۇ الله تەرەپتىن ھەقنى ئېلىپ كەلدى، دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن » دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا « سەن شۇ ھەقىقەت ئۈچۈن دۇنياغا كەلدىڭ ۋە شۇ ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆلدۈڭ. الله خالىسا سەن ئاشۇ ھەقىقەت ئۈستىدە تىرىلىسەن» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭغا جەننەتتىن بىر ئىشىك ئېچىلىدۇ-دە، «بۇ سېنىڭ جەننەتتىكى ئورنۇڭ، ئۇنىڭدا الله ساڭا تەييارلىغان نەرسىلەر بار» دېيىلىدۇ. بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ قىزىقىشى ۋە خۇشاللىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا دوزاختىن بىر ئىشىك ئېچىلىدۇ ۋە « ئەگەر سەن الله غا ئاسى بولغان بولساڭ، بۇ سېنىڭ ئورنۇڭ بولاتتى، دوزاختە الله ساڭا

تەييارلىغان نەرسىلەر بولاتتى» دېيىلىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ قىزىقىشى ۋە خۇشاللىقى تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ قەبرىسى يەتمىش گەز كەڭرى قىلىنىدۇ ۋە قەبرە ئىچى ناھايىتى نۇرلىنىپ كىتىدۇ. جەسىتى تۇنجى قېتىمقىدەك تۇپراققا قايتىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ روھى پاك روھلار ئىچىدە جەننەتنىڭ دەرەخلىرىگە قونىدىغان بىر قۇش بولىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُثَبِّتُ اللّهُ الَّذِينَ آمَنُواْ بِالْقَوْلِ الثَّابِتِ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَفِي الآخِرَةِ﴾ ﴿الله مۆمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ.﴾ (14 ـ سۈرە ئىبراھىم 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئەمما كاپىر بېشى تەرەپكە قارىسا ھېچ نەرسە تېپىلمايدۇ. ئوڭ، سول ۋە ئاياغ تەرەپكە قارىسىمۇ ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا «ئولتۇر» دېيىلىدۇ. ئۇ ناھايىتى تىترىگەن ۋە قورققان ھالىتىدە ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭغا :« مەن ساڭا سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا تۇرغان بۇ ئادەمنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ سەن ئۇ ئادەم توغرىلىق نېمە دەيسەن؟ سەن ئۇ ئادەم توغرىلىق نىمىگە گۇۋاھلىق بېرىسەن؟» دېيىلىدۇ. ئۇ كاپىر ئادەم «ئۇ قايسى ئادەم؟» دەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇنىڭغا «ئۇ مۇھەممەد» دېيىلىدۇ. ئۇ:« مەن ئۇنى بىلمەيمەن» دەيدۇ.

رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئۇ ئادەمگە: «سەن ئۇنى بىلمىدىڭ ۋە ئاڭلىمىدىڭ. پەقەت سەن كىشىلەردىن ئۇ توغرىلىق بەزىبىر سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۇلار دىگەن سۆزنى دېدىڭ. سەن شۇ توغرىلىق دۇنياغا كەلدىڭ ۋە شۇ توغرىلىق ئۆلتۈرۈلدۈڭ. الله خالىسا شۇ توغرىلىق تىرىلىسەن» دېيىلىدۇ. ئۇ ناھايىتى ھەسرەت چېكىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا جەننەتتىن بىر ئىشىك ئېچىلىدۇ ۋە:«ئەگەر سەن الله غا ئىتائەت قىلغان بولساڭ، بۇ سېنىڭ

جەننەتتىكى ئورنۇڭ بولاتتى. ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنى
ﷲ ساڭا تەييارلىغان بولاتتى.» دېيىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ
ھەسرەت ـ نادامىتى تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ
قەبرىسى ناھايىتى تار قىلىنىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرى بىر ـ
بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ. مانا بۇ ئىنتايىن قىيىنچىلىق ئىچىدىكى
ھاياتتۇر. ﷲ مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِنَّ لَهُ مَعِيشَةً ضَنكًا وَنَحْشُرُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ
أَعْمَى﴾ ﴿ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت
كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز.﴾ (20 ـ سۈرە تاھا 124 ـ ئايەتنىڭ
بىر قىسمى).

شېھىتلار

سوئال: شېھىتلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاپ: ﷲ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلاَ تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ
أَمْوَاتًا بَلْ أَحْيَاء عِندَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ فَرِحِينَ بِمَا آتَاهُمُ اللّهُ مِن فَضْلِهِ وَيَسْتَبْشِرُونَ
بِالَّذِينَ لَمْ يَلْحَقُواْ بِهِم مِّنْ خَلْفِهِمْ أَلاَّ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ﴾ ﴿ﷲ نىڭ
يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى
ئۇلار تىرىك بولۇپ، ﷲ نىڭ دەرگاھىدىكى رىزقتىن بەھرىمەن
قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىدىن ئەتىگەن ئاخشامدا
مەڭگۈلۈك رىزقلاندۇرۇپ تۇرىلىدۇ). ئۇلار ﷲ نىڭ ئۆزلىرىگە
بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر، ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى
يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شېھىت بولماي تىرىك قالغان)
قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ، (دۇنيادىن
ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇش خەۋەر
بېرىشنى تىلەيدۇ.﴾(3 ـ سۈرە ئال ئىمران 169～170 ـ ئايەتلەر).

شېھىتلار تىرىك بولۇپ، ئۇلار جەننەتتە رىزىقلاندۇرۇلىدۇ.
گەرچە ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى ھالاكەت ئىچىدە بولسىمۇ، بىراق

ئۇلارنىڭ روھلىرى باشقا مۇئمىنلارنىڭ روھىغا ئوخشاش تىرىكتۇر. ئۇلار الله يولىدا جاھات قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا بېرىلگەن مۇكاپات يۈزىسىدىن ھەر دائىم الله نىڭ رىزقى بىلەن ئۇزۇقلاندۇرۇلىدۇ.

## روھلارنىڭ ماكانى

سوئال: قەبرىدە ھېساب بېرىپ بولغاندىن كېيىن روھلار قەيەردىن ئورۇن ئالىدۇ؟

جاۋاب: روھلار ئىچىدە ئەڭ ئۈستۈنكى ئورۇندا بولىدىغانلىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ روھلىرىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا جەننەتتە خالىغان يەرلەردە ئۇچۇپ يۈرىدىغان ۋە يېشىل ئۇچارلىقلارنىڭ تاجلىرىدا بولىدىغان روھلار بولۇپ، ئۇ بەزى شېھىتلارنىڭ روھلىرىدۇر. جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىدە توختىتىپ قويۇلغان روھلار بار بولۇپ، ئۇلار قەرزىنى ئادا قىلمىغان شېھىتلارنىڭ روھلىرىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا سالىھ كىشىلەرنىڭ روھىغا ئوخشاش زېمىندا توختىتىپ قويۇلغان ۋە يۇقىرى ئورۇنلاردا پاك روھلار بىلەن بىللە بولىدىغان روھلار بار.

## بەرزەخ ھاياتى

سوئال: بەرزەخ ھاياتى تۈنجى ھاياتتىن پەرقلىق بولامدۇ؟

جاۋاب: بەرزەخ ھاياتى ئانىنىڭ قورسىقىدىكى ھايات بىلەن زېمىن ئۈستىدىكى ھاياتنىڭ پەرقىدىنمۇ بەكرەك پەرقلىق بولىدۇ. ئەگەر ئانا قورسىقىدىكى بوۋاقتا زېمىن ئۈستىدىكى ھاياتلىق

سۈپەتلەپ بېرىلسە، ئۇ بۇنىڭدىن ناھايىتى ھەيران قېلىشى، ھەتتا، ئۇنى يالغان دېيىشىمۇ مۇمكىن. بىراق بىز ئەڭ راستچىل بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خەۋەر قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەستىقلايمىز. بىز دۇنيادا قەبرە ئازابىنى بىلمەيمىز. قەبرىدىكى كىشىلەر بولسا باشقا بىر دۇنيادا. بىز بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىر توسما بار. بىزنىڭ ئۇ توسمىدىن ئۆتىشىمىز خۇددى ئانا قورسىقىدىكى بوۋاقنىڭ تۇغۇلغىنىغا ئوخشايدۇ. ۋاھالەنكى ئۇ بوۋاق دۇنيادا بىز بىلەن بىللە بولسىمۇ، لىكىن بىز بىلەن ئۇنىڭ ئوتتورىسىدا بىر توسما بار. بوۋاق پەقەت تۇغۇلۇش ئارقىلىقلا دۇنياغا ئۆتەلەيدۇ. لىكىن بىز قەبرە ئازابىغا ئىشىنىمىز. چۈنكى ئۇ توغۇرلۇق خەۋەر بەرگۈچى رەببى تەرەپتىن يەتكۈزگۈچى، ئەڭ راست سۆزلىگۈچى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

خۇلاسە:

1. بەرزەخ ھاياتى ئۆلۈش بىلەن قىيامەت كۈنىنىڭ ئارىلىقىدىكى ھايات.

2. كىمىكى ئۆلۈپ كەتسە مەيلى ئۇ ۋەھشى ھايۋانلارنىڭ قورسىقىدا بولسۇن ياكى جەسەتلىرى پارچە - پارچە بولۇپ كەتسۇن ۋەياكى كۈلگە ئوخشاش چېچىلىپ تۇزۇپ كەتسۇن الله ئۇنى قەبرىگە ئالىدۇ ۋە ھىساب باشلىنىدۇ. مۇئمىن الله ئۆزىگە تەييارلىغان ئورۇننى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولىدۇ. كاپىر ئۆزىگە تەييارلانغان ئورۇننى كۆرۈپ ناھايىتى قايغۇرىدۇ.

3. شېھىتلار تىرىك بولۇپ، ئۇلار جەننەتتە نېئمەتكە ئېرىشكۈچى بولىدۇ. لىكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەرىزىنى ئادا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن روھى جەننەتنىڭ ئىشىكىدە توختىتىپ

قويۇلىدىغانلىرى ياكى غەنىيمەت ئوغورلىغانلىقى ئۈچۈن روھى قەبرىدە توختىتىپ قويۇلىدىغانلىرى بار. شېھىتلارنىڭ روھلىرى ئىچىدە جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئۇنىڭ ماكانى بولىدىغانلىرىمۇ بار.

4. بەرزەخ ھاياتى بىزنىڭ دۇنيا ھاياتىمىزدىن پەرقلىق بولىدۇ. بىز بەرزەخ ھاياتىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشۈنىشكە قادىر بولالمايمىز. چۈنكى بىز بىلەن بەرزەخ ئوتتۇرىسىدا خۇددى ئانىنىڭ قورسىقىدىكى بوۋاق بىلەن زېمىن ئۈستىدىكى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توسمىغا ئوخشاش بىر توسما بار.

5. بىز ئەڭ راستچىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىمىز. چۈنكى الله مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىز بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى. بىز ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ راستلىقىنى بىلىمىز ۋە ئۇنى تەستىقلايمىز.

## 17. دەرس: قايتا تىرىلىشنىڭ ئەھۋاللىرى

### قايتا تىرىلىش

سوئال: قايتا تىرىلىش دىگەن نېمە ؟
جاۋاپ: ئۇ بولسا ئىنسان روھىنىڭ دۇنيادىكى ھالىتىدىكىدەك جەسەتكە قايتىشى ۋە ئاخىرەت كۈنىنىڭ باشلىنىشىدۇر.

### قايتا تىرىلىشنىڭ دەلىللىرى

سوئال: قايتا تىرىلىشنىڭ دەلىللىرى قايسى؟
جاۋاپ: 1) بىزنى ياراتقان، ئاندىن بىزنى ئۆلتۈرگەن ياراتقۇچىمىز الله بىز ئۆلۈپ بولغاندىن كېيىن بىزنى چوقۇم تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى بىزگە بىز ئۈلارنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىقلىغان ۋە ئىشەنگەن؛ شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ راستلىقىغا دەلىل ـ پاكىتلارنى تۇرغۇزغان پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەر ئارقىلىق خەۋەر قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى تارىخى خاتىرىلەردە تەپسىلى بايان قىلىنغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارغا الله نىڭ ئۇلارنى ھساب كۈنى ئۈچۈن چوقۇم قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى خەۋەر بېرىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿رُّسُلاً مُّبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَ لِئَلاَّ يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَى اللّهِ حُجَّةٌ بَعْدَ الرُّسُلِ وَكَانَ اللّهُ عَزِيزًا حَكِيمًا﴾ ﴿ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن الله نىڭ ئالدىدا كىشىلەر (يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر)گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن) خوشخەۋەر بەرگۈچى،

(ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾ (4 ـ سۈرە نىسا 165 ـ ئايەت).

2. ئەگەر سىز ئىنساننىڭ يارىتىلىشى توغرىلىق ئويلىنىپ باقسىڭىز، ئىنسان جىسمىنىڭ ھەر بىر پارچىسىنىڭ بىر ھېكمەت ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى ئۇچرىتىسىز. بىز بۇنىڭدىن ئىنساننىڭ بىكارغا يارىتىلمىغانلىقىنى، بەلكى، بىر ھېكمەت ئۈچۈنلا يارىتىلغانلىقىنى تونۇيمىز. بىراق بۇ ھېكمەتنىڭ سىرى بىز قايتا تىرىلىشكە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەندىلا ئاندىن نامايەن بولىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ:﴿أَفَحَسِبْتُمْ أَنَّمَا خَلَقْنَاكُمْ عَبَثًا وَأَنَّكُمْ إِلَيْنَا لَا تُرْجَعُونَ فَتَعَالَى اللَّـهُ الْمَلِكُ الْحَقُّ لَا إِلَـهَ إِلَّا هُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْكَرِيمِ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزەڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى يارىتقىنىمىزدەك بىز ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى)، ئۆزەڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ ھەق پادىشاھ — الله ئۈستۈندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر.﴾ (23 ـ سۈرە مۇئمىنۇن 115～116 ـ ئايەتلەر).

3. ئەگەر بىز ياراتقۇچىنىڭ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقلاردىن ئۇلۇغ ۋە مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى تونۇساق، ئۇنداقتا ئىنساننىڭ ئادىللىقى زالىم بىلەن زۇلۇم قىلىنغۇچىنىڭ ، ئىتائەتمەن بىلەن ئاسىيلىق قىلغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىنى باراۋەر قىلىشقا ئۇنىمايدىغانلىقىنى تونۇيمىز. ئەگەر دۇنيادا مۇكەممەل ئادىللىقنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە ئادىل مۇكاپاتىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى تونۇساق، ئۇنداقتا ئىلاھىي

ئادىللىقنىڭ گۇناھكار بىلەن گۇناھدىن پاك ئادەمنىڭ ۋە ئىتائەت قىلغۇچى بىلەن ئاسىيلىق قىلغۇچىنىڭ ئوتتورىسىنى باراۋەر قىلىشقا ئۇنىمايدىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. شۇڭا بىزنىڭ ئەقلىمىز ئۆلگەندىن كېيىن ھېسابنىڭ يۈز بېرىشىنى زۆرۈر ھېساپلىدى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَمْ حَسِبَ الَّذِينَ اجْتَرَحُوا السَّيِّئَاتِ أَن نَّجْعَلَهُمْ كَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ سَوَاءً مَّحْيَاهُم وَمَمَاتُهُمْ سَاءَ مَا يَحْكُمُونَ وَخَلَقَ اللَّهُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ بِالْحَقِّ وَلِتُجْزَىٰ كُلُّ نَفْسٍ بِمَا كَسَبَتْ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ﴾ ﴿يامان ئىشلارنى قىلغانلار (يەنى گۇناھكار كۇففارلار) ئۆزلىرىنى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلاردەك قىلىشىمىزنى، ھاياتلىقتا، ماماتلىقتا ئۇلار بىلەن ئوخشاش قىلىشىمىزنى ئويلامدۇ؟ (يەنى ئۇلارنى ئوخشاش قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس) ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمى نېمە دېگەن يامان! الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەقلىق بىلەن ياراتتى، ھەر ئىنساننىڭ قىلمىشىغا يارىشا جازا ياكى مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ.﴾ (45-سۈرە جاسىيە 21~22-ئايەتلەر).

## جىنايەتچىلەرنىڭ گۇمانى

سوئال: كاپىرلار «ئىنسان تۇپراقتا چىرىپ سۆڭەككە ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن ھاياتلىققا قايتىشى مومكىن ئەمەس» دەيدۇ. ئۇلارغا قانداق رەددىيە بېرىلىدۇ؟

جاۋاپ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن مۇشۇ سوئال سورالغاندا ، الله ئۇلارغا رەددىيە بىرىشنى ئۇستىگە ئالدى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَضَرَبَ لَنَا مَثَلًا وَنَسِيَ خَلْقَهُ قَالَ مَنْ يُحْيِي الْعِظَامَ وَهِيَ رَمِيمٌ قُلْ يُحْيِيهَا الَّذِي أَنشَأَهَا أَوَّلَ مَرَّةٍ وَهُوَ بِكُلِّ خَلْقٍ عَلِيمٌ الَّذِي جَعَلَ لَكُم مِّنَ الشَّجَرِ الْأَخْضَرِ نَارًا

فَإِذَا أَنتُم مِّنْهُ تُوقِدُونَ أَوَلَيْسَ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ بِقَادِرٍ عَلَى أَنْ يَخْلُقَ مِثْلَهُم بَلَى وَهُوَ الْخَلَّاقُ الْعَلِيمُ إِنَّمَا أَمْرُهُ إِذَا أَرَادَ شَيْئًا أَنْ يَقُولَ لَهُ كُنْ فَيَكُونُ فَسُبْحَانَ الَّذِي بِيَدِهِ مَلَكُوتُ كُلِّ شَيْءٍ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴾ «ئۇ بىزگە (ئىنسانىنىڭ قايتا تىرىلىشىنى يىراق ساناپ، چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇدى، ئۇ: «چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟» دېدى. ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر». الله سىلەر ئۈچۈن يېشىل دەرەختىن ئوت پەيدا قىلدى. سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئوت ياقىسىلەر. ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زات ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى يارىتىشقا قادىر ئەمەسمۇ؟ ئۇ بۇنىڭغا قادىر، الله ماھىر ياراتقۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. الله بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «ۋۇجۇتقا كەل» دەيدۇ- دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. الله پاكتۇركى، ھەربىر نەرسىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئۇنىڭ قولىدىدۇر، (ئۆلگەندىن كېيىن) ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.﴾ (36-سۈرە ياسىن 78~83-ئايەتلەر). ﴿وَهُوَ الَّذِي يَبْدَأُ الْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُ وَهُوَ أَهْوَنُ عَلَيْهِ وَلَهُ الْمَثَلُ الْأَعْلَى فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾ ﴿مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان الله ئەنە شۇدۇر، ئۇ (يەنى مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈش) الله غا (ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئەڭ ئالىي سۈپەت الله غا خاستۇر، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾ (30-سۈرە رۇم 27-ئايەت).

## ئومومىيۈزلۈك يوقۇلۇش ۋە تولۇق ئويغۇنۇش

سوئال: قايتا تىرىلىش قانداق باشلىنىدۇ؟

جاۋاپ: مۇشۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىمىزنى كۆرسىتىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا تُوعَدُونَ لَوَاقِعٌ فَإِذَا النُّجُومُ طُمِسَتْ وَإِذَا السَّمَاء فُرِجَتْ وَإِذَا الْجِبَالُ نُسِفَتْ وَإِذَا الرُّسُلُ أُقِّتَتْ لِأَيِّ يَوْمٍ أُجِّلَتْ لِيَوْمِ الْفَصْلِ وَمَا أَدْرَاكَ مَا يَوْمُ الْفَصْلِ وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِينَ﴾ ﴿(ئى مەككە كۇففارلىرى!) سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىش (يەنى قىيامەت، ھېساب ۋە جازا) چوقۇم مەيدانغا كەلگۈچىدۇر. يۇلتۇزلارنىڭ (نۇرى) ئۆچۈرۈلگەن چاغدا، ئاسمان يېرىلغان چاغدا، تاغلار تىتىلىپ (شامالدا ئۇچۇپ يۈرگەن زەررىلەردەك) ئۇچۇپ يۈرگەن چاغدا، پەيغەمبەرلەرگە (ئۇلار بىلەن ئۈممەتلىرى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىشقا) ۋاقىت بەلگىلەنگەن چاغدا (ۋەدە قىلىنغان قىيامەت مەيدانغا كېلىدۇ). (پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرىگە ئائىت ئىشلار) قايسى بۈيۈك كۈنگە كېچىكتۈرۈلدى؟ خالايىقنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈن ئۈچۈن (تەخىر قىلىندى). ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈننىڭ نېمىلىكىنى (يەنى ئۇنىڭ دەھشىتىنى) قانداق بىلەلەيسەن؟. بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!﴾ (77-سۈرە مۇرسەلات 7~15-ئايەتلەر). ﴿إِنَّ يَوْمَ الْفَصْلِ كَانَ مِيقَاتًا يَوْمَ يُنفَخُ فِي الصُّورِ فَتَأْتُونَ أَفْوَاجًا وَفُتِحَتِ السَّمَاء فَكَانَتْ أَبْوَابًا وَسُيِّرَتِ الْجِبَالُ فَكَانَتْ سَرَابًا﴾ ﴿قىيامەت كۈنى ھەقىقەتەن (مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش) ۋاقتىدۇر. ئۇ كۈنى سۇر چېلىنىدۇ، سىلەر توپ- توپ بولۇپ كېلىسىلەر. ئاسمان ئېچىلىپ نۇرغۇن ئىشىكلەر پەيدا بولىدۇ. تاغلار ھەركەتلەندۈرۈلۈپ سەرابتەك بولۇپ قالىدۇ (يەنى تاغلار

www.uyghurkitap.com

توزۇپ يىراقتىن قارىغۇچىغا سۇدەك تۇيۇلىدۇ).﴾(78 ـ سۈرە نەبە 17~20 ـ ئايەتلەر). ﴿إِذَا وَقَعَتِ الْوَاقِعَةُ لَيْسَ لِوَقْعَتِهَا كَاذِبَةٌ خَافِضَةٌ رَّافِعَةٌ إِذَا رُجَّتِ الْأَرْضُ رَجًّا وَبُسَّتِ الْجِبَالُ بَسًّا فَكَانَتْ هَبَاء مُّنبَثًّا﴾ ﴿قىيامەت قايىم بولغان چاغدا، ھېچ ئادەم ئۇنى ئىنكار قىلالمايدۇ. زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەن، تاغلار پارچىلىنىپ توزاندەك توزۇپ كەتكەن چاغدا، قىيامەت (بەزىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزۈش بىلەن دەرىجىسىنى) چۈشۈرىدۇ، (بەزىلەرنى جەننەتكە كىرگۈزۈش بىلەن دەرىجىسىنى) كۆتۈرىدۇ.﴾ (56 ـ سۈرە ۋاقىئە 1~6 ـ ئايەتلەر). ﴿يَوْمَ تُبَدَّلُ الأَرْضُ غَيْرَ الأَرْضِ وَالسَّمَاوَاتُ وَبَرَزُواْ للّهِ الْوَاحِدِ الْقَهَّارِ﴾ ﴿ئۇ كۈندە زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ، ئۇلار (يەنى پۈتۈن خالايىق قەبرىلىرىدىن چىقىپ) يېگانە، قۇدرەتلىك الله نىڭ دەرگاھىدا (يەنى مەھشەرگاھدا) ھازىر بولىدۇ.﴾ (14 ـ سۈرە ئىبراھىم 48 ـ ئايەت).

## كاناي چېلىش

سوئال: كاناي چېلىشنىڭ مەنىسى نېمە ؟

جاۋاپ: كاناي دېگەن سۇر چېلىنىدىغان بىر مۈڭگۈز بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭدا سۇر چېلىنسا، ئۇنىڭدىن ناھايىتى قاتتىق ئاۋاز چىقىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَنُفِخَ فِي الصُّورِ فَصَعِقَ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَمَن فِي الْأَرْضِ إِلَّا مَن شَاء اللَّهُ ثُمَّ نُفِخَ فِيهِ أُخْرَى فَإِذَا هُم قِيَامٌ يَنظُرُونَ﴾ ﴿سۇر چېلىنغاندا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى الله خالىغاندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ، ئاندىن سۇر ئىككىنچى قېتىم چېلىنغاندا ناگاھان ئۇلار تۇرۇپ (نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقلىرىغا)

قاراپ تۇرىدۇ.﴾ (39 ـ سۈرە زۇمەر 68 ـ ئايەت).

سوئال: سۈر نەچچە قېتىم چېلىنىدۇ؟ ھەر قېتىمدا نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟

جاۋاپ: تۇنجى قېتىم سۈر چېلىنغاندا ئومۇمىيۈزلۈك يوقۇلۇش يۈز بېرىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا نُفِخَ فِي الصُّورِ نَفْخَةٌ وَاحِدَةٌ وَحُمِلَتِ الْأَرْضُ وَالْجِبَالُ فَدُكَّتَا دَكَّةً وَاحِدَةً فَيَوْمَئِذٍ وَقَعَتِ الْوَاقِعَةُ وَانشَقَّتِ السَّمَاء فَهِيَ يَوْمَئِذٍ وَاهِيَةٌ﴾ ﴿بىرىنچى قېتىملىق سۈر چېلىنغان چاغدا، زېمىن ۋە تاغلار (ئورۇنلىرىدىن) كۆتىرىلىپ (بىر ـ بىرىگە) ئورۇلۇپ (ئۇۋۇلىپ كەتكەن) چاغدا، بۇ كۈندە چوڭ ئىش (يەنى قىيامەت) يۈز بېرىدۇ. ئاسمان يېرىلىدۇ، بۇ كۈندە ئاسمان (قالايمىقانلىشىپ) ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ.﴾ (69 ـ سۈرە ھاققە 13～16 ـ ئايەتلەر).

سوئال: تۇنجى قېتىم سۈر چېلىنغان چاغدىكى دۇنياۋى تەۋرىنىشتە كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاپ: ئۇ كۈندە كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى الله نىڭ تەۋەندىكى سۆزىدە ئىپتىلغانىدەك بولىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمْ إِنَّ زَلْزَلَةَ السَّاعَةِ شَيْءٌ عَظِيمٌ يَوْمَ تَرَوْنَهَا تَذْهَلُ كُلُّ مُرْضِعَةٍ عَمَّا أَرْضَعَتْ وَتَضَعُ كُلُّ ذَاتِ حَمْلٍ حَمْلَهَا وَتَرَى النَّاسَ سُكَارَى وَمَا هُم بِسُكَارَى وَلَكِنَّ عَذَابَ اللَّهِ شَدِيدٌ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلاردىن (يەنى ئازابىدىن) قورقۇڭلار، قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتۇر. ئۇ كۈندە ھەر بىر سۈت ئېمىتىۋاتقان ئايال (قاتتىق قورقۇنچتىن تېڭىرقاپ قېلىش بىلەن) ئېمىتىۋاتقان بوۋىقىنى ئۇنتۇيدۇ، ھەر بىر ھامىلدار ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ، ئىنسانلارنى مەس كۆرىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مەس ئەمەس (دېمەك، قىيامەتنىڭ دەھشىتى ئۇلارنى ئەس ـ ھوشىدىن كەتكۈزىۋەتكەن)،

www.uyghurkitap.com

لېكىن اللە نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾ (22ـ سۈرە ھەج 1~2ـ ئايەتلەر).

سوئال: ئىككىنچى قېتىم سۈر چېلىنغاندا نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟

جاۋاپ: ئىككىنچى قېتىم سۈر چېلىنغاندا كىشىلەر قەبرىلىرىدىن قوپىدۇ. اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ثُمَّ نُفِخَ فِيهِ أُخْرَى فَإِذَا هُم قِيَامٌ يَنظُرُونَ﴾ ﴿ئاندىن سۈر ئىككىنچى قېتىم چېلىنغاندا ناگاھان ئۇلار تۇرۇپ (نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقلىرىغا) قاراپ تۇرىدۇ.﴾ (39ـ سۈرە زۇمەر 68ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

﴿يَوْمَئِذٍ يَتَّبِعُونَ الدَّاعِيَ لَا عِوَجَ لَهُ وَخَشَعَت الْأَصْوَاتُ لِلرَّحْمَنِ فَلَا تَسْمَعُ إِلَّا هَمْسًا يَوْمَئِذٍ لَّا تَنفَعُ الشَّفَاعَةُ إِلَّا مَنْ أَذِنَ لَهُ الرَّحْمَنُ وَرَضِيَ لَهُ قَوْلًا﴾ ﴿بۇ كۈندە (كىشىلەر اللە نىڭ مەھشەرگاھقا) دەۋەت قىلغۇچىسىغا ئەگىشىدۇ، قىڭغىر كەتمەيدۇ، مەرھەمەتلىك اللە نىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ھەيۋىتىدىن قورقۇپ، بارلىق ئاۋازلار بېسىقىدۇ، پىچىرلاشقاندىن باشقىنى ئاڭلىمايسەن. بۇ كۈندە مەرھەمەتلىك اللە ئىزنى بەرگەن ۋە سۆزىدىن اللە رازى بولغان ئادەمنىڭ شاپائىتىدىن باشقا ھېچقانداق شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ.﴾ (20ـ سۈرە تاھا 108~109ـ ئايەتلەر).

اللە يەنە مۇنداق دەيدۇ:﴿وَنُفِخَ فِي الصُّورِ فَإِذَا هُم مِّنَ الْأَجْدَاثِ إِلَى رَبِّهِمْ يَنسِلُونَ قَالُوا يَا وَيْلَنَا مَن بَعَثَنَا مِن مَّرْقَدِنَا هَذَا مَا وَعَدَ الرَّحْمَنُ وَصَدَقَ الْمُرْسَلُونَ إِن كَانَتْ إِلَّا صَيْحَةً وَاحِدَةً فَإِذَا هُمْ جَمِيعٌ لَّدَيْنَا مُحْضَرُونَ فَالْيَوْمَ لَا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْئًا وَلَا تُجْزَوْنَ إِلَّا مَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ﴾ ﴿سۈر چېلىنغان ھامان ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ پەرۋەردىگارى تەرەپكە يۈگۈرىدۇ. ئۇلار: «ۋاي ئىست! بىزنى ئۇخلاۋاتقان يېرىمىزدىن (يەنى قەبرىمىزدىن) كىم ئويغاتتى؟» دەيدۇ (چۈنكى ئۇلار ئىككى سۈر

ئارىسىدا ئۇيقىدا بولۇپ، ئازابتىن خالىي بولىدۇ)، (پەرىشتىلەر يا مۆمىنلەر ئۇنىڭغا جاۋابەن) «مېھرىبان الله نىڭ ۋەدە قىلغىنى مۇشۇ (كۈن)، پەيغەمبەرلەر راست ئېيتقان» دەيدۇ. پەقەت بىر ئاۋاز بىلەنلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھوزۇرىمىزغا ھازىر قىلىنىدۇ. ئۇ كۈندە ھېچبىر ئىنسانغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ، سىلەرگە پەقەت قىلمىشڭلارغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ.﴾ (36ـ سۈرە ياسىن 51~54ـ ئايەتلەر).

سوئال: كىشىلەر قەبرىلىرىدىن قوپقاندىن كېيىن نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟

جاۋاپ: الله كىشىلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى مەھشەرگاھ مەيدانىغا ھەيدەيدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَنُفِخَ فِي الصُّورِ ذَلِكَ يَوْمُ الْوَعِيدِ وَجَاءتْ كُلُّ نَفْسٍ مَّعَهَا سَائِقٌ وَشَهِيدٌ لَقَدْ كُنتَ فِي غَفْلَةٍ مِّنْ هَذَا فَكَشَفْنَا عَنكَ غِطَاءكَ فَبَصَرُكَ الْيَوْمَ حَدِيدٌ﴾ ﴿سۈر چېلىنىدۇ، ئەنە شۇ (كۇففارلارغا) ئازاب ۋەدە قىلىنغان كۈندۇر. ھەر ئىنسان (مەھشەرگاھقا) كېلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن (ئۇنى مەھشەرگاھقا) ھەيدىگۈچى ۋە (ئۇنىڭ ئەمەلىگە) گۇۋاھ بولغۇچى (ئىككى پەرىشتە) بىللە كېلىدۇ. ئۇنىڭغا: «ئى ئىنسان! (دۇنيادىكى چېغىڭدا) بۇ (ئېغىر كۈن)دىن غەپلەتتە ئىدىڭ، ئەمدى پەردەڭنى سەندىن كۆتۈرۈۋەتتۇق، بۈگۈن كۆزۈڭ ئۆتكۈردۇر» دېيىلىدۇ.﴾ (50ـ سۈرە قاف 20~22ـ ئايەتلەر).

## قايتا تىرىلىش قانداق تاماملىنىدۇ؟

سوئال: ئىنساننىڭ قايتا تىرىلىشى قانداق تاماملىنىدۇ؟

جاۋاپ: ئەگەر بىز الله نىڭ ئىنسانلارنى تۇنجى قېتىم قانداق

ياراتقانلىقىنى بىلسەك، ئىككىنچى قېتىمقى قايتا تىرىلىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. اللّٰه مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَوْمَ نَطْوِي السَّمَاء كَطَيِّ السِّجِلِّ لِلْكُتُبِ كَمَا بَدَأْنَا أَوَّلَ خَلْقٍ نُّعِيدُهُ وَعْدًا عَلَيْنَا إِنَّا كُنَّا فَاعِلِينَ﴾ ﴿ئۇكۈندە ئاسماننى (پۈتۈكچى) نەرسە يېزىلغان قەغەزنى يۆگىگەندەك يۆگەيمىز. مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز. (بۇ) بىز ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەدىدۇر، (ئۇنى) چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز.﴾ (21-سۈرە ئەنبىيا 104-ئايەت).

سوئال: بىزنىڭ تۇنجى قېتىمقى يارىتىلىشىمىز قانداق باشلىنىدۇ؟

جاۋاب: اللّٰه بىزنى ئاساسلىق ئۈچ بۆلەك (پارچە) دىن ياراتتى. ئەگەر ئۆلۈم كەلسە، ھەر بىر بۆلەك ئايرىلىپ، ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ.

سوئال: ئەگەر روھ ياراتقۇچىسى تەرەپكە كەتسە، بىز جەسەتنىڭ تۇپراققا قايتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇنداقتا ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئىنسان ۋۇجۇدىدا ئەۋلاتمۇ-ئەۋلات ساقلىنىۋاتقان بىر بۆلەك (پارچە) قەيەرگە كېتىدۇ؟

جاۋاب: ئۇ پارچە قۇيرۇق سۆڭىكىدە ساقلىنىپ قالىدۇ. يەنى ئومۇرتقا سۆڭىكىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى سۆڭەك ھالىتىدە ساقلىنىدۇ.

سوئال: ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن بىزگە يۆتكەلگەن «پارچە» نىڭ ھەجىمى قانچىلىك؟

جاۋاب: ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇلبى(ۋۇجۇدى)دىكى جىنسىنىڭ ھەممىسى دەرىجە جەھەتتىن ناھايىتى كىچىك بولۇپ،

دوختـــۇرلار ئــۇ توغرىلـــق «ئەگەر بىـــز ئىنســـان جىنسلىرىدىكى ۋارىسلىق قىلىش خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغــان مــاددىۋى پــارچىلارنى جۇغلىســاق، ئــۇ بىــر كىســتىبان دانچىسىگە جۇغلىنىدۇ» دەيدۇ. (كىستىبان دانچىسى تىككۈچىلەر قوللىرىغـا يىڭــنە كىرىــپ كەتمەســلىكى ئۈچــۈن بارمــاق ئۇچىغــا قويىدىغان ئويماقنى كۆرسىتىدۇ)

سوئال: بىز تـۈنجى قىـتىم يارىتىلغـان «پـارچە»لاردىـن قايتـا تىرىلدىغانلىقىمىزغا قانداق دەلىللەر بار؟

جاۋاپ: الله نىڭ كىتابىدا ئـۇ توغرىلىـق دەلىـل ۋە ئىشارەتلەر بار. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿كَمَا بَدَأْنَا أَوَّلَ خَلْقٍ نُّعِيدُهُ﴾ ﴿مەخلۇقـاتلارنى دەســلەپتە قانــداق ياراتقــان بولســاق، شــۇ ھالىتىــدە ئەســلىگە قايتۇرىمىز.﴾ (21 ـ سۈرە ئەنبىيا 104 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام ـ بۇخـارى، مۇسـلىم، مالىـك، ئەبـۇ داۋۇد ۋە نەسەئى مۇۋەتتـا نـاملىق كىتابتـا چىقارغـان ھەدىسـتە ـ مۇنداق دەيدۇ: «ئـادەم باللىرىنىـڭ قـۇيرۇق سـۆڭىكىدىن باشـقا ھەمملا جەسىتىنى زېمىـن يەپ كىتىـدۇ. ئـادەم بـالىلىرى قـۇيرۇق ســۆڭىكىدىن يارىتىلغـــان ۋە يەنە شـــۇ قـــۇيرۇق ســـۆڭىكىدىن جەملىنىدۇ.»

ـ ئى الله نىڭ ئەلچىسى، قۇيرۇق سۆڭىكى دېگەن نـېمە؟ دەپ سورالغانـدا «ئۇ قىچىنىڭ دانىسىغا ئوخشـاش بىـر نەرسـە بولـۇپ، سىلەر ئۇنىڭدىن پەيدا قىلىنىسىلەر» دېگەن.

سـوئال: ئىنسـان ئۇنىڭـدىن يارىتىلغـان مۇشـۇ پـارچىنى نـېمە ئۈچۈن زېمىن يەپ كەتمەيدۇ؟

جـــاۋاپ : الله نىـــڭ قـــانۇنىيتى شـــۇكى، الله دەل ـ دەرەخلەرنىـڭ ئىچكـى قىسـمىغا قاچىلانغـان ئـۇرۇقچىنى بۇزۇلـۇپ

كىتىشتىن ساقلايدۇ. سىز ئاشقازان ۋە ئۈچەيلىرىڭىزگە كىرىپ كىتىۋاتقان ئەنجۈر مىۋىسىنىڭ ئىچىدىكى كىچىككىنە سېرىق ئۇرۇقچىنىڭ ھېچ قانداق دەخلى ـ تەرىزگە ئۇچرىمىغان ساغلام ھالىتىدە چىققانلىقىنى كۆرىسىز. دەل يۇقارقىدەك، سىز ئۆسۈملۈك ۋە دەل ـ دەرەخلەر بىلەن گۈللەنگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن مەزگىل قورغاقچىلىق يەتكەن، دەل ـ دەرەخلىرى قۇرۇپ، قاخشالغا ئايلىنىپ كەتكەن بىر زېمىنغا نەزەر سالسىڭىز؛ ئۇ زېمىنغا ئاسماندىن يامغۇر يېغىش سەۋەبى بىلەن دەل ـ دەرەخ ۋە گۈل ـ گىياھلار زېمىندا قايتىدىن ئۈنۈپ چىقىپ، ئۇنىڭدا ھاياتلىق پەيدا بولىدۇ.

دەل شۇنىڭدەك، الله بىز يارىتىلغان ۋە تىرىلدىغان قۇيرۇق سۆڭەكنى ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزمىگەن ۋە چىرىپ كەتمىگەن ھالىتىدە ساقلايدۇ. ئەگەر قىيامەت بەرپا بولسا، الله ئاسماندىن يامغۇرنى چۈشۈرىدۇ. ئاندىن بىزنىڭ جەسەتلىرىمىز قۇيرۇق سۆڭەكتىن خۇددى دەل ـ دەرەخلەر ئۇرۇقچىدىن ئۈنگەندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَيُخْرِجُ الْمَيِّتَ مِنَ الْحَيِّ وَيُحْيِي الْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَكَذَلِكَ تُخْرَجُونَ﴾ ﴿الله جانسىز نەرسىلەردىن جانلىق نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ، جانلىق نەرسىلەردىن جانسىز نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدۇ (يەنى قۇرغاق زېمىننى ئۆسۈملۈكلەر بىلەن كۆكەرتىدۇ)، سىلەرمۇ مۇشۇنداق تىرىلدۈرۈلىسىلەر.﴾ (30 ـ سۈرە رۇم 19 ـ ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاسماندىن سۇ چۈشۈپ مەخلۇقلار خۇددى كۆكتات ئۈنگەندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئىنسان جەسەتلىرىنىڭ ھەممىسى چىرىپ كېتىپ، پەقەت ئىنسان

قىيــامەت كــۈنى تىرىلــدىغان قــۇيرۇق ســۆڭىكىلا ساقلىنىپ قالىدۇ. (بۇ ھەدىسنى بۇخارى، مۇسلىم ، مالىك، ئەبۇداۋۇد ۋە نەسەئى مۇۋەتتا دېگەن كىتابتا رىۋايەت قىلغان.)

شۇنداق، الله ئۆسۈملۈك ئۇرۇقچىسىنى ئىككىنچى قېتىم ئۈنۈپ چىقىش ئۈچۈن ساقلىغاندەك، ئىنساننىڭ ئەسلى ئۇرۇقچىسىنى ئىككىنچى قېتىم تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن ساقلايدۇ. ئەگەر قىيامەت كۈنى جەسەت ئۈنسە، روھ جەسەتكە قايتىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ فَإِذَا هُم قِيَامٌ يَنظُرُونَ﴾ ﴿ناگاھان ئۇلار تۇرۇپ (نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقلىرىغا) قاراپ تۇرىدۇ.﴾ (39ـ سۈرە زۇمەر 68ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئەبۇ رەزىينىل ئۇقەيلى- الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن- مۇنداق دەيدۇ:« مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ‹ئى الله نىڭ ئەلچىسى الله مەخلۇقاتلارنى قانداق تىرىلدۈرىدۇ؟ الله نىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدە بۇنىڭ دەلىلى بارمۇ؟› دەپ سورىدىم». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن قەۋمىڭنىڭ قۇرۇپ كەتكەن جىلغىسىدىن ئۆتمىدىڭمۇ؟ ئۇنىڭدىن كېيىن سەن ئۇ جىلغا يېشىللىقا پۈركەنگەن ۋاقتىدا يەنە ئۇ يەردىن ئۆتمىدىڭمۇ؟» دىدى. مەن «شۇنداق ، ئۆتتۈم ئى الله نىڭ ئەلچىسى» دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەنە شۇ الله نىڭ مەخلۇقاتلىرىدىكى الله نىڭ دەلىلى. الله ئۆلۈكنى ئەنە شۇنداق تىرىلدۈرىدۇ» دېدى.

## كىشلەرنىڭ قايتا تىرىلىپ بولغاندىن كېيىنكى ئاقىۋىتى

سوئال: الله ئىنسانلارنى قايتا تىرىلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن،

كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاپ: اللە ئاشۇ ئاقىۋەتنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا نُفِخَ فِي الصُّورِ فَلَا أَنسَابَ بَيْنَهُمْ يَوْمَئِذٍ وَلَا يَتَسَاءلُونَ فَمَن ثَقُلَتْ مَوَازِينُهُ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ وَمَنْ خَفَّتْ مَوَازِينُهُ فَأُوْلَئِكَ الَّذِينَ خَسِرُوا أَنفُسَهُمْ فِي جَهَنَّمَ خَالِدُونَ تَلْفَحُ وُجُوهَهُمُ النَّارُ وَهُمْ فِيهَا كَالِحُونَ أَلَمْ تَكُنْ آيَاتِي تُتْلَى عَلَيْكُمْ فَكُنتُم بِهَا تُكَذِّبُونَ قَالُوا رَبَّنَا غَلَبَتْ عَلَيْنَا شِقْوَتُنَا وَكُنَّا قَوْمًا ضَالِّينَ رَبَّنَا أَخْرِجْنَا مِنْهَا فَإِنْ عُدْنَا فَإِنَّا ظَالِمُونَ قَالَ اخْسَؤُوا فِيهَا وَلَا تُكَلِّمُونِ إِنَّهُ كَانَ فَرِيقٌ مِّنْ عِبَادِي يَقُولُونَ رَبَّنَا آمَنَّا فَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا وَأَنتَ خَيْرُ الرَّاحِمِينَ فَاتَّخَذْتُمُوهُمْ سِخْرِيًّا حَتَّى أَنسَوْكُمْ ذِكْرِي وَكُنتُم مِّنْهُمْ تَضْحَكُونَ إِنِّي جَزَيْتُهُمُ الْيَوْمَ بِمَا صَبَرُوا أَنَّهُمْ هُمُ الْفَائِزُونَ قَالَ كَمْ لَبِثْتُمْ فِي الْأَرْضِ عَدَدَ سِنِينَ قَالُوا لَبِثْنَا يَوْمًا أَوْ بَعْضَ يَوْمٍ فَاسْأَلْ الْعَادِّينَ قَالَ إِن لَّبِثْتُمْ إِلَّا قَلِيلًا لَّوْ أَنَّكُمْ كُنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ «سۇر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ، بىر- بىرىنىڭ (ئەھۋالىنى) سوراشمايدۇ. تارازىسى ئېغىر كەلگەنلەر (يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. تارازىسى يېنىك كەلگەنلەر (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) زىيان تارتقۇچىلاردۇر، جەھەننەمدە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئوت كۆيدۈرىدۇ، كالپۇكلىرى قورۇلۇپ، چىشلىرى ئېچىلىپ (بەتچىراي) بولۇپ قالىدۇ. (ئۇلارغا) «سىلەرگە (دۇنيادا) مېنىڭ ئايەتلىرىم ئوقۇپ بېرىلگەن، سىلەر ئۇنى (شۇنچە روشەن تۇرۇقلۇق) ئىنكار قىلغان ئەمەسمىدىڭلار؟» دېيىلىدۇ. ئۇلار ئېيتىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! بەدبەختلىكىمىز ئۈستىمىزدىن غالىب كېلىپ گۇمراھ قەۋم بولۇپ قالغان ئىدۇق. پەرۋەردىگارىمىز بىزنى دوزاختىن چىقارغىن (ئاندىن دۇنياغا قايتۇرغىن)، ئەگەر بىز (شۇنىڭدىن كېيىن) يەنە گۇناھ قىلساق، بىز ھەقىقەتەن زالىم

بولـۇپ قـالىمىز». ﷲ ئېيتىـدۇ: «جەھەننەمـدە خـار ھالـدا قـېلىڭلار، (ئۇسـتۇڭلاردىن ئازابنىـڭ كۆتۈرۈلـۇپ كېتىشـى ھەققىدە) ماڭـا سـۆز ئاچماڭلار». شۇبھىسىزكى، بەندىلىرىمـدىن بىـر تۈركـۇم كىشىـلەر: «پەرۋەردىگـارىمىز! بىـز ئىمـان ئېيتتـۇق، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بولساڭ ئەڭ رەھىـم قىلغۇچىسـەن» دەيتتـى. ئـۇلارنى مەسـخىرە قىلـدىڭلار، ھەتتا ئۇلار سىلەرگە مېنىڭ زىكرىمنى ئۇنتۇلدۇردى (يەنى ئۇلارنى مەسـخىرە قىلىـش بىـلەن بولـۇپ كېتىـپ ماڭـا ئىتـائەت قىلىشـنى ئۇنتۇدۇڭلار)، سىلەر ئۇلاردىن كـۈلەتتىڭلار. (سـىلەردىن يەتـكەن ئەرزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، مەن ئـۇلارنى بۈگـۈن مۇكاپاتلىدىم، ئۇلار ھەقىقەتەن مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ﷲ (ئۇلارغا): «زېمىندا قانچە يىل تۇردۇڭلار؟» دەيدۇ. ئـۇلار: «بىـر كـۈن ياكى بىـر كۈنـدىنمۇ ئـاز تـۇردۇق، (ئـاي ـ كـۈنلەرنى) ھېسابلىغۇچى (پەرىشتە)دىـن سـورىغىن» دەيـدۇ (ئـۇلار دوزاختـا چېكىۋاتقان ئازاب تۈپەيلىدىن، زېمىندا قانچىلىك تۇرغانلىقلىرىنى ئۇنتۇيـدۇ). ﷲ : «ئەگەر سـىلەر بىلسـەڭلار (دۇنيـادا) پەقەت ئـازغىنە تـۇردۇڭلار»دەيـدۇ.﴾ (سـۈرە مۆئمىنـۇن 101~114 ـ ئايەتلەر).

خۇلاسە:

1. قايتا تىرىلىش بولسا قىيامەت كۈنى ئىنسان ئۆز ئەمىلىنىـڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن روھىنىڭ تەنگە قايتىشىدىن ئىبارەت.

2. رەببىمىزنىڭ ئەلچىلىرى بىزگە قايتا تىرىلىش توغۇرلـۇق خەۋەر بەردى. بىـز قايتـا تىرىلىشـنىڭ ئىلاھىـي ئادىللىقنىـڭ ئەمەلـگە ئېشىشـى ئىكەنلىكىنـى تونـۇيمىز. ئىنسـاننىڭ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەت قايتـا تىرىلىشكە ئېشىنىش ئـارقىلىقلا

تونۇلىدۇ.

3. كىمىكى ئۆزىنىڭ تۇنجى يارىتىلىشىنى ئەسلىسە، يەنە بىر قېتىم قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىدا شەك قىلمايدۇ.

4. ئاسمان - زېمىندىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگىرىش قايتا تىرىلىش ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ.

5. كاناي بولسا ئۇنىڭغا مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتە چالىدىغان مۈڭگۈز بولۇپ، ئۇ ئاسمان - زېمىندىكى شېھىتلاردىن باشقا كىشىلەرنى ھۇشسىزلاندۇرىدۇ. ئىنسانلار سۇر چېلىنغان ئاۋازنى ئاڭلىغان ھامان ھۇشسىزلىنىپ كېتىدۇ.

6. ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىم سۇر چالغاندا، اللہ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈپ، ئىلگىرىكى ۋە ئاخىرقى كىشىلەرنى توپلايدۇ. ئۇلارنى سوكۇت قىلغان ۋە قورققان ھالەتلىرىدە ھېساب ئېلىش ئۈچۈن مەھشەرگاھ مەيدانىغا ھەيدەيدۇ. اللہ مەخلۇقاتلارنى تۇنجى قېتىم پەيدا قىلغاندەك تىرىلدۈرىدۇ.

7. اللہ ئىنساننى تۇنجى قېتىم ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن نەسىللەنگەن ئۇرۇقچىدىن شەكىللەندۈرۈپ، ئۇنىڭغا تۇپراقنى قوشۇپ (تائام ئارقىلىق) روھنى پۈۋلىدى.

8. ئەگەر ئىنسان ئۆلۈپ كەتسە، ھەممە پارچىلىرى ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ. ئىنسان ئۇنىڭدىن قۇراشتۇرۇلغان قىچىنىڭ دانچىسىغا ئوخشاش مەنىدىن ئىبارەت ئۇرۇقچا قۇيرۇق سۆڭىكىدە بولىدۇ. تۇپراقتىن كەلگەن جەسەتمۇ تۇپراققا قايتىدۇ. روھ بولسا ياراتقۇچىسى تەرەپكە قايتىدۇ.

9. قۇيرۇق سۆڭەكتىن باشقا جەسەتلەرنىڭ ھەممىسى چىرىپ كېتىدۇ. اللہ ئۆسۈملۈك ئۇرۇقچىسىنى يەنە بىر قېتىم زېمىندىن چىقىرىش ئۈچۈن ساقلىغاندەك، قۇيرۇق سۆڭىكىنى ئۇنىڭدىن

كىشىلەرنى يەنە بىر قېتىم قوزغاش ئۈچۈن ساقلايدۇ.

10. ئەگەر قايتا تىرىلگەندە جەسەتلەر ئۈنسە، روھلار جەسەتلەرگە قايتىدۇ ۋە ھەممە روھلار ئۆزىنىڭ دەسلەپكى جەسەتلىرىدە توختايدۇ.

11. ﷲ ئىنسانلارنى قايتا تىرىلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى قورقۇنچتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن ھالەتلىرىدە مەھشەرگاھ مەيدانىغا ھەيدەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئېسىل نەسەبلىرى ۋە مال ـ دۇنياسى ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ. ياخشى ئەمەللەر بىلەن تارازىسى ئېغىر كەلگەنلەر نىئمەتلىك جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ. تارازىسى ياخشى ئەمەللەر بىلەن يېنىك كەلگەنلەر بولسا، ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بەختسىز دوزاخ ئەھلىدىن بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كاپىر بولغانلىقىغا، دۇنيادا مۇئمىنلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزگەنلىكىگە ۋە ئۇلارغا قارشى ھۇجۇم قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدۇ. لېكىن ئۇلارغا پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۈچىنچى بۆلۈم

## 1. دەرس: كۇفرىلىقنىڭ خەتەرلىرى

كۇفرىنىڭ لۇغەت مەنىسى: «ياپماق ۋە تانماق» دېگەنلىك بولىدۇ. شەرئىيتتىكى مەنىسى: اللە نى، پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ياكى اللە نىڭ ھۆكۈملىرىدىن بىرەر ھۆكۈمنى ۋە ياكى مۇھىم دىنىي بەلگىلىمىلەرنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت. كاپىر بولسا اللە نىڭ ئوچۇق پاكىتلىرىنى يۆگەيدۇ.

### كۇفرىلىقنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسىرى

كۇفرىلىقنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسىرى شۇكى، كۇفرى قاراڭغۇلۇقىغا چۈشۈپ قالغان ئىنسان دۇنيادا توغرا يولنى تاپالمايدۇ. ئاخىرەتتە بولسا جەننەتنى تاپالماي دوزاخ ئازابىغا مۇپتىلا بولىدۇ.

### كۇفرىلىق ۋە يەنە بىر ھايات

سوئال: كاپىرغا ئىككىنچى ھاياتىدا يېتىدىغان زىيانلار قايسى؟
جاۋاپ: ئىككىنچى ھايات بولسا مەڭگۈلۈك ھايات بولۇپ، ئۇنىڭدا تولۇق مۇكاپات ۋە جازا بار. اللە غا ۋە ئاخىرەتكە

ئىشــەنمەيدىغان ئــادەم كــاپىر بولغاننىــڭ جازاســىغا ئۇچرايدۇ. ئۇنىـڭ تـۇنجى هاياتىـدا قىلغـان ئەمەللـىرى ئىزىتقۇغـا ئوخشاش غايىپ بولىدۇ. اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَالَّذِينَ كَفَرُوا أَعْمَالُهُمْ كَسَرَابٍ بِقِيعَةٍ يَحْسَبُهُ الظَّمْآنُ مَاء حَتَّى إِذَا جَاءهُ لَمْ يَجِدْهُ شَيْئًا وَوَجَدَ اللَّهَ عِندَهُ فَوَفَّاهُ حِسَابَهُ وَاللَّهُ سَرِيعُ الْحِسَابِ﴾ ﴿كاپىرلارنىـڭ (ياخشـى ئەمەل دەپ ئويلىغان) ئەمەللىرى باياۋاندىكى سەرابقا ئوخشايدۇ، تەشنا ئـادەم ئۇنى سۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلسە هېچ نەرسە كۆرەلمەيدۇ (يەنى سۇ كۆرەلمەيدۇ)، ئۇ اللە نىڭ ئۆز (ئەمەلىنىڭ) يېنىدا (كۆزىتىپ تۇرغۇچى) ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ، اللە ئۇنىـڭ قىلمىشىغا تېگىشلىك جازا بېرىدۇ، اللە تېز هېساپ ئالغۇچىدۇر.﴾ (24 ـ سۈرە نۇر 39 ـ ئايەت).

كاپىرنىڭ ئاقىۋىتى شۇكى، ئـۇ دوزاخقـا يېقىلغـۇ بولـىدۇ. اللە مۇنــداق دەيــدۇ:﴿وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ أُعِدَّتْ لِلْكَافِرِينَ﴾ ﴿كـاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار.﴾ (2 ـ سۈرە بەقەر 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

دوزاخ ساقچىلىرى كاپىرلارنى دوزاخقا هەيدىگەن چاغدا، ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ. اللە مۇنـداق دەيـدۇ:﴿وَسِيقَ الَّذِينَ كَفَرُوا إِلَى جَهَنَّمَ زُمَرًا حَتَّى إِذَا جَاؤُوهَا فُتِحَتْ أَبْوَابُهَا وَقَالَ لَهُمْ خَزَنَتُهَا أَلَمْ يَأْتِكُمْ رُسُلٌ مِّنكُمْ يَتْلُونَ عَلَيْكُمْ آيَاتِ رَبِّكُمْ وَيُنذِرُونَكُمْ لِقَاء يَوْمِكُمْ هَذَا قَالُوا بَلَى وَلَكِنْ حَقَّتْ كَلِمَةُ الْعَذَابِ عَلَى الْكَافِرِينَ قِيلَ ادْخُلُوا أَبْوَابَ جَهَنَّمَ خَالِدِينَ فِيهَا فَبِئْسَ مَثْوَى الْمُتَكَبِّرِينَ﴾ ﴿كاپىرلار جەهەننەمگە توپ ـ توپ بولۇپ هەيدىلىدۇ، ئۇلار جەهەننەمگە يېتىپ كەلگەنـدە، جەهەننەمنىـڭ دەرۋازىلىـرى ئېچىلىــدۇ، جەهەننەمنىــى باشــقۇرغۇچى پەرىشــتىلەر ئۇلارغــا: «ئاراڭلاردىن سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئايەتلىرىنى سىلەرگە ئوقــۇپ بېرىــدىغان، بۈگــۈنكى ئۇچرىشىشــىنىڭ بارلىقىــدىن

ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىگەنمۇ؟» دەيدۇ. ئۇلار: «شۇنداق (پەيغەمبەرلەر كەلگەن، بىزنى ئاگاھلاندۇرغان)، لېكىن ئازابقا دۇچار بولۇش ھۆكمى (كۇفرى ۋە قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن) كاپىرلارغا تېگىشلىك بولدى» دەيدۇ. (ئۇلارغا) «جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىڭلار، مۇتەكەببىرلەرنىڭ جايى نېمىدېگەن يامان!» دېيىلىدۇ.﴾ (39-سۈرە زۇمەر 71~72-ئايەتلەر).

كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ. ئۇلار دوزاختا ئازاپلانغان چاغدا، الله غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلمىغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ:﴿يَوْمَ تُقَلَّبُ وُجُوهُهُمْ فِي النَّارِ يَقُولُونَ يَا لَيْتَنَا أَطَعْنَا اللَّهَ وَأَطَعْنَا الرَّسُولَا﴾ ﴿دوزاختا ئۇلارنىڭ يۈزلىرى تۈرۈلۈپ كېتىدىغان كۈندە، ئۇلار: «كاشكى بىز الله غا ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ! پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ!» دەيدۇ.﴾ (33-سۈرە ئەھزاب 66-ئايەت).

شۇنداق، كاپىر بولغانلار ۋە ياراتقۇچىسىغا ئىتائەت قىلىشتىن بەندىلەرگە ئىتائەت قىلىشقا ئۆتۈۋالغانلار جەھەننەمدە مۇنداق دەيدۇ:﴿وَقَالُوا رَبَّنَا إِنَّا أَطَعْنَا سَادَتَنَا وَكُبَرَاءَنَا فَأَضَلُّونَا السَّبِيلَا رَبَّنَا آتِهِمْ ضِعْفَيْنِ مِنَ الْعَذَابِ وَالْعَنْهُمْ لَعْنًا كَبِيرًا﴾ ﴿ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن باشلىقلىرىمىزغا، كاتتىلىرىمىزغا ئىتائەت قىلدۇق، ئۇلار بىزنى توغرا يولدىن ئازدۇردى، پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارغا ئازابنى ئىككى ھەسسە بەرگىن ۋە ئۇلارغا قاتتىق لەنەت قىلغىن» دەيدۇ.﴾ (33-سۈرە ئەھزاب 67~68-ئايەتلەر).

الله ھەممە ئىنسانغا ياراتقۇچىسىنىڭ غەيرىگە قۇل بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، تەپەككۇر قىلىدىغان ۋە ئويلىنىدىغان ئەقىلنى بەردى. لېكىن، ئىنسان ئەگەر (ئەقلىنى ئىشلەتمەي)

الله نىڭ غەيرىگە قۇل بولۇپ، ئۇنىڭ خوجايىنلىقىنى قوبۇل قىلسا، چوقۇم زىيانكار بولىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَأُوْلَئِكَ الَّذِينَ خَسِرُوا أَنفُسَهُمْ فِي جَهَنَّمَ خَالِدُونَ تَلْفَحُ وُجُوهَهُمُ النَّارُ وَهُمْ فِيهَا كَالِحُونَ﴾ ﴿تارازىسى يېنىك كەلگەنلەر (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) زىيان تارتقۇچىلاردۇر، جەھەننەمدە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئوت كۆيدۈرىدۇ، كاپۇكلىرى قورۇلۇپ، چىشلىرى ئېچىلىپ (بەتچىراي) بولۇپ قالىدۇ.﴾ (23 ـ سۈرە مۆئمىنۇن 103～104 ـ ئايەتلەر).

الله ئۇلارغا ھۆججەت بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَمْ تَكُنْ آيَاتِي تُتْلَى عَلَيْكُمْ فَكُنتُم بِهَا تُكَذِّبُونَ﴾ ﴿(ئۇلارغا) «سىلەرگە (دۇنيادا) مېنىڭ ئايەتلىرىم ئوقۇپ بېرىلگەن، سىلەر ئۇنى (شۇنچە روشەن تۇرۇقلۇق) ئىنكار قىلغان ئەمەسمىدىڭلار؟» دېيىلىدۇ.﴾ (23 ـ سۈرە مۇئمىنۇن 105 ـ ئايەت).

كاپىرلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادىكى ھاياتقا قايتۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك ئارزۇ قىلىدۇ ھەمدە شۇنداق بولغاندا الله نىڭ ئايەتلىرىنى ھەرگىز يالغان دىمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ۋاھالەنكى بۇ شىرىن خىيال مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿«كاشكى، دۇنياغا قايتۇرۇلساق ئىدۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلمايتتۇق ۋە مۆمىنلەردىن بولاتتۇق.»﴾ (6 ـ سۈرە ئەنئام 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

مانا بۇ الله غا، الله نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە تانغان ھەر قانداق كاپىرنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئوچۇق بىر كۆرۈنۈشتۇر. (ئاقىۋىتىمىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتىدەك بولۇپ قېلىشىدىن اﷲ غا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز).

## كۇفرىلىق ۋە دۇنيا ھاياتى

سوئال: ئىنساننىڭ دۇنيا ھاياتىدىكى كوفرىلىقنىڭ زىيانلىرى قايسىلار؟

جاۋاپ: كۇفرىلىقنىڭ شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي زىيانلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ شەخسىي زىيانلىرى تۆۋەندىكىچە:

كاپىرلار ھاياتلىقتا روھىي ھالاكەتچىلىككە ۋە تۇرمۇشتا مەنىۋى خاتىرجەمسىزلىككە يولۇقىدۇ. كاپىر ئادەم ئۆز جىسمىنىڭ بىكارغا يارىتىلماستىن، بەلكى، مەلۇم بىر ھېكمەت ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى تونۇغان چاغدا، ھەر بىر شەيئى ۋە ھەر بىر مەخلۇقاتنىڭ ھەققەتەن مەلۇم بىر ھېكمەت ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى (ئۇنىڭ مۇئەييەن پايدىلىق رولى بارلىقىنى) تەستىقلايدۇ. بىراق ئۇنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنى بىر ھېكمەت ئۈچۈن ياراتقان ھېكمەتلىك اﷲ غا كاپىر بولۇش ئۇنى ئۆز ھاياتىنىڭ ھالاكەتچىلىكتە ئىكەنلىكىنى؛ ياشاۋاتقان ھاياتىنىڭ مەنىسىزلىكىنى، ئۆز مەۋجۇتلىقىنىڭ نەتىجىسىزلىكىنى، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى ۋە نېمە ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان «بىكارچى» مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بەلكى ئۇ پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ ھايات سەپىرىنىڭ ھېچقانداق مەنىسى ۋە مەقسەت ـ نىشانى يوق دەپ قارايدۇ. يەنى، مەقسەت ـ نىشانسىز ھېسابلايدۇ. مانا بۇ ئىنسان ھاياتىدىكى ھالاكەتچىلىكنىڭ ئاشكارا تەسىرىدۇر. چۈنكى كاپىر دائىم

ئەنسىزچىلىك ئىچىدە مەۋجۇتلۇققا ۋە مەۋجۇتلۇقتا ياشاۋاتقان ھەر بىر كىشىگە غەزەپلەنگەن ھالىتىدە ياشايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە مۇنداق ھاياتنىڭ ۋە مۇنداق مەۋجۇتلۇقنىڭ ھېچبىر مەنىسى يوق ئىدى. ئۇ پۈتۈن دۇنياغا ناھايىتى خامۇشلارچە قارايدۇ. مانا مۇشۇنداق پىسخىكىلىق داۋالغۇش بۇگۈنكى پىسخىكا ئالىملىرى دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇش ۋە تەنھالىق ئىچىگە بېكىنىۋېلىش قاتارلىقلار دەل ئاشۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ روشەن ئىپادىسىدۇر.

ئالىملار بۇ خىل قىيىنچىلىقلارغا پەقەت ئىماندىن ئىبارەت بىرلا چارە بىلەن تاقابىل تۇرماقتا. تەتقىقاتچىلار مۆمىنىنىڭ ھاياتى خورلۇق ۋە ھورۇنلۇقنى خالىمايدىغان خاتىرجەملىك ۋە رازىمەنلىك ئىچىدىكى ھايات ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. چۈنكى مۆمىنلەر قورۇلۇش سېلىش، ۋەتەننى ئاۋاتلاشتۇرۇش ۋە ئەمگەك قىلىش ئىشلىرىنى ئاكتىپ ئېلىپ بارىدۇ. خاتىرجەملىك ۋە رازىمەنلىك بولسا پەقەت ئۆز ياراتقۇچىسىنى تونۇغان ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگەن، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ يارىتىلىشى ۋە قايتا تىرىلىشىدىكى ھېكمەتكە ئىشەنگەن، ئاندىن ئۆز ئەمەللىرى بىلەن قانائەت تاپقان كىشىگىلا مەنسۇپ بولىدۇ. اللە مۇنداق دەيدۇ:﴿يَا أَيَّتُهَا النَّفْسُ الْمُطْمَئِنَّةُ ارْجِعِي إِلَى رَبِّكِ رَاضِيَةً مَّرْضِيَّةً فَادْخُلِي فِي عِبَادِي وَادْخُلِي جَنَّتِي﴾ ﴿ئى ئارام تاپقۇچى جان! سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن. سەن مېنىڭ (ياخشى) بەندىلىرىم قاتارىغا قوشۇلغىن. مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن.﴾ (سۈرە فەجر 27~30-ئايەتلەر).

زىيانلىق ئىش ـ ھەرىكەتلەر

سوئال: كۇفرىلىقنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتتىكى تەسىرلىرى قايسىلار؟

جاۋاپ: ھەر قانداق ئەمەلگە ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت جازا ۋە مۇكاپات بېرىلىدىغان ئىككىنچى بىر ھاياتقا ئىشەنمەيدىغان كاپىر ئۆز مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ھەرقانداق گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرگە چۈشۈپ قېلىشتىن قورقمايدۇ. ئاخىرەت كۈنىدىكى جازا ـ مۇكاپاتقا ئىشەنمىگەن كاپىر زېمىندا بۇزۇقچىلىق يۈز بەرسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ۋەيرانچىلىققا دۇچ كەلسىمۇ ، ھېچنەرسىگە پەرۋا قىلمىغان ھالدا ئۆزىنىڭ شەخسى مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مۇھىم دەپ قارايدۇ. ھەتتا ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ يامان ئەمەللىرى ئۈچۈن قۇربان بولۇشتىنمۇ يانمايدۇ. ئۇ نېمىدىن قورقىدۇ؟ ھېچنەرسىدىن قورقمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئازاپقا ئىشەنمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز كاپىرنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان ئىجتىمائى ئالاقىسىنىڭ شەخسى مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. ئەگەر ئۇنىڭغا شەخسى مەنپەئەت بىلەن دوستلىرىغا ۋاپا قىلىش دەل كېلىپ قالسا، شەخسى مەنپەئەتنى دوستلىرىغا ۋاپا قىلىشتىن ئارتۇق كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز كاپىرنىڭ شەخسى مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆز مەيدانىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى كۆرىسىز.

سوئال: مۆمىننىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاپ: مۆمىن يەنە بىر ھاياتتىكى جازا ـ مۇكاپاتقا شەكسىز ئىشىنىدۇ. ئۇ پەقەت ياخشىلىق يولىدىلا ئىش ـ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق يوللىرى بىلەن شەخسى

مەنــپەئەت دەل كېلــپ قالســا، شەخســى مەنپەئەتنــى ئارتۇق كۆرمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ يول توغرۇلۇق ھېساب بىرىــدىغانلىقىغا كەســكىن ئىشــىنىدۇ. بەلكــى مــۆمىن يەنە بىــر ھاياتتىكى تولۇق مۇكاپاتقا ئېرىششنى مۇھىم ئورۇنــدا قويغــانلىقى ئۈچۈن، دۇنيا ھاياتىدىكى شەخسى مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىدۇ.

## كوفرىلىقنىڭ ئىجتىمائى زىيانلىرى

سوئال: كۇفرىلىقنىڭ ئىجتىمائى زىيانلىرى قايسىلار؟

جــاۋاپ: كۇفرىلىقنىــڭ ـ كاپىرغــا نىســبەتەن ـ زىيــانلىق تەســـىرلىرى بولغانـــدەك، ئۇنىـــڭ ئىجتىمـــائى زىيـــانلىرىنى تۆۋەندىكىدەك مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

جەمئىـــيەت ۋە شەخســـلەر ئوتتۇرىســـدا جىـــدەل ـ مــاجرا تۇغــدۇرۇش كــاپىرلار جەمئىيىتىنىــڭ ئورتــاق خــاراكتىرى بولــۇپ، جەمئىيەت ئەزالىرى ئۆز ئارزۇسى ۋە قىزىقىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچــۈن بەس ـ بەســتە مۇسابىقىلىشــىدۇ. ئۇلارنىــڭ ئاتــالمىش ۋىجدانى ئۇلارنى جىنايەتتىن چەكلىيەلمەيــدۇ. ھېچ قانــداق كــۈچ ئۇلارنى توسالمايدۇ. مۇشۇ سەۋەپتىن جەمئىيەتــتە، كوللىكتىــپ ۋە شەخسلەر ئوتتۇرىســدا خىلمــۇ ـ خىــل زىــددىيەت ۋە كۆرەشــلەر يــۈز بېرىــپ تۇرىــدۇ. بــۇ كۆرەشــلەر ئۇنىڭغــا ئەگەشــكۈچىلەر ۋە قوللىغۇچىلارغـــا نىســـبەتەن پەلســـەپىۋى كـــۆرەش ئاساســـىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ نەتىجىسى بولسا، قانــداقتۇر بىــرەر تەۋرىنىشــكە دۇچ كەلــگەن ھامــان يىقىلىــپ چۈشــىدىغان خــارابە جەمئىيەتنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت، خالاس.

www.uyghurkitap.com

## جەمئىيەتنى بۇزۇش ۋە پارچىلاش

ئىنسانىنىڭ ئەقلى مۇشكۇل ئىشلارنى ھەل قىلىشتا پەرقلىق بولۇشى، ئىلمى ئىقتىدارى ۋە چۈشىنىش قابىلىيىتى بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرى خىلمۇ-خىل بولۇشى ھەممىزگە تونۇشلۇق ئەھۋال. ئۇنداقتا ئىنسانلار قايسى پىرىنسىپنىڭ بايرىقى ئاستىدا ماڭىدۇ؟ قايسى ئەقلىنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنىدۇ؟

بىز جەمئىيەتتىكى ھەر بىر شەخس ۋە ھەر بىر گورۇھنىڭ ئۆز پىرىنسىپىنى باشقىلارنىڭ پىرىنسىپىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ «پىرىنسىپ»نى توغرا، باشقىلارنىڭكىنى بولسا ئەكسىچە خاتا دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلىمىز. شۇ سەۋەپتىن ئىنسانلار جەمئىيىتىدە بىز كۆرۈۋاتقان ھەرخىل ئىختىلاپ، زىددىيەت ۋە بۇزۇقچىلىقلار ئىنتايىن كەڭرى رەۋىشتە تارقىلىپ يۈرمەكتە.

سىز ئەمەلى تەجرىبە قىلىپ بېقىڭ. رادىئونى ئېچىپ ھەرقايسى دۆلەتلەر تارقاتقان خەۋەر، ئاخبارات ۋە سۆھبەتلەرگە قۇلاق سېلىڭ. سىز ھەر بىر جەمئىيەتنىڭ (دۆلەتنىڭ) ھەرخىل مەقسەت - نىشانلار ئۈچۈن ھەرخىل پىرىنسىپلارنى يولغا قويۇۋاتقانلىقىنى ۋە ئۆزىنى «ھەق» ئۈستىدە، باشقىلارنى خاتالىق ئىچىدە دەپ قارايدىغانلىقىنى بايقايسىز. چۈنكى «ھەر بىر گۇرۇھ ئۆز قىلمىشى بىلەن خۇشال».

مۇشۇ ئىشلار قانداق ھەل قىلىنىدۇ؟ بۇ خىل مۇشكۇل ئىشلارنى ھەل قىلىشتا مۆمىنلەر جەمئىيىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى قۇرلارغا نەزەر سېلىڭ.

مۆمىنلەر جەمئىيىتىنىڭ شەخسلىرى، ئىنسانىي ياراتقان زات ئۇ ئىنساننىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئىنساننىڭ ھاياتىنى بەختلىك قىلىدىغان ۋە ئۇنى بۇزىدىغان ئىشلارنى ئىنسانغا بىلدۈرىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. چۈنكى ئىنسان بۇزۇلغان رادىئۇ ياكى سائەتنىڭ بۇزۇلۇش سەۋەبىنى پەقەت ئۇنى ياسىغان «ئۇستا»نىڭ ئۆگىتىپ قويۇشى ئارقىلىقلا بىلەلەيدۇ. شۇڭلاشقا مۆمىن ئىلاھى پىرىنسىپ ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرىدۇ. ئېتتىپاقلىقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئېتتىپاق ۋە بەختلىك جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىدۇ. چۈنكى بۇ جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئىنسانلارنى بەختلىك قىلىشتىن ئاجىز كېلىدىغان خىلمۇ - خىل ئىنسانى پىرىنسىپلارغا ئەمەس، بەلكى، يەككە - يېگانە الله نىڭ پىرىنسىپىغا بويسۇنىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ أَأَنتُمْ أَعْلَمُ أَمِ اللّهُ ﴾ ﴿ئېيتقىنكى، «(ئۇلارنىڭ قايسى دىندا ئىكەنلىكىنى) سىلەر ئوبدان بىلەمسىلەر؟ ياكى الله ئوبدان بىلەمدۇ؟»﴾ (2 ـ سۈرە بەقەر 140 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ﴿وَمَا أَنزَلْنَا عَلَيْكَ الْكِتَابَ إِلاَّ لِتُبَيِّنَ لَهُمُ الَّذِي اخْتَلَفُواْ فِيهِ وَهُدًى وَرَحْمَةً لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) پەقەت سېنىڭ كىشىلەرگە ئۇلار (دىنىدىكى) دەتالاش قىلىشقان نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋمگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولسۇن ئۈچۈنلا نازىل قىلدۇق.﴾ (16 ـ سۈرە نەھل 64 ـ ئايەت).

سوئال: كاپىرلار جەمئىيىتى پەن - تېخنىكىدا تەرەققى قىلدى، مۆمىنلەر بولسا ئارقىدا قالدى. بۇ قانداق ئەھۋال؟

جاۋاپ: كاپىرلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققى قىلىشى ئۇلارنىڭ ئىلىم - پەن ۋە سانائەتنى چىڭ تۇتۇپ، الله زېمىندا

ئورۇنلاشتۇرغان يەر ئاستى بايلىقلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. گەرچە ئۇلار زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئىچىدە كەڭرى تارقالغان ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇش، ھاياتلىقتىن بىزار بولۇش ۋە قورقۇنچلۇق شەكىلدە يامراۋاتقان پاھىشە قاتارلىق ئىجتىمائى كېسەللەرنى داۋالاشقا پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى پۈتۈنلەي ئامالسىز. ئەمما بەزى مۆمىنلەر جەمئىيىتىنىڭ ئارقىدا قېلىشى ئۇلارنىڭ زېمىنىدىكى يەر ئاستى بايلىقلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئېغىر چەكلىمىگە ئۇچرىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۇنىڭ مۇھىم سەۋەبى شۇكى، ئۇلار باشتىلا ئۇلارنى بىرلىشىشكە، كۆچ تەييارلاشقا، ئىلىم ئۆگىنىشكە، ئۆز-ئارا ھەمكارلىققا، ئادىللىققا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلامى پىرىنسىپلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا چاقىرىدىغان ھۆكۈملەرگە سەل قاراپ كەلگەن.

## كاپىرلارنىڭ بىر قىسىم سۈپەتلىرى

سوئال: كاپىرلارنىڭ ئاساسلىق سۈپەتلىرى قايسىلار؟

جاۋاپ: كۇفرىلىقنىڭ نۇرغۇن سەۋەپلىرى ۋە خىلمۇ-خىل سۈپەتلىرى بولسىمۇ، بىراق بىز كاپىرلاردا ئومۇميۈزلۈك تېپىلىدىغان بىر قانچە مۇھىم خۇسۇسىيەتلەرنى تىلغا ئالىمىز.

1. قۇلاق، كۆز، دىللارنى الله نى تونۇش، پەيغەمبەرلىك پاكىتلىرىنى ۋە الله نىڭ دىنى ئەھكاملىرىنى تونۇش ئۈچۈن ئىشلەتمەسلىك. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ ذَرَأْنَا لِجَهَنَّمَ كَثِيرًا مِّنَ الْجِنِّ وَالإِنسِ لَهُمْ قُلُوبٌ لاَّ يَفْقَهُونَ بِهَا وَلَهُمْ أَعْيُنٌ لاَّ يُبْصِرُونَ بِهَا وَلَهُمْ آذَانٌ لاَّ يَسْمَعُونَ

بِهَا أُوْلَئِكَ كَالأَنْعَامِ بَلْ هُمْ أَضَلُّ أُوْلَئِكَ هُمُ الْغَافِلُونَ﴾ ﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاختقا (يېقىلغۇ بولۇش ئۈچۈن) ياراتتۇق، ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار كۆزلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (اللە نىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ، ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (اللە نىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر.﴾ (7 ـ سۈرە ئەئراف 179 ـ ئايەت).

2. اللە نىڭ ئەلچىسى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆمىنلەرنى ئۆچ كۆرۈش ۋە ئۇلارغا ئۆچ ـ ئاداۋەت تۇتۇش. اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا تُتْلَى عَلَيْهِمْ آيَاتُنَا بَيِّنَاتٍ تَعْرِفُ فِي وُجُوهِ الَّذِينَ كَفَرُوا الْمُنكَرَ يَكَادُونَ يَسْطُونَ بِالَّذِينَ يَتْلُونَ عَلَيْهِمْ آيَاتِنَا قُلْ أَفَأُنَبِّئُكُم بِشَرٍّ مِّن ذَلِكُمُ النَّارُ وَعَدَهَا اللَّهُ الَّذِينَ كَفَرُوا وَبِئْسَ الْمَصِيرُ﴾ ﴿كاپىرلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدە (قوشۇمىسى تۈرۈلگەنلىكتىن) ئىنكار قىلغانلىقىنى كۆرۈسەن، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بەرگۈچىلەرگە ھوجۇم قىلغىلى تاس قالغانلىقىنى كۆرۈسەن، ئېيتقىنكى، «سىلەرگە مەن بۇنىڭدىنمۇ يامانراقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇ دوزاختۇر. اللە ئۇنى كاپىرلارغا ۋەدە قىلدى، ئۇلار قايتىپ بارىدىغان جاي نېمىدېگەن يامان!﴾ (22 ـ سۈرە ھەج 72 ـ ئايەت).

3. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە ئوخشاش اللە نىڭ دىنىغا قىلىنغان دەۋەتتىن قېچىش. اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنِّي كُلَّمَا دَعَوْتُهُمْ لِتَغْفِرَ لَهُمْ جَعَلُوا أَصَابِعَهُمْ فِي آذَانِهِمْ وَاسْتَغْشَوْا ثِيَابَهُمْ وَأَصَرُّوا وَاسْتَكْبَرُوا اسْتِكْبَارًا﴾ ﴿مەن ئۇلارنى سېنىڭ مەغپىرىتىڭگە ئېرىشسۇن دەپ،

ھەر قاچان دەۋەت قىلسام، (دەۋىتىمنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن) بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىۋالدى، (سۆزۈمنى ئاڭلىماسلىق ياكى مېنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن) كىيىملىرى بىلەن باشلىرىنى چۈمكىۋالدى، (كۇفرىدا) چىڭ تۇردى، چوڭچىلىق قىلىپ (ئىماندىن) تېخىمۇ باش تارتتى.﴾ (71-سۈرە نۇھ 7-ئايەت).

4. ئۇلارنىڭ باتىل ئەقىدىنى قوبۇل قىلىپ، شەيتانىنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىشى. الله مۇنداق دەيدۇ:﴿وَمِنَ النَّاسِ مَن يُجَادِلُ فِي اللَّهِ بِغَيْرِ عِلْمٍ وَيَتَّبِعُ كُلَّ شَيْطَانٍ مَّرِيدٍ كُتِبَ عَلَيْهِ أَنَّهُ مَن تَوَلَّاهُ فَأَنَّهُ يُضِلُّهُ وَيَهْدِيهِ إِلَى عَذَابِ السَّعِيرِ﴾ ﴿بەزى كىشىلەر الله (نىڭ قۇدرىتى ۋە سۈپەتلىرى) ئۈستىدە ھېچقانداق دەلىلسىز مۇنازىرىلىشىدۇ، ھەر بىر سەركەش شەيتانغا (يەنى ھەقتىن توسقۇچى كۇففارلارنىڭ كاتتىباشلىرىغا) ئەگىشىدۇ. الله ھۆكۈم قىلدۇكى، كىمكى شەيتانغا ئەگىشىدىكەن، شەيتان ئۇنى ئازدۇرىدۇ ۋە جەھەننەمنىڭ ئازابىغا سۆرەيدۇ.﴾ (22-سۈرە ھەج 3~4-ئايەتلەر). ﴿الَّذِينَ آمَنُواْ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَالَّذِينَ كَفَرُواْ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ الطَّاغُوتِ فَقَاتِلُواْ أَوْلِيَاء الشَّيْطَانِ إِنَّ كَيْدَ الشَّيْطَانِ كَانَ ضَعِيفًا﴾ ﴿مۆمىنلەر الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، كاپىرلار شەيتانىنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ؛ شەيتانىنىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر)، شەيتانىنىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر.﴾ (4-سۈرە نىسا 76-ئايەت).

## مۇسۇلماننى كاپىر دېيىش

سوئال: مۇسۇلماننى كاپىر دېيىش دۇرۇس بولامدۇ؟

جاۋاپ: ئەگەر مۇسۇلمان ئىمان ۋە ئىسلامنى بۇزىدىغان

ئىشلارنى قىلسا، ئۇنى كاپىر دېيىش دۇرۇس بولىدۇ.

ئەبۇ داۋۇت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئىماننىڭ ئاساسىدىن ئۈچ ئىش بار. «لاالەالاالله »نى دېگەن ئادەمدىن قول يىغىش. بىز بىرەر گۇناھ سەۋەبىدىن كاپىر دېمەيمىز ۋە بىرەر ئەمەلنىڭ سەۋەبىدىن ئىسلامدىن چىقىرىۋەتمەيمىز»

ئىككى شاھادەتنى ئادا قىلغان كىشى ئىسلامغا كىرگەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم بىلمەسلىك، ئىسلامغا كىرگەن زامانى يېڭى بولۇش ياكى سەھرادا ياشىغانلىق سەۋەبىدىن شىرىك ۋە كۇپرىغا چۈشۈپ قالسا، ئىسلام شەرىئەتلىرىنى بىلىدىغان مۇسۇلمانغا ئۇ ئادەمگە ئىشلارنى چۈشەندۈرۈش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغاندەك ئۇنىڭغا دەلىللەرنى بايان قىلىش ۋاجىب بولىدۇ. الله بۇنى بىزگە ئۆز سۆزىدە چۈشەندۈرىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا كَانَ اللّهُ لِيُضِلَّ قَوْمًا بَعْدَ إِذْ هَدَاهُمْ حَتَّى يُبَيِّنَ لَهُم مَّا يَتَّقُونَ إِنَّ اللّهَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ ﴾ ﴿الله بىرەر قەۋمنى ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بايان قىلماي تۇرۇپ، ئۇلارنى گۇمراھ قىلمايدۇ (يەنى گۇمراھلىققا ھۆكۈم قىلمايدۇ)، الله ھەقىقەتەن ھەر نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.﴾ (9-سۈرە تەۋبە 115-ئايەت).

الله مۇشۇ ئۈممەتنىڭ سەۋەنلىكىنى كەچۈرىۋەتتى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ فِيمَا أَخْطَأْتُم بِهِ وَلَكِن مَّا تَعَمَّدَتْ قُلُوبُكُمْ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا﴾ ﴿سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشلاردا (سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ)، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.﴾ (33-سۈرە ئەھزاب 5-ئايەتنىڭ بىر

قىسمى).

سوئال: ئىمان ۋە ئىسلامنى بۇزىدىغان ئىشلار قايسىلار؟

جاۋاپ: ئىككى شاھادەتنىڭ تەلەپىنى بۇزىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى كەسكىن ھالەتتە ئىمان ۋە ئىسلامنى بۇزىدۇ. بۇ ئامىللار تۆۋەندىكىچە:

1. الله نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يالغانغا چىقىرىش ئاساسىغا قۇرۇلغان خۇداسىزلىق پىرىنسىپىنى چىڭ تۇتۇش.

2. الله غا شېرىك كەلتۈرۈش، باشقىلارنى الله نى ئۇلۇغلىغاندەك ئۇلۇغلاش ۋە الله ئۇچۇنلا بولىدىغان ئىبادەتلەردىن بىرەرىنى الله نىڭ غەيرىگە قىلىش.

3. قۇرئان كەرىمنى ۋە ئۇنىڭدىكى بىرەر ئايەتنى يالغان دېيىش.

4. قۇرئان كەرىمنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلىش. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ أَفَتُؤْمِنُونَ بِبَعْضِ الْكِتَابِ وَتَكْفُرُونَ بِبَعْضٍ فَمَا جَزَاء مَن يَفْعَلُ ذَلِكَ مِنكُمْ إِلاَّ خِزْيٌ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَيَوْمَ الْقِيَامَةِ يُرَدُّونَ إِلَى أَشَدِّ الْعَذَابِ ﴾ ﴿سىلەر كىتابنىڭ (يەنى تەۋراتنىڭ) بىر قىسىم ئەھكاملىرىغا ئىشىنىپ، بىر قىسىم ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟ سىلەردىن شۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى پەقەت ھاياتىي دۇنيادا خارلىققا قېلىش، قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇشتۇر.﴾ (2-سۈرە بەقەرە 85-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

5. الله نىڭ ھۆكمىدىن ياخشى ياكى باراۋەر دەپ قاراپ، الله چۈشۈرگەن ھۆكۈمنىڭ غەيرى بىلەن ھۆكۈم قىلىش. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَا أَنزَلَ اللّهُ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ ﴾ ﴿الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر.﴾ (5-

سۈرە مائىدە 47 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

6. اللە نىڭ ئەلچىسىنى ۋە مۆمىنلەرنى ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن مەسخىرە قىلىش. اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ إِنَّ الَّذِينَ أَجْرَمُوا كَانُواْ مِنَ الَّذِينَ آمَنُوا يَضْحَكُونَ وَإِذَا مَرُّواْ بِهِمْ يَتَغَامَزُونَ ﴾ ﴿كاپىرلار ھەقىقەتەن مۆمىنلەرنى (مەسخىرە قىلىپ) كۈلەتتى، (مۆمىنلەر) ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار ئۆزئارا كۆز قىسىشاتتى،﴾ (83 ـ سۈرە مۇتەففىفىن 29~30 ـ ئايەتلەر). ﴿ وَلَئِن سَأَلْتَهُمْ لَيَقُولُنَّ إِنَّمَا كُنَّا نَخُوضُ وَنَلْعَبُ قُلْ أَبِاللّهِ وَآيَاتِهِ وَرَسُولِهِ كُنتُمْ تَسْتَهْزِؤُونَ لاَ تَعْتَذِرُواْ قَدْ كَفَرْتُم بَعْدَ إِيمَانِكُمْ إِن نَّعْفُ عَن طَآئِفَةٍ مِّنكُمْ نُعَذِّبْ طَآئِفَةً بِأَنَّهُمْ كَانُواْ مُجْرِمِينَ ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ (مەسخىرە قىلغانلىقىنى) سورىساڭ، ئۇلار: «بىز (راستىن ئەمەس)، پەقەت ئىچ پۇشۇقى قىلىپ ئوينىشىپ دەپ قويدۇق» دەيدۇ. (بۇ مۇناپىقلارغا «سىلەر اللە نىڭ دىنىنى، اللە نىڭ ئايەتلىرىنى (يەنى كىتابىنى) ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟» دېگىن. سىلەر (يالغان قەسەم ئىچىپ) ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن، (پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەن) كاپىر بولدۇڭلار سىلەردىن بىر گۇرۇھنى (راست تەۋبە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) ئەپۇ قىلساق، يەنە بىر گۇرۇھنى گۇناھكار بولغانلىقلىرى (يەنى مۇناپىقلىق بىلەن گۇناھنى داۋاملاشتۇرغانلىقلىرى) ئۈچۈن جازالايمىز.﴾ (9 ـ سۈرە تەۋبە 65~66 ـ ئايەتلەر).

7. يەھۇدى خىرىستىئانلارنى دوست تۇتۇش. اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَتَّخِذُواْ الْيَهُودَ وَالنَّصَارَى أَوْلِيَاء بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاء بَعْضٍ وَمَن يَتَوَلَّهُم مِّنكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُمْ إِنَّ اللّهَ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ ﴾ ﴿ئى مۆمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار، ئۇلار بىر ـ

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورى

بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، الله زالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ.» (5-سۈرە مائىدە 51-ئايەت).

خۇلاسە:

1. كۇفرىنىڭ سۆزلۈك مەنىسى «ياپماق»، شەرئىيەتتىكى مەنىسى «الله تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش» دېگەنلىك بولىدۇ.

2. كاپىرنىڭ ئەمەللىرى الله نىڭ دەرگاھىدا سەراپقا ئوخشايدۇ. كاپىر جەھەننەم ئوتىغا كىرگەندە، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىۋېلىش ئۈچۈن دۇنياغا قايتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا دۇنيادىلا ھۆججەت تۇرغۇزۇلۇپ بولغان. ئازاپتىن قېچىش ئورنى يوق.

3. كاپىر ھاياتنىڭ مەنىسىنى ھەقىقى ھېس قىلالمايدۇ. ئەكسىچە ھاياتتىن بىرخىل مەنىسىزلىك ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى گاڭگىراش ۋە پاراكەندىچىلىك قاپلىۋالىدۇ. ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش، زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇش ۋە دائىم جېدەل - ماجرا قىلىش بولسا كۇفرى جەمئىيىتىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر.

4. كاپىر شەخسى مەنپەئەتنى ئالدىنقى ئورۇندا قويىدۇ. شەخسى مەنپەئەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا جەمئىيەتنىڭ قانچىلىك ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. كاپىرنىڭ يولى زىيانلىق ۋە مەنمەنلىك يولىدىن ئىبارەت.

5. كۇفرى جەمئىيەت ئەزالىرىنى ئۆز - ئارا جېدەل - ماجرا، بۆلۈنۈش ۋە ئىختىلاپ قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

6. بىر قىسىم كاپىر ئەللىرىدىكى سانائەت ۋە پەن ـ تېخنىكىنىڭ گۈللىنىش سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئىلمى ئىزدىنىش سەۋەپلىرىنى ۋە الله زېمىنىدا ئورۇنلاشتۇرغان يەر ئاستى بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىشنى چىڭ تۇتقانلىقىدىندۇر. بىراق ئاشۇ ۋاسىتىلەرنى چىڭ تۇتۇش ئۇلارنى ئازغۇنلۇق، گۇناھ ـ مەئسىيەت ۋە رەزىللىك پاتقىقىدىن قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ.

7. مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى ئۇلارنىڭ دىنى ھۆكۈملەرگە قارشى تۇرغانلىقى ياكى ئۇنىڭغا سەل قارىغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

8. كاپىرلارنىڭ ئومۇمى سۈپەتلىرىدىن بىرى ـ كۆز، قۇلاق يۈرەك قاتارلىق الله نى تونۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ئەزالارنىڭ رولىدىن پايدىلانماسلىق. پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆمىنلەرگە غەزەپلىنىش ۋە ئاداۋەت تۇتۇش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىدىن قېچىش ۋە باتىل يولىدا ئۇرۇش قىلىش.

9. بىرەر گۇناھ ، جىنايەت سەۋەبى بىلەن مۇسۇلماننى كاپىر دېيىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ دىنى ئىشلارنى بىلمىسە مۇسۇلمانلارغا ئۇنى ئۆگىتىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىسلامنى بۇزۇپ قويىدىغان ئىشنى قىلمىسىلا ئۇ ئىسلامدىن چىقىپ كەتمەيدۇ.

10. خۇداسىزلىق، شىرىك، قۇرئاننى ياكى بىرەر ئايەتنى يالغان دېيىش، پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەرنى ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن مەسخىرە قىلىش، الله نىڭ ھۆكمى ۋە شەرىئىتىگە قارشىلىق بىلدۈرۈش، مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتۇشتىن ئىبارەت ئىككى شاھادەتنى بۇزىدىغان ئىشلارنىڭ

ھەممىسى ئىسلامنى بۇزىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم تور ئادرېسى

## 2. دەرس: «الله ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى.»

### ئىنساننىڭ ئالاھىدىلىكى

سوئال: ئىنسانلار باشقا ھايۋانلاردىن قايسى تەرەپلەردە ئالاھىدە پەرقلىق بولالايدۇ؟

جاۋاپ: ئىنسانلار باشقا ھايۋانلاردىن نۇرغۇن ئىشلاردا پەرقلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىمى ئىلىمدۇر.

سوئال: ئىنسان ئىلىمگە قانداق ئېرىشەلەيدۇ؟

جاۋاپ: ئىنساننى بىلىم بىلەن ئالاھىدە قىلىشنى ئويلىغان زات ئۇنىڭغا ئىلىم ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان تۈزۈلۈشى ئاجايىپ، ھېكمەتلىك ئەزالارنى ياراتتى. شۇنداقلا ئۇنىڭغا خىلمۇ-خىل ئىلىم ۋاستىلىرى بىلەن ياردەم بەردى.

سوئال: ئۇ ئەزالار قايسى؟

جاۋاپ:

1. خىلمۇ-خىل تەملەرنى بىلىش

الله ئىنسانغا تۈزۈلۈشى ئىنچىكە بولغان ئەزالارنى ياراتتى. ئۇ ئەزالارنىڭ بىرسى تىل بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى: تاتلىق، ئاچچىق، چۈچۈمەل، تۇزلۇق ۋە خىلمۇ-خىل ئارلاشما تەملەرنىڭ پەرقىنى ئايرىشتىن ئىبارەت. الله تىلغا تېتىش ھۆجەيرىسى بىلەن ياردەم بەردى. الله تېتىش ھۆجەيرىسىدە تەمنى ۋە دەرىجىلەرنىڭ پەرقىنى ئايرىش ئىقتىدارىنى ياراتتى. ئەگەر ياراتقۇچىنىڭ مۇشۇ تېتىش ھۆجەيرىلىرىنى يارىتىشتىكى ئىرادىسى بولمىغان بولسا، بىز ھەرقانداق لەززەتلىك تائاملاردىن مەنپەئەتلىنەلمىگەن ۋە

تەملەرنى بىلەلمىگەن بولاتتۇق.

2. نەرسىلەرنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى ۋە سىرتقى يۈزىنى بىلىش.

الله ئىنسانغا ئۆز نېمەتلىرى قاتارىدا تۇزۇلۇشى ئىنچىكە، ياسىلىشى ھېكمەتلىك بولغان يەنە بىر ئىنچىكە ئەزانى ياراتتى. ئۇ بولسا تېرىنىڭ ھۈجەيرىلەر تارقالغان تېرە بولۇپ، ئىنسان تېرە ئۈستىدىكى جىسىمنىڭ ئۆزگىرىشىنى ۋە تاشقى يۈزىنىڭ سىلىق، يىرىك، قاتتىق، يۇمشاق ياكى سۇيۇق ئىكەنلىكىنى ئاشۇ ھۈجەيرىلەر ئارقىلىق بىلەلەيدۇ.

ياراتقۇچى الله تېرىش ھۈجەيرىلىرىگە خىلمۇ-خىل تەملەرنى بىلىشنى بەلگىلىگەندەك، تېرە ھۈجەيرىلىرىگە جىسىمنىڭ شەكلى خۇسۇسىيىتىنى بىلىشنى بەلگىلىدى. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى بىر مەنبەدىن ۋە بىر تائامدىن يارىتىلغان. ئەگەر ياراتقۇچىنىڭ مۇشۇ ھۈجەيرىلەرنى يارىتىشتىكى ئىرادىسى بولمىغان بولسا، بىز ئەلۋەتتە سەزمەستىن كۆيۈپ كەتكەن ۋە ئەزالىرىمىز سۇنۇپ كەتكەن بولاتتى.

3. پۇراقلارنى بىلىش

بىز تۇزۇلۇشى پۇختا، ياسىلىشى ھېكمەتلىك بولغان ئىنچىكە ئەزالار ئارقىلىق خىلمۇ - خىل ماددىلارنىڭ پۇراقلىرىنى بىلەلەيمىز. ئۇ بولسا بۇرۇننىڭ ئىچكى پەردىسىگە تارقالغان پۇراقنى بىلىش ئەزاسىدۇر. پۇراش ئەزاسىدا سېسىق پۇراق ۋە خۇشبۇي پۇراقلارنى بىلەلەيدىغان پۇراش ھۈجەيرىلىرى تارقىلىدۇ. ئەگەر ياراتقۇچىنىڭ پۇراش ھۈجەيرىلىرىنى يارىتىشتىكى ئىرادىسى بولمىغان بولسا، بىز خۇش پۇراقلار بىلەن سېسىق پۇراقلارنى ئايرىيالمىغان؛ خىلمۇ - خىل ماددىلارنى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرىنى پەرق ئېتەلمىگەن ھەمدە تائاملارنىڭ پۇرىقىنىڭ

لەززىتى بىلەن ھۇزۇرلىنالمىغان بولاتتۇق. بىراق بۇ ۋاستىلەرنىڭ دائىرىسى يەنىلا چەكلىك بولۇپ، پەقەت بىۋاستە سېزگىلىش ياكى بىر نەچچە مېتىر دائىرىدە يېقىنلىشىش ئارقىلىقلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. شۇنداقلا ئۇ پۇراقلىق ماددىلارغىلا خاس قىلىنغان.

4. شەكىل، رەڭ ۋە خىلمۇ ـ خىل سۈرەتلەرنى بىلىش.

بىز تۆۋۈلۈشى ئىنچىكە، پۈختىلىقى زور، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەزالارنىڭ ۋاستىسى بىلەن خىلمۇ ـ خىل سۈرەت، رەڭ ۋە شەكىللەرنى بىلەلەيمىز. ئۇ بولسا تۆۋۈلۈشى ئىنچىكە، ئۆزگىچە خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە كۆز بولۇپ، ئۇ ئەڭ مۇھىم ئەزا ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئوتتۇز مىليون كونسىمان جىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەر بىر قاتلىمى ئوتتۇز مىليون كۆز تاياقچىلىرىدىن شەكىللەنگەن ھۈجەيرىدۇر. ئۇنىڭغا خىلمۇ ـ خىل سۈرەتلەر بېسىلىپ قالىدۇ. ئەگەر ياراتقۇچىنىڭ مۇشۇ كونسىمان جىسىم ۋە كۆز تاياقچىلىرىنى يارىتىشتىكى ئىرادىسى بولمىغان بولسا، بىز قارىغۇ بولۇپ قالاتتۇق ۋە ھېچنەرسىنى كۆرەلمەيتتۇق.

كۆزىمىز گەرچە كىچىك بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ خىزمەت قىلىش دائىرىسى يۈز مېتىردىن ئاشىدۇ. ھەتتا ئاسماندىكى چىرايلىق، سۈرەتلىك يۇلتۇزلارغىمۇ يېتەلەيدۇ. بىراق كۆزنىڭ كۆرۈش دائىرىسى نۇرغا سېلىشتۇرغاندا يەنىلا چەكلىك. مەسىلەن، بىز رادىئو دولقۇنلىرىنى كۆرەلمەيمىز. گەرچە ئىنسانىيەت چوڭايتقۇچى ئۈسكۈنىلەرنى كەشىپ قىلىپ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەقلىنى ئىشقا سېلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ كۆرۈش دائىرىسى كۆزنىڭ كۆرۈش دائىرىسىدىن

كۆپ ھالقىپ كېتەلمىدى. سىز قانداقتۇر بىرەر ئۇسكۈنە ئارقىلىق قوشنا ئۆرۈندىكى كىشىنى كۆرۈشكە قادىر بولالمايسىز. لېكىن ئۇ يەردىن سىزگە سۈرەتلەرنى ئەۋەتىدىغان تېلېۋىزىيىلىك ئارقىلىق ئارقىلىقلا ئاندىن كۆرەلەيسىز.

5. ئاۋاز ئارقىلىق تونۇش

بىز ئاۋازنىڭ كۈچلۈكلۈك ۋە قاتتىقلىق دەرىجىسىنى تونۇيمىز. سەزگۈ ئەزالىرىمىز ئارقىلىق بىۋاستە سىزەلمىگەن ۋە كۆزىمىز ئارقىلىق كۆرەلمىگەن نەرسىلەرنى ئۇنىڭ ئاۋازىغا ئاساسەن پەرق ئېتەلەيمىز. ئۇ بولسا تۆزۈلۈشى، ياسىلىشى ۋە شەكلى ئۆزگىچە بولغان مۇھىم ئەزا قۇلاقتۇر. ئەگەر ياراتقۇچىنىڭ مۇشۇ قۇلاقنى يارىتىشتىكى ئىرادىسى بولمىغان بولسا، بىر ئىنسان يەنە بىر ئىنسانغا سۆز قىلالمايتتى. كىشىلەر ئۆز-ئارا پاراڭلىشالمايتتى. ئۆز ئارا ياردەملىشىش ۋە ئالاقىلىشىشنى تېخىمۇ كۈتكىلى بولمايتتى. دۆلەت ۋە جەمئىيەتمۇ مەۋجۇد بولمايتتى.

دېمەك، قۇلاق ــ كۆز ۋە باشقا سەزگۈ ئەزالارنىڭ كۆرۈش ۋە سىزىش دائىرىسىنىڭ سىرتىغا ئىنسانىنىڭ تونۇشىنى يۆتكىگۈچى ئامىلدۇر. بىز قۇلاق ئارقىلىق باشقا شەھەرلەردە يۈز بەرگەن ۋەقە-ھادىسىلەرنى، ئالىملار يەتكۈزگەن خەۋەرلەرنى ۋە ئۆگەنگەن خىلمۇ - خىل بىلىملەرنى بىلەلەيمىز. ئاسماندىكى غەيبى دۇنياغا، جەننەت ئەھلى ۋە دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەھۋالىغا ۋە غەيبى دۇنيانىڭ دائىرىسىدە يۈز بېرىۋاتقان نۇرغۇن ئىشلارغا قۇلاق ئارقىلىق خەۋەردار بولىمىز.

6. چۈشىنىش ۋە ئەقىل ئىشلىتىش كۈچى

ئەقىل بولسا ھەق بىلەن باتىلنىڭ، ئىنسان بىلەن ھايۋاننىڭ، پايدىلىق ئىشلار بىلەن زىيانلىق ئىشلارنىڭ

ئوتتۇرىسىنى پەرق ئېتەلەيدۇ. ئەگەر ھايۋانلار بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا بەش سەزگۈ ئەزادا ئوخشاشلىق بار دېيىلسە، بەزى ئەھۋاللاردا سىزىمچانلىق جەھەتتە ئۇلار بىزدىن كۈچلۈك بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، ئىت پۇراش سىزىمىدە، لاچىن كۆرۈش سىزىمىدە بىزدىن كۈچلۈك. ئىنسان زېمىندىكى يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئېچىشتا ئەقىل بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ئۇ ئەقىل بىلەن ھاۋادا ئۇچۇش، سۇنىڭ تېگىگە چۆمۈش سەۋىيىسىگە يېتەلەيدۇ. ئەقىل بىلەن ئىشارەت، كۆرۈش، ئالامەت ۋە ئاڭلاشتىن ئىبارەت سەزگۈ ئەزالاردىن كەلگەن يوللار ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ئىلىم - مەرىپەتنى ئۆگىنەلەيدۇ.

سوئال: ئەقىلنىڭ چېكى بارمۇ؟

جاۋاپ: ئەقىلنىڭ ئىقتىدارى سەزگۈ ئەزالار تەمىن ئەتكەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق كېڭىيىدۇ. ئەگەر بىز كۆرۈش ۋە ئاڭلاش سىزىمىگە ئىگە بولالمايدىغان، تەم ۋە پۇراقنى سىزەلمەيدىغان ھەمدە ھېچنەرسىنى خىيال قىلالمايدىغان بىر شەخسنى تەسەۋۋۇر قىلساق، ئۇ ئادەمگە ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى تونۇش ۋە ئىلىم-مەرىپەتنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولامدۇ؟ ياق، بۇ چاغدا ئۇ جانسىز جەسەتكە ئوخشاپ قالىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ ئويلىنىدىغان ۋە تەپەككۇر قىلىدىغان ئەقلى بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. چۈنكى ئۇ بەش سەزگۈ ئەزادىن ئىبارەت مەرىپەت يولىنىڭ ئېتىلىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن كېرەكسىز بولىدۇ. ئەگەر بىز بەش سەزگۈ ئەزانىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش دائىرىسىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى تونۇساق، ئۇنداقتا ئەقلىنىڭمۇ ھەقىقەتەن چەكلىك ئىكەنلىكىنى تونۇيمىز.

چۈنكى ئەقىل مەۋجۇتلۇقنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى، دۇنياغا نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى، ئىنساننىڭ ياراتقۇچىسى بولغان الله نى رازى قىلىدىغان ۋە غەزەپلەندۈرىدىغان ئىشلارنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئىنسانلارغا كۆڭۈللۈك ھاياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدىغان ھىدايەت يوللىرىنى بىلمەيدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى سەزگۈ ئەزالارنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكى ئىشلاردۇر.

7. ۋەھيى

شۇنداق، ئەقىل ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئاجىز كەلگەنلىكى ئۈچۈن ياراتقۇچى الله ئىنساننىڭ ھاياتى ۋە مەۋجۇتلۇقىدا مۇھىم بولىدىغان ئىشلارغا قارىتا ئىلىمنى تولۇقلاشنى ئىرادە قىلىپ، ئۇنىڭغا ۋەھيىنى چۈشۈردى ھەمدە ئۆز تەرىپىدىن دۇنيادا ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلايدىغان ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ هُوَ الَّذِي أَنشَأَكُمْ وَجَعَلَ لَكُمُ السَّمْعَ وَالْأَبْصَارَ وَالْأَفْئِدَةَ قَلِيلًا مَّا تَشْكُرُونَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «الله سىلەرنى ياراتتى، سىلەر ئۈچۈن قۇلاقنى، كۆزلەرنى، دىللارنى ياراتتى، سىلەر ئاز شۈكرى قىلىسىلەر».﴾ (67ـ سۈرە مۇلك 23ـ ئايەت). ﴿قُلْ أَرَأَيْتُمْ إِنْ أَخَذَ اللّهُ سَمْعَكُمْ وَأَبْصَارَكُمْ وَخَتَمَ عَلَى قُلُوبِكُم مَّنْ إِلَهٌ غَيْرُ اللّهِ يَأْتِيكُم بِهِ انظُرْ كَيْفَ نُصَرِّفُ الآيَاتِ ثُمَّ هُمْ يَصْدِفُونَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد ئېيتقىنكى،«ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر الله سىلەرنىڭ قۇلىقىڭلارنى گاس، كۆزۈڭلارنى كور قىلىپ قويسا،دىلىڭلارنى پېچەتلىۋەتسە (يەنى سىلەرنى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدىغان قىلىپ قويسا)،ئۇلارنى الله دىن باشقا يەنە قايسى ئىلاھ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ؟» قارىغىنكى، بىز (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئايەتلىرىمىزنى قانداق بايان قىلغانمىز،ئەمما ئۇلار

(شۇ ئايەتلەردىن) يۈز ئۆرۈيدۇ (يەنى ئىمان ئېيتمايدۇ ).﴿ (6ـ سۈرە ئەنئام 46ـ ئايەت). ﴿ كَمَا أَرْسَلْنَا فِيكُمْ رَسُولاً مِّنكُمْ يَتْلُو عَلَيْكُمْ آيَاتِنَا وَيُزَكِّيكُمْ وَيُعَلِّمُكُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَيُعَلِّمُكُم مَّا لَمْ تَكُونُواْ تَعْلَمُونَ ﴾ ﴿شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزگىنىمدەك) ئۆز ئىچىڭلاردىن سىلەرگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، سىلەرنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھدىن) پاك قىلىدىغان، سىلەرگە كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى دىنى ئەھكاملارنى) ئۆگىتىدىغان، سىلەرگە بىلمىگەنلىرىڭلارنى بىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.﴾ (2ـ سۈرە بەقەر 151ـ ئايەت). ﴿فَإِذَا أَمِنتُمْ فَاذْكُرُواْ اللّهَ كَمَا عَلَّمَكُم مَّا لَمْ تَكُونُواْ تَعْلَمُونَ ﴾ ﴿ئامانلىق تاپقىنىڭلاردا الله نىڭ سىلەرگە ئۆگەتكىنى بويىچە الله نى ياد ئېتىڭلار (يەنى قورقۇنچ تۈگىگەندە، الله نامازنى قانداق ئۆتەشكە ئەمىر قىلغان بولسا، تولۇق ئەركانلىرى بىلەن شۇنداق ئۆتەڭلار)﴾ (2ـ سۈرە بەقەر 239ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

خۇلاسە:

1. الله ئادەم بالىلىرىنى كۆپلىگەن نېمەتلەر بىلەن ھايۋانلاردىن ئارتۇق قىلدى. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىمى ئىلىم.

2. الله ئۇلارغا سەزگۈ ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ياسىلىشى نازۇك بولغان، سانائەتنى ھاسىل قىلالايدىغان ئۇسكۈنە ۋە ئىلىم سىستېمىسىنى ياراتتى. ئەقىل ھەق بىلەن باتىلنىڭ، پايدىلىق ئىشلار بىلەن زىيانلىق ئىشلارنىڭ پەرقىنى ئايرىغۇچى ئامىل. ۋەھى بولسا مۇشۇ ئەزالارنىڭ ئەمەل قىلىش دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكى بىلىملەرنى تولۇقلىغۇچىدۇر. ئەگەر ئىنسانلارغا ئاشۇ ئەزانى ياراتقان الله نىڭ ئىرادىسى بولمىغان بولسا، ئىنسانلار

ھېچنەرسىنى بىلەلمەيتتى.

3. بۇ ئىلمىي ماتېرىيال ۋە ئۇسكۇنىلەر خۇددى مۇسۇلمان گۇۋاھ بولغاندەك، ئۇ ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان بۇت ۋە ئەقىل ئىشلىتەلمەيدىغان تەبىئەتنىڭ ياسىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى، ھېكمەتلىك ۋە ھەممىنى بىلگۈچى الله نىڭ ياراتقانلىقىغا گۇۋاھ بولىدۇ.

مۇنازىرە:

1. ئىنسانغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ھېكمەتلىك، ئىنچىكە بولغان ھۈجەيرىلەر ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان بۇت ۋە ھەيكەلنىڭ ئىجادىيىتىمۇ؟

2. ياكى ئۇ ئاڭلاش، كۆرۈش، ئەقىل، ھىس - تۇيغۇ ۋە سېزىمگە ئىگە بولالمايدىغان تەبىئەتنىڭ كەشپىياتىمۇ؟

3. ياكى مۇشۇ ئىلمىي ئۇسكۈنە ۋە ھۈجەيرىلەر مۇسۇلمان گۇۋاھ بولغاندەك، ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ ھېكمەتلىك، بىلگۈچى ۋە تېخنىكىلىق زات ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولامدۇ؟

## 3. دەرس: كۆرۈش ئىمان ئۈچۈن شەرت بولامدۇ؟

### كۆز ھەممە نەرسىنى كۆرۈشتىن ئاجىز كېلىدۇ

سوئال: كۆز ھەممە نەرسىنى كۆرۈشكە قادىر بولالامدۇ؟

جاۋاپ: ياق، كۆزنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارى چەكلىك. كۆز قوشنا ئەلدە ياكى قوشنىمىزنىڭ ئۆيىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى كۆرۈشتىن ئاجىز كېلىدۇ. كۆز ھەممىلا ئورۇندا بىزنى قورشاپ تۇرىۋاتقان ھاۋانى كۆرۈشكە قادىر بولالامدۇ؟ بىز ھاۋانى ئۇنىڭ شاخلار، كىيىملەر ۋە دەل-دەرەخلەردىكى تەسىرى ۋە بىزنىڭ جىسىملىرىمىزدىكى شامال كۈچىدىن كېلىپ چىققان بېسىمنىڭ تەسىرى ئارقىلىق بىلەلەيمىز. ئەمما بىز ھاۋانىڭ رەڭگى، ئۇزۇن-قىسقىلىقى، ھەجمى ۋە شەكلىنى، شۇنداقلا يەرشارىنىڭ تارتىش كۈچىنى كۆزىمىز بىلەن كۆرەلمەيمىز. ئەمما ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىمىز.

دەل شۇنىڭدەك، بىز ئوڭ بىلەن سولنىڭ، ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقىنى ئايرىيدىغان ئەقىلنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمىز. بىراق بىز ئەقىلنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىنى، شەكلى، ھەجمى ۋە رەڭگىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرمەيمىز. بىز كۆرمەي تۇرۇپ ھەرخىل ئاتوملارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمىز. بىز ئامېرىكا، رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى ، تارىختا يۈز بەرگەن تالاي ئۇرۇشلارنى كۆرمىدۇق. ئەمما بىز ئۇنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇتلۇقىغا (ئۇرۇشنىڭ بولغانلىقىغا) ئىشىنىمىز. بىز ئاشۇلاردىن بىرەرىنى تېتىش، پۇراش ۋە سىلاش ئارقىلىق ئېرىشكەن سىزىمگە ئاساسەن ئەمەس،

بەلكى، ئۇ ھەقتىكى ئاڭلىغان خەۋەرگە ئاساسەن ئىشىنىمىز.

كۆرمەي تۇرۇپ ئىشىنىش

سوئال: بىز بىزنىڭ كۆرۈش دائىرىمىزنىڭ سىرتىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى قانداق تەستىقلايمىز ۋە ئىشىنىمىز؟

جاۋاپ: ئۇنىڭغا ئىشىنىشنىڭ مۇنداق ئىككى يولى بار:

1. ئىزنىڭ ئىز سالغۇچىغا دەلىل بولىدىغانلىقىنى بىلىش.

سوئال: بۇنىڭ تەپسىلىيرەك ئۇقۇمى قانداق؟

جاۋاپ: بىز يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى، ئەقلىنىڭ رولى قاتارلىقلارنى كۆرمەي تۇرۇپ تەستىقلايمىز. چۈنكى بىز ئۇنىڭدىكى مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرىمىز ياكى بايقايمىز. ئۇنىڭدىن باشقا ھاۋانىڭ جىسمىمىزغا قالدۇرغان تەسىرى ۋە دەل-دەرەخلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈش تەسىرىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمىز. مانا بۇ ئىزنىڭ ئىز سالغۇچىغا دەلىل بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئەقلى يەكۈندۇر.

2. ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن ئاڭلاش

سوئال: بۇنىڭ مەنىسى نىمە؟

جاۋاپ: سىزنىڭ كۆرۈش دائىرىڭىز ئىتايىن تار. سىز كۆرۈش ئىقتدارىڭىزغا تايىنىپلا بىلەلمەيدىغان ھەقىقەتلەر ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى سىزگە ئامېرىكا، رۇسىيە، ھىندىستان، ئاۋىستىرالىيە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دۆلەتلەر ھەققىدە سۆزلەپ بىرىدۇ. ۋاھالەنكى ئۇقۇتقۇچى ئاشۇ دۆلەتلەرنى كۆرۈپ باقمىغان. سىزمۇ ھەم شۇنداق. سىز ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى يالغان دەمسىز؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى

سز ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن كەلگەن بۇ ئىلمنىڭ راستلىقىدىن قىلچە شەك قىلمايسىز. ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۆزلىرى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ئېرىشكەن خەۋەرلەر ھەققىدە سۆزلەيدۇ.

دوختۇر سىزگە كېسىلىڭىزنى داۋالاش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىدۇ. سىز دوختۇر ئېيتقان كىسەلنى ۋە مەلۇم دورىنىڭ ئاشۇ كېسەلنى داۋالاشنىڭ چارىسى ئىكەنلىكىنى كۆرەلمەيسىز. ئەمما ئۇنىڭ راستلىقىنى تەستىقلايسىز. چۈنكى سىز دوختۇرنىڭ سىز بىلمەيدىغان بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىسىز. دېمەك، تېخنىك ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھەممىسى بىزگە ئۆزلىرى تونۇغان ۋە بىزنىڭ كۆرۈش دائىرىمىزدىن ھالقىپ كەتكەن ئىشلارنى خەۋەر بېرىدۇ. بىز بولساق بىزگە كەلگەن تېخنىك مەنبەسىنى ئىشەنچلىك بولغانلىقى ئۈچۈن تەستىقلايمىز ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىمىز.

## الله غا ئىشىنىش

سوئال: مۆمىن رەببىگە قانداق ئىشىنىدۇ؟

جاۋاپ: الله غا ئىشىنىش بولسا يۇقىرىدا تىلغان ئىلىنغان ئىككى يول بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ.

1. ئاسمان زېمىندىكى مەخلۇقاتلار الله نىڭ قۇدرىتىگە ئەينەك.

2. الله نىڭ ئەلچىلىرى ئۇزۇن زامانلاردىن بىرى ئىنسانلارغا الله تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن دەلىللەر. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا كَانَ لِبَشَرٍ أَن يُكَلِّمَهُ اللَّهُ إِلَّا وَحْيًا أَوْ مِن وَرَاءِ حِجَابٍ أَوْ يُرْسِلَ رَسُولًا فَيُوحِيَ

بِإِذْنِهِ مَا يَشَاء إِنَّهُ عَلِيٌّ حَكِيمٌ ﴾ ﴿الله ھەرقانداق ئادەمگە پەقەت ۋەھىي ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىنلا ياكى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ ئۆز ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھىينى قىلىش ئارقىلىقلا سۆز قىلغان الله ھەقىقەتەن (مەخلۇقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن) ئۈستۈندۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾ (42-سۈرە شۇرا 51-ئايەت).

## ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ تەلەپلىرى

سوئال: ئىلگىرىكى قەۋملەر ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن الله نى كۆرۈشنى شەرت قىلدىمۇ؟

جاۋاپ: شۇنداق، كۆزنىڭ كۆرۈش دائىرىسىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىگە، كۆرۈش دائىرىسىنىڭ سىرتىدا مىڭلىغان ھەقىقەتلەرنىڭ بارلىقىغا قارىماستىن ۋە بىزنىڭ ئىلمى مەلۇماتلىرىمىزنىڭ %90دىن كۆپرەكى كۆرۈش دائىرىمىزنىڭ سىرتىدا ئىكەنلىكىگە قارىماستىن بىز ئۇنى قوبۇل قىلىشتا كۆرۈشنى شەرت قىلمايمىز. بىز ھەركۈنى ئاڭلاۋاتقان نۇرغۇن خەۋەرلەرنىڭ مەنبەسىگە ئىشەنچ قىلغانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئۇنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىمىز. شۇنداق تۇرۇپمۇ ئىلگىرىكى كاپىرلار ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرگە الله نى كۆرۈشنى شەرت قىلدى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ قُلْتُمْ يَا مُوسَى لَن نُّؤْمِنَ لَكَ حَتَّى نَرَى اللَّهَ جَهْرَةً فَأَخَذَتْكُمُ الصَّاعِقَةُ وَأَنتُمْ تَنظُرُونَ ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا: «ئى مۇسا! الله نى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدىڭلار- دە، (سىلەرگە نازىل بولغان ئازابنى) كۆرۈپ تۇرغىنىڭلار ھالدا سىلەرنى چاقماق سوقتى.﴾ (2-سۈرە بەقەر 55-ئايەت).

بەلكى، مۇسا ئەلەيھىسسالامۇ الله غا مۇشۇ تەلەپنى قويدى. ھەيران قالارلىقى شۇكى، كۆز بىرەر مىنۇتمۇ قۇياش نۇرىنى كۆرۈشكە قادىر بولالمايدۇ. ئەگەر الله ئۇنىڭغا ئاشكارا بولسا، الله نىڭ نۇرىنى كۆرۈشكە قانداقمۇ قادىر بولالىسۇن؟!!

سوئال: رەببىمىزنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن جاۋابى قانداق بولدى؟

جاۋاپ : الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَمَّا جَاء مُوسَى لِمِيقَاتِنَا وَكَلَّمَهُ رَبُّهُ قَالَ رَبِّ أَرِنِي أَنظُرْ إِلَيْكَ قَالَ لَن تَرَانِي وَلَكِنِ انظُرْ إِلَى الْجَبَلِ فَإِنِ اسْتَقَرَّ مَكَانَهُ فَسَوْفَ تَرَانِي فَلَمَّا تَجَلَّى رَبُّهُ لِلْجَبَلِ جَعَلَهُ دَكًّا وَخَرَّ موسَى صَعِقًا فَلَمَّا أَفَاقَ قَالَ سُبْحَانَكَ تُبْتُ إِلَيْكَ وَأَنَاْ أَوَّلُ الْمُؤْمِنِينَ﴾ ﴿مۇسا بىز ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا كەلگەن ۋە پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا (بىۋاستە) سۆز قىلغان چاغدا:«پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆزەڭنى كۆرسەتكىن،سېنى بىر كۆرۈپ ئالاي» دېدى. الله :«مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن (چۈنكى ئىنساننىڭ بۇ ئاجىز تېنى بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدۇ).لېكىن تاغقا قارىغىن، ئەگەر تاغ ئورنىدا مەھكەم تۇرالىسا، مېنى كۆرەلەيسەن» دېدى. پەرۋەردىگارى تاغقا تەجەللى قىلىش بىلەن،تاغنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى، مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ: «(پەرۋەردىگارىم!) سەن پاكتۇرسەن، ساڭا تەۋبە قىلدىم، مەن (سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭغا) ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئەۋۋىلىمەن» دېدى.﴾ (7ـ سۈرە ئەئراف 143ـ ئايەت).

ئاجايىپ زور، مۇستەھكەم تاغ الله نىڭ تەجەللىسىگە (كۆرۈنىشىگە) تاقەت قىلالماي، تۈپتۈز بولۇپ كەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالامۇ الله نىڭ تاغقا قىلغان تەجەللىسىگە تاقەت قىلالماي، ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى. ئەگەر الله بىزنىڭ قۇياش

كۈچىگە بەرداشلىق بىرەلمەيدىغان دەرىجىدىكى مۇشۇنداق ئاجىز كۆزلىرىمىزگە ئاشكارا بولسا، ئەھۋال قانداق بولۇپ كېتىدۇ؟ پەقەت يېقىن ئارىلىقتىكى نەرسىلەرنىلا كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە كىچىككىنە كۆز بىلەن پۈتكۈل ئاسمان - زېمىنىنىڭ نۇرى بولغان اللە نى كۆرۈشكە ئۇرۇنۇش بولسا، ئۆينىڭ ئىشىكىدىكى كىچىككىنە تۆشۈكتىن پۈتۈن يەرشارىنى تولۇق كۆرۈشنى ئويلىغان كىشىنىڭ ئەخمىقانە ئۇرۇنۇشى بولمامدۇ؟

خۇلاسە:

1. بىزنىڭ كۆرۈش دائىرىمىزنىڭ سىرتىدا يۈز بېرىدىغان ھەقىقەتلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىز ئۇنى «كۆرۈلۈۋاتقان تەسىر» ۋە «ئىشەنچىلىك مەنبەلەردىن ئاڭلاش» تىن ئىبارەت ئىككى يول بىلەن تونۇيمىز.

2. بىزنىڭ اللە غا ئىمان ئېيتىشىمىز ئۈچۈن:

1) ئاسمان - زېمىندىكى اللە نىڭ مەخلۇقاتلىرىدا اللە نىڭ قۇدرىتى ۋە ھېكمىتىنىڭ تەسىرلىرى رۇشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

2) ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنىڭ اللە نىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ۋە ئۆزلىرىنىڭ اللە نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە دەلىللەرنى تۇرغۇزغان پەيغەمبەرلەر بىزنى اللە تەرەپكە چاقىرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

3. بىزنىڭ اللە نى كۆرەلمەسلىكىمىز: كۆزىمىزنىڭ كۆرۈش دائىرىسىنىڭ تار ئىكەنلىكى ۋە كۆرۈش ئىقتىدارىمىزنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ناھايىتى تار ۋە كىچىككىنە كۆزى بىلەن اللە نى كۆرۈشنى ئويلىغان كىشىنىڭ مىسالى خۇددى ئۆينىڭ ئىشىكىدىكى تۆشۈكتىن پۈتۈن يەرشارىنى كۆرۈشنى ئويلىغان ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ.

4. دەرس: ﷲ سىلەرگە زېمىننى تەكشى قىلىپ بەردى.

تەكشى يېيىلغان زېمىن

سوئال: ﷲ زېمىننى تەكشى قىلدى، دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاپ: بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ﷲ زېمىننى يارىتىپ، ئۇنى تەكشى قىلىپ يايدى. خۇددى سىزنىڭ ئۆيىڭىزنى بىسات ۋە باشقا كېرەكلىك لازىمەتلىكلەر بىلەن تەييارلىغاندەك، ئۇ زېمىننى ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن تەييارلىدى. ﷲ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالْأَرْضَ فَرَشْنَاهَا فَنِعْمَ الْمَاهِدُونَ﴾ ﴿زېمىننى يايدۇق، بىز نېمىدېگەن ياخشى يايغۇچىمىز؟﴾ (51-سۈرە زارىيات 48-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

سوئال: زېمىننى «تەييارلاش» تىكى ۋاستە ۋە ماتېرىياللار قايسى؟

جاۋاپ: 1. سۇ

سۇ — ﷲ ئۇنى يارىتىپ، دېڭىزدىكى تۇزلۇق سۇلاردىن تاتلىق سۇلارنى ئايرىغان، بۇلۇت ھالىتىدە بىز تەرەپكە ھەيدىگەن ۋە تامچە-تامچە قىلىپ چۈشۈرگەن ياكى ئۇنى زېمىن يۈزىگە يېقىن يەر قاتلاملىرىغا قاچىلىغان «سۇ» دىن ئىبارەت. ئەگەر سۇ بولمىغان بولسا يەر يۈزىدىكى ئىنسانلار ئۈچۈن ھاياتلىق بولمىغان بولاتتى. ﷲ مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللّهُ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَأَنزَلَ مِنَ السَّمَاء مَاء فَأَخْرَجَ بِهِ مِنَ الثَّمَرَاتِ رِزْقًا لَّكُمْ﴾ ﴿ﷲ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتتى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ

بەردى، يامغۇر سۇيى بىلەن سىلەرگە رىزىق قىلىپ نۇرغۇن مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى،﴾ (14 ـ سۈرە ئىبراھىم 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

2. تائام

ئەگەر زېمىندا سۇ ياكى تائام مەنبەسى بولمىسا بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىز ياخشى بولمايدۇ ياكى ھاياتلىق قەتئىي مەۋجۇت بولمايدۇ. بىزگە داۋاملىق ئىچىپ تۇرىدىغان قورساقنى ياراتقان الله بىزگە قورسىقىمىز تويىدىغان خىلمۇ ـ خىل تائاملار ۋە ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرىدىغان خىلمۇ ـ خىل نەرسىلەر بىلەن ياردەم بەردى. ياخشى تۇپراق، ئۈنىدىغان ئۇرۇقچا ، شامال ، يامغۇر، دېڭىز، كېچە، كۈندۈز ۋە ھاۋا قاتارلىقلارنى ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى الله زېمىن ئاھالىلىرىنىڭ تائامنى تولۇقلاش ئۈچۈن شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، مۇشۇ ئاساسى «ئاشخانا»دا ئىنسان تائامنى تەييارلاش ئۈچۈن الله ئۇلارنى مۇۋاپىق تۈزۈم ۋە قانۇنىيەت ئىچىدە ئۆز ئارا ھەمكارلىشىشقا بۇيرىدى. الله مۇنداق دەيدۇ:﴿ يَا أَيُّهَا النَّاسُ اذْكُرُوا نِعْمَتَ اللَّهِ عَلَيْكُمْ هَلْ مِنْ خَالِقٍ غَيْرُ اللَّهِ يَرْزُقُكُم مِّنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ فَأَنَّىٰ تُؤْفَكُونَ ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ياد ئېتىڭلار، الله دىن باشقا سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرىدىغان ياراتقۇچى بارمۇ؟ الله دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، (الله نىڭ ئىبادىتىدىن) قانداقمۇ باش تارتىسىلەر؟﴾ (35 ـ سۈرە فاتىر 3 ـ ئايەت).

3. ھاۋا

بىز ھاۋادىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايمىز. شۇڭا ھاۋانىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۇنىڭغا بىزنىڭ سەرپ قىلىشىمىز ۋە

نەپەسلىنىشىمىز ئۇنى كېمەيتىۋەتمەيدىغان پۇختا قانۇنىيەتنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ھاۋانى ئاقار يۇلتۇز ۋە قۇيرۇقلۇق ئۇچار يۇلتۇزلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇلار زېمىنغا يېتىشتىن ئىلگىرى، ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان مۇھاپىزەت قىلغۇچى قاپچۇق ھالىتىدە قىلدى. دېمەك، الله بىزنىڭ نۇرغۇن ئېھتىياجلىرىمىزغا ھاۋا بىلەن ياردەم بەردى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنْ آيَاتِهِ أَن يُرْسِلَ الرِّيَاحَ مُبَشِّرَاتٍ وَلِيُذِيقَكُم مِّن رَّحْمَتِهِ وَلِتَجْرِيَ الْفُلْكُ بِأَمْرِهِ وَلِتَبْتَغُوا مِن فَضْلِهِ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾ ﴿الله نىڭ سىلەرگە ئۆزىنىڭ رەھمىتىنى تېتىتىش ئۈچۈن، ئەمرى بۇيىچە كېمىلەرنى دېڭىزلاردا ماڭدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ مەرھەمىتىدىن تىلىشىڭلار ئۈچۈن، شۈكرى قىلىشىڭلار ئۈچۈن، شاماللارنى يامغۇر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىشى الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر.﴾ (30ـ سۈرە رۇم 46ـ ئايەت).

### 4. مۇستەھكەم قۇرۇلۇش

ئەگەر يۇقارقىلارنىڭ ھەممىسى مۇستەھكەم قۇرۇلۇش ئۈستىدە مۇقىم بولمىسا، ئۇنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساننى ياراتقۇچى الله زېمىنىنىڭ ئىنساننىڭ ھاياتىغا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى تەكشى يايدى ھەمدە زېمىندىكى مۇشۇ قۇرۇلۇشلارنى پۇختا قىلدى. شۇنداقلا ياراتقۇچى الله زېمىننى بۇزۇلۇش ۋە تەۋرىنىشكە قارشى تۇرىدىغان مۇستەھكەم تاغلار ئارقىلىق تەۋرىنىپ كېتىشتىن ساقلىدى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَمَّن جَعَلَ الْأَرْضَ قَرَارًا وَجَعَلَ خِلَالَهَا أَنْهَارًا وَجَعَلَ لَهَا رَوَاسِيَ وَجَعَلَ بَيْنَ الْبَحْرَيْنِ حَاجِزًا أَإِلَٰهٌ مَّعَ اللَّهِ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ﴾ ﴿زېمىننى (ئىنسانلارغا ۋە ھايۋانلارغا) تۇرالغۇ قىلغان، ئۇنىڭ تۈرلۈك

تەرەپلىرىدە دەريالارنى ئاققۇزغان، ئۇنىڭ ئۇستىدە (تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى ئورناتقان، ئىككى دېڭىز ئارىسىدا (يەنى تاتلىق سۇ بىلەن شورلۇق سۇ ئارىسىدا ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) توساقلارنى قىلغان كىم؟ الله دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (باشقا ئىلاھ يوق) ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ تولىسى بىلمەيدۇ.﴾ (27-سۈرە نەمل 61-ئايەت).

5. سېلىنچا ۋە ئۆي سەرەمجانلىرى

ياراتقۇچى الله زېمىن ئۈستىدە ئىنسانغا ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋان بىلەن ياردەم بەردى. ئىنسانلارنىڭ چارۋا - ماللارنىڭ تېرىسى ۋە يۇڭلىرىدىن، زېمىندىن ئۈنگەن زىرائەت (پاختا قاتارلىقلار) دىن كىيىم - كېچەك، ئۆي بىساتلىرى ۋە سەرەمجانلىرىنى ياسىشى ئۈچۈن زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەردى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاللَّهُ جَعَلَ لَكُم مِّن بُيُوتِكُمْ سَكَنًا وَجَعَلَ لَكُم مِّن جُلُودِ الْأَنْعَامِ بُيُوتًا تَسْتَخِفُّونَهَا يَوْمَ ظَعْنِكُمْ وَيَوْمَ إِقَامَتِكُمْ وَمِنْ أَصْوَافِهَا وَأَوْبَارِهَا وَأَشْعَارِهَا أَثَاثًا وَمَتَاعًا إِلَى حِينٍ﴾ ﴿الله سىلەرگە ئۆيۈڭلارنى تۇرالغۇ جاي قىلىپ بەردى، سىلەرگە ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىدىن ئۆيلەرنى (چېدىرلارنى) قىلىپ بەردى، سىلەر كۆچكەن كۈنۈڭلاردىمۇ، تۇرغان كۈنۈڭلاردىمۇ ئۇنىڭ يېنىكلىكىنى ھېس قىلىسلەر، سىلەرگە قويلارنىڭ يۇڭلىرىدىن، تۆگىلەرنىڭ يۇڭلىرىدىن، ئۆچكىلەرنىڭ يۇڭلىرىدىن ئۆي جاھازلىرىنى (يەنى سىلەر كىيىدىغان ۋە ئۆيۈڭلارنى سەرەمجانلاشتۇرىدىغان) ھەم مەلۇم مۇددەتكىچە (يەنى ئۆلۈم كەلگۈچە ياكى ئۇلار كونىراپ تۈگىگىچە) پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرنى قىلىپ بەردى.﴾ (16-سۈرە نەھل 80-ئايەت).

6. ئورۇن

يەر شارىدىن ئىبارەت بۇ زېمىن قۇياشنى دەۋرى قىلىپ ئايلىنىدىغان پلانېتلارنىڭ بىرى. زېمىنىمىز قۇياشقا نىسبەتەن ناھايىتى مۇۋاپىق ئورۇندا بولۇپ، ئەگەر زېمىن بىلەن قۇياش ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ئازغىنە يېقىنلىشىپ قالسا، قۇياش بىزنى كۆيدۈرۈۋەتكەن ۋە تىرىك جانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتى. ئەگەر زېمىن بىلەن قۇياش ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ئازغىنە يىراقلىشىپ كەتسە، بىز سوغۇقتىن توڭلاپ قالغان ۋە تىرىك كائىناتنىڭ ھەممىسى توڭلاپ قالغان بولاتتى. ئەگەر زېمىنىمىزنىڭ ئورنى ئۆزگىرىپ كەتسە، بىزنىڭ كۈنلىرىمىز، كېچە-كۈندۈزلىرىمىز، يىللىرىمىز، يامغۇرلىرىمىز ۋە نۇرغۇنلىغان شەيئىلەرمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەن بولاتتى. زېمىن قۇياش ئەتراپىدا 23 سىلىتسىيە گرادۇس بۇلۇڭلۇقتا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل ئايلىنىشىدا (قايرىلىشىدا) بىر ھېكمەت بار. الله بۇ ساقلىنىۋاتقان قايرىلىش بىلەن تۆت پەسىلنى بەلگىلەپ، زېمىننى يازدا كۆيۈپ كېتىپ، قۇملۇققا ئۆزگىرىپ كېتىشتىن، يەرشارىنىڭ جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرىنى قار دۆۋىلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قېلىشتىن ساقلىدى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَاخْتِلاَفِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لآيَاتٍ لِّأُوْلِي الألْبَابِ ﴾ «شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار.» (3-سۈرە ئال ئىمران 190-ئايەت). ﴿ إِنَّ فِي اخْتِلاَفِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَمَا خَلَقَ اللّهُ فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ لآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَتَّقُونَ ﴾ «كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، الله ئاسماندا ۋە زېمىندا ياراتقان شەيئىلەردە (الله دىن) قورقىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ھەقىقەتەن، (الله نىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى

www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار.﴾ (10 ـ سۈرە يۇنۇس 6 ـ ئايەت).

7. ئىشلەش ئىمكانىيىتى

الله ئىنسانغا ئىلىم ۋە ئىشلەش ئىمكانىيىتى بەردى. ئىنسان بۇنىڭغا تايىنىپ خەزىنە، كان ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئېچىپ، بۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىدۇ. مانا بۇلارنى الله ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ أَ لَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ سَخَّرَ لَكُم مَّا فِي الْأَرْضِ وَالْفُلْكَ تَجْرِي فِي الْبَحْرِ بِأَمْرِهِ وَيُمْسِكُ السَّمَاء أَن تَقَعَ عَلَى الْأَرْضِ إِلَّا بِإِذْنِهِ إِنَّ اللَّهَ بِالنَّاسِ لَرَؤُوفٌ رَّحِيمٌ ﴾ ﴿الله نىڭ يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنى، ئۆزىنىڭ ئەمرى بويىچە دېڭىزدا يۈرۈۋاتقان كېمىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ (ئاسماننىڭ) زېمىنغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن الله ئاسماننى توختىتىپ تۇرىدۇ، پەقەت الله نىڭ ئىزنى بىلەن (ئاسماننىڭ قىيامەت بولغان چاغدا) چۈشۈپ كېتىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. الله ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.﴾ (22 ـ سۈرە ھەج 65 ـ ئايەت).

8. ۋاقىت بەلگىلەش

كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى، زېمىن ئۈستىدىكى ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق قانۇنىيىتىنىڭ مۇكەممەللىكىدۇر. بۇخىل ۋاقىت قانۇنىيىتى شۇ قەدەر تەرتىپلىك ۋە مۇكەممەلكى، تا ھازىرغا قەدەر ئىنسانلارنى ئىشلەشتىن ئامالسىز قالدۇرىدىغان بىرەر كېچە ياكى ھاياتلىق ۋە جانلىقلارنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان بىرەر كۈندۈز بولۇپ باقمىدى. ئەگەر الله خالىسا ئىدى، زېمىننىڭ بىر تەرىپىنى ئىسسىقلىق دەرىجىسى

ئىنتايىن يۇقىرى بولغان كۆيدۈرگۈچى كۈندۈز، يەنە بىر تەرىپىنى سوغۇقلۇق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان توڭلىتىۋەتكۈچى كېچە قىلىۋېتەتتى.

بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغان، توختاپ قالمايدىغان ۋە ئۆزگىرىپمۇ كەتمەيدىغان، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدىن كېلىپ چىققان يەرشارى سائىتىگە قاراپ بېقىڭ. ئاندىن كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ بىزنىڭ ئۇخلىشىمىز ۋە ھەرىكەت قىلىشىمىزغا ماس كېلىدىغان مۇۋاپىق ئۇزۇنلۇقىغا قاراپ بېقىڭ. ئەگەر بىر كېچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون كېچىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدەك بولسا، بىز بىر كېچە ئۇخلاپ، توققۇز كېچە تاڭ يورۇشىنى كۈتۈپ تۇرغان بولاتتۇق. ئەگەر بىر كۈندۈزنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون كۈندۈزنىڭ ئۇزۇنلۇقىدەك بولسا، قۇياش بىزنىڭ زىرائەتلىرىمىزنى ۋە زېمىندىكى ئۆسۈملۈكلەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەن بولاتتى. ھەيران قالارلىقى شۇكى، زۆھرە يۇلتۇزنىڭ بىر كۈنى بىزنىڭ ئوتتۇز كۈنىمىزنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا تەڭ كېلىدۇ. مىركۇرى دېگەن پلانېتىنىڭ كېچىسى دائىم كېچە، كۈندۈزى دائىم كۈندۈز بولىدۇ. اللە نىڭ شەپقىتىنى ئويلىنىپ بېقىڭ. اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ أَرَأَيْتُمْ إِن جَعَلَ اللَّهُ عَلَيْكُمُ اللَّيْلَ سَرْمَدًا إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ مَنْ إِلَهٌ غَيْرُ اللَّهِ يَأْتِيكُم بِضِيَاء أَفَلَا تَسْمَعُونَ قُلْ أَرَأَيْتُمْ إِن جَعَلَ اللَّهُ عَلَيْكُمُ النَّهَارَ سَرْمَدًا إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ مَنْ إِلَهٌ غَيْرُ اللَّهِ يَأْتِيكُم بِلَيْلٍ تَسْكُنُونَ فِيهِ أَفَلَا تُبْصِرُونَ ﴾ «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر اللە كېچىنى سىلەر ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگىچە سوزىدىغان بولسا، اللە دىن بۆلەك قايسى ئىلاھ سىلەرگە يورۇقلۇق ئېلىپ كېلەلەيدۇ؟ سىلەر ئاڭلىمامسىلەر؟» دېگىن. «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر اللە كۈندۈزنى سىلەر ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگىچە سوزىدىغان بولسا، اللە دىن بۆلەك قايسى ئىلاھ

سىلەرگە ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن كېچىنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ؟ سىلەر كۆرمەمسىلەر؟» دېگىن.﴾ (28 ـ سۈرە قەسەس 71~72 ـ ئايەتلەر).

مۇنازىرە:

زېمىن ئىنساننىڭ ۋە زېمىن ئۈستىدىكى تىرىك كائىناتلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن تەييارلاندى. الله زېمىننى مۇناسىپ سۇ، تۆگەپ قالمايدىغان ھاۋا، ئىنسان ۋە باشقا تىرىك كائىناتقا زۆرۈر يېمەكلىك (تائام)، زېمىننى تەۋرەپ كېتىشتىن ساقلايدىغان تاغلار، زېمىننى زېمىن سىرتىغا تاشلىنىپ قېلىشتىن توختىتىپ تۇرىدىغان تارتىش كۈچى، شامال، يامغۇر، دېڭىز ۋە ھاياتلىق ئۈچۈن مۇناسىپ بولغان ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە بىلەن تەييارلىدى. زېمىن مۇناسىپ يۈزلىنىشى، مۇناسىپ ھەجمى بىلەن مۇناسىپ ئورۇندا قويۇلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ توغرا سۈرئىتىدە ئايلانماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا پلانېتلاردا ياشاش ئىمكانىيىتى بولمىغان شارائىتلاردىمۇ، يەرشارىدىن ئىبارەت بۇ زېمىن ھاياتلىق ئۈچۈن ناھايىتى قۇلايلىق بولدى.

مۇشۇنداق ئاجايىپ قانۇنىيەت ۋە ھېكمەتلىك تەدبىرنى ياراتقان كىشى ئۇ ئاجىز بۇتمۇ؟ ياكى ئۇ ئاشۇ ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەقدىرلەرنى ياراتقان ئىرادە ۋە تەدبىردىن ئايرىم بولغان تەبىئەتمۇ؟

ياكى ئاشۇ ھېكمەتلىك تەدبىر، توغرا قانۇن، چەكسىز قۇدرەت، غايەت زور يارىتىش ۋە شەكىللەندۈرۈشلەر مۇسۇلمان گۇۋاھ بولغاندەك، ھېكمەتلىك، ئىرادە قىلغۇچى، بىلگۈچى، قۇدرەتلىك، كۆزەتكۈچى ۋە مېھرىبان الله نىڭ يارىتىشىدىن ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولامدۇ؟

شـۇنداق، بۇلارنىـڭ ھەممىسـى ئاشـۇنىڭغا گـۇۋاھ بولىدۇ. مەنمۇ گۇۋاھ بولغۇچىلارنىڭ قاتارىدىن.

خۇلاسە:

1. الله زېمىننـى ئىنسـانلارنىڭ ھايـاتى ئۈچـۈن سـۇ، ھـاۋا، تائـام، تـاغ، تـارتىش كـۈچى، يـامغۇر، شـامال، بۇلـۇت، دېڭـىز، قۇياش، ئىسسىقلىق، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلار بىلەن تەييارلىدى.

2. الله زېمىننـى ئىنسـانلارنىڭ ھاياتىغـا قۇلايلىـق بولۇشـى ئۈچـۈن، قۇياشـقا نىسـبەتەن مۇۋاپىـق ھـالەتتە، ئىـنچىكە، ھېكمەتلىك دائىرە ئىچىدە، مۇناسىپ سۈرئەت، مۇناسىپ ھەجىم، مۇناسىپ قويۇقلـۇق ۋە مۇناسـىپ يـۆزلىنىش بىـلەن ئايلىنىـدىغان قىلـدى. كـېچە بىـلەن كۈنـدۈزدىن ئىبـارەت پۇختـا ۋاقىتنـى بەلگىلىدى. كېچە بىلەن كۈندۈز زور ۋە پۇختا قـانۇنىيەت ئىچىـدە نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ.

3. بۇلارنىـــڭ ھەممىســـى ھېكمەتلىـــك، ئىـــرادە قىلغـــۇچى، بىلگـــۈچى، قۇدرەتلىـــك، كۆزەتكـــۈچى، مېھرىبـــان الله نىـــڭ يارىتىشىدىن ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 5. دەرس: «ئۇلار ئاسمانغا قاراپ باقامدۇ»؟

### قۇياش سىستېمىسى

سوئال: قۇياش سىستېمىسى دېگەن نېمە ؟

جاۋاب: ئۇ بولسا قۇياش، مىركۇرى، زۆھرە، يەرشارى، مارس ۋە ئۇنىڭدىن باشقا قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرىدىغان پلانېتلاردىن ئىبارەت بولۇپ؛ ئۇلارنىڭ ھەربىرى بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغان، پىلانلانغان يول ۋە بەلگىلەنگەن پەلەكلەردە ئايلىنىدۇ. ئۇ بىرەر سېكۇنت ئىلگىرى ياكى كېيىن بولۇپ قالمايدىغان تەرتىپلىك سۈرئەتتە سەير قىلىدۇ.

### ئىنچىكە ئۆلچەم

سوئال: مۇشۇ پلانېتلارنىڭ ھەممىسى دائىم ھەرىكەتلىنىپ تۇرۇپمۇ، قانداقسىگە بىر - بىرى بىلەن سوقۇشۇپ قالمايدۇ؟

جاۋاب: مۇشۇ پلانېتلارنى ياراتقان ھېكمەتلىك، بىلگۈچى ۋە تېخنىكىلىق زات ھەر بىر پلانېتنى ياراتقان چاغدا، مۇشۇ قانۇنىيەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پۇختا ۋە ئىنچىكە ئۆلچەمنى ياراتتى. الله بۇ پلانېتلارنى ئۆلچەمسىز ياراتقان بولماستىن ،بەلكى تەدبىر ۋە ھېكمەت بىلەن خۇسۇسى ھەجىم، مەلۇم ئۆلچەم ۋە بەلگىلىك ماددىلار بىلەن يارىتىپ، ئۇنى ئاشۇ ھەجىم ۋە ئۆلچەمگە لايىق پەلەكلەردە ئورۇنلاشتۇردى. شۇنداقلا ئاشۇ پلانېتلارنى ئۇلارنىڭ قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقى ۋە باشقا

پلانېتلار بىلەن بولغان ئارىلىقتىكى ئايلىنىش دائىرىسىگە مۇناسىپ كېلىدىغان بەلگىلىك سۈرئەت بىلەن ئايلاندۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەجىمى ۋە ئۆلچىمىگە ناھايىتى مۇناسىپ كېلىدۇ. بۇ خىل ماسلىق بىكارغا يارىتىلغان بولماستىن،بەلكى، ئىنچىكە ئۆلچەم ئاساسىدىكى پۇختا، ھېكمەتلىك ۋە بەلگىلىك يارىتىلىشتۇر. ئاسترونومىيە ئالىملىرى مۇشۇ ئۆلچەمگە ئاساسەن «پىلۇتون» ناملىق پلانېتنى تېلېسكوپ (كۆزىتىش ئەسۋابى) بىلەن كۆرۈشتىن ئىلگىرى ئۇنى تونۇپ، ئۇنىڭ سۈرئىتى، ئورنى، يۆزلىنىشى ۋە قويۇقلۇقىنى بەلگىلىدى. ئۇنىڭ نەتىجىسى ئاسترونومىيە ئالىملىرى كۆرۈشتىن ئىلگىرى بەلگىلىگەندەك، مۇشۇ سىستېما ئۈستىگە قويۇلغان ئىنچىكە ئۆلچەم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولدى.

قۇياش سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشىنى بىلىش بىزگە نىسبەتەن ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى قۇياش سىستېمىسى قالايمىقان يارىتىلغان بولماستىن، بەلكى، ھەر بىر پلانېتنى مۇناسىپ ئورۇندا قىلغان، قۇياش ۋە باشقا پلانېتلارغا نىسبەتەن مۇۋاپىق يىراقلىقتا قىلغان، ئىنچىكە تەدبىر، ھېكمەتلىك ئۆلچەم ۋە پىلانلانغان لىنىيە ئۈستىدە يارىتىلغان.

الله قۇياش سىستېمىسىنى توغرا ھەجىم، توغرا قويۇقلۇق بىلەن شەكىللەندۈرۈپ، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئايلىنىش مەنبەسىنى بەلگىلەپ، ئۇنى مۇناسىپ سۈرئەت بىلەن ئاققۇزدى. ئەگەر مۇشۇ ئىنچىكە ئۆلچەمدىن بىرەر نەرسە ئۆزگىرىپ كەتسە، قۇياش سىستېمىسىنىڭ قانۇنىيىتى بۇزۇلۇپ، پلانېتلار ئۆز ـ ئارا سوقۇشۇپ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالسَّمَاءَ رَفَعَهَا وَوَضَعَ الْمِيزَانَ﴾ ﴿الله ئاسماننى

ئېگىز ياراتتى. ئۆلچەمدە زۇلۇم قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن، الله تارازانى بېكىتتى﴾ (55 ـ سۈرە رەھمان 7~8 ـ ئايەتلەر). ﴿ أَوَلَمْ يَنظُرُواْ فِي مَلَكُوتِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَا خَلَقَ اللّهُ مِن شَيْءٍ وَأَنْ عَسَى أَن يَكُونَ قَدِ اقْتَرَبَ أَجَلُهُمْ فَبِأَيِّ حَدِيثٍ بَعْدَهُ يُؤْمِنُونَ ﴾ ﴿ئۇلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ سەلتەنىتى ئۈستىدە، الله نىڭ ياراتقان مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە، ئۆزلىرىنىڭ ئەجىلى يېقىنلىشىدىغانلىقىنىڭ مۇمكىنلىكى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئۇلار (كالامۇللا ئىكەنلىكى شۇنچە روشەن بولغان) قۇرئاندىن باشقا يەنە قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟﴾ (7 ـ سۈرە ئەئراف 185 ـ ئايەت).

### سامانيولى

سوئال: سامانيولى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: يۇلتۇزلار تۈركۈمىدىن تەركىب تاپقان چوڭ بىر سىستېمىدۇر.

سوئال: يۇلتۇز دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئۇ بىز كېچىدە كۆرىدىغان، ئاسمانغا توشۇپ كەتكەن، نۇرلۇق ۋە يالقۇنلۇق جىسىمدىن ئىبارەت.

سوئال: قۇياش بىلەن يۇلتۇزنىڭ قايسى چوڭ؟

جاۋاب: بىز ئالدى بىلەن قۇياشنىڭ زېمىندىن 130ھەسسىدىن 500 ھەسسىگىچە چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز زۆرۈر. بەزى يۇلتۇزلار قۇياشتىن چوڭ، بەزىلىرى كىچىك بولۇپ «مەنكەبۇل جەۋزائ» دېگەن يۇلتۇز قۇياشتىن 100000000(يۈز مىليون) ھەسسە چوڭ. قۇياش يۇلتۇزلار تۈركۈمىدىكى ئۇلاشسىمان ئەينەكتىكى ۋىنتا شەكىللىك پلانېت بولۇپ، ئاسترونومىيە

ئالىملىرى يۇلتۇزلار تۈركۈمىدە تەخمىنەن 200000000 (ئىككى يۈز مىليون) ئەتراپىدا يۇلتۇز بار دەپ قارايدۇ. ئەگەر بىز بىر مىنۇتتا يۈز دانە يۇلتۇزنى سانىساق، بارلىق يۇلتۇزلارنى ساناش ئۈچۈن، كېچە - كۈندۈز توختىماي سانىغاندا، تەخمىنەن 200 يىل ۋاقىت كېتىدۇ.

سوئال: يەنە باشقا پلانېتلار بارمۇ؟

جاۋاب: يۇلتۇزلار تۈركۈمىدىن باشقا نۇرغۇنلىغان پلانېتلار بولۇپ، ئۇلار ساناقسىز بولىشى مۇمكىن. دەۋرنىڭ ئۆتۈشىگە، ئىنسانلار ئىلمىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاسترونومىيە ئالىملىرىغا يېڭى پلانېتلار ئاشكارا بولماقتا ۋە داۋاملىق يېڭى پلانېتلار بايقالماقتا. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَلَمْ يَنظُرُوا إِلَى السَّمَاءِ فَوْقَهُمْ كَيْفَ بَنَيْنَاهَا وَزَيَّنَّاهَا وَمَا لَهَا مِن فُرُوجٍ﴾ «ئۇلار ئاسماننى قانداق (تۈۋرۈكسىز) بەرپا قىلغانلىقىمىزغا، ئۇنى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىگەنلىكىمىزگە، ئۇنىڭدا ھېچ قانداق يوچۇق يوقلىقىغا قارىمامدۇ؟» (50 - سۈرە قاف 6 - ئايەت).

ئايلىنىش ۋە ئۆلچەم

يۇلتۇزلار ئىچىدە ئىككى يۇلتۇز بىرلىشىپ، بىرى بىرىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. گاھىدا ئاسماندا بىزنىڭ كۆزىمىزگە كۆرۈنىدىغان تۆت ياكى ئالتە پارقىراق يۇلتۇزنىڭ بىرى يەنە بىرىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. ئاسترونومىيە 17000(ئون يەتتە مىڭ) دىن كۆپراق يۇلتۇزنىڭ بىرلىشىپ ئۆز پەلەكلىرىدە ئاقىدىغانلىقىنى بايقىدى. لېكىن شۇنداق تۇرۇپمۇ، بۇ يۇلتۇزلار بىر بىرى بىلەن سوقۇشۇپ قالمايدۇ. بىرى يەنە بىرىنىڭ يولىنى

ۋە ئايلىنىش ئورنىنى توسۇۋالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىنىڭ توغرا پەلەكلىرىدە ئاقىدۇ. يۇلتۇزلار مۇشۇنداق تەكچۈكلۈق ئىچىدە ئۆز پەلەكلىرىدە ئايلىنىدۇ. اللّٰه مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكُلٌّ فِي فَلَكٍ يَسْبَحُونَ﴾ ﴿ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ تۇرىدۇ.﴾ (36 ـ سۈرە ياسىن 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

## خىيالى مۇساپىلەر

سوئال: بىز بىلەن قۇياش ۋە يۇلتۇزلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپە قانچىلىك؟

جاۋاب: ئۇ ئىنتايىن زور مىقداردىكى مۇساپە بولۇپ، ئۇنى مىل بىلەن ئۆلچەش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بىز ئۇنى ئۆلچەمەكچى بولساق، خۇددى ئۈزۈن بىر مۇساپىنى مىللىمېتىر بىلەن ئۆلچەشنى ئويلىغان كىشىگە ئوخشاپ قالىمىز. ئاسترونوملار نۇرنىڭ يىللىق مۇساپىسىنى بىر مىليارد ئالتە مىليون مىلغا تەڭ كېلىدۇ دەپ قارايدۇ. قۇياش نۇرىنىڭ بىر سېكۇنتتا ئۆزىدىغان مۇساپىسى 186مىڭ مىل ( بىر مىل 1609 مېتىر ) غا تەڭ كېلىدۇ . نۇر تېزلىكى بىر يىلدا بىر مىليارد ئالتە مىليون مىل مۇساپىنى ئۈزىدۇ. بىز بىلەن قۇياش ئارىلىقىدىكى مۇساپە 93000000 (توقسان ئۈچ مىليون ) مىل بولۇپ، قۇياش نۇرى ئۇنى 8 مىنۇتتا ئۈزۈپ بولىدۇ. قۇياش سىستېمىسىغا ئەڭ يېقىن يۇلتۇز «رىجلۇل قىنتۇرس» بولۇپ، ئۇنىڭ بىز بىلەن بولغان ئارىلىقىنى 4.25 يىللىق نۇر مۇساپە تېزلىكىدە بېسىپ بولغىلى بولىدۇ. «شەئرىل يەمانى» ئاسماندىكى ئەڭ پارقىراق يۇلتۇز بولۇپ، ئۇ بىزدىن توققۇز يىللىق يىراقلىقتىكى نۇر تېزلىكى مۇساپىسىدە. ئەمما

«زەنبۇل جەددى» دېگەن يۇلتۇزنىڭ بىز بىلەن بولغان ئارىلىقى 465 يىللىق نۇر تېزلىك مۇساپىسىدە كېلىدۇ . ئۇلاشسىمان ئەينەك پلانېتلىرىدىن بولغان ۋىنتا شەكىللىك بىر چوڭ پلانېت بىزدىن ناھايىتى يىراق بولۇپ، نۇر تېزلىكى ئۇنى بىر مىليون يىلدا ئۇزۇپ بولالايدۇ. بىزگە يەتكەن نۇرنىڭ ئەڭ يىراق چېكى ئالتە مىليون يىللىق نۇر تېزلىكى مۇساپىسىدە. بۇ يۇلتۇزلارنىڭ ھەممىسى بىز بىلەن دۇنيا ئاسمىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقتا ئايلىنىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَلَقَدْ زَيَّنَّا السَّمَاءَ الدُّنْيَا بِمَصَابِيحَ وَجَعَلْنَاهَا رُجُومًا لِّلشَّيَاطِينِ وَأَعْتَدْنَا لَهُمْ عَذَابَ السَّعِيرِ ﴾ ﴿(بىزگە بارلىق ئاسمانلاردىن) ئەڭ يېقىن ئاسماننى چىراقلار (يەنى يورۇق يۇلتۇزلار) بىلەن بېزىدۇق ۋە ئۇلارنى (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاشقا ئورۇنغان) شەيتانلارنى ئاتىدىغان نەرسە قىلدۇق (يەنى شەيتانلار يۇلتۇزلاردىن چىققان شولا بىلەن ئېتىلىدۇ)، شەيتانلارغا ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابىنى تەييارلىدۇق. ﴾ (67 ـ سۈرە مۇلك 5 ـ ئايەت). ﴿ فَلَا أُقْسِمُ بِمَوَاقِعِ النُّجُومِ وَإِنَّهُ لَقَسَمٌ لَّوْ تَعْلَمُونَ عَظِيمٌ ﴾ ﴿يۇلتۇزلارنىڭ جايلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەن. شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىلسەڭلار، ئۇ (يۇلتۇزلار الله نىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن) ئەلۋەتتە كاتتا قەسەمدۇر.﴾ (56 ـ سۈرە ۋاقىئە 75~76 ـ ئايەتلەر).

مۇنازىرە:

1. سىز مىڭ ياكى يۈز ياكى ئون دېگەنلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، بىر دانە سۈنئىي ھەمراھ زېمىندىن چىقىپ كېتىپ؛ سىم، تۆمۈر ۋە خىلمۇ ـ خىل ماددىلار ئوتتۇرىسىدىكى خىمىيىلىك تەسىرنىڭ نەتىجىسىدە، زېمىن ئەتراپىدىكى تەگپۇڭ ھالەتتە لايىھىلەنگەن

ئايلىنىش مەنبەسىدە سەير قىلىدۇ. بىراق، بۇ بىرەر بىلىملىك ئادەمنىڭ بىلىم ياكى تېخنىكىسىغا مۇھتاج ئەمەس دېسىڭىز، ئۇنداقتا بىرەر ئادەم بۇ گەپكە ئىشىنەمدۇ؟

ئامېرىكا ۋە رۇسىيە دۆلەتلىرى سىزدىن ياخشىراق مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بەلكى، ئۇلار سىزنىڭ بۇ قاملاشمىغان بىمەنە سۆزىڭىزنى مەسخىرە قىلىدۇ. چۈنكى سىز ئۇ ئىككى دۆلەتنىڭ تېخنىكىسىنى، ئالىملىرىنىڭ ئىلىم ۋە ئىقتىدارىنى ئىنكار قىلىدىغان يالغان سۆزلەرنى قىلدىڭىز.

2. ھەيران قالارلىقى شۇكى، الله نىڭ ئايەتلىرىنى، زور مەخلۇقلىرىنى، ھېكمىتىنى، تەدبىرى ۋە تەقدىرىنى تونۇش شۇنچە ئاشقان ئىلىم ۋە پەن تەرەققىي قىلغان مەزگىللەردىمۇ يەنىلا كاپىرلار مەۋجۇت بولىۋاتىدۇ.

3. كىچىككىنە بىر سۈنئىي ھەمراھنى ئىشلىتىش ئۈچۈنمۇ ھېكمەت، ئىلىم، تېخنىكا ۋە ئىقتىدارغا ئىگە ئادەم بولۇشى كېرەك.

4. بەلگىلەنگەن، ھېكمەتلىك، تەرتىپلىك سۈرئەت، ھەجىم، ئۆلچەم ۋە ئايلىنىش دائىرىسىدە ئۈزۈۋاتقان مىليونلىغان پلانېت ۋە يۇلتۇزلار، ئاسماندىكى ھەممە مەخلۇقاتلار -مۇسۇلمان گۇۋاھ بولغاندەك- كۈچلۈك، قۇدرەتلىك، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى، تېخنىكىلىق ۋە كۈزىتىپ تۇرغۇچى الله نىڭ يارىتىشىدىن ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولامدۇ؟ ئاجىز بۇت، ئىرادە ۋە تەدبىرسىز قارىغۇ تەبىئەتنىڭ ياراتمىغانلىقىغا گۇۋاھ بولامدۇ؟ الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا قَدَرُوا اللَّهَ حَقَّ قَدْرِهِ وَالْأَرْضُ جَمِيعًا قَبْضَتُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَالسَّمَاوَاتُ مَطْوِيَّاتٌ بِيَمِينِهِ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا يُشْرِكُونَ﴾ «ئۇلار الله نى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي الله نىڭ

چاڭگىلىدا بولىدۇ، ئاسمانلار الله نىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ، الله ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر.﴾ (39 ـ سۈرە زۇمەر 67 ـ ئايەت).

خۇلاسە:

1. قۇياش سىستېمىسى قارىغۇلارچە بىكارغا شەكىللەنگەن بولماستىن، بەلكى، ئۇنىڭ يىراقلىقى، ئۆلچىمى، ھەجمى ۋە سۈرئىتى ئىنچىكە ئۆلچەم بىلەن ئايلىنىش مەنبەسىنى بەلگىلىگەن ھېكمەتلىك لىنىيەگە مۇۋاپىق ھالەتتە بولغان.

2. سامانيولى بولسا شەكىللىنىشى ھېكمەتلىك، يارىتىلىشى پۇختا يۇلتۇزلار تۈركۈمى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ھەر بىر يۇلتۇز بەلگىلەنگەن پەلەكتە ئايلىنىدۇ.

3. ئاسمان ۋە ئۇنىڭدىكى ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەر ياراتقۇچىمىزنى تونۇشنى زىيادە قىلىدىغان زور ئالامەتلەر بولۇپ، ھەرقانداق ئەقىللىق كىشىگە ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ ھېكمەتلىك، كۈچلۈك، قۇدرەتلىك، غالىب، تېخنىكىلىق، كۆزەتكۈچى الله ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى

## 6. دەرس: يەككە ـ يېگانە الله

### بىر ياراتقۇچى، بىر ئىرادە قىلغۇچى

سوئال: پۈتكۈل مەخلۇقاتلارنىڭ ياراتقۇچىسى بىر ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى قايسى؟

جاۋاب: ئەگەر سىز مۇشۇ دۇنيا توغرۇلۇق ئويلىنىپ، ئۇنىڭغا تولۇق نەزەر سالسىڭىز، دۇنيانىڭ ئىككى ئىرادە بىلەن ئەمەس، بەلكى بىرلا ئىرادە بىلەن يارىتىلغانلىقىنى؛ ئۇنىڭدىكى ھەر بىر بۆلەكنىڭ بىر ھېكمەتلىك زاتنىڭ ھېكمىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. ئويلىنىپ بېقىڭ! سىزنىڭ ئاشقازىنىڭىزدىكى ئېغىز ئۇچەي بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۈچەي ھەزىم قىلىش سىستېمىسى بىلەن، ھەزىم قىلىش سىستېمىسى قان ئايلىنىش سىستېمىسى بىلەن، قان ئايلىنىش سىستېمىسى نەپەسلىنىش ئەزاسى بىلەن، نېرۋا ھۈجەيرىلىرى مۇسكۇل ئەزاسى بىلەن، مۇسكۇل سۆڭەك بىلەن، سۆڭەك پۈتكۈل بەدەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

دېمەك، ئىنسان جىسمىنىڭ ھەر بىر ئەزاسى باشقا ئەزالار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىنساننى ياراتقىنى ئىككى ئەمەس، بەلكى، بىرلا ئىرادىدۇر. ئىنسان ـــ زېمىن بىلەن، زېمىندىكى زىرائەت تېرىيدىغان تۇپراق ۋە ئۆسۈملۈك بىلەن؛ ئىنسانغا، زىرائەتلەرگە ۋە چارۋا ـ ماللارغا ھاياتلىق ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان سۇ بىلەن ياردەم بېرىدىغان يامغۇر، بۇلۇتنى ھەيدەيدىغان ۋە ھەرىكەتلەندۈرىدىغان شامال، يامغۇر

شــەكىللىنىدىغان دېگــز، ئىنســان نەپەســلىنىدىغان هــاۋا، تائــاملارنى شــەكىللەندۈرۈش، مېــۋىلەرنى پىشــۇرۇش ۋە ئىنســانلارنىڭ نۇرغۇنلىغــان ئېشــلىرىنى ئاسانلاشــتۇرۇش ئۈچــۈن خىزمەت قىلىدىغان قۇياش ۋە يەرشــارىنىڭ تــارتىش كــۈچى ..... بىــلەن زىــچ مۇناســىۋەتلىك. ئەگەر مۇشــۇ مەخلــۇقلار بولمىســا، ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ قىممىتى بولمايدۇ.

زېمىــن ۋە زېمىنــدىكى شــەيئىلەر ئوتتۇرىســىدىكى تەگىپــۈك مۇناسىۋەتتىن ئۆز ئارا توقۇنۇش كېلىپ قالىــدىغان ئىككــى ئىــرادە بىــلەن ئەمەس، بەلكــى، بىــرلا ئىــرادە بىــلەن يارىتىلغــانلىقىنى بايقايمىز. ئەگەر زېمىن - قۇياش، ئاي ۋە قۇيــاش سىستېمىســىدا ئايلىنىپ يۈرگۈچى پلانېتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمىسا، ئۇنىڭ قىلچىلىك ئەهمىيىتى بولمايدۇ. چــۈنكى زېمىنىنــىڭ ســەير قىلىــش تۈزۈمى ۋە ئايلىنىش مەنبەسىدىكى تەگىپۈگلۈقى شۇ سىستېمىدىكى باشقا پلانېتلارنىڭ بەلگىلىك ئالاقىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر ئۇنــداق بولمىســا، زېمىــن (يەرشــارى) ئــۇنى ۋە ئۇنىــڭ ئۈســتىدىكى نەرســىلەرنى ۋەيــران قىلىۋېتىــدىغان قانــداقتۇر بىــر پلانېت ۋە يۇلتۇز بىلەن سوقۇشۇپ قــالاتتى. چــۈنكى زېمىننــى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى ياراتقان زات قۇياش سىستېمىسىنى ياراتقــان. قۇيــاش سىستېمىســى ســامانيولىدىكى باشــقا پلانېــتلار بىــــلەن مۇناســــىۋەتلىك. ئەگەر ئۇنــــداق بولمىســــا، ئاشــــۇ مۇناسىۋەتتىكى قانداقتۇر بىرەر بۇزۇلــۇش قۇيــاش سىستېمىســىنىڭ غــايەت زور پارتلىشــىنى كەلتــۈرۈپ چىقىرىــدۇ. قۇيــاش ۋە ئۇنىــڭ ئەتراپىــدىكى پلانېــتلار مــۇقەررەر هالــدا يوقىلىــدۇ. بىــرلا ئىــرادە بىــلەن يارىتىلغــان قۇيــاش سىستېمىســى ســامانيولىدىكى باشــقا يۇلتۇزلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، سامانيولىمۇ باشقا پلانېتلار

بىلەن تەكپۇك مۇناسىۋەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئاشقازان ئېغىزى ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچىكە ۋە ھېكمەتلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ پەقەت بىرلا ئىرادە بىلەن يارىتىلغانلىقىنى تونۇيمىز. ﷲ مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَوْ كَانَ فِيهِمَا آلِهَةٌ إِلَّا اللَّهُ لَفَسَدَتَا فَسُبْحَانَ اللَّهِ رَبِّ الْعَرْشِ عَمَّا يَصِفُونَ﴾ ﴿ئەگەر ئاسمان ـ زېمىندا ﷲ دىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى، ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ﷲ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر.﴾ (21 ـ سۈرە ئەنبىيا22 ـ ئايەت).

## بىر ھۆكۈم قىلغۇچى

سوئال: يەنە باشقا دەلىللەر بارمۇ؟

جاۋاب: دەلىللەر ناھايىتى كۆپ. ئەگەر بىز دۇنيادىكى ھەممە نەرسە بويىسۇنىۋاتقان ئىلاھى قانۇن ۋە ھۆكۈملەرگە نەزەر سېلىپ باقساق، بىز ئۇ قانۇنلارنىڭ پەقەت بىرلا «قانۇن» ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. مەسىلەن: بىز ياراتقۇچى ﷲ نىڭ تارتىش كۈچى بىلەن ئاتوم پارچىلىرىغا، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى، نۇر تېزلىكى ۋە باشقا پلانېتلارغا ئۆزگەرمەس بىرلا قانۇن بىلەن ھۆكۈم قىلغانلىقىنى بايقايمىز. مۇشۇ بىر تۈزۈم ۋە بىر قانۇن بىر ھۆكۈم قىلغۇچى زاتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پەيدا بولغانلىقىغا گۇۋاھ بولىدۇ. ھەتتا ئاشۇ ساناقلىق ۋە خىلمۇ ـ خىل قانۇنلارمۇ ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، پۈتۈن دۇنيا ئاشۇ ئىنچىكە، ئۆلچەملىك، ھېكمەتلىك تۈزۈم ئىچىدە سەير قىلىدۇ.

دېمەك، مۇسۇلمان گۇۋاھ بولغاندەك ئۆز ـ ئارا ھەمكارلىشىۋاتقان ۋە تەكپۇك بولغان ھېكمەتلىك قانۇنلارمۇ بىر

هۆكۈم قىلغۇچىنىڭ بۈيرۇقى بىلەن پەيدا بولغانلىقىغا گۇۋاھ بولىدۇ. ئەگەر الله بىلەن يەنە باشقا ئىلاھلار بولىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرشنىڭ رەببى بولغان بىر ھاكىمنىڭ قولىدىن ھۆكۈمنى تارتىۋېلىشقا تىرىشاتتى ۋە ئۆزگىچە مەخلۇقاتلار بىلەن ئالاھىدە بولۇشقا ئورۇناتتى. بۇخىل ئورۇنۇش نەتىجىسىدە بۇزۇقچىلىق يۈز بېرىپ، كائىنات قانۇنىيىتى ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن بولاتتى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ قُل لَّوْ كَانَ مَعَهُ آلِهَةٌ كَمَا يَقُولُونَ إِذًا لاَّبْتَغَوْاْ إِلَى ذِي الْعَرْشِ سَبِيلاً ﴾ ﴿مۇشرىكلار ئېيتقاندەك، الله بىلەن بىرگە يەنە باشقا ئىلاھلار بولغان تەقدىردە، ئەرش ئىگىسى (الله ئۈستىدىن) غەلبە قىلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە يول ئىزدىگەن بولاتتى.﴾ (17 ـ سۈرە ئىسرا 42 ـ ئايەت).

بىر پەرۋەردىگار

سوئال: بۇ ھەقتە تەۋرەنمەس دەلىللەر بارمۇ؟

جاۋاب: گەرچە پۈتكۈل دۇنيا نۇرغۇنلىغان ئۇششاق پارچە، بۆلەك ۋە زەررىلەردىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ماسلىق ۋە تەڭپۇڭلۇق بىرلا قانۇنىيەتنى چۆرىدىگەن ھالدا دەۋرى قىلىدۇ. تىرىك جەسەتلەر، مۇستەھكەم تاغلار، چۈشكۈچى يامغۇرلار ۋە ئۈزۈپ يۈرگۈچى پلانېتلار شەكىللىنىدۇ. مۇشۇ مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەسلى (يىلتىزى) بىر بولۇپ، ئۇ ئۆز مۈلكىدە شېرىكى بولمىغان ئاشۇ بىرلا زاتنىڭ يارىتىشىدىن ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولىدۇ. ئەگەر بىرەر ئادەمگە الله نىڭ مۈلكىدە شېرىكلىشىش مۇمكىن بولىدىغان بولسا، ئۇ ئۆزى ياسىغان نەرسىلەرگە ئىگە بولىۋالاتتى. ئۇنداق

بولغاندا دۇنيادا بۇزۇقچىلىق يۈز بېرەتتى. يەنى قۇياشنىڭ رەببى قۇياشنى ئېلىپ كەتسە، ھاۋانىڭ رەببى ھاۋانى ئېلىپ كەتسە، يامغۇرنىڭ رەببى يامغۇرنى ئېلىپ كەتسە، ھەممە مەخلۇقاتلارنىڭ رەببى ئۆز مەخلۇقلىرىنى ئېلىپ كەتسە ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «پەيدا قىلغۇچى» بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزى ياسىغان نەرسىلەرنى ئىرادە ۋە ھېكمەت ئاستىدا سەير قىلدۇرالمىسا، دۇنيا بىر ئەسلىدىن پەيدا بولۇپ، بىر تۈزۈم ۋە بىر ئىرادە بىلەن سەير قىلالمىسا، ئۇنداقتا ئەھۋال قانداق بولۇپ كېتىدۇ؟ الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ مَا اتَّخَذَ اللَّهُ مِن وَلَدٍ وَمَا كَانَ مَعَهُ مِنْ إِلَهٍ إِذًا لَّذَهَبَ كُلُّ إِلَهٍ بِمَا خَلَقَ وَلَعَلَا بَعْضُهُمْ عَلَى بَعْضٍ سُبْحَانَ اللَّهِ عَمَّا يَصِفُونَ ﴾ ﴿الله نىڭ بالىسى يوق، ئۇنىڭغا باراۋەر باشقا بىر ئىلاھمۇ يوق، ئەگەر بۇنداق بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەر ئىلاھ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقنى يالغۇز ئىگەللەيتتى، بەزىسى بەزىسىدىن غالىب كېلەتتى، الله ئۇلارنىڭ الله غا نىسبەت بەرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر.﴾ (23 ـ سۈرە مۆئمىنۇن 91 ـ ئايەت).

بىر ئىلاھ

سوئال: ئىبادەتكە ھەقلىق بولىدىغان زات كىم؟

جاۋاب: بىر ياراتقۇچى، بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ۋە مۇشۇ پادىشاھلىق ئورنىدىكى كونترول قىلغۇچى بىر پەرۋەردىگاردىن باشقا كىممۇ ئىبادەتكە لايىق بولسۇن؟! الله مۇشۇ مەۋجۇتلۇقتىكى ھەممە نەرسىنىڭ رەببى تۇرۇقلۇق كىممۇ ئىبادەتتە الله غا شېرىك بولالىسۇن؟ الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَالَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِ اللّهِ لاَ يَخْلُقُونَ شَيْئًا وَهُمْ يُخْلَقُونَ ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلغانلىرى



www.uyghurkitap.com

(يەنى بۇتلىرى) ھېچ شەيئىنى يارىتالمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى يارىتىلغاندۇر (يەنى ئىنسانلار تەرىپىدىن ياسالغاندۇر).﴾ (16ـ سۈرە نەھل 20ـ ئايەت). ﴿ أَيُشْرِكُونَ مَا لاَ يَخْلُقُ شَيْئاً وَهُمْ يُخْلَقُونَ ﴾ ﴿ئۆزلىرى يارىتىلغان،ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) الله غا شېرىك كەلتۈرەمدۇ!﴾ (7ـ سۈرە ئەئراف 191ـ ئايەت). ﴿ اللَّهُ الَّذِي خَلَقَكُمْ ثُمَّ رَزَقَكُمْ ثُمَّ يُمِيتُكُمْ ثُمَّ يُحْيِيكُمْ هَلْ مِن شُرَكَائِكُم مَّن يَفْعَلُ مِن ذَلِكُم مِّن شَيْءٍ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴾ ﴿الله سىلەرنى خەلق ئەتتى، ئاندىن سىلەرگە رىزىق بەردى. ئاندىن سىلەرنى قەبزى روھ قىلىدۇ، ئاندىن سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، شېرىك كەلتۈرگەنلىرىڭلاردىن قايسىسى بۇ ئىشلارنىڭ قايسىبىرىنى قىلالايدۇ، الله پاكتۇر، ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئالىيدۇر.﴾ (30ـ سۈرە رۇم 40ـ ئايەت). ﴿ قُلْ أَرَأَيْتُمْ شُرَكَاءكُمُ الَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِ اللَّهِ أَرُونِي مَاذَا خَلَقُوا مِنَ الْأَرْضِ أَمْ لَهُمْ شِرْكٌ فِي السَّمَاوَاتِ أَمْ آتَيْنَاهُمْ كِتَابًا فَهُمْ عَلَى بَيِّنَةٍ مِّنْهُ بَلْ إِن يَعِدُ الظَّالِمُونَ بَعْضُهُم بَعْضًا إِلَّا غُرُورًا إِنَّ اللَّهَ يُمْسِكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ أَن تَزُولاَ وَلَئِن زَالَتَا إِنْ أَمْسَكَهُمَا مِنْ أَحَدٍ مِّن بَعْدِهِ إِنَّهُ كَانَ حَلِيمًا غَفُورًا ﴾ ﴿ئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ سىلەر الله نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلار (نېمە بىلەن چوقۇنۇشقا لايىق بولدى؟) ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلاركى، ئۇلار زېمىندىن نېملەرنى ياراتتى؟ يا ئۇلار ئاسمانلارنى الله بىلەن بىرلىكتە ياراتتىمۇ؟ يا ئۇلارغا بىز بىر كىتاب بەرگەن بولۇپ، ئۇلار شۇ كىتابتىكى روشەن دەلىللەرگە ئاساسلىنامدۇ؟» ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، زالىملار بىر ـ بىرىگە پەقەت يالغاننىلا ۋەدە قىلىشىدۇ. الله ھەقىقەتەن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى (قۇدرىتى ۋە گۈزەل ھېكمىتى بىلەن) چۈشۈپ كېتىشتىن توختىتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار چۈشۈپ كەتسە، ئۇلارنى ھېچ

www.uyghurkitap.com

ئەھەدى توختىتىپ تۇرالمايدۇ. الله ھەقىقەتەن ھەلىمدۇر (يەنى كۇففارلار ئازابقا تېگىشلىك بولسىمۇ، ئۇلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.﴾ (35_سۈرە فاتىر 40~41_ئايەتلەر). ﴿ اللَّهُ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ لَّهُ مَقَالِيدُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَالَّذِينَ كَفَرُوا بِآيَاتِ اللَّهِ أُوْلَئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ قُلْ أَفَغَيْرَ اللَّهِ تَأْمُرُونِّي أَعْبُدُ أَيُّهَا الْجَاهِلُونَ ﴾ ﴿الله ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر (ئۇلارنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ). ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (خەزىنىلىرىنىڭ) ئاچقۇچلىرى الله نىڭ ئىلكىدىدۇر، الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار ـ ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى نادانلار! مېنى الله دىن غەيرىگە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇمسىلەر؟»﴾ (39_سۈرە زۇمەر62~64_ئايەتلەر).

الله ئۆزىنىڭ بەندىلىرىنى يالغۇز ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئىبادەتتە ئۇنىڭ غەيرىنى شېرىك قىلماسلىققا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَمَا لِي لاَ أَعْبُدُ الَّذِي فَطَرَنِي وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ أَأَتَّخِذُ مِن دُونِهِ آلِهَةً إِن يُرِدْنِ الرَّحْمَن بِضُرٍّ لاَّ تُغْنِ عَنِّي شَفَاعَتُهُمْ شَيْئًا وَلاَ يُنقِذُونِ ﴾ ﴿مەن نېمىشقا مېنى ياراتقان ۋە سىلەر (ئۆلگەندىن كېيىن) دەرگاھىغا قايتىدىغان الله غا ئىبادەت قىلماي؟. مەن الله دىن غەيرىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولسام، ئەگەر مېھرىبان الله ماڭا بىرەر زىيان_زەخمەت يەتكۈزمەكچى بولسا، ئۇلارنىڭ شاپائىتى مەندىن ھېچنەرسىنى دەپئى قىلالمايدۇ ھەمدە مېنى قۇتقۇزالمايدۇ.﴾ (36_سۈرە ياسىن 22~23_ئايەتلەر).

﴿ قُلْ إِنِّي أُمِرْتُ أَنْ أَعْبُدَ اللَّهَ مُخْلِصًا لَّهُ الدِّينَ وَأُمِرْتُ لِأَنْ أَكُونَ أَوَّلَ الْمُسْلِمِينَ قُلْ إِنِّي أَخَافُ إِنْ عَصَيْتُ رَبِّي عَذَابَ يَوْمٍ عَظِيمٍ قُلِ اللَّهَ أَعْبُدُ مُخْلِصًا لَّهُ دِينِي فَاعْبُدُوا مَا شِئْتُم مِّن دُونِهِ قُلْ إِنَّ الْخَاسِرِينَ الَّذِينَ خَسِرُوا أَنفُسَهُمْ وَأَهْلِيهِمْ يَوْمَ

الْقِيَامَةِ أَلَا ذَلِكَ هُوَ الْخُسْرَانُ الْمُبِينُ ﴾ ﴿ئېيتقىنكى، «مەن دىنىنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا اللە غا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم ھەمدە (بۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدە) مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلى بولۇشقا بۇيرۇلدۇم». ئېيتقىنكى، «ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمغا ئاسىيلىق قىلسام، شۈبھىسىزكى، بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىدىن قورقىمەن (يەنى اللە نىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلسام، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ مېنى جەھەننەم ئوتى بىلەن ئازابلىشىدىن قورقىمەن)». ئېيتقىنكى، «دىنىمنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا اللە غا ئىبادەت قىلىمەن. سىلەر اللە دىن باشقا خالىغىنىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار!» ئېيتقىنكى، «قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى زىيان تارتقۇزغۇچىلار قاتتىق زىيان تارتقۇچىلاردۇر، بىلىڭلاركى، ئەنە شۇ روشەن زىياندۇر.»﴾ (39-سۈرە زۇمەر 11~15-ئايەتلەر).

خۇلاسە:

1. بىز دۇنيا پارچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىق ۋە مۇكەممەللىكتىن پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىككى ئىرادە بىلەن ئەمەس بەلكى، بىرلا ئىرادە بىلەن پەيدا بولغانلىقىنى بىلىمىز. ئۇ بولسا ياراتقۇچى اللە نىڭ ئىرادىسىدۇر.

2. بىز دۇنيادىكى ھەممە نەرسە بويسۇنۇۋاتقان، ئايلىنىشى رەتلىك، قۇرۇلمىسى پۇختا، ئۆزگىچە ماسلىققا ئىگە، مۇكەممەل قانۇن ۋە تۈزۈملەردىن ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ھوقۇقىغا بويسۇنغان بىر ھاكىم تەرىپىدىن پەيدا بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئەگەر اللە بىلەن يەنە باشقا ئىلاھلار بولىدىغان بولسا، ئۇلار ئۆز ئارا جېدەل - ماجىرا قىلىشاتتى ۋە ئاسمان - زېمىننىڭ تەرتىپى بۇزۇلۇپ كېتەتتى.

www.uyghurkitap.com

3. بىز دۇنيادىكى نۇر ۋە ئاتوملارنىڭ ئەسلىدە بىر ياراتقۇچى، بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى، بىر تەربىيەتچى تەرىپىدىن پەيدا بولغانلىقىنى بىلىمىز. ئەگەر الله بىلەن يەنە باشقا شېرىكلەر بولىدىغان بولسا، «ئۇ چاغدا ھەر بىر ئىلاھ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقنى يالغۇز ئىگەللەيتتى، بەزىسى بەزىسىدىن غالىب كېلەتتى.»

4. بەندىلەر ئىبادەتتە ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان الله غا ئۇنىڭ غەيرىنى شېرىك قىلماسلىقى كېرەك . چۈنكى ئۇ (غەيرى) ئۆزى ئۈچۈن زىيان ۋە پايدىغا ئىگە بولالمايدۇ. كىمكى ياراتقۇچىسى ۋە تەربىيەتچىسى بولغان الله غا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ.

## 7. دەرس: ئىبادەتنى الله ئۈچۈن خالىس قىلىش

### ئىبادەتنىڭ مەنىسى

سوئال: ئىبادەتنىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: ئىبادەتنىڭ سۆزلۈك مەنىسى: ئىتائەت قىلىش، بويسۇنۇش، يەنى ئىنسان ئۆزىنىڭ غەيرىگە قارشىلاشماستىن، يۈز ئۆرۈمەستىن ۋە ئاسىيلىق قىلماستىن بويسۇنۇش ياكى ئۇنىڭغا رازى بولغۇدەك دەرىجىدە خىزمەت قىلىش ياكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئىتائەت قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ شەرىئەتتىكى مەنىسى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق ئۈچ خىل مەنىدە تىلغا ئېلىنىدۇ.

1. ئۇبۇدىيەت (قۇللۇق) مەنىسىدىكى ئىبادەت. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ثُمَّ أَرْسَلْنَا مُوسَى وَأَخَاهُ هَارُونَ بِآيَاتِنَا وَسُلْطَانٍ مُّبِينٍ إِلَى فِرْعَوْنَ وَمَلَئِهِ فَاسْتَكْبَرُوا وَكَانُوا قَوْمًا عَالِينَ فَقَالُوا أَنُؤْمِنُ لِبَشَرَيْنِ مِثْلِنَا وَقَوْمُهُمَا لَنَا عَابِدُونَ ﴾ ﴿ئاندىن مۇسا ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارۇننى بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز بىلەن ۋە روشەن پاكىت بىلەن فىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇلار ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ (ئىماندىن) باش تارتتى، ئۇلارمۇ تەكەببۇر قەۋم ئىدى. ئۇلار: «بىزگە ئوخشاش ئاددىي ئىككى ئىنسانغا ئىمان ئېيتامدۇق، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ قەۋمى بىزنىڭ (قۇلغا ئوخشاش) خىزمەتچىلىرىمىزدۇر» دېيىشتى.﴾ (23ـ سۈرە مۆئمىنۇن 45~47ـ ئايەتلەر).

تەبەرى: «ئۇلار بىزنىڭ (قۇلغا ئوخشاش) خىزمەتچىلىرىمىزدۇر» دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە «بەنى ئىسرائىل ئۇلارغا ئىتائەت قىلغۇچى ۋە خورلانغۇچى بولۇپ،

ئۇلانىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ دىنىغا ئەگىشىدۇ» دېدى .

ئەرەبلەر پادىشاھقا يېقىن بولغان ھەممە كىشىنى ئىبادەت قىلغۇچى دەپ ئاتايتتى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَالَّذِينَ اجْتَنَبُوا الطَّاغُوتَ أَن يَعْبُدُوهَا وَأَنَابُوا إِلَى اللَّهِ لَهُمُ الْبُشْرَى فَبَشِّرْ عِبَادِ ﴾ ﴿شەيتانغا (ۋە بۇتلارغا) چوقۇنۇشتىن يىراق بولغانلارغا، الله غا (ۋە ئۇنىڭ ئىبادىتىگە) قايتقانلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ، سۆزگە قۇلاق سېلىپ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدىغانلارغا (يەنى تەقۋادار بەندىلىرىمگە) خۇش خەۋەر بەرگىن، ئەنە شۇلار الله ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرىدۇر.﴾ (39ـ سۈرە زۇمەر 17~18ـ ئايەتلەر).

قۇرئان ئاتالغۇسىدىكى «تاغۇت»نىڭ مەنىسى الله غا تاجاۋۇز قىلغان، الله نىڭ ھۆكمىگە تەكەببۇرلۇق قىلغان ھەر قانداق دۆلەت ۋە ھاكىمىيەت؛ ھەرقانداق يېتەكچى رەھبەر ۋە شەخستىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار الله نىڭ زېمىنىدا ئۆزىنىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلىدۇ. الله نىڭ بەندىلىرىنى مەجبۇرلاش، قىزىقتۇرۇش ۋە ياكى بوزۇق تەلىماتلارنى ئۆگىتىش ئارقىلىق ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئىنساننىڭ ئاشۇ ھاكىمىيەت، يېتەكچى، رەھبەر ياكى شەخسكە بويسۇنۇشى، قۇل بولۇشى ھەمدە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شەكسىز «تاغۇت»قا ئىبادەت قىلغانلىقدۇر.

2. ئىتائەت مەنىسىدىكى ئىبادەت. الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿ أَلَمْ أَعْهَدْ إِلَيْكُمْ يَا بَنِي آدَمَ أَن لَّا تَعْبُدُوا الشَّيْطَانَ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ ﴾ ﴿سىلەرگە (پەيغەمبەرلىرىم ئارقىلىق): «ئى ئادەم باللىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا

دۇشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر» دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟﴾ (36 ـ سۈرە ياسىن 60~61 ـ ئايەتلەر).

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىنسانلار بۇ دۇنيادا شەيتانغا لەنەت قىلىدۇ. ۋەھالەنكى شەيتانغا ئىبادەت قىلىش بولسا، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىگە ئەگىشىشتۇر. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿اتَّخَذُواْ أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللّهِ وَالْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ وَمَا أُمِرُواْ إِلاَّ لِيَعْبُدُواْ إِلَهًا وَاحِدًا ﴾ ﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى.﴾ (9 ـ سۈرە تەۋبە 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

بۇ ئايەتتىكى الله نى قويۇپ، راھىب ۋە ئالىملارنى مەبۇد تۇتۇش ئاندىن ئۇلارغا ئىبادەت قىلىشنىڭ مەنىسى راھىب ۋە ئالىملارنى بۇيرۇش ۋە چەكلەش سالاھىيىتىگە ئىگە دەپ ئىشىنىش بولۇپ، يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا قارىتا:«بىز ئالىملىرىمىز ۋە راھىبلىرىمىزغا ئىبادەت قىلمىدۇققۇ؟» دېيىلگەن چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چۈشەندۈرۈپ: «سىلەر الله نىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپ ھالدا راھىبلار ھالال دېگەننى ھالال، ھارام دېگەننى ھارام دېمىدىڭلارمۇ؟» دېدى. ئۇلار «ھەئە» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئەنە ئاشۇ سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلغىنىڭلار» دېدى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَا أَنزَلَ اللّهُ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ﴾ ﴿كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار

كاپىرلاردۇر.﴾ (5 ـ سۈرە مائىدە 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

3. ئۇلۇھىيەت (ئىلاھ تۇتۇش) مەنىسىدىكى ئىبادەت: اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَوْمَ يَحْشُرُهُمْ وَمَا يَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللَّهِ فَيَقُولُ أَأَنتُمْ أَضْلَلْتُمْ عِبَادِي هَؤُلَاء أَمْ هُمْ ضَلُّوا السَّبِيلَ قَالُوا سُبْحَانَكَ مَا كَانَ يَنبَغِي لَنَا أَن نَّتَّخِذَ مِن دُونِكَ مِنْ أَوْلِيَاء﴾ ﴿شۇ كۈنىدە اللە ئۇلارغا قوشۇپ، ئۇلار اللە نى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلەرنى يىغىدۇ، ئاندىن اللە (ئۇلارغا): «مېنىڭ بۇ بەندىلىرىمنى سىلەر ئازدۇردۇڭلارمۇ؟ يا (توغرا) يولدىن ئۇلار ئۆزلىرى ئازدىمۇ؟» دەيدۇ. (ئىبادەت قىلىنغۇچىلار) ئېيتىدۇ: «ئى اللە ! سەن پاكتۇرسەن، سېنى قويۇپ باشقىلارنى دوست تۇتۇش (يەنى سەندىن باشقىغا چوقۇنۇش) بىزگە (ۋە سېنىڭ مەخلۇقاتىڭدىن ھېچ ئەھەدىگە) لايىق ئەمەس،﴾ (25 ـ سۈرە فۇرقان 17～18 ـ ئايەتلەر).

بۇ ئايەتنىڭ ئىزاھاتىدىكى ئىبادەت قىلىنغۇچىلاردىن مەقسەت ئەۋلىيا، پەيغەمبەر ۋە سالىھ كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا ئىبادەت قىلغانلىقى بولسا، ئۇلارنى ئىنسانلىق خۇسۇسىيەتلەردىن ئۇلۇغ دەپ ئېتىقاد قىلىش؛ ئۇلارنى ئىلاھلىق سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلىنىدۇ، يوشۇرۇن ياردەم بېرىشكە ۋە زىياننى كۆتۈرۈۋشكە قادىر دەپ گۇمان قىلىش، ئۇلارنى ئىلاھلىق ۋە ئىگىدارچىلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئۇلۇغلاش ۋە ھۆرمەتلەش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

## اللە نىڭ ئىبادەتكە يالغۇز ھەقلىق بولۇشى

سوئال: نېمە ئۈچۈن اللە ئىبادەتكە يالغۇز ھەقلىق بولىدۇ؟

جاۋاب: چۈنكى اللە دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى

ياراتقۇچى، ھەممە مەخلۇقاتنىڭ خوجايىنى ۋە ھەممە نەرسىنى يوقتىن بار قىلغۇچىدۇر. اللە نىڭ غەيرى بولسا، ئۆز ياراتقۇچىسى ۋە خوجايىنىنىڭ قۇلى ۋە ئاسمان ـ زېمىندا ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايدىغان بىر مەخلۇق تۇرۇپ، ئۇ قانداقمۇ ئىبادەتكە ھەقلىق بولالىسۇن؟ اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلِ ادْعُوا الَّذِينَ زَعَمْتُم مِّن دُونِ اللَّهِ لَا يَمْلِكُونَ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ فِي السَّمَاوَاتِ وَلَا فِي الْأَرْضِ وَمَا لَهُمْ فِيهِمَا مِن شِرْكٍ وَمَا لَهُ مِنْهُم مِّن ظَهِيرٍ﴾ ﴿ئېيتقىنكى، «سىلەر اللە نى قويۇپ مەبۇد دەپ قارىغىنىڭلارنى چاقىرىڭلار، ئۇلار ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا زەررە چاغلىق نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئاسمان ـ زېمىننىڭ (يارىتىلىشى ۋە باشقۇرۇلۇشىدا اللە غا) ھېچ شېرىكچىلىكى يوق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە اللە غا (ئاسمان ـ زېمىننى ئىدارە قىلىشتا ياردەملىشىدىغان) ھېچ ياردەمچىمۇ يوق﴾ (34 ـ سۈرە سەبەئ 22 ـ ئايەت). ﴿يُولِجُ اللَّيْلَ فِي النَّهَارِ وَيُولِجُ النَّهَارَ فِي اللَّيْلِ وَسَخَّرَ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ كُلٌّ يَجْرِي لِأَجَلٍ مُّسَمًّى ذَٰلِكُمُ اللَّهُ رَبُّكُمْ لَهُ الْمُلْكُ وَالَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِهِ مَا يَمْلِكُونَ مِن قِطْمِيرٍ إِن تَدْعُوهُمْ لَا يَسْمَعُوا دُعَاءَكُمْ وَلَوْ سَمِعُوا مَا اسْتَجَابُوا لَكُمْ وَيَوْمَ الْقِيَامَةِ يَكْفُرُونَ بِشِرْكِكُمْ وَلَا يُنَبِّئُكَ مِثْلُ خَبِيرٍ﴾ ﴿اللە كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ (شۇنىڭ بىلەن كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشى جايلار، پەسىللەر بويىچە نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ)، اللە كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە) بويسۇندۇرۇپ بەردى. ھەر ئىككىلىسى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى قىيامەتكىچە ئۆز ئوقىدا) سەير قىلىدۇ، ئەنە شۇ اللە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، اللە نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلار قىلچىلىك نەرسىگە ئىگە ئەمەس. ئەگەر ئۇلارنى چاقىرساڭلار، سىلەرنىڭ چاقىرغىنىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ، ئاڭلىغان

تەقدىردىمۇ سىلەرگە جاۋاب قايتۇرالمايدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار (الله غا ئۇلارنى) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئىنكار قىلىدۇ، (مۇشرىكلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالىنى ھېچ ئەھەدى) ساڭا ھەممىدىن خەۋەردار زاتتەك (يەنى الله دەك) ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ.﴾ (35-سۈرە فاتىر 13~14-ئايەتلەر). ﴿أَ يُشْرِكُونَ مَا لاَ يَخْلُقُ شَيْئاً وَهُمْ يُخْلَقُونَ﴾ ﴿ئۇزلىرى يارىتىلغان، ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) الله غا شېرىك كەلتۈرەمدۇ!﴾ (7-سۈرە ئەئراف 191-ئايەت).

## دۇئا ئىبادەتنىڭ جەۋھىرى

سوئال: دۇئا ئىبادەتمۇ؟

جاۋاب: دۇئا بولسا - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك- ئىبادەتنىڭ جەۋھىرىدۇر. سىز دۇئا قىلغان ۋاقتىڭىزدا، الله نىڭ دۇئايىڭىزنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقىغا ۋە سىز بىلمەيدىغان كۈچ بىلەن ئىشلارنى باشقۇرۇشقا قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىسىز. مانا بۇ دۇئا ئىماننىڭ خۇلاسىسى ۋە ئىبادەتنىڭ جەۋھىرىدۇر. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَالَ رَبُّكُمُ ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ إِنَّ الَّذِينَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِي سَيَدْخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ﴾ (40-سۈرە غافىر 60-ئايەت).

سوئال: الله دىن باشقىسىغا دۇئا قىلىش دۇرۇس بولامدۇ؟

جاۋاب: الله دىن باشقىسىغا دۇئا قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ئىبادەت پەقەت الله ئۈچۈنلا قىلىنىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلاَ تَدْعُ مِن دُونِ اللّهِ مَا لاَ يَنفَعُكَ وَلاَ يَضُرُّكَ فَإِن فَعَلْتَ فَإِنَّكَ إِذًا مِّنَ الظَّالِمِينَ وَإِن يَمْسَسْكَ اللّهُ بِضُرٍّ فَلاَ كَاشِفَ لَهُ إِلاَّ هُوَ وَإِن يُرِدْكَ بِخَيْرٍ فَلاَ رَآدَّ لِفَضْلِهِ يُصَيبُ بِهِ مَن يَشَاء مِنْ عِبَادِهِ وَهُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ ﴾ «الله نى قويۇپ، ساڭا پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلمىغىن، ئەگەر ئۇلارغا ئىبادەت قىلساڭ، چوقۇم (ئۆزۈڭگە) زۇلۇم سالغۇچىلاردىن بولىسەن. ئەگەر الله ساڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا،يالغۇز الله دىن باشقا ئۇنى دەپئى قىلغۇچى بولمايدۇ، ئەگەر الله ساڭا بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، الله نىڭ پەزلىنى قايتۇرغۇچى بولمايدۇ، الله پەزلىنى بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ، الله (بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) مېھرىباندۇر» (دېيىلدى).﴾ (10 ـ سۈرە يۇنۇس 106~107 ـ ئايەتلەر). ﴿وَالَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِ اللّهِ لاَ يَخْلُقُونَ شَيْئًا وَهُمْ يُخْلَقُونَ أَمْواتٌ غَيْرُ أَحْيَاء وَمَا يَشْعُرُونَ أَيَّانَ يُبْعَثُونَ ﴾ «ئۇلارنىڭ الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلغانلىرى (يەنى بۇتلىرى) ھېچ شەيئىنى يارىتالمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى يارىتىلغاندۇر (يەنى ئىنسانلار تەرىپىدىن ياسالغاندۇر). ئۇلار (يەنى بۇتلار) تىرىك ئەمەس، ئۆلۈكتۇر، ئۇلار (چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ) قاچان قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى ئۇقمايدۇ.﴾ (16 ـ سۈرە نەھل20~21 ـ ئايەتلەر). ﴿قُلِ ادْعُواْ الَّذِينَ زَعَمْتُم مِّن دُونِهِ فَلاَ يَمْلِكُونَ كَشْفَ الضُّرِّ عَنكُمْ وَلاَ تَحْوِيلاً أُولَئِكَ الَّذِينَ يَدْعُونَ يَبْتَغُونَ إِلَى رَبِّهِمُ الْوَسِيلَةَ أَيُّهُمْ أَقْرَبُ وَيَرْجُونَ رَحْمَتَهُ وَيَخَافُونَ عَذَابَهُ إِنَّ عَذَابَ رَبِّكَ كَانَ مَحْذُورًا﴾ «سىلەر الله نى قويۇپ (خۇدا) دەپ ئويلىغانلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار، ئۇلارنىڭ قولىدىن

سىلەردىن بالانى كۆتۈرۈۋېتىشمۇ ۋە ئۇنى (باشقىلارغا) يۆتكەپ قويۇشمۇ كەلمەيدۇ. ئۇلار (الله نى قويۇپ ئىلاھ دەپ) ئىبادەت قىلىدىغانلارنىڭ (ئۆزلىرى ئىبادەت ئارقىلىق) پەرۋەردىگارىغا يېقىن بولۇشنى تىلەيدۇ،ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (پەرۋەردىگارىغا) يېقىنراق بولغىنى (ھەم ئىبادەت ئارقىلىق الله غا يېقىن بولۇشنى تىلەيدۇ)، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، (ئۇنىڭ) ئازابىدىن قورقىدۇ، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن ساقلىنىشقا تېگىشلىكتۇر.﴾ (17-سۈرە ئىسرا56~57-ئايەتلەر).

## الله چۈشۈرگەن قۇرئان بويىچە ھۆكۈم قىلىش ئىبادەتتۇر.

سوئال: الله چۈشۈرگەن ئايەت بىلەن ھۆكۈم قىلىش ئىبادەتمۇ؟

جاۋاب: الله چۈشۈرگەن ئايەت بىلەن ھۆكۈم قىلىش ئىبادەتتۇر. چۈنكى ئۇ الله غا ئىتائەت قىلغانلىقتۇر. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ إِنِ الْحُكْمُ إِلاَّ لِلّهِ أَمَرَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لاَ يَعْلَمُونَ ﴾ ﴿ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت الله غىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.﴾ (12-سۈرە يۇسۇپ 40-ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ﴿ فَلاَ وَرَبِّكَ لاَ يُؤْمِنُونَ حَتَّىَ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لاَ يَجِدُواْ فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُواْ تَسْلِيمًا ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دە- تالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ

دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتـۈنلەي بويسـۇنمىغۇچە ئىمـان ئېيتقـان بولمايـدۇ.﴾ (4 ـ سۈرە نىسا 65 ـ ئايەت).

## بىز نېمە ئۈچۈن الله غا ئىبادەت قىلىمىز؟

1. بىزنىڭ الله غا ئىبادەت قىلىشىمىز شۇنىڭ ئۈچۈنكى، الله بىزنى يوقلۇقتىن پەيدا قىلدى. زېمىننى يارىتىپ، بىزنى زېمىندا ئورۇنباسار قىلدى. بىزنى مەخپىي ۋە ئاشكارا نېمەتلەر بىلەن ھۆرمەتلىدى. ئۇ بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدىكى ۋە بىز مەنپەئەتلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ.

ئويلىنىپ بېقىڭ. سىز ئۆزىڭىزدىكى زەررىچىلىك بىر نەرسىگە ئىگە بولالامسىز؟ سىز قول ـ پۇتلىرىڭىزغا، كۆزىڭىزگە ياكى بەدىنىڭىزنىڭ بىرەر پارچىسىغا ئىگە بولالامسىز؟ سىز ئۆزىڭىزدىن ياكى ئاسمان جىسىملىرىدىن بىرەر نەرسىنى ياراتتىڭىزمۇ؟ سىز ھېچ نەرسىنى يارىتالمايسىز. سىز مەنپەئەتلىنىدىغان ۋە ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ مۈلكىڭىز ئەمەس بەلكى ئۇ ياراتقۇچى پەرۋەردىگارنىڭ مۈلكىدۇر. بىزگە ۋە مەۋجۇتلۇقتىكى ھەممە نەرسىگە ئىگە بولغۇچى زاتقا ئىتائەت قىلىش ۋە ئىبادەت قىلىش بىزنىڭ بۇرچىمىز. شۇڭا بىز بىر الله غىلا ئىبادەت قىلىمىز.

2. بىز الله نى پاك دەپ بىلگەنلىكىمىز، ئۇنىڭ يۈكسەكلىكى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى سۆيگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىمىز.

3. بىز الله نىڭ جەننىتىنى تەمە قىلىپ ۋە دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىپ بىرلا الله غا ئىبادەت قىلىمىز.

خۇلاسە:

1. ئىبادەتنىڭ قۇرئان كەرىمدە: قۇللۇق، ئىتائەت قىلىش ۋە ئىلاھ تۇتۇشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل مەنىسى بار.

2. تاغۇت: چەك - چېگرادىن ئۆتۈپ كەتكەن، ئۆزىنى ئىلاھلىق دەرىجىسگە كۆتۈرۈۋالغان ۋە كىشىلەردىن ئۆزىگە قۇل بولۇشنى تەلەپ قىلغان ھەرقانداق زالىمنى كۆرسىتىدۇ.

3. الله دىن باشقىسى ئىبادەتكە ھەقلىق بولالمايدۇ. چۈنكى الله ئاسمان - زېمىندىكى ھەممە نەرسىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ۋە ياراتقۇچىدۇر.

4. دۇئا ئىبادەت بولۇپ، ئۇ پەقەت الله ئۈچۈنلا قىلىنىدۇ. شۇنداقلا سۈكۈت قىلىشمۇ ئىبادەت تۈرلىرىدىن بىرىدۇر.

5. بىز الله غا ئىبادەت قىلىمىز. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ياراتقۇچىمىز ۋە خوجايىنىمىز. مۇشۇ مەۋجۇتلۇقتىكى ھەممە نەرسىنىڭ خوجايىنى. بىز الله غا ئۇنىڭ جەننىتىنى تەمە قىلىپ، ئازابىدىن قورقۇپ ئىبادەت قىلىمىز.

# 8. دەرس: گۈزەل ئىسىملار

## ﷲ نى تونۇشتىكى باشقا ۋاسىتىلەر

سوئال: ﷲ نىڭ مەخلۇقاتلىرىدا كۆرۈلگەن ئالامەتلەردىن باشقا، بىز رەببىمىزنى تونۇيدىغان ۋاسىتىلەر بارمۇ؟

جاۋاب: شۇنداق، ئىككىنچى ۋاسىتە ۋەھىيدۇر. ۋەھيي بىزگە ﷲ نىڭ بىز بىلمەيدىغان گۈزەل ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى تونۇتتى. ﷲ ئۈچۈن بۇ ھەقتە يۇقىرى مىساللار بار. بىز پەن تېخنىكىدا ئالىم بولغان، ئۆز سانائىتىدە تېخنىكىلىق بولغان بىر ئىنژېنېر ياسىغان ماشىنىدىن ئىنژېنېرنىڭ سانائەتتىكى تېخنىكىسىنى كۆرىمىز. لېكىن ، بىز ماشىنىنى كۆرۈش بىلەنلا ماشىنا ياسىغۇچىنىڭ راستچىل ياكى يالغانچى ئىكەنلىكىنى، چىرايلىق ياكى كۆرۈمسىز ئىكەنلىكىنى، ئەر ياكى ئايال ئىكەنلىكىنى، يەنە باشقا سانائەتلەرنى ئىجاد قىلالايدىغان ياكى قىلالمايدىغانلىقىنى تونۇشقا قادىر بولالمايمىز. ئەگەر بىز ئاشۇ سۈپەتلەرنى تونۇماقچى بولساق، بىز ئۇ سۈپەتلەرنى ياسىغۇچى ياكى ۋاكالەتچىنىڭ ۋاستىسى بىلەنلا تونۇيمىز. بىزنىڭ ئۇنى تەستىقلىشىمىز ياكى يالغان دېيىشىمىز ئاشۇ ياسىغۇچى ياكى ئۇنىڭ ئەلچىسىگە قىلغان ئىشەنچىمىزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىگە باغلىق. ئەگەر ئۆزى توغرىلىق سۆزلىگۈچى ﷲ بولسا؛ يەتكۈزگۈچى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىكى ۋە راستچىللىقىغا دەلىللەرنى تۇرغۇزغان مۇرسەل پەيغەمبەرلەر بولسا، ئۇنداقتا بىزنىڭ ئۇنى تەستىقلىشىمىز ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. چۈنكى ﷲ ئۆز مەخلۇقاتلىرىغا ئۆزىنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى تونۇتتى. ئۇ

ئىسملار بولسا قەلب اللە غا بىۋاستە يېتەلەيدىغان مەنبەدۇر.

اللە نىڭ زاتىغا ئالاقىدار بولغان ئىسملار:

سوئال: اللە نىڭ زاتىغا ئالاقىدار بولغان ئىسملار قايسى؟

جاۋاب: ئۇ ئىسملار : الواحد (يالغۇز بىر اللە )، الاحد (يەككە ـ يېگانە )، القدس (ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن پاك)، الصمد (ھەممىنىڭ ھاجىتى چۈشىدىغان)، الغني (ھەممىدىن بىھاجەت)، الاول (ھەممىنىڭ ئەۋۋىلى)، القيوم (بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچى).

يارىتىشقا ئالاقىدار بولغان ئىسملار:

سوئال: يارىتىشقا ئالاقىدار بولغان ئىسملار قايسى؟

جاۋاب: الخالق (ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى)، البارئ (يوقتىن بار قىلغۇچى)، المصور(سۈرەت بىغىشلىغۇچى)، البديع (يوقنى بار قىلغۇچى).

مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈنۈش سۈپەتلىرىگە ئالاقىدار بولغان ئىسملار:

سوئال: مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈنۈش سۈپەتلىرىگە ئالاقىدار بولغان ئىسملار قايسى؟

جاۋاب: الرب (پەرۋەردىگار)، الرحمن (ناھايىتى شەپقەتلىك)، الرحيم (ناھايىتى مېھرىبان )، الرؤوف (رەھىم قىلغۇچى)، الودود (ياخشى بەندىلىرىنى دوست تۇتقۇچى)، اللطيف (مەرھەمەتلىك)، الحليم (بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان)، العفو (ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچى)، الشكور (ياخشى ئىشقا كۆپ ساۋاب بەرگۈچى)، المؤمن (ئەمىنلىك بىغىشلىغۇچى)، البر (ياخشىلىق قىلغۇچى)، الرزاق (رىزىق بەرگۈچى)، الوهاب (كۆپ بەرگۈچى)، الواسع (مەرھەمىتى كەڭرى).

**الله نىــڭ ئۇلۇغلــۇقى ۋە يۈكســەكلىكىگە ئالاقــدار بولغان ئىسىملار:**

ســوئال: **الله** نىــڭ ئۇلۇغلــۇقى ۋە يۈكســەكلىكىگە ئالاقــدار بولغان ئىسىملار قايسى؟

جاۋاپ: **العظيم** (ھەممىدىن ئۇلۇغ)، **العزيز**(ھەممىدىن غالىب )، **العلي** (ھەممىــدىن ئۇلــۇغ **الله** )، **المتعالي** (بۈيــۈك)، **القوي** (ئىنتــايىن كۈچلــۈك)، **القهار** (ناھــايىتى قۇدرەتلىــك )، **الجبار** (بەنــدىلىرىنىڭ ئىشــلىرىنى تۈزىگــۈچى)، **المتكبر** (ئۇلۇغلــۇق ئىگىســى)، **الكبير** (ھەممىــدىن بۈيــۈك)، **الكريم** (كــۆپ ئاتــا قىلغــۇچى)، **الحميد** (مەدھىــيىگە ســازاۋەر)، **المجيد** (زاتــى ۋە سۈپىتى ئۇلــۇغ)، **المتين** (پۇختــا قىلغــۇچى)، **الظاهر** (ناھــايىتى ئاشكارا)، **ذولجلال والإكرام** (ئۇلۇغلۇق ۋە ھــۆرمەت ئىگىســى)، **رفيع الدرجات** (دەرىجىلەرنى يۇقىرى كۆتۈرگۈچى).

**الله نىڭ ئىلمىگە ئالاقىدار بولغان سۈپەتلەر:**

سوئال: **الله** نىڭ ئىلمىگە ئالاقىدار بولغان سۈپەتلەر قايسى؟

جــاۋاپ: **الحكيم** (ھــېكمەت بىــلەن ئىــش قىلغــۇچى)، **السميع** (ھەممىنــى ئــاڭلاپ تۇرغــۇچى)، **الخبير** (ھەممىــدىن خەۋەردار)، **البصير** (كــۆرۈپ تۇرغــۇچى)، **الشهيد** (ھەممىــگە شــاھىت بولغۇچى)، **الرقيب** (ھەممىنــى كۈزىتىــپ تۇرغــۇچى)، **الباطن** (كــۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان)،**المهيمن** (ھەممە نەرسىنى كۈزىتىــپ تۇرغۇچى).

**الله نىــڭ قــۇدرىتى ۋە ئىشــلارنى تەدبىــر قىلىشــقا ئالاقــدار ئىسىملار:**

ســوئال: **الله** نىــڭ قــۇدرىتى ۋە ئىشــلارنى تەدبىــر قىلىشــقا ئالاقىدار ئىسىملار قايسى؟

جاۋاپ: القادر (قۇدرەتلىك الله )، الوكيل (بەندىلىرىنىڭ رىزقىغا كېپىل بولغۇچى)، الولي (ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى)، الحافظ (ساقلىغۇچى)، الملك (مۇتلەق ھۆكۈمران)، المالك (مۈلۈك ئىگىسى)، الفتاح (بەندىلىرىگە رىزىق ۋە رەھمەت دەرۋازىلىرىنى ئاچقۇچى)، الحسيب (ھەممىدىن ھېساب ئالغۇچى)، المنتقم (كاپىرلاردىن ئۆچ ئالغۇچى)، المقيت (ھەممە نەرسىگە قادىر ۋە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى).

الله نىڭ سۈپەتلىرى ۋە پائالىيەتلىرىگە ئالاقىدار ئىسىملار:

سوئال: قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان الله نىڭ سۈپەتلىرى ۋە پائالىيەتلىرىگە ئالاقىدار ئىسىملار قايسى؟

جاۋاب: القابض (جانلارنى قەبزى روھ قىلغۇچى)، الباسط (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلغۇچى)، الرافع (دەرىجىلەرنى كۆتۈرگۈچى)، المعز (خالىغان كىشىنى ئەزىز قىلغۇچى)، المزل (خالىغان كىشىنى خار قىلغۇچى)، المجيب (ئىجابەت قىلغۇچى)، الباعث (مەخلۇقاتلارنى قايتا تىرىلدۈرگۈچى)، المحي (ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچى)، المبدئ (پەيدا قىلغۇچى)، المحصى (قوغدىغۇچى)، المعيد (قايتا پەيدا قىلغۇچى)، مالك الملك (ئەڭ ئالى ھۆكۈمران)، الجامع (توپلىغۇچى)، المغني (ھەممىدىن بىھاجەت)، المعطى (تەقدىم قىلغۇچى)، المانع (چەكلىگۈچى)، الهادي (ھىدايەت ئاتا قىلغۇچى)، الباقي (مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغۇچى)، الوارث (ھەممىگە مەڭگۈ ۋارىسلىق قىلغۇچى).

## باشقا ئىسىملار:

باشقا ئىسىملار قايسى؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمدە كەلگەن مەنىلەردىن ئىلىنغان **الله** نىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

**النور** (نۇر ئاتا قىلغۇچى)، **الصبور** (گۇناھكارلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان)، **الرشيد** (توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى)، **المقسط** (ئادىللىق قىلغۇچى)، **الوالي** (ياردەم بەرگۈچى)، **الجليل** (بۈيۈك)، **العدل** (ھەققانى)، **الحافض** (تۆۋەن قىلغۇچى)، **الواجد** (ئويلىغان نەرسىنى ئىجاد قىلغۇچى)، **المقدم** (شەيئىلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىگە ئىلگىرى قىلغۇچى)، **المؤخر** (خالىغان شەيئىنى كېچىكتۈرگۈچى)، **الضار** (دۈشمەنلىرىگە ئازاب چۈشۈرگۈچى)، **النافع** (خالىغان بەندىسىگە پايدا يەتكۈزگۈچى).

بۇ سۈپەتلەرگە سۆزلەش ۋە ئىرادە قىلىش سۈپەتلىرىمۇ قوشۇلىدۇ.

**الله نىڭ ئىسىملىرىنىڭ سانى**

سوئال: **الله** نىڭ ئىسىملىرىنىڭ سانى قانچە؟

جاۋاب: **الله** نىڭ توقسان توققۇز ئىسمى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «**الله** نىڭ توقسان توققۇز ئىسمى بار، ئۇ ئىسىملارنى يادلىغان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ. **الله** تاقدۇر، ئۇ تاقنى ياخشى كۆرىدۇ.»

**الله نىڭ باشقا ئىسىملىرى بارمۇ؟**

سوئال: **الله** نى ئۆزىنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن باشقا ئىسىملار بىلەن ئاتاش دۇرۇس بولامدۇ؟

جاۋاب: دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى **الله** مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِلّهِ الأَسْمَاء الْحُسْنَى فَادْعُوهُ بِهَا وَذَرُواْ الَّذِينَ يُلْحِدُونَ فِي أَسْمَآئِهِ سَيُجْزَوْنَ مَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ﴾ ﴿**الله** نىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، **الله** نى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار، **الله** نىڭ ئىسىملىرىنى

كەلسە ـ كەلـمەس قوللىنىـدىغانلارنى تەرك ئېتىڭلار، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.﴾ (7 ـ سۈرە ئەئراف 180 ـ ئايەت). ﴿قُلِ ادْعُواْ اللّهَ أَوِ ادْعُواْ الرَّحْمَنَ أَيًّا مَّا تَدْعُواْ فَلَهُ الأَسْمَاء الْحُسْنَى﴾ ﴿الله دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، قايسىنى ئاتىساڭلار (ھەممىسى ياخشىدۇر). چۈنكى الله نىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسىملىرى بار» دېگىن،﴾ (17 ـ سۈرە ئىسرا 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

تەۋقىفى ئىسىملار:

سوئال: الله نىڭ ئىسىملىرى «تەۋقىفى» بولىدۇ دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: بۇنىڭ مەنىسى: الله نى پەقەت الله ئۆزىنى ئاتىغان ئىسىملار بىلەنلا ئاتاش كېرەك ، دېگەنلىك بولۇپ، الله نىڭ ئەلچىسى بۇلارنى چۈشەندۈردى. ئەگەر سىز الله نى «مهندس» (ئىنژېنېر) دېسىڭىز قەتئىي توغرا بولمايدۇ. بەلكى سىز «حكيم » (ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى) دېيىشىڭىز لازىم. ئەگەر سىز الله نى «قوة مسيطرة على الكون» (دۇنيانى كونترول قىلىدىغان كۈچ) دېمەكچى بولسىڭىز، ئۇمۇ توغرا بولمايدۇ. بەلكى سىز «قوي مسيطر على الكون» (دۇنيانى كونترول قىلىشى كۈچلۈك) دېيىشىڭىز لازىم. ئەگەر سىز الله نى ئاشۇنداق ناملار بىلەن ئاتىسىڭىز، ئۇنداقتا سىز الله نىڭ ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتكەن كىشىلەردىن بولۇپ قالىسىز. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِلّهِ الأَسْمَاء الْحُسْنَى فَادْعُوهُ بِهَا وَذَرُواْ الَّذِينَ يُلْحِدُونَ فِي أَسْمَآئِهِ سَيُجْزَوْنَ مَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ﴾ ﴿الله نىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، الله نى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار، الله نىڭ ئىسىملىرىنى كەلسە ـ كەلـمەس قوللىنىدىغانلارنى تەرك ئېتىڭلار، ئۇلار (ئاخىرەتتە)

قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.﴾ (7 ـ سۈرە ئەئراف 180 ـ ئايەت).

خۇلاسە:

1. ﷲ نىڭ ئىسىملىرى بولغانلىقى ئۈچۈنلا، بىزنىڭ ﷲ نى تونۇشىمىز مۇكەممەل بولىدۇ. ﷲ نىڭ ئىسىملىرىنى تونۇش ﷲ نى تونۇشنىڭ ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ .

2. ﷲ نىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ﷲ نىڭ زاتىغا، يارىتىشىغا، مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈنۈش سۈپەتلىرىگە؛ ﷲ نىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە يۈكسەكلىكىگە، شۇنداقلا ﷲ نىڭ ئىلمى، قۇدرىتى ۋە ئىشلارنى ئورۇنلىشىغا ئالاقىدار بولغان ئىسىملار بار. ﷲ نىڭ پائالىيەتلىرى ۋە سۈپەتلىرىدىن ئېلىنغان باشقا ئىسىملارمۇ بار. ﷲ نىڭ توقسان توققۇز گۈزەل ئىسىملىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ئىسىملارمۇ بار.

3. مۇسۇلمانغا ﷲ نى ﷲ ئۆزىنى ئاتىغان ئىسىملاردىن باشقا ئىسىملار بىلەن ئاتاش توغرا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلسا، ئۇ ﷲ نىڭ ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتكۈچىلەرنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ.

# 9. دەرس: 20-ئەسىردىكى دۇنياۋى ئالىملارنىڭ گۇۋاھلىقى

## ھازىرقى ئىلىم - پەن ئىمانغا چاقىرىدۇ

سوئال: ھازىرقى ئىلىم - پەن بىلەن ئىماننىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

جاۋاب: ئىنسانلار ۋە ئىنساپلىق ئالىملار الله نىڭ مەخلۇقاتلىرىدا ھېكمەت، تەدبىر، تەقدىر ۋە تەرتىپ - تۈزۈملەرنى كۆرۈۋاتىدۇ .

سوئال: بىز بۇلارنى قانداق چۈشىنىمىز؟

جاۋاب: ئىنسانلار الله نىڭ مەخلۇقاتلىرىدا كۆرۈۋاتقان ھېكمەت، تەدبىر، تەقدىر، تۈزۈم، تەرتىپ، پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە يۈكسەكلىك...لەرنىڭ ھەممىسى ھەرقانداق ئەقىل ئىگىسىگە ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك ، ھەممىنى بىلگۈچى، ئىرادە قىلغۇچى، قۇدرەتلىك ۋە يوقتىن بار قىلغۇچى الله نىڭ يارىتىشىدىن ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولىدۇ.

ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلارغا مەخلۇقاتلاردا كۆرۈلۈۋاتقان زور ھېكمەت، ئۇلۇغ تەدبىرلەرنى ۋە سانائەتنىكى بۈيۈك ئىجادىيەتلەرنى تونۇتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى كائىناتتا الله نىڭ ئالامەتلىرىنى تونۇشى تېخىمۇ ئاشتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلىم ۋە مەرىپەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان كەرىم مۆجىزىلىرىدىن يېڭى بىر تەرەپنى ئاچىدىغان يېڭى ئىجادىيەتلەر مەيدانغا كەلدى. ھازىرقى ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتى قۇرئان كەرىم چۈشكەن ئون تۆت ئەسىردىن كېيىن

ئاشۇ مۆجىزىلەرنىڭ سىرىنى ئاچماقتا. ﷲ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سَنُرِيهِمْ آيَاتِنَا فِي الْآفَاقِ وَفِي أَنفُسِهِمْ حَتَّى يَتَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُ الْحَقُّ أَوَلَمْ يَكْفِ بِرَبِّكَ أَنَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ﴾ ﴿ئۇلارغا بىز تاكى ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە، (ئاسمان- زېمىن) ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى (سېنىڭ راستلىقىڭنىڭ دەلىلى بولۇشقا) ئۇلارغا كۇپايە ئەمەسمۇ.﴾ (41-سۈرە فۇسسىلەت 53-ئايەت).

## ھازىرقى ئىلىم - پەننىڭ خۇداسىزلىق بىلەن يېقىن بولۇشىنىڭ سەۋەبى

سوئال: نېمە ئۈچۈن ياۋروپادىكى ئىلمى گۈللىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان كىشىلەر ئىلمى گۈللىنىش ئىچىدە تۇرۇپمۇ، خۇداسىزلىقنى ياقلايدۇ؟

جاۋاب: بۇنىڭ سەۋەبى ياۋروپا دۆلەتلىرى بېسىپ ئۆتكەن خۇسۇسى شارائىتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. خرىستىئان جەمئىيەتلىرى بۇرمىلانغان دىننى ﷲ نىڭ دىنى دەپ تونۇيتتى. پوپ ۋە پاپىلار ﷲ نىڭ ئورنىدا كىشىلەرگە ئۆزى خالىغانچە ئىشلارنى ھالال ۋە ھارام دەپ بەلگىلەيتتى. ئۆزلىرى خالىغان پىكىرلەرنى ئۇلارغا مەجبۇرى تاڭاتتى. ھېچكىم ئۇلارغا قارشى چىقىشقا پېتىنالمايتتى. ﷲ ئۇلار بۇرمىلىغان ۋە ئۆزگەرتىۋەتكەن دىننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. قۇرئان كەرىم ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئالىم، راھىب، پاپا ۋە پوپلىرىنى ئىلاھ قىلىۋالماسلىققا چاقىردى. ﷲ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ يَا أَهْلَ الْكِتَابِ تَعَالَوْاْ إِلَى كَلَمَةٍ سَوَاء بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ

أَلاَّ نَعْبُدَ إِلاَّ اللّهَ وَلاَ نُشْرِكَ بِهِ شَيْئًا وَلاَ يَتَّخِذَ بَعْضُنَا بَعْضاً أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللّهِ فَإِن تَوَلَّوْاْ فَقُولُواْ اشْهَدُواْ بِأَنَّا مُسْلِمُونَ﴾ ﴿ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت اللە غىلا ئىبادەت قىلىش، اللە غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، اللە نى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى» دېگىن، ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا): «(ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار.﴾ (3ـ سۈرە ئال ئىمران 64ـ ئايەت).

بىراق، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى اللە نىڭ چاقىرىقىنى قوبۇل قىلماستىن، ئۆزلىرىنىڭ پاپا ۋە پوپلىرىنى ئىلاھ تۇتۇش ئۇستىدە چىڭ تۇرۇپ، راھىب، پاپا ۋە پوپلارنىڭ سۆزلىرىنى مۇقەددەس بىلدى. ھەتتا ئىلمى گۈللىنىش باشلىنىپ ، يېڭى ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتچىلىرى ئۇلار مۇقەددەس دەپ قارىغان چېركاۋ نەزەرىيىلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. پاپا ۋە خرىستىئان مۇرىتلىرى جەمئىيىتى پاپىلار خاتالىشىپ كەتمەيدۇ، دېگەن كۆز قاراش بىلەن ئۆزلىرىگە قارشى چىققان كىشىلەرنى كاپىر دېيىشتە ۋە باتىلدا چىڭ تۇردى. باتىللىق يوقالماستىن، ئەكسىچە ، ئۇلار يېڭى ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتچىلىرىدىن ئۆزلىرىگە قارشىلىق قىلغان كىشىلەرنى قەبىھلىك بىلەن جازالىدى. كوپېرنىك، گالىلى ۋە برۇنۇ قاتارلىقلارنى ئوت بىلەن كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردى. ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتچىلىرى پاپا ۋە پوپلار بىلەن قارشىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ساختىلىقلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى. بىر مەيدان جەڭ پارتىلاپ، ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتچىلىرى پاپا ۋە پوپلارغا قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن، اللە نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىش

دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا خۇداسىزلىقنى تارقاتتى. پاپا ۋە پوپلار ئۇلارنىڭ جېدەللىرىگە قارشى تۇرۇپ، ئىمان ۋە ھىدايەتنى تېپىش ئۈچۈن دەلىل ھازىرلاشقا باشلىدى.

## يېڭى ئىلىم - پەن تەتقىقاتچىلىرىنىڭ گۇۋاھلىقى

سوئال: ئىمان توغرىلىق سۆزلىگەن ئىلىم-پەن تەتقىقاتچىلىرى كىملەر؟ ئۇلار نېمىلەرنى دېدى؟

جاۋاب: ئۇلار ناھايىتى كۆپ. بىز ئۇلارنىڭ بەزىسىنى تىلغا ئالىمىز.

ئىدۋارد لۇتەر كەبىل، كالفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورى ، سان فىرانسىسكو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فاكۇلتېت رەئىسى، جانلىقلار ئىلمىنىڭ پروفېسسورى، ھايۋاناتلار تۈرى ۋە قاناتلىق ھاشاراتلەر ئىلمىنى تەتقىق قىلىش مۇتەخەسسىسى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقىغا سەۋەب بولغان بىر قانچە دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، مۇنداق دەيدۇ:

«دۇنيادىكى ئىجادىيەت، لايىھەلەش ۋە ھېكمەتلەرنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، باشقا دەلىللەرنى كەلتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن مەن قاناتلىق ھاشاراتلەر ئىلمى ھەققىدە ئىلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقاتلار ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن نۇرغۇن دەلىللەرگە ئېرىشتىم. مەن دۇنيا ۋە تەبىئەت تەتقىقاتىمدا چۈشەنچە ھاسىل قىلغان چېغىمدا، قانائىتىم ئاشتى. مۇشۇ دەلىللەر بىلەن ئىمانىم كۈچەيدى.»

ئىلىم - پەن تەتقىقاتىدىكى مۇھىم كۆرۈنۈش ۋە ئالامەتلەر مۇشۇ دۇنيانىڭ پەيدا قىلغۇچىسى ۋە ياراتقۇچىسىنىڭ

مەۋجۇتلۇقىغا قارىتا پاكىت ۋە ئالامەت كۆرۈنۈشىدىنلا ئىبارەت.

الله مۇنداق دەيدۇ:﴿إِنَّ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ لَآيَاتٍ لِّلْمُؤْمِنِينَ وَفِي خَلْقِكُمْ وَمَا يَبُثُّ مِن دَابَّةٍ آيَاتٌ لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ وَاخْتِلَافِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَمَا أَنزَلَ اللَّهُ مِنَ السَّمَاءِ مِن رِّزْقٍ فَأَحْيَا بِهِ الْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَتَصْرِيفِ الرِّيَاحِ آيَاتٌ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَتِلْكَ آيَاتُ اللَّهِ نَتْلُوهَا عَلَيْكَ بِالْحَقِّ فَبِأَيِّ حَدِيثٍ بَعْدَ اللَّهِ وَآيَاتِهِ يُؤْمِنُونَ﴾ ﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا مۆمىنلەر ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ھەقىقەتەن نۇرغۇن دەلىللەر بار. سىلەرنىڭ يارىتىلىشىڭلاردا ۋە (الله زېمىندا) تارقىتىۋەتكەن جانىۋارلاردا (الله نىڭ قۇدرىتىگە) جەزمەن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەر بار. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، الله نىڭ بۇلۇتتىن (كۆكتىن) يامغۇر ياغدۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن رىزىقلاندۇرۇپ ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرۈشىدە ۋە شاماللارنىڭ يۆزلىنىشىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشىدا، چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (الله نىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار. ئەنە شۇلار الله نىڭ ئايەتلىرىدۇر. (ئى مۇھەممەد!) ئۇنى ساڭا ھەقلىق بىلەن تىلاۋەت قىلىپ بېرىمىز. ئۇلار (يەنى مەككە كۇففارلىرى) الله نى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى قويۇپ قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟.﴾ (45 ـ سۈرە جاسىيە3~6 ـ ئايەتلەر).

پىرانىك ئەللەن، تەبىئىي پەن ۋە بىئولوگىيە ئالىمى بولۇپ، كۇۋەرنىل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ مىلادىيە 1904 ـ يىلدىن 1942 ـ يىلغىچە كانادادىكى ماتىيتوبا ئىنستىتۇتى تەبىئىي پەن دەرسلىك ئىلمىنىڭ پروفېسسورى. ئۇ سۇيۇق ھاۋانىڭ كېلىپ چىقىشى، پسىخولوگىيىلىك كۆرۈش ئىقتىدارى ۋە ھەرخىل شەكىللەرنى كۆرۈش ئىقتىدارىنى تەتقىق قىلىش مۇتەخەسسىسى. ئۇ كانادا خان جەمەتىنىڭ ئالتۇن

مىدالىغا ئېرىشكەن. ئۇ كاپىرلارنىڭ گۇمانىغا رەددىيە بېرىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ:

« ...بىراق، ئىسسىقلىق ھەرىكەت ئېنېرگىيە ئىلمى قانۇنى بۇ دۇنيانىڭ قۇرۇلمىسى تەدرىجىي قىزىقلىق دەرىجىسىنى يوقۇتۇپ، ھەممە جىسىملار قىزىقلىقتىن تۆۋەنلەش دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولىدىغان كۆڭگىچە ھەرىكەتلىنىدىغانلىقىغا دەلىل بولىدۇ. شۇ كۈندە ئىسسىقلىق يوقۇلۇپ، ھاياتلىق تۈگەيدۇ. ئەمما نۇرلۇق قۇياش، پارقىراق يۇلتۇز ۋە ھاياتلىق تۈرلىرى تولۇق بولغان زېمىن دۇنيانىڭ ئەسلى ۋە ئاساسى باشلانغان مەلۇم بىر زامانغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىگە ئوچۇق دەلىل بولىدۇ. ئۇنداقتا بۇ ئەھۋاللار چوقۇم بىر پەيدا قىلغۇچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى بۇ دۇنيانىڭ ئەسلى ئۇچۇن باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش ۋاقتى بولمىغان، ھەممە شەيئىنى بىلگۈچى ۋە چەكسىز كۈچ - قۇدرەت ئىگىسى بولغان بىر ياراتقۇچىنىڭ بولۇشى تەبىئىي. بۇ دۇنيا شۇ ياراتقۇچىنىڭ يارىتىشىدىن بولىشى تەبىئىي». الله مۇنداق دەيدۇ:﴿قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ اللَّهُ الصَّمَدُ لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ وَلَمْ يَكُن لَّهُ كُفُوًا أَحَدٌ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ الله بىردۇر. ھەممە الله غا موھتاجدۇر . الله بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ.﴾ (112 ـ سۈرە ئىخلاس 1~4 ـ ئايەتلەر).

جون كەلىفلاند كونىران

ئۇ خىمىيە ۋە ماتېماتىكا ئالىمى بولۇپ، كۇۋەرنىل ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنى دوكتورلۇققا تەيىنلىگەن. ئۇ دوۋلىس ئۇنىۋېرسىتېتى تەبىئىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رەئىسى. ئۇ ئۆزىنىڭ «كەسكىن نەتىجىلەر» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:

« ....ئەگەر بۇ ماددىۋى دۇنيا ئۆزىنى يارىتىشتىن ۋە بويسۇنۇۋاتقان قانۇنلارنى يولغا قويۇشتىن ئاجىز كېلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا مۇشۇ كائىناتنىڭ يارىتىلىشى پەقەت ماددىۋى بولمىغان كۈچ بىلەنلا تولۇق بولۇشى تەبىئىي. مۇشۇ قولىيازمىلارنىڭ ھەممىسى بۇ ياراتقۇچىنىڭ ئەقىل ۋە ھېكمەت بىلەن سۈپەتلىنىشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ. لېكىن ئەقىل ــ ئىرادىسىزلا پسىخولوگىيىلىك داۋالاش كېڭىشىدىكى ئەھۋالغا ئوخشاش ماددىۋى دۇنيادا ئىشلەشكە قادىر بولالمايدۇ. بەلكى، ئىرادە بىلەن سۈپەتلىنىدىغان كىشىنىڭ زاتى مەۋجۇت بولۇشى لازىم بولىدۇ.

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئەقىل بىزگە بەلگىلىگەن كەسكىن ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت شۇكى، رېئاللىق مۇشۇ دۇنيانىڭ بىر ياراتقۇچىسىنىڭ بارلىقىغىلا چەكلەنگەن ئەمەس. بەلكى، بۇ ياراتقۇچىنىڭ دائىم مەۋجۇت بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ ھەممىلا ئورۇندا نامايان بولۇشى تەبىئىي. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز باشتا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇشۇ دۇنيانىڭ ياراتقۇچىسى بولغان الله نىڭ مەۋجۇتلۇقىغا بويسۇنۇشتىن قېچىشقا ئورۇن يوق».

ماريت ستانلى كونجىدۇن

ئۇ فىزىكا ئالىمى ۋە پەيلاسوپ بولۇپ، بورتۇن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ فلورىدا شەھىرىدىكى تەرىنە فاكۇلتېتىنىڭ سابىق پروفېسسورى، ئامېرىكا ناتۇرالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، پسىخىكا ئىلمى، پەلسەپە ئىلمى ۋە فىزىكا ئىلىملىرىنىڭ مۇتەخەسسىسى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

« دۇنيادىكى ھەممە نەرسە الله نىڭ مەۋجۇتلۇقىغا گۇۋاھ

بولىدۇ. الله نىڭ قۇدرىتى ۋە يۈكسەكلىكىگە دەلىل بولىدۇ. بىز ئالىملار دەلىل كەلتۈرۈش يوللىرى ئارقىلىق دۇنيا كۆرۈنۈشلىرىنى ئانالىز قىلغان ۋە تەتقىق قىلغان ۋاقتىمىزدا، الله نىڭ يۈكسەكلىك تەسىرلىرىنى مۇلاھىزە قىلمايمىز. چۈنكى بىز ماددىۋى ئىلىم ۋاستىلىرى بىلەنلا الله غا يېتىشكە قادىر بولالمايمىز. لېكىن بىز ئۆز ۋۇجۇدىمىزدا ۋە دۇنيادىكى زەررىچىلەرنىڭ ھەممىسىدە الله نىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرىمىز . ئىلىم بولسا پەقەت الله نىڭ مەخلۇقاتلىرىنى ۋە الله نىڭ قۇدرىتىنىڭ تەسىرلىرىنى تەتقىق قىلىشتىنلا ئىبارەت.»

الله بىزنى مۇشۇ ئالىمنىڭ مىساللىرى توغرىلىق الله نىڭ ئالامەتلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان ھەقىقەتكە ئاگاھلاندۇرۇپ، مۇنداق دەيدۇ:﴿وَقُلِ الْحَمْدُ لِلَّهِ سَيُرِيكُمْ آيَاتِهِ فَتَعْرِفُونَهَا ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «جىمى ھەمدۇسانا الله غا خاستۇر، الله سىلەرگە (قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئالامەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ، سىلەر ئۇلارنى (تونۇش پايدا بەرمەيدىغان چاغدا) تونۇيسىلەر.﴾ (27ـ سۈرە نەمل 93ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ھەرشەل، ئەنگىلىيلىك ئاسترونومىيە ئالىمى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«ئىلىم دائىرىسى كېڭەيگەنسېرى ئاخىرلىششى بولمىغان چەكسىز قۇدرەتكە ئىگە بولغان ئەزەلى بىر ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا كۈچلۈك دەلىللەر ئېشىپ بارىدۇ. بىئولوگىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە ۋە فىزىكا ئالىملىرى ئىلمى چۈشەندۈرۈش ئورنىتىش توغرىلىق ھەمكارلاشتى ۋە ئىتتىپاقلاشتى. ئۇ بولسا ياڭغۇز الله نىڭ يۈكسەكلىكىنى چۈشەندۈرۈشتۇر.»

www.uyghurkitap.com

فرانسىيىلىك خىمىيە ئالىمى دوكتور «رۇۋەيتىر» مۇنداق دەيدۇ:

«ئەگەر مەن بەزى ۋاقىتلاردا الله غا بولغان ئەقىدەمنىڭ ھەرىكەتلەنگەنلىكىنى سەزسەم، ئۈزۈمنى ئەقىدەمنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىلىملەر ئاكادېمىيىسىگە يۈزلەندۈرەتتىم.»

ئۇلاردىن باشقا مىڭلىغان ئالىملار بار. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَرَى الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ الَّذِي أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ هُوَ الْحَقَّ﴾ ﴿ئىلىم بېرىلگەنلەر (يەنى ساھابىلەر ۋە كېيىنكى ئەمەل قىلغۇچى ئۆلىمالار) ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ شۈبھىسىز ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.﴾ (34-سۈرە سەبەئ 6-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئىمان بولسا تەۋھىددۇر، شېرىك ئىمان ئەمەس. ئەگەر سىز بۇ ئالىملارنىڭ ئىمانى توغرىلىق ئويلىنىپ باقسىڭىز، ئۇلارنىڭ رەبىگە بولغان ئىمانى مۇسۇلمانىنىڭ ئىمانىغا يېقىن ئىكەنلىكىنى ئۇچرىتىسىز. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىمانى الله بىلەن باشقا ئىلاھلارنى شېرىك قىلغان، الله ۋە الله نىڭ ئوغلى زېمىنغا چۈشتى ياكى الله ئىنسانلارنىڭ بىرەرىگە ئوخشايدۇ، دەپ گۇمان قىلىدىغان مۇشرىكلارنىڭ ئىمانىدىن بەكمۇ يىراقلىقىنى بايقايسىز. بۇ ئالىملارنىڭ ئىمانى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىغا بەكمۇ يېقىن. ئەگەر ئۇلارغا ئىسلام ئوچۇق - ئاشكارا چۈشەندۈرۈلسە، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىمان ئېيتىدۇ. شۇنداقلا بىز ئۇ ئالىملارنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئاڭلاۋاتىمىز.

مىساللار:

تەتقىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا كىرىپ

مۇسۇلمان بولغان، تەتقىقاتچى ئالىملارنىڭ مىساللىرى:

دوكتور ئەلى سۇلايمان بەنۇ

ئۇ فرانسىيىلىك دوختۇر بولۇپ، مۇنداق دەيدۇ: «مەن مالىك ئىبن نەبى ئەپەندى تۈزگەن ‹ئەززەھرەتۇل قۇرئان› (قۇرئان چېچەكلىرى) ناملىق كىتابتىكى نۇرغۇنلىغان شەيئىلەرنى كۆزىتىپ، ئاندىن قۇرئان كەرىمنىڭ الله تەرىپىدىن چۈشكەن ۋەھيى ئىكەنلىكىگە قانائەتلەندىم. الله تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان قۇرئان ئايەتلىرى ئىچىدە يېڭى ئىلمى تەتقىقاتلار كەشىپ قىلىنىدىغان نەزەرىيەلەرگە ئۇندەيدىغان ئايەتلەر بار.»

پروفېسسور ھارۇن مۇستاپا لىيۇن

بىئولوگىيە ۋە تىلشۇناس ئالىم بولۇپ، بىئولوگىيە ئىلمىنىڭ دوكتورلۇقىغا ۋە زور ئىلمى ئۇنۋانلارغا ئېرىشكەن. ئۇ ياۋروپادىكى ئىلمى ھەيئەتلەر ئەزاسى. ئۇ ئەنگلىيىلىك بولۇپ، مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلامنىڭ پەخىرلىك ئىشلىرىنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ئەقىل ئۇستىگە قۇرۇلغانلىقى بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىدىن ئۆزلىرىنىڭ پىكىر ئىقتىدارىنى خوراپاتلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ.»

دوكتور ئۆمەر ۋەلىي بارۇن ئەھرۇ نەزىر

ئۇ ئاۋستىرىيىلىك ئىنسان جىنسلىرى ئىلمىنىڭ پروفېسسورى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىق سەۋەبىنى خۇلاسىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله نىڭ ئەلچىسى بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنىنى ئېلىپ كەلگەن بەرھەق پەيغەمبەر. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئەڭ زور رىسالىلەرنى ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەرلەر تارىخىدىكى ئاخىرقى نۇقتا ئىكەنلىكىدە شەك يوق.»

كولونىيل دونالداس روكوۋېل

ئۇ ئامېرىكا قوشما شتاتىدىكى يازغۇچى، شائىر ۋە ئوبزورچى. ئـۇ ئۆزىنىـڭ مۇسـۇلمان بولـۇش سـەۋەبلىرىنى چۈشـەندۈرۈش جەريانىدا مۇنداق دەيدۇ:

«مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىلىپ كەلگەن ئەسلى تەلىماتنى قانۇنشۇناسلار تۈزىتىش ۋە بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزگەرتىۋەتەلمىدى. ئۇ ئەينى زامانىدىكى مۇشرىكلارنى ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن قۇرئان ھالىتىدە بولۇپ، ئۇ ئىسلام روھىنىڭ ئاساسى سۈپىتىدە، نازىل قىلىنغان ھالىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. ھەممە ئىشتا سەممىي ۋە نورمال بولۇش ئىسلامدىكى ئاساسلىق ئىككى تۈۋرۈك. ئۇ ئىككىسى ھەر قانداق پىلان ۋە لايىھەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»

دوكتور . ر. ل. مۇلەممەن

ئۇ ئىنسان جىنسلىرى تارىخى تەتقىقاتچىسى، گوللاندىيىلىك ئەدىب ۋە مەشھۇر يازغۇچى. ئـۇ ئۆزىنىـڭ مۇسـۇلمان بولـۇش سەۋەبلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

« بۇنىڭ سەۋەبى ئىسلامدىكى ئىمانىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى، ئىسلامدا جىنكەشلىكنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقى، ئىسلامنىڭ ئۆز ئارا كەڭچىلىك قىلىشقا قىزىقتۇرۇشى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەقىقەت توغرىلىق ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىشى، ئىسلامدىكى قېرىنداشلىق پرىنسىپى ۋە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك پرىنسىپى، ئىسلامنىڭ ھاراق ۋە باشقا مەست قىلغۇچى ماددىلارنى ھارام قىلىشىدىن ئىبارەت.»

ياپونىيىلىك ئىقتىسادشۇناس ئۇمەر مىيتا

ئۇ ئىقتىسادشۇناس ۋە ئىجتىمائىي تەتقىقاتچى. ئـۇ ئۆزىنىـڭ مۇسـۇلمان بولـۇش سـەۋەبىنى چۈشـەندۈرۈپ مۇنـداق دەيـدۇ:

«نورمال بىر ئادەم ئىسلام تەلىماتلىرى ئاددىي ۋە ئاسان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى چۈشىنىش ۋە تەتبىقلاشقا قادىر بولالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بىر قىسىم دىندار كىشىلەرنىڭ دىنىنى يالغۇز ئىگىلەپ ، باشقا دىنلاردىكىدەك ئۇنى مونوپول قىلىۋېلىش هادىسىسىنى ئۈچرىتالمايمىز. ...مەن كەلگۈسىدە ياپونىيەدە ئىسلام ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بىر ساھەنىڭ بولۇشىنى كۈتۈۋاتىمەن. بەزى بىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسامۇ، بىراق ئۇنىڭ ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلىمەن.»

دۇنيادىكى ئالىم ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ الله نىڭ دىنىغا جاۋاب قايتۇرۇشى مۇسۇلمانلارنى زېمىنىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى كىشىلەرگە الله نىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۆزلۈكسىز خىزمەت قىلىش توغرىلىق رەببىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ بىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا ئۈندەيدۇ.

## دوكتور شەۋقى نوتاكى ۋە ئۈچيۈز نەپەر ياپونىيىلىك

ئۇ ياپونىيىلىك داڭلىق دوختۇر بولۇپ، ئۇ ئون نەچچە ئىسلام تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ 1975 ـ يىلى ئىسلامغا كىرگەن. ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۈچيۈز نەپەر ياپونىيىلىك ئىسلامغا كىرىپ مۇسۇلمان بولغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇددا دىنىنى تاشلىغاندىن كېيىن، روھ ئۈچۈن يوكسەك بولغان كەڭرى بىر دۇنيانى بايقىدىم. مەن تۇنجى قېتىم ھاياتلىقنىڭ مەنىسى ۋە ھالاۋىتىنى سەزدىم.»

ئۇ ياپونىيە خەۋەرلىرىنى تارقىتىشنى ۋاستە قىلىپ، ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرەپلىرىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ ياپونىيەنىڭ ھەربىر ئائىلىسىگە مۇشۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىزمەت قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

## كەلگۈسى ئىسلامغا مەنسۇپ

سوئال: تەتقىقاتچىلار كاپىر ئەللىرىدە ئىسلامنى تارقىتىش ئۈچۈن كۆز تىكىپ تۇرىۋاتقان كەلگۈسى قايسى؟

جاۋاب: ئامېرىكىدىكى كوۋۋەيتىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇتەخەسسىسى ئۇستاز مارىك مايىنى 1973 ـ يىلى مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ ئىسمى مۇسئەب ئابدۇللا بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكىلىقلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى بىز ھەيران قالىدىغان ئىش ئەمەس. بىراق بىزنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى كىشىلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ الله نىڭ دىنىغا كىرمەسلىكىدۇر.»

ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار كىشىلەر «ئامېرىكىدا ھەر كۈنى ئىسلامغا كىرىۋاتقان كىشىلەرنىڭ سانى تەخمىنەن 17 نەپەرگە يېتىدۇ» دەيدۇ.

بىر قىسىم ئالىم ۋە تەتقىقاتچىلار «21ـ ئەسىردىكى دۇنياۋى دىن ئىسلام دىنى بولىدۇ» دېيىشمەكتە.

خۇلاسە:

1. ھاياتلىق ساھەسىدىكى ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتى زور ھېكمەت، تەقدىر ۋە تەدبىرلەرنى ئېچىپ بېرىدۇ. قۇرئان كەرىم ئۆز ئىلمى بىلەن ھەرقانداق ئىنسان ئىلمىنى بېسىپ چۈشىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئىمان كۈچىيىدۇ. قۇرئان كەرىم بىزنى دۇنياۋى ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە چاقىرىدۇ.

2. يېڭى ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئىلمى ۋە

ھوشيارلىق دائىرىسى كېڭەيگەنسېرى، ئۇلارنىڭ ﷲ غا بولغان ئىمانى شۇنچە ئېشىپ بارىدۇ.

3. تەتقىقاتچى ئالىملارنىڭ ئىمانى مۇۋەھھىد (ﷲ نى بىر دەپ بىلگۈچى) مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىغا بەكمۇ يېقىن بولۇپ، مۇشرىكلارنىڭ شېرىك ئىدىيىسىگە قەتئىي ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئالىملار ئىچىدە ئىسلامنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، مۇسۇلمان بولغانلار بار.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 10. دەرس: قۇرئان كەرىم هازىرقى ئىلىم ـ پەننى بېسىپ چۈشىدۇ

## يېڭى مۆجىزىلەر

سوئال: ئىلىم ـ پەن مەيدانىدىكى تەرەققىياتلار قۇرئان كەرىمدىكى مەزمۇنلارنى كۈچەيتتىمۇ؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى مۆجىزە، يولىيورۇق ۋە كۆرسەتمىلىرىنى سۆزلەش جەريانىدا، الله دىن باشقىسى بىلمەيدىغان ھەقىقەتلەرگە ئىشارەت قىلدى. ئەگەر الله ئىنسانلار ئىلمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى خالىسا، مۇشۇ يېڭى ئىلىم ـ پەن بىلەن ئىنسانلار ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى بىلمىگەن ئىلمى ھەقىقەتلەرنى ئۇلارغا بىلدۈرىدۇ. قۇرئان كەرىمدە كەلگەن مەزمۇنلارنىڭ راستلىقى بايقىلىدۇ. الله بۇ ئەھۋالنى ئۆزىنىڭ كىتابىدا بايان قىلدى. مانا بۇلار دۇنياۋى ئىلىملەر تەرەققىي قىلغان زاماندا ئاشكارا بولغان قۇرئان مۆجىزىلىرى سۈپىتىدە نامايان بولدى.

سوئال: قۇرئان كەرىم مۇشۇ يېڭى مۆجىزىلەرگە ئىشارەت قىلدىمۇ؟

جاۋاب: الله مۇنداق دەيدۇ:﴿سَنُرِيهِمْ آيَاتِنَا فِي الْآفَاقِ وَفِي أَنفُسِهِمْ حَتَّى يَتَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُ الْحَقُّ أَوَلَمْ يَكْفِ بِرَبِّكَ أَنَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ﴾ ﴿ئۇلارغا بىز تاكى ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە، (ئاسمان ـ زېمىن) ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى (سېنىڭ راستلىقىڭنىڭ

دەلىلى بولۇشقا) ئۇلارغا كۇپايە ئەمەسمۇ.﴾ (41 ـ سۈرە فۇسسىلەت 53 ـ ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنى سۈپەتلەپ «قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىرى تۈگەپ قالمايدۇ» دېدى .

## ئاسترونومىيە ئىلمىدىن

سوئال: بۇنىڭ مىساللىرى قايسىلار؟

جاۋاب: بۇنىڭ مىساللىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىز بۇنىڭدىن ئاسترونومىيە ئىلمى ساھەسىدىكى بىر قىسىم مىساللارنى تىلغا ئالىمىز.

1 . ئاسترونومىيە ۋە بىئولوگىيە ئىلمىدىكى تەرەققىياتلار زېمىننىڭ قۇياش ۋە يۇلتۇز قاتارلىق ئاسمان پلانېتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئالىملار ئوتتۇرىسىدا زېمىننىڭ ئەسلىنى بەلگىلەشتە ئۇ قۇياش قاتارىدىنمۇ ياكى يۇلتۇزلار تۈركۈمىگە تەۋەمۇ دېگەن سوئال توغرىلىق زىددىيەتلەر تۇغۇلدى. يۇلتۇز ياكى قۇياشنىڭ ئەڭ دەسلەپتە «سەدىم»دەپ ئاتىلىدىغان تۇماندىن ئايرىلغانلىقى بايقالغان. زېمىن تۇماندىن ئايرىلغاندەك، قۇياش، يۇلتۇز ۋە باشقا پلانېتلارمۇ تۇماندىن ئايرىلغان. بۇلارنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىنسانغا نىسبەتەن ناھايىتى قىيىن. بۇنىڭدىن باشقا ئىنسانغا تاغ، جىلغا ۋە يامغۇرلارنىڭ ئاسمان پارچىلىرىدىن ئىكەنلىكىنى تەستىقلاشمۇ ناھايىتى قىيىن.

بىراق بۇ ئاسترونومىيە ۋە بىئولوگىيە ئالىملىرى بىرلىكتە ئوتتۇرىغا قويغان ھەقىقەت. ئۇنىڭدىن باشقا ھاياتلىق ئىلمى مۇتەخەسسىسلىرى ۋە خىمىيە ئالىملىرى «بىر قىسىم باكتېرىيەلەرنىڭ ھاياتى ئۇچۇن ھاۋا بولمىسىمۇ بولىدۇ، بىراق سۇ بولمىسا ھاياتلىق مەۋجۇت بولمايدۇ.» دېگەن ھەقىقەتنى

ئوتتۇرىغا قويىدى. يەنە سۇنىڭ ھاياتلىقنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن، ئەڭ ياخشى ۋاستە ، خىمىيلىك ۋە تەبىئىي سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان بىر ماددا ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇ ئالىملار يەنە قانداقلا بىر تىرىك كائىناتتىن سۇ ئۈزۈلۈپ قالسا، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىدى. بۇ ھەقىقەت بىر قىسىم كائىناتقىلا بەلگىلەنگەن بولماستىن بەلكى جانلىق كائىناتلارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقدۇر. قۇرئان كەرىم بۇ ئۆزگەرمەس ھەقىقەتنى ئاسترونومىيە ئىلمىدە بايان قىلدى. ھاياتلىق ئىلمىدىكى تەۋرەنمەس ھەقىقەت بىر ئايەتتە بايان قىلىنماقتا. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ أَ وَلَمْ يَرَ الَّذِينَ كَفَرُوا أَنَّ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ كَانَتَا رَتْقًا فَفَتَقْنَاهُمَا وَجَعَلْنَا مِنَ الْمَاءِ كُلَّ شَيْءٍ حَيٍّ أَفَلَا يُؤْمِنُونَ ﴾ ﴿كاپىرلار بىلمەمدۇكى، ئاسمانلار بىلەن زېمىن بىر ـ بىرىگە تۇتاش ئىدى، ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق، ھەممە جانلىق ـ مەۋجۇداتنى سۇدىن ياراتتۇق، ئۇلار (الله نىڭ قۇدرىتىگە) ئىشەنمەمدۇ؟﴾ (21 ـ سۈرە ئەنبىيا 30 ـ ئايەت).

گەرچە بۇ خىل ئىلىملەرنى كاپىرلار بايقىغان بولسىمۇ، بىراق، چاقىرىقنىڭ كاپىرلارغا يۈزلەنگەنلىكى ھەيران قالارلىق بىر ئىش.

2. ئىلمى تەرەققىياتلار يۇلتۇز ۋە پلانېتلارنىڭ ئايرىلىشى قانداقتۇر ئەھمىيەتسىز ياكى مەقسەت ـ نىشانسىز بولماستىن، بەلكى، ھەر بىر يۇلتۇز ۋە پلانېت توغرا ئۆلچەم ۋە توغرا سۈرئەت بىلەن توغرا ئورۇنغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھېكمەتلىك، بەلگىلىك ۋە تەرتىپلىك بولغانلىقىنى بايقىدى. يۇلتۇز ۋە پلانېتلاردىكى ئىنچىكە ئۆلچەمنىڭ سەۋەبىدىن ئاسمان جىسىملىرى ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇق ۋە تەرتىپ ـ تۈزۈم ئورنىتىلىپ، ئۆز ئارا سوقۇشۇپ قېلىش ھادىسىسى يۈز بەرمىدى.

ئاسترونومىيە ئالىملىرى «نىبتۇن» ناملىق پلانېتنىڭ ئورنىنى كۆرۈشتىن ئىلگىرى ئۇنى تونۇدى. ئۇ بولسا دەل مۇشۇ ئۆلچەمنىڭ سەۋەبىدىن بولغان. قۇرئان كەرىم ئۆلچەم توغرىسىدىكى بۇ ھەقىقەتنى ئاسترونومىيە ئالىملىرىدىن ئون ئۈچ ئەسىر ئىلگىرى خەۋەر قىلغان. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَالسَّمَاء رَفَعَهَا وَوَضَعَ الْمِيزَانَ﴾ ﴿الله ئاسماننى ئېگىز ياراتتى. ئۆلچەمدە زۇلۇم قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن، الله تارازىنى بېكىتتى،﴾ (55 ـ سۈرە رەھمان 7 ـ ئايەت).

ئەگەر سىز ئاسترونومىيە ۋە بىئولوگىيە ئىلىم مەيدانلىرىدىكى ئىلمى تەرەققىياتلارنىڭ الله نىڭ كىتابىدا بايقالماي قالغان مۆجىزىلەرنى ئاچقانلىقىنى كۆرسىڭىز، بىلىپ قويۇڭكى، قۇرئان كەرىم بىزنى مۇشۇ ئىلىملەر توغرىلىق تەپەككۇر قىلىشقا قىزىقتۇرماقتا. بىزنىڭ پىكىرلىرىمىزنى ئىلىم دەرۋازىلىرى تەرەپكە قوزغىماقتا. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ قُلِ انظُرُواْ مَاذَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَا تُغْنِي الآيَاتُ وَالنُّذُرُ عَن قَوْمٍ لاَّ يُؤْمِنُونَ ﴾ ﴿ئېيتقىنكى، «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار. مۆجىزىلەر ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ) ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمگە پايدىسى بولمايدۇ.﴾ (10 ـ سۈرە يۇنۇس 101 ـ ئايەت). ﴿أَوَلَمْ يَرَوْا كَيْفَ يُبْدِئُ اللَّهُ الْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُ إِنَّ ذَلِكَ عَلَى اللَّهِ يَسِيرٌقُلْ سِيرُوا فِي الْأَرْضِ فَانظُرُوا كَيْفَ بَدَأَ الْخَلْقَ ﴾ ﴿ئۇلار (يەنى ئىنكار قىلغۇچىلار) الله نىڭ مەخلۇقاتنى دەسلەپتە يوقتىن قانداق بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ بۇ الله غا ھەقىقەتەن ئاساندۇر (ئۇلار بۇنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىدۇ، دەسلەپتە يارىتىشقا قادىر بولغان زات قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر).

ئېيتقىنكى، «زېمىندا سەير قىلىڭلار، الله نىڭ مەخلۇقاتنى قانداق قىلىپ (يوقتىن) بار قىلغانلىقىغا قاراڭلار» (29ـسۈرە ئەنكەبۇت 19~20ـئايەتلەر).

3. ئىلمىي تەرەققىياتلار يۇلتۇزلار تۈركۈمىنىڭ ئاسماندىكى تۇمانىدىن شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى بايقىغاندەك، پلانېتلارنىڭ بىزدىن داۋاملىق يىراقلىشىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن دۇنيانىڭ دائىم كېڭىيىش ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بايقىدى. بىز ئۇنىڭ ماھىيىتىنى الله نىڭ مۇنۇ سۆزىدىن چۈشەنمەيلىمۇ؟ الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالسَّمَاءَ بَنَيْنَاهَا بِأَيْدٍ وَإِنَّا لَمُوسِعُونَ﴾ «ئاسماننى قۇدرەت بىلەن بەرپا قىلدۇق، بىز ھەقىقەتەن قۇدرەتلىكمىز.» (51ـسۈرە زارىيات 47ـئايەت).

4. ئىلمىي تەرەققىياتلار يۇلتۇزلارنىڭ كۆزىمىزگە كۆرۈنگەندەك، تاغ ئۈستىدە يېقىن بولماستىن، بەلكى، تولىمۇ يىراق بىر جايدا ئىكەنلىكىنى بايقىدى. بەلكى، يۇلتۇزلار بىزدىن نەچچە مۇساپە يىراقلىقتا بولۇپ، ئۇنى مىل بىلەن ئۆلچەش زادى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ پەقەت نۇرنىڭ تېزلىكى بىلەنلا ئۆلچىنىدۇ. يۇلتۇزلاردىن بىزگە تۆت يىللىق نۇر تېزلىكى مۇساپىسىدە بولغانلىرى ئەڭ يېقىن يۇلتۇز ھېسابلىنىدۇ . يۇلتۇزلار ئىچىدە بىزگە ئەللىك يىللىق، يۈز يىللىق، مىڭ يىللىق، يەتمىش مىڭ، بىر مىليون ، ئىككى مىليون ۋە تۆت مىليون ھەتتا ئالتە مىليارد يىللىق نۇر تېزلىكى مۇساپىسىدە كېلىدىغان يۇلتۇزلار بار. مانا بۇ ھەقىقەت ئىلىملەرنىڭ بىر قىسمى ئەمەسمۇ؟ الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ فَلَا أُقْسِمُ بِمَوَاقِعِ النُّجُومِ وَإِنَّهُ لَقَسَمٌ لَّوْ تَعْلَمُونَ عَظِيمٌ ﴾ «يۇلتۇزلارنىڭ جايلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەن. شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىلسەڭلار، ئۇ (يۇلتۇزلار الله نىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقى

ئۇچۇن) ئەلۋەتتە كاتتا قەسەمدۇر.﴾ (56ـ سۈرە ۋاقىئە 75~76ـ ئايەتلەر).

5. ئىلمىي تەرەققىياتلار قۇياشنىڭ دائىم مېڭىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايقىدى. يەتمىش يىللار ئىلگىرى كىشىلەر قۇياشنى مۇقىم تۇرىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئەمەلىيەتتە قۇياش ئىككى خىل ھەرىكەتتە بولىدۇ.

1. ئۆز ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان چاق ھەرىكىتى. شۇ سەۋەبتىن قۇياش ئۆز ئورنىدا مۇقىم تۇرغان ھالەتتە ماڭىدۇ.

2. خۇددى تۇگمەن تېشى ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلانغاندەك، قۇياشنىڭ باشقا پلانېتلار بىلەن ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىشى. تۇگمەنگە قويۇلغان ئۇگۇت (ئاشلىق) تۇگمەن تېشى بىلەن بىرگە ئايلانغاندەك، قۇياشمۇ ئۆزىگە بەلگىلەنگەن ئورۇنغا قاراپ ماڭىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا قۇياش داۋاملىق ماڭغان بولىدۇ.

ئىلمىي تەرەققىياتلار بىزنىڭ يېڭى ئاينى ئاندىن تولۇن ئاينى كۆرۈشىمىزنىڭ سەۋەبى، ئاينىڭ زېمىن ئۈستىدە بىزگە نىسبەتەن باشقا ئورۇنغا يۆتكىلىپ كېتىشىدىن ئىكەنلىكىنى بايقىدى. قۇرئان كەرىم بۇ ئىككى ھەقىقەتنى الله نىڭ مۇنۇ سۆزىدە بايان قىلدى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَالشَّمْسُ تَجْرِي لِمُسْتَقَرٍّ لَّهَا ذَلِكَ تَقْدِيرُ الْعَزِيزِ الْعَلِيمِ وَالْقَمَرَ قَدَّرْنَاهُ مَنَازِلَ حَتَّى عَادَ كَالْعُرْجُونِ الْقَدِيمِ لَا الشَّمْسُ يَنبَغِي لَهَا أَن تُدْرِكَ الْقَمَرَ وَلَا اللَّيْلُ سَابِقُ النَّهَارِ وَكُلٌّ فِي فَلَكٍ يَسْبَحُونَ ﴾ ﴿كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى الله نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر. ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ (ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا) خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش

بولۇپ قالىدۇ. كۈننىڭ ئايغا يېتىشىۋېلىشى (يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى)، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى (يەنى ۋاقتى كەلمەستىن كۈندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس، ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ تۇرىدۇ.﴾ (36 ـ سۈرە ياسىن 38~40 ـ ئايەتلەر).

6. ئىلمى تەرەققىياتلار يۇلتۇز ۋە پلانېتلاردىن ئىبارەت ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئەسلى تۇمان دەپ ئاتىلىدىغان تۈتۈن شەكىللىك ماددا ئىكەنلىكىنى بايقىدى. بۇ تۈتۈن شەكىللىك ماددىلاردىن بۈگۈنگە قەدەر يۇلتۇزلار شەكىللەنمەكتە. كىممۇ ئاسماننىڭ ئەسلىنىڭ تۈتۈن شەكىللىك ماددا ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالىسۇن؟ بىراق قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى بايان قىلىپ كەلمەكتە. ﷲ مۇنداق دەيدۇ:﴿ ثُمَّ اسْتَوَى إِلَى السَّمَاء وَهِيَ دُخَانٌ فَقَالَ لَهَا وَلِلْأَرْضِ اِئْتِيَا طَوْعًا أَوْ كَرْهًا قَالَتَا أَتَيْنَا طَائِعِينَ ﴾ ﴿ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى، ئاسمان بىلەن زېمىنغا: «ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ھالدا كېلىڭلار (يەنى ئەمرىمنى قوبۇل قىلىڭلار)» دېدى. ئىككىلىسى «ئىختىيارىي كەلدۇق» دېدى.﴾ (41 ـ سۈرە فۇسسىلەت 11 ـ ئايەت).

بىئولوگىيە ئىلمىدىن

سوئال: بىئولوگىيە ئىلمىدە زېمىننىڭ تۈزۈلۈشىگە ئائىت مىساللار بارمۇ؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنى چۈشۈرگەن زات ئاسمان ـ زېمىننىڭ سىرلىرىنى بىلىدۇ. ئەگەر بىز قۇرئان كەرىم ئىلگىرى بايان قىلغان ئاسماننىڭ سىرلىرىنىڭ مىساللىرىنى بايان قىلماقچى بولساق، ئۇنداقتا ئالدى بىلەن زېمىننىڭ سىرلىرىنى بايان

قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

1956 ـ يىلدىكى تەتقىقاتچىلار ھەر بىر تاغنىڭ ئاستىدا بىر يىلتىزنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ دائىم كېڭىيىش ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ يىلتىز تاش قاتلاملىرى ئاستىدىكى چاپلاشسىمان قاتلاملارغا قېقىلغان. الله مۇشۇ تاغلار ئاستىدىكى ئۇزىراشنى زېمىن ئايلانغان چاغدا، قاتلاملارنى چۆرگىلەپ كېتىشتىن توختىتىپ تۇرىدىغان قىلدى. قاتلاملار ئارىسىدىكى چاپلاشسىمان قاتلاملارغا قېقىلغان بۇ قوزۇقلار تۇپراق ئاستىغا قېقىلغان قوزۇق چېدىرنى مۇستەھكەملىگەندەك، قاتلاملارنى مۇستەھكەملەيدۇ. شۇنداقلا بىئولوگىيە ئىلمى ۋە ھاۋا ئىلمى مۇتەخەسسىسى ، ھۇمەيس سونىيان ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى دوكتور پارۇقۇل باز ئاشۇ ئەھۋالنى بايان قىلدى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَالْأَرْضَ بَعْدَ ذَلِكَ دَحَاهَا أَخْرَجَ مِنْهَا مَاءهَا وَمَرْعَاهَا وَالْجِبَالَ أَرْسَاهَا ﴾ ﴿شۇنىڭدىن كېيىن زېمىننى (ئەھلى زېمىننىڭ تۇرۇشىغا لايىق قىلىپ) يايدى. زېمىندىن بۇلاقلارنى ئاقتۇردى، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردى . تاغلارنى (زېمىندا) مۇقۇم قىلدى.﴾ (79 ـ سۈرە نازىئات 30~32 ـ ئايەتلەر). ﴿ وَأَلْقَى فِي الأَرْضِ رَوَاسِيَ أَن تَمِيدَ بِكُمْ ﴾ ﴿زېمىننىڭ سىلەرنى تەۋرىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، الله ئۇنىڭدا تاغلارنى بەرپا قىلدى،﴾ (16 ـ سۈرە نەھل 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

يەنى الله مۇشۇ تاغلارنى زېمىن سىلەرنىڭ پۈتلىرىڭلار ئاستىدا تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مۇستەھكەم قىلدى. ئىنسانلار پەقەت مۇشۇ زاماندىلا تونۇغان قاتلاملار ئاستىدىكى مۇشۇ غەيبى سىرلارنى ساۋاتسىز پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كىم خەۋەر قىلدى؟

www.uyghurkitap.com

شەكسىز قۇرئان كەرىم ئاسمان - زېمىننىڭ سىرلىرىنى بىلىدىغان زات تەرىپىدىن نازىل بولغان ۋەھيي كىتابى.

ئۆسۈملۈكلەر ئىلمىدىن

1. ئىلمىي تەرەققىياتلار ئۆسۈملۈكلەردىمۇ ھايۋانلارغا ئوخشاشلا جۈپلىشىشنىڭ بارلىقىنى بايقىدى. گۈل-چېچەك بولسا، ئاشكارا جۈپلىشىش ئورنى. ئۇنىڭدا چاڭلىشىش دانچىلىرى شەكىللىنىدىغان ئېغىز مەۋجۇت بولىدۇ. چاڭلىشىش دانچىسى شامالنىڭ ۋاستىسى بىلەن مەنپەئەتلىنىدىغان ئورۇنغا يېتىش ئۈچۈن كۆچىدۇ ۋە ئۆسۈملۈكنىڭ بويۇن تەرىپىگە چۈشىدۇ ھەتتا جۈپلىشىش تولۇق بولغاندا تۇخۇمدانغا يېتىدۇ.

بۇنىدىن ئىلگىرى ھېچبىر ئادەم ئۆسۈملۈكلەردە جۈپلىشىشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلمەيتتى. ھەتتا ئۆسۈملۈكلەر ئىلمى تەرەققىي قىلىپ، جۈپلىشىش بىرلا ئۆسۈملۈكتە بولماستىن، بەلكى، بارلىق ئۆسۈملۈكلەردە بولىدىغانلىقى بايقالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئان كەرىم ئون تۆت ئەسىر ئىلگىرى سۆزلىگەن خەۋەر ئەمەسمۇ؟ الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ سُبْحَانَ الَّذِي خَلَقَ الْأَزْوَاجَ كُلَّهَا مِمَّا تُنبِتُ الْأَرْضُ وَمِنْ أَنفُسِهِمْ وَمِمَّا لَا يَعْلَمُونَ ﴾ ﴿الله (پۈتۈن ئەيىب - نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ پۈتۈن شەيئىلەرنى جۈپ ياراتتى. زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەر (يەنى ئاجايىپ مەخلۇقاتلار) نىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپتى بار.﴾ (36-سۈرە ياسىن 36-ئايەت).

2. ئىلمىي تەرەققىياتلار ئۆسۈملۈكلەردە شەكىللىنىدىغان ماددىلارنىڭ ئەسلى بىر ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇنىڭ مۇھىمى: ھاۋا، ھىدروگېن، كاربون ۋە نېفىتتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا كۆكگۈرت ماددىسى ناھايىتى ئاز. بىراق شۇنداق تۇرۇپمۇ،

ئۆسۈملۈكلەردە خىلمۇ ـ خىل شەكىل، ھەجىم، رەڭ، پۇراق ۋە خىلمۇ-خىل تەملەر بولىدۇ. بۇ بولسا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆلچىمىنىڭ خىلمۇ-خىل بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئۆلچەم بولسا ھەممە ئۆسۈملۈكلەردىكى تۈزۈلۈشنىڭ ئاساسى. قۇرئان كەرىم مۇشۇ ھەقىقەتكە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنبَتْنَا فِيهَا مِن كُلِّ شَيْءٍ مَّوْزُونٍ﴾ ﴿يەر يۈزىدە ھەر خىل تەكشى ئۆلچەملىك ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق.﴾ (15-سۈرە ھىجر 19-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

خۇلاسە:

1. قۇرئان كەرىم ئىنسانلار ئۇزاق زامانلاردىن بىرى بىلمەي كېلىۋاتقان مۆجىزىۋى ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىلمى تەرەققىياتلار بۇ ھەقىقەتلەرنى ھەرخىل ساھەلەردە بايقاپ چىقتى.

2. ئاسترونومىيە ئىلمىدىكى تەرەققىياتلار زېمىنىنىڭ ئاسمان جىسىملىرى بىلەن تۇتاش ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ھاياتلىق ئىلمى سۇ ھاياتلىقنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئاسترونومىيە ئىلمى ئاسماندىكى يىراق يۇلتۇزلار ئوتتۇرىسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ھېكمەتلىك ئۆلچەم بارلىقىنى بايقىدى. شۇنداقلا قۇياشنىڭ ئايلىنىش جەريانلىرىنى، ئاينى يېڭى ھالەتتە ئاندىن تولۇن ئاي ھالىتىدە ئاشكارا قىلىدىغان مەنزىللەرنى بايقىدى. ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئەسلى تۈتۈن ئىكەنلىكىنى، تاغ بولسا زېمىننى مۇستەھكەملەيدىغان قوزۇق ئىكەنلىكىنى بايقىدى. قۇرئان كەرىم ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇرۇنلا خەۋەر قىلغان.

3. ئۆسۈملۈكلەر ئىلمىدىكى تەرەققىياتلار ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەركەك ـ چىشى دەپ ئايرىلىدىغانلىقىنى ۋە

ئۆسۈملۈك ماددىلىرىنىڭ ئەسلى بىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلچىمىنىڭ خىلمۇ - خىل ئىكەنلىكىنى بايقىدى. قۇرئان كەرىم بىزگە ئاشۇنى خەۋەر قىلدى.

4. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى قۇرئان كەرىمنىڭ ھېكمەتلىك، بىلگۈچى، ياراتقۇچى ۋە ھەممە نەرسىنى ئىلىم بىلەن قورشىغۇچى الله نىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رەببى تەرەپتىن ۋەھىي قىلىنغان ئىشلارنى يەتكۈزگۈچى، ساۋاتسىز پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولىدۇ.

## 11. دەرس: ئەلچىلىكنىڭ پاكىتلىرى

بېشارەت

سوئال: بېشارەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: بېشارەت بولسا الله نىڭ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرىلىق ئىلىپ كەلگەن بېشارەتلەر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن بېشارەت بېرىدىغان، شۇنداقلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى، ئۇنىڭ ۋاقتى ۋە تۇرىدىغان شەھەرلىرىنىڭ سۈپەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىدىغان خۇشخەۋەرلەردىن ئىبارەت.

سوئال: ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىدىكى بېشارەتلەر داۋاملىق مەۋجۇت بولىۋاتامدۇ؟

جاۋاب: الله چۈشۈرگەن ئىلگىرىكى كىتابلار بۇرمىلانغان ۋە ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى توغرا تېكىستى تېپىلمايدۇ. شۇنداق تۇرۇپمۇ، ئۇ كىتابلارغا ئەگەشكۈچىلەر

تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئوخشاش كىتابلارنى ھازىرقى دەۋرلەردىمۇ ئەڭ مۇقەددەس كىتاب دەپ ئاتىماقتا. ئۇلار ئۇ كىتابلاردا پەيغەمبەرلەردىن ئاڭلىغان ياكى پەيغەمبەرلەردىن ئاڭلىغان كىشىلەردىن ئاڭلىغان بەزى مەزمۇنلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ۋە ئۆزگەرتىپ يازدى. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرگەن كىتابلارغا ئىشەنگۈچىلەرگە ۋە ئۇلاردىن باشقىلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ اللە نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدىغان بىر قىسىم پاكىتلار مەۋجۇت بولىۋاتىدۇ. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەردى. اللە مۇنداق دەيدۇ:﴿ الَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ يَعْرِفُونَهُ كَمَا يَعْرِفُونَ أَبْنَاءَهُمُ ﴾ ﴿بىز كىتاب بەرگەن كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) ئۇنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) (تەۋرات ۋە ئىنجىلدىكى سۈپىتى بويىچە) خۇددى ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ،﴾ (6ـ سۈرە ئەنئام 20ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

1. تەۋرات پارچىلىرىدىن

1. تۆۋەندىكى ئىككى پارچىدا كېلىدىغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى:

«رەبنىڭ سۆزى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېغىزىدا قىلىندى» (يەنى قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدا قىلىندى)

2. تۆۋەندىكى ئەشئىيا پارچىسىدا كېلىدىغان سۈپەتلەر:

1) «قۇرۇقلۇقتىكى ئىنسانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەسلەش بىلەن ئاۋازىنى كۆتۈرىدۇ. قۇرۇقلۇق بولسا قىيدار ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇر.» (قىيدار بولسا ـــ مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدىكى، نەسەب تارىخىدىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋىلىرىدىن بىرى. ئۇ ئورۇن تەۋراتنىڭ تەكۋىن پارچىسىدا ئەرەب شەھىرى دەپ ھېكايە قىلىنىدۇ.)

2) ئەشئىيا پارچىسىدىكى سۆپەت :«مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئالامىتى ئۇنىڭ مۈرىسىگە كەپتەر تۇخۇمىنىڭ مىقدارىچىلىك مۆھۈر بېسىلغانلىقىدۇر.» ئىمام مۇسلىم سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا مۇشۇ ئالامەتلەردىن خەۋەر بېرىدىغان ھەدىسنى رىۋايەت قىلدى.

3) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «راكىبۇل جەمەل» (تۆگىگە مىنگۈچى) دەپ سۆپەتلەنگەن. بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھرالىق ئىكەنلىكىگە بىشارەت بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ سۆپەتلەرگە ئۇيغۇن كەلدى.

4) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى شۇ پارچىدا «ئۇلارنىڭ قىلىچلىرى، ئوقيالىرى ۋە قاتتىق جەڭ قىلىشلىرى ئالدىدا ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى مەغلۇب بولدى» دەپ سۆپەتلەندى. ئوقيا،قىلىچ دەۋرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا بىرەر پەيغەمبەر دۈشمەنلىرىگە جەڭ ۋە جىھاد قىلىدىغان سۆپەتلەر بىلەن تونۇشتۇرۇلمىغان.

3. خرىستىئانلىقنىڭ «كونا ۋەسىيەت» داستانىدىكى سۆپىتى

1) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يەمەن پادىشاھىنىڭ سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ كېلىشى . (يەمەن پادىشاھلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا بىرەر پەيغەمبەرگە يېقىنلاشمايلا ، يەمەن پادىشاھلىقى ئاخىرلاشتى.)

2) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەركۈنى بەرىكەت سورىلىدۇ.

(مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق بولدى. مۇسۇلمانلار ھەركۈنى نامازلىرىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نۇرغۇن قېتىم بەرىكەت سورايدۇ.)

3) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىلىچ ئاسقۇچى دەپ سۈپەتلەنگەن. (مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا قىلىچ ئاسقۇچى پەيغەمبەر ئاشكارا بولمىدى.)

يەھۇدىيلارنىڭ تەۋراتنى داۋاملىق ئۆزگەرتىلىۋاتقانلىقىدىن قەتئىينەزەر ، تەۋراتتا ئىلگىرىكى ئالامەتلەرنىڭ مىساللىرى مەۋجۇت بولماقتا. يەھۇدىيلار بىزنىڭ يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرى خۇددى ناسارالارنىڭ راھىبلىرىغا ئوخشاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشكارا بولۇشىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىي بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇلار قانداقلا بىرەر ئىختىلاپ يۈز بەرسە، مەدىنە ئەھلىگە كەلمەكچى بولغان پەيغەمبەر بىلەن تەھدىت سالاتتى ۋە مۇشرىكلارغا «پەيغەمبەرنىڭ ئاشكارا بولۇش ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالدى. بىز ئۇ پەيغەمبەر بىلەن سىلەرنى ئاد ۋە ئىرەملەرنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرىمىز» دەيتتى.

قۇرئان كەرىم يەھۇدىيلارنىڭ يېڭى پەيغەمبەرنىڭ كېلىشى توغرىلىق قىلغان خەۋەرلىرىگە ھۆججەت بايان قىلغان ھالەتتە نازىل بولدى. الله مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَلَمَّا جَاءهُمْ كِتَابٌ مِّنْ عِندِ اللّهِ مُصَدِّقٌ لِّمَا مَعَهُمْ وَكَانُواْ مِن قَبْلُ يَسْتَفْتِحُونَ عَلَى الَّذِينَ كَفَرُواْ فَلَمَّا جَاءهُم مَّا عَرَفُواْ كَفَرُواْ بِهِ فَلَعْنَةُ اللَّه عَلَى الْكَافِرِينَ بِئْسَمَا اشْتَرَوْاْ بِهِ أَنفُسَهُمْ أَن يَكْفُرُواْ بِمَا أنَزَلَ اللّهُ بَغْياً أَن يُنَزِّلُ اللّهُ مِن فَضْلِهِ عَلَى مَن يَشَاء مِنْ عِبَادِهِ فَبَآؤُواْ بِغَضَبٍ عَلَى غَضَبٍ وَلِلْكَافِرِينَ عَذَابٌ مُّهِينٌ ﴾ ﴿ئۇلارغا الله تەرىپىدىن ئۇلاردىكى كىتاب

(تەۋرات) نــى تەســتىقلايدىغان كىتــاب (قۇرئــان) نازىــل بولغــان چاغــدا (ئۇنىڭغــا ئىشــەنمىدى)، ئىلگىــرى ئــۇلار (مــۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامنى ۋاسـتە قىلىـپ) كاپىرلارغـا قارشـى ئـۆزلىرىگە يـاردەم كېلىشـىنى تىلەيتتـى، ئـۇلار بىلىـدىغان (يەنـى تەۋراتتـا سۈپىتى بايان قىلىنغان) پەيغەمبەر كەلـگەن چاغـدا ئـۇنى ئىنكـار قىلـدى. الله كاپىرلارغـا (يەنـى پەيغەمبەرلەرنىـڭ تۆگەنچىسـىنى ئىنكار قىلغان يەھۇدىيلارغا) لەنەت قىلـدى. يەھۇدىيلارنىـڭ الله نازىل قىلغان قۇرئاننى ئىنكار قىلىشى الله نىڭ ئۆز پەزلىنى (يەنى پەيغەمبەرلىكنى) خالىغـان بەندىسـىگە چۈشۈرگەنلىكىگە ھەسـەت قىلىـش يۈزىسـىدىندۇر. ئۇلارنىـڭ ئـۆزلىرىنى (يەنـى ئىمـانىنى) كۇفرىغا سېتىشى ئەجەب يامـان ئىشـتۇر. ئـۇلار ئۈسـتى- ئۈسـتىگە غەزەپكە تېگىشـلىك بولـدى. كـاپىرلار خـارلىغۇچى ئازابقا دۇچـار بولىدۇ.﴾ (2-سۈرە بەقەر89~90-ئايەتلەر).

يەھۇدىيلارنىــڭ مــۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامنىڭ كېلىشــىدىن خەۋەر بېرىشى مەككىلىكلەرگە قارىغاندا مەدىنە ئەھلىنىـڭ بالـدۇر مۇسـۇلمان بولىشـىغا تەسـىر كۆرسـەتتى. مەدىنىـدىن تـۇنجى مۇسۇلمان بولغانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كـۆرگەن چاغـدا:« الله بىــلەن قەســەمكى، يەھــۇدىيلار ســىلەرگە ۋەدە قىلغــان پەيغەمبەر ئەنە ئاشۇ. يەھـۇدىيلار ئىسلامغا (مۇسـۇلمان بولۇشقا) سىلەردىن ئىلگىرى مۇشەررەپ بولالمايدۇ.» دېيىشتى.

2. ئىنجىلدىن

سوئال: ئىنجىل بىرمۇ ياكى بىر قانچەمۇ؟

جـاۋاب: ئىيسـا ئەلەيھىسسـالامغا چۈشـۈرۈلگەن ئىنجىـل پەقەت بىرلا ئىنجىلدۇر. لـېكىن ئىيسـا ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئىنجىلـى ھـازىر ناسـارالاردا مەۋجـۇت ئەمەس. بەلكـى، ئـۇلاردا سـاقلىنىۋاتقىنى

ئىنجىل لوقا، ئىنجىل يۇھەننا، ئىنجىل مەرقەس، ئىنجىل مەتتادىن ئىبارەت تۆت ئىنجىلدۇر.

بۇ ئىنجىللار لۇقا، يۇھەننا، مىرقەس ۋە مەتتالار يازغان تارىخلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان يەتمىش ئىنجىلدىن تۆت ئىنجىلغا قىسقارتىلغان. بۇ ئىنجىللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرى كونىستانتىن ئىمپېرىيىسى (پادىشاھلىقى) دەۋرىدە ناسارالارنىڭ قۇرۇلتاي يىغىنلىرىنىڭ بىرىدە كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. كۆيدۈرۈلگەن ئىنجىللار ئىچىدىن قۇرئان كەرىمدىكى ھىدايەت ۋە بايانلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىنجىل بەرنابا ئاشكارا بولدى.

سوئال: مۇشۇ ئىنجىللاردىمۇ بېشارەتلەر بارمۇ؟

جاۋاب: ئىنجىل مەتتا ئىلاھى ھىدايەت بەنى ئىسرائىلدىن تارتىلىپ، باشقا بىر ئۇممەتكە بېرىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بىزنىڭ يولباشچىمىز ئىيسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىدىن.

ئىجىل مەتتا يەسۇئ (ئۆزگەرتىلگەن ئىجىلدا ئىيسا ئەلەيھىسسالام يەسۇئ دەپ ئاتالغان) مەسىھنىڭ تىلى بويىچە «شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرگە بېرىلگەن الله نىڭ مۈلۈكى . سىلەردىن تارتىلىپ، ئۇنى گۈللەندۈرىدىغان ئۇممەتكە بېرىلىدۇ دەيمەن» . ھەقىقەتەنمۇ ھىدايەت بەنى ئىسرائىلدىن تارتىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتىگە بېرىلدى.

ئىنجىل يۇھەننا يەسۇئ (ئىيسا ئەلەيھىسسالام)نىڭ رىسالىتىنى تولۇقلايدىغان بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ: «مەن ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلار بار. مەن سىلەرگە سىلەر جاپاسىغا چىداشقا قادىر بولالمايدىغان ئىشلارنى سۆزلىمەيمەن. ئەگەر

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلسە، ئۇ سىلەرنى ھەقىقەتكە باشلايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. بەلكى، ئاڭلىغان نەرسىنى سۆزلەيدۇ ۋە سىلەرگە كېيىنكى زامانلاردا بولىدىغان ئىشلارنى خەۋەر بېرىدۇ.» دېدى. بىزنىڭ رەھبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ سۈپەتلەرگە ناھايىتى ئۇيغۇن كەلدى. ئۇ ئىلگىرىكى رىسالەتلەرنى تولۇقلاپ، قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت الله نىڭ سۆزىنى سۆزلىدى. ئۇ كىشىلەرگە كېيىنكى زامانلاردا يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەرنى خەۋەر قىلدى. كۆپلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى راستقا ئايلاندى. شۇنداقلا ئىنجىل يۇھەننا قىبلەنىڭ بەيتۇل مۇقەددەستىن يۆتكىلىدىغانلىقىنى، بۇلارنىڭ الله تەرىپىدىن كەلگەن ئەلچىنىڭ قولىدىلا بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئەمەلىيەتتە قىبلە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا يۆتكەلدى.

ئىنجىل يۇھانا ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن سامىرىلىق بىر ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن سۆھبەتنى بايان قىلىدۇ. بۇ سۆھبەتتىن قىبلىنىڭ يۆتكىلىدىغانلىقى ئاشكارا چىقىپ تۇرىدۇ. ئىبراھىم خەلىلۇل ئەھمەد ئىسىملىك بىر پوپ ئۆتكەن بولۇپ، الله ئۇنى تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئان كەرىمدىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتىدىن ئىبارەت ھەقىقەتكە باشلىدى.

ئىنجىلنىڭ 105 ـ سەھىپىسىدە :

«ئى ئەھلى كىتاب، سىلەرگە مۇشۇ تاغنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىش كۇپايە قىلىدۇ. توغرا يولغا يۈزلىنىڭلار. ئەمما سامىرىلىق بىر ئايال كېلىپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆھبەتلىشىشكە باشلىدى. ئۇ ئايال ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ‹بىزنىڭ دادىلىرىمىز مۇشۇ تاغدا سەجدە قىلدى. سىلەر

ئېرۇسالىمدا سەجدە قىلىشقا لايىق بىر ئورۇن بار دەيسىلەر› دېدى. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا: ‹ئى ئايال، ماڭا راست سۆزلىگىن. سەجدە قىلىدىغان ئورۇن مۇشۇ تاغدا ياكى ئېرۇسالىمدا بولمايدىغان بىر زامانلار كېلىدۇ. الله روھتۇر، ھەقىقەتەن روھقا ھەممىلا ئورۇندا سەجدە قىلىش لايىق بولىدۇ› » دېيىلگەن. (ئىنجىل يۇھانا: 20 ـ 24 ـ توم)

الله قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَلِلّهِ الْمَشْرِقُ وَالْمَغْرِبُ فَأَيْنَمَا تُوَلُّواْ فَثَمَّ وَجْهُ اللّهِ ﴾ ﴿مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ (يەنى پۈتۈن يەر يۈزى) الله نىڭدۇر، قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلارمۇ، ئۇ الله نىڭ تەرىپى يەنى سىلەرگە ئىختىيار قىلغان قىبلىسى) دۇر.﴾ (2 ـ سۈرە بەقەر 115 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ﴿ فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ وَحَيْثُ مَا كُنتُمْ فَوَلُّواْ وُجُوِهَكُمْ شَطْرَهُ وَإِنَّ الَّذِينَ أُوْتُواْ الْكِتَابَ لَيَعْلَمُونَ أَنَّهُ الْحَقُّ مِن رَّبِّهِمْ وَمَا اللّهُ بِغَافِلٍ عَمَّا يَعْمَلُونَ ﴾ ﴿(نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن. (ئى مۆمىنلەر !) قەيەردە بولماڭلار، (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلىڭلار. ھەقىقەتەن كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) بۇنىڭ (يەنى قىبلىنىڭ كەبىگە ئۆزگەرتىلىشىنىڭ) پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىدۇ، الله ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن غاپىل ئەمەس.﴾ (2 ـ سۈرە بەقەر 144 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

دوكتور پوپ چارلىز پىرانىس بوتو ئۆزىنىڭ «ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن يوقاپ كەتكەن قانۇنلار ئاشكارا بولماقتا» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «خرىستىئان مۇرىتلىرى جەمئىيىتى دەسلەپكى دەۋرلەردە يوقۇتۇپ قويغان ئىنجىل ئىنجىل بەرنابا دەپ ئاتىلىدۇ. بەھرىل مەيىت رايونلىرىدا يېڭىدىن

بايقالغان قولىيازمىلار مۇشۇ ئىنجىلنى كۆچەيتمەكتە.»

ئىنجىل بەرنابادا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بويىچە: «مەن دۇنيادىن مۇناسىۋەتىمنى ئۈزگەنلىكىم ئۈچۈن، كىشىلەر مېنى الله ياكى الله نىڭ ئوغلى دەپ دەۋا قىلغانىدا، شەيتانلار دۇنيانىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە مېنى مەسخىرە قىلماسلىقى ئۈچۈن، يەھۇدانىڭ ئۆلۈش سەۋەبى بىلەن كرېستتا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنى مەن دەپ گۇمان قىلغان كىشىلەرنى الله دۇنيادىلا مەسخىرە قىلىشنى ئويلىدى.

بۇ ئەھۋال الله نىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگۈچە داۋاملىشىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلسە بۇ ئالدامچىلىقلار الله نىڭ شەرىئىتىگە ئىشىنىدىغان مۆمىنلارغا ئاشكارا بولىدۇ.» دېيىلگەن. (ئىنجىل بەرنابا 220_باب)

ۋاشىنگتوندىكى ھەرقانداق مۇقەددەس چېركاۋلارنىڭ رەئىسى Aپاۋۇل دەيفىز ئۆزىنىڭ «بەھرىل مەيت قولىيازمىلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ تۇنجى سەھىپىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «بەھرىل مەيت قولىيازمىلىرى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيانقى ئەڭ ئۇلۇغ كەشپىيات بولۇپ، ئۇ ئىنجىلنىڭ تەقلىدى چۈشەنچىسىنى ئۆزگەرتىدۇ.» بەھرىل مەيت قولىيازمىلىرىدا «ئىيسا ئەلەيھىسسالام خرىستىئانلارنىڭ پەيغەمبىرى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر پەيغەمبەر بار» دېيىلدى.

ئىلگىرىكىلەرنىڭ كىتابلىرىدىن

سوئال: تەۋرات ۋە ئىنجىللاردىن باشقا كىتابلاردىمۇ بېشارەتلەر بارمۇ؟

جاۋاب: ئىلگىرىكى كىتابلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشارەتلىرى بار بولۇپ، باشقا دىنلار مۇقەددەس دەپ قارايدىغان

بىر قىسىم كىتابلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە ئالاقىدار ئىشارەتلەر تېپىلىدۇ. بىراق ئەڭ يامان بولغىنى موناستىر پوپلار ئۇنىڭدىكى سۆزلەرنى ئۆز ئورنىدىن ئۆزگەرتىپ، ئورنىغا چىرىكلەشكەن بۇزۇق ئىزاھاتلارنى پەيدا قىلماقتا.

سوئال: تەۋرات ۋە ئىنجىلدىن باشقا كىتابلاردا مەۋجۇت بولغان بېشارەتلەرنىڭ مىسالى قايسى؟

جاۋاب: بەراھىملىكلەرنىڭ قارىشىدا ئەڭ مۇقەددەس ھېسابلىنىدىغان «سامافىيدا» ناملىق كىتابنىڭ 2-قىسىم 8-توم 6-پارچىسىدا: «ئەھمەد رەببى تەرەپتىن خۇددى نۇر قۇياشتىن ئېلىنغاندەك، نۇردىن ئېلىنغان ۋە ھېكمەتكە توشقۇزۇلغان شەرىئەتنى تاپشۇرۇپ ئالدى.» سېيىلىدى.

2. مەجۇسىيلارنىڭ «ئاۋىستا» ناملىق مۇقەددەس كىتابىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرىلىق بېشارەتلەر ئېيتىلغان بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇ كىتابتا «پۈتۈن دۇنياغا رەھمەت» دەپ سۈپەتلەنگەن. بۇ مەجۇسىيلارنىڭ تىلى بويىچە«سۇشىيانت» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئەبۇ لەھەب دەپ ئاتىلىدىغان ئىلگىرىكى پارسلاردىن بولغان دۈشمىنى قارشى تۇرىدۇ. ۋەھالەنكى ، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ھېچبىر ئادەم تەڭ كېلەلمەيدىغان ، باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى بولمىغان، ئوخشىشى ، ھەمراھى، ئاتا-ئانىسى ۋە بالىسى ياكى تۇرالغۇ جايى ۋەياكى جەستى، شەكلى، رەڭگى ۋە پۈرىقى بولمىغان بىرلا ئىلاھ تەرەپكە چاقىرىدۇ.

بۇ سۈپەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغان ئىلاھى سۈپەتلەر بولۇپ، بۇ سۈپەتلەر پەقەت شۇ الله غىلا

ئۇيغۇن كېلىدۇ . ئەمما «زەردۇشت» دىنىنىڭ كىتابلىرىدا نۇرغۇن بېشارەتلەر بولۇپ، بۇ «دۇنيا پارچىلىرىدىكى مۇھەممەد» دېگەن كىتابنىڭ تۈزگۈچىسى ئۇستاز ئابدۇل ھەق تەرجىمە قىلغان تېكىستتە :

«زەردۇشت مىللىتى ئۆز دىنلىرىنى تاشلاپ، ئاجىز ھالەتكە يەتكەندە، ئەرەب شەھىرىدە بىر كىشى جانلىنىپ، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى پارسلارنى مەغلۇب قىلىپ، ھاكاۋۇر پارسلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇتخانىلىرىدا ئوتقا چوقۇنغاندىن كېيىن، بۇتلاردىن پاك بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كەئبىسى تەرەپكە يۈزلىنىدۇ. ئاندىن ئۇلار پۈتۈن دۇنياغا رەھمەت بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولىدۇ. ئۇلار پارس، مەدىيەن، تىۋەس ۋە بەلخى شەھەرلىرىنىڭ خوجايىنى بولىدۇ. بۇ شەھەرلەر زەردۇشت مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ئورۇنلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى پاساھەتلىك سۆزلىگۈچى بولۇپ، مۆجىزىلەرنى سۆزلەيدۇ.»(47ـ سەھىپە)

3. ھىندىستانلىقلارنىڭ «ئىدرۇپىيدۇم» ناملىق مۇقەددەس كىتابىدا كەلمەكچى بولغان پەيغەمبەر سۈپەتلىنىپ، ئۇنىڭ ئىسمى بايان قىلىنغان: «ئى ئىنسانلار قۇلاق سېلىڭلار، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەر ئارىسىدا ئەۋەتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەتتا جەننەتتىمۇ ماختىلىدۇ. ئۇ جەننەتنى ئۆزىگە بويسۇنغۇچى قىلىدۇ. ئۇ بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر» دېيىلگەن. (20ـ قىسىم 127ـ بۆلۈم 70ـ ئابزاس 3ـ 1ـ ئىبارەتلەر)

4. ھىندىستانلىقلارنىڭ «بىفۇشىيابەرانىم» ناملىق مۇقەددەس كىتابىدا: « ئاشۇ زامانلاردا مۇھەممەد ئىسىملىك بىر

چەتئەللىك ئۆزىنىڭ ساھابىلىرى بىلەن بىللە قوزغىلىدۇ. ئۇ دۇنيانىڭ پەيغەمبىرى دەپ ئاتالغان، الله ئۇنى بەش ۋاقىت ناماز بىلەن گۇناھتىن پاكلايدۇ.» دېيىلگەن.

5. ھىندىستانلىقلارنىڭ «بىفۇشىيابەرانىم» ناملىق كىتابىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى: «ئۇلار خەتنە قىلدۇرىدۇ، بۇرۇتلىرىنى قويمايدۇ، ساقاللىرىنى ئۆستۈرىدۇ، ئۇلار جىھاد قىلغۇچىلاردۇر، ئۇلار يۇقىرى ئاۋاز بىلەن كىشىلەرنى نامازغا چاقىرىدۇ، چوشقىدىن باشقا كۆپلىگەن ھايۋانلارنى يەيدۇ. ئۇلار پاكلىنىش ئۈچۈن ‹دەربائى› دېگەن ئۆسۈملۈكنى ئىشلەتمەيدۇ. بەلكى شەھىدلەر پاكتۇر، ئۇلار ھەق ـ ناھەقنى ئايرىلاشتۇرغان كىشىلەرگە جەڭ ئېلان قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمان دەپ ئاتالدى.» دەپ سۈپەتلەنگەن. (3 ـ قىسىم 3 ـ بۆلۈم 27 ـ 28 ـ ئىبارەتلەر)

6. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىدىغان ۋاقتى، شەھەرلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ سۈپىتى توغرىلىق بېشارەت ئېلىپ كەلدى.

7. يەھۇدىيلارنىڭ تەۋراتى، خرىستىئانلارنىڭ ئىنجىلى، بەراھىم، مەجۇسىي ۋە زەردۇشتلارنىڭ كىتابلىرى ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدا يەنىلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە دەلىل بولىدىغان ئالامەتلەر مەۋجۇت بولىۋاتىدۇ.

خۇلاسە:

1. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ۋە ئىلاھى كىتابلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن، ئەۋەتىلىشىدىن ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان پاكىتلاردىن بېشارەت بەردى.

2. مۇشۇ كىتابلار گەرچە ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ راستلىقىغا دەلىل بولىدىغان نۇرلۇق پاكىتلار مەۋجۇت بولماقتا. بۇ دەلىللەر تەۋرات پارچىلىرى، ئىنجىل بەرنابادىن ئىبارەت خۇسۇسىي ئىنجىللار، بەھرىل مەيت قولىيازمىلىرى ۋە مۇسۇلمانلار ئەھلى كىتابقا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلغان پارس ۋە ھىندىستانلىقلاردا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مۇقەددەس كىتابلاردا ئوچۇق ئاشكارا خەۋەر قىلىنغان. بۇ بېشارەتلەر مۇشۇ كىتابلارنىڭ ئەھلىدىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا ياردەم بەردى.

## 12. دەرس: ئىلاھىي قوللاش (ياردەم)

ئىلاھىي قوللاش

سوئال: الله نىڭ قوللىشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەقىقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە پاكىت بارمۇ؟

جاۋاب: بىرەر ھۆكۈمەت ھۆكۈمەت پەرمانىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن مەلۇم بىر رايونغا ئۆز ۋەكىلىنى ئەۋەتكەن بولسا، ۋەكىل بىر قىسىم قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىپ، ھۆكۈمەتتىن ياردەم سورىسا، ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ، ئۇ دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلسا، ئۇنداقتا بۇ ۋەكىلنىڭ ھەقىقەتەن ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن ۋەكىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىمامدۇ؟ ھەر قانداق ئەقىللىق ئادەم بۇنىڭدا قەتئىي شەك قىلمايدۇ.

سوئال: الله ئۆزىنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى

كۆچەيتكەن ئىلاھىي قوللاش (ياردەم) قايسى؟

جاۋاب: الله ئۆزىنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى نۇرغۇن ئىشلاردا كۆچەيتتى. بىز بۇنىڭدىن بىر قىسىم مىساللارنى كەلتۈرىمىز.

ھىجرەتتىكى ئالامەتلەر

قۇرەيش كاپىرلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سۈرگۈن قىلىش، قاماپ قويۇش قاتارلىقلارنىڭ ھېچ قانداق نەتىجە بەرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ، قۇرەيشنىڭ ھەر بىر ئايمىقىدىن ياشلارنى تەشكىللىدى. ئۇلار پەيغەمبەرنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىنى قورشىدى. الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ يَمْكُرُ بِكَ الَّذِينَ كَفَرُواْ لِيُثْبِتُوكَ أَوْ يَقْتُلُوكَ أَوْ يُخْرِجُوكَ وَيَمْكُرُونَ وَيَمْكُرُ اللّهُ وَاللّهُ خَيْرُ الْمَاكِرِينَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار سېنى قاماقتا ئېلىش، ياكى ئۆلتۈرۈش ۋە ياكى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن مىكىر ئىشلەتتى، ئۇلار مىكىر ئىشلىتىدۇ، الله ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلىدۇ، الله نىڭ تەدبىرى ئۇلارنىڭ مىكرىدىن ئۈنۈملۈكتۇر.﴾ (8 ـ سۈرە ئەنفال 30 ـ ئايەت).

الله بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە خەۋەر قىلىپ، ئۇنىڭغا مەككىدىن مەدىنەگە ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەببىنىڭ مۇنۇ سۆزىنى تەكرارلىغىنىچە مەككىدىن چىقىپ كەتتى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقُل رَّبِّ أَدْخِلْنِي مُدْخَلَ صِدْقٍ وَأَخْرِجْنِي مُخْرَجَ صِدْقٍ وَاجْعَل لِّي مِن لَّدُنكَ سُلْطَانًا نَّصِيرًا﴾ ﴿پەرۋەردىگارىم! مېنى (قەبرەمگە) ئوڭۇشلۇق كىرگۈزگىن، (قەبرەمدىن) ئوڭۇشلۇق چىقارغىن، ماڭا دەرگاھىڭدىن ھەققە ياردەم بېرىدىغان قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن» دېگىن.﴾ (17 ـ سۈرە ئىسرا 80 ـ ئايەت).

الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ ئۆيىنى قورشاپ، ئۇزۇن كېچىدە ئۇنى قېچىشتىن توسقان قۇرەيش ياشلىرىدىن ئىبارەت دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىۋەتتى. الله مۇنداق دەيدۇ:﴿وَجَعَلْنَا مِن بَيْنِ أَيْدِيهِمْ سَدًّا وَمِنْ خَلْفِهِمْ سَدًّا فَأَغْشَيْنَاهُمْ فَهُمْ لاَ يُبْصِرُونَ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر توسۇق، كەينىدە بىر توسۇق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى پەردىلىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار (ئىماننىڭ يوللىرى توسۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن) ھېچنەرسىنى كۆرەلمەيدۇ.﴾ (36-سۈرە ياسىن 9-ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ھەمراھى ئەبۇ بەكرى-الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن-ئۇلارنى ئىزدەپ كەلگەن قوغلىغۇچىلاردىن پاناھلىنىش ئۈچۈن تاغ ئۆڭكۈرىگە كىردى. مەككە مۇشرىكلىرى مۇھاجىرلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، يوللارنى كۆزىتىپ، ھەرقانداق قېچىش ئىمكانىيىتى بولغان جايلارنى ئىنچىكە تەكشۈردى. ھەتتا قوغلىغۇچىلار پەيغەمبەر بىلەن ئەبۇ بەكرى يوشۇرۇنغان غارنىڭ ئېغىزىدا توختىدى. ئەبۇبەكرى (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) قورقۇپ كېتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پىچىرلاپ: «ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەرى پۇتىنىڭ ئاستىغا قارايدىغان بولسا، بىزنى كۆرۈپ قالىدۇ.» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله غا ۋە ئۇنىڭ ياردىمىگە تولۇق ئىشەنچ قىلغان ھالدا جاۋاب بېرىپ: «ئى ئەبۇبەكرى! سەن ئىككىمىز توغرىلىق نېمىنى ئويلاۋاتىسەن، الله ئىككىمىزنىڭ ئۈچىنچىسىغۇ؟» دېدى.

الله قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇلارنى غار ئېغىزىدىن ھەيدىۋەتتى. ئۇلار پەيغەمبەر بىلەن ئۇزلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر نەچچە قەدەملا

قالغان يەردىن زىيان تارتقان هالدا قايتىپ كەتتى.

الله بۇ هەقتە مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:﴿إِلاَّ تَنصُرُوهُ فَقَدْ نَصَرَهُ اللّهُ إِذْ أَخْرَجَهُ الَّذِينَ كَفَرُواْ ثَانِيَ اثْنَيْنِ إِذْ هُمَا فِي الْغَارِ إِذْ يَقُولُ لِصَاحِبِهِ لاَ تَحْزَنْ إِنَّ اللّهَ مَعَنَا فَأَنزَلَ اللّهُ سَكِينَتَهُ عَلَيْهِ وَأَيَّدَهُ بِجُنُودٍ لَّمْ تَرَوْهَا وَجَعَلَ كَلِمَةَ الَّذِينَ كَفَرُواْ السُّفْلَى وَكَلِمَةُ اللّهِ هِيَ الْعُلْيَا وَاللّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾ ﴿ئەگەر سىلەر الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلمىساڭلار (الله ياردەم قىلىدۇ)، الله ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار ئۇنى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقارغان ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى (يەنى ئەبۇبەكرى سىددىق) ھەمراھ ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. (رەسۇلۇللاھ) ھەمراھىغا:«غەم قىلمىغىن، الله ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە» دەيتتى،الله ئۇنىڭغا (يەنى پەيغەمبىرىگە) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، ئۇنىڭغا (پەرىشتىلەردىن بولغان) قوشۇنلار بىلەن مەدەت بەردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار، كاپىرلارنىڭ سۆزىنى (يەنى شېرىك كەلىمىسىنى) پەس قىلدى، الله نىڭ سۆزى (يەنى كەلىمە تەۋھىد) ئۈستۈندۇر، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾ (9-سۈرە تەۋبە 40-ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى تۆگىسىنى مەدىنە تەرەپكە ھەيدەپ ماڭدى. بىراق قۇرەيشلىك چەۋەندازلارنىڭ بىرى بولغان سوراقە ئىبنى مالىك ئۇلارغا يېتىشىۋالدى. سۇراقە ئۇلارغا يېقىنلاشقاندا ، ئات ئۇنى ئۈستىدىن ئىككى قېتىم يىقىتىۋەتتى. ئۇ ئۆز قىلمىشىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى بىلىپ، چاڭ - توزان باسقان ھالىتىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، پەيغەمبەرگە ئەمىنلىك تىلىدى ۋە ئەپۇ سورىدى. ھەمدە ئۇ ئىككىسىگە يېمەكلىك سۇندى. ئۇلار: «بىزنىڭ يېمەكلىككە ئېھتىياجىمىز يوق، سەن

www.uyghurkitap.com

بىزنى ئىزدەشنى توختاتقىن» دېدى.

سۇراقە ئەتىگەندىلا ئۇ ئىككىسىنى قوغلىغۇچى بولغان ئىدى، مانا ئەمدى كەچتە ئۇلارنى قوغدىغۇچى بولدى. ئاشۇ ئەھۋالنى قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ئۆز ۋاقتىدىلا خاتىرىلىگەن. الله ئۇنى بىزگە ئىبرەت ۋە پاكىت قىلىش ئۈچۈن تا بۈگۈنگىچە ساقلىدى. مانا بۇ الله نىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى ئەمەسمۇ؟

## بەدرى ئۇرۇشىدىكى پاكىتلار

﴿وَلَقَدْ نَصَرَكُمُ اللّهُ بِبَدْرٍ وَأَنتُمْ أَذِلَّةٌ فَاتَّقُواْ اللّهَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾ ﴿الله سىلەرگە بەدرىدە نۇسرەت ئاتا قىلدى، ھالبۇكى، سىلەر كۈچسىز ئىدىڭلار (سانىڭلار ۋە قۇراللىڭلار ئاز ئىدى). الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نۇسرىتىگە شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن الله دىن قورقۇڭلار.﴾ (3-سۈرە ئال ئىمران 123-ئايەت).

مۇسۇلمانلار قۇرەيشلەرنىڭ كارۋانلىرىنى توسۇش ئۈچۈن، يەتمىش تۆگىلىك قوشۇن بولۇپ چىقتى. ئۇلارنىڭ سانى پەقەت ئۈچيۈزلا(300) ئىدى. كارۋانلار قۇرەيشلەردىن ياردەم سورىدى. قۇرەيشلەر توققۇز يۈز (900) كىشىلىك قوشۇن بىلەن چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىككى يۈز (200) كىشىلىك ئاتلىق ئەسكىرى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتلىنىشتىن بۇرۇن ئۇرۇش قىلىش توغرىلىق ساھابىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەن ئىدى. نۇرغۇن ساھابىلەر بۇ ئىشنى الله نىڭ ئەلچىسىگە تاپشۇردى. لېكىن ئاز بىر قىسىم ساھابىلەر مۇسۇلمانلار جەڭگە تەييارلىق قىلمىغانلىقى، دۈشمەنلەرنىڭ سانى ۋە تەييارلىقى ئۇلاردىن كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، دۈشمەنلەر ئالدىدا مەغلۇب بولۇشتىن قورقۇپ، جەڭ

قىلىشىنى خالىمىدى. ئۇلار بۇ قېتىمقى جەڭ پەقەت ئۆلۈمگىلا ئېلىپ بارىدۇ دەپ ئويلىغان ئىدى. الله ئۇلار توغرىلىق مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:﴿كَمَا أَخْرَجَكَ رَبُّكَ مِن بَيْتِكَ بِالْحَقِّ وَإِنَّ فَرِيقاً مِّنَ الْمُؤْمِنِينَ لَكَارِهُونَ يُجَادِلُونَكَ فِي الْحَقِّ بَعْدَمَا تَبَيَّنَ كَأَنَّمَا يُسَاقُونَ إِلَى الْمَوْتِ وَهُمْ يَنظُرُونَ﴾ ﴿(غەنىيمەت تەقسىماتى توغرىسىدىكى ھۆكۈمنىڭ الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاس قىلىنغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ياقتۇرمىغانلىقى) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى ھەقلىق رەۋىشتە ئۆيۈڭدىن (يەنى ئۆيۈڭ جايلاشقان مەدىنىدىن ئۇرۇشقا) چىقارغانلىقىنى (ئۇلارنىڭ ياقتۇرمىغانلىقىغا) ئوخشايدۇ، مۆمىنلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشقا چىقىشنى) ئەلۋەتتە يامان كۆرىدۇ . ئۇلار گويا (ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان ئۆلۈمگە ھەيدىلىۋاتقاندەك، ھەقىقەت ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، ھەقىقەت (يەنى ئۇرۇشقا چىقىش مەسىلىسى) ئۈستىدە سەن بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ.﴾ (8ـ سۈرە ئەنفال 5~6ـ ئايەتلەر).

بىراق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەڭ قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، ساھابىلىرىغا: « مېڭىڭلار، خۇش ـ بېشارەت ئېلىڭلار، الله ماڭا ئىككى غەلىبەنىڭ بىرىنى ۋەدە قىلدى. الله بىلەن قەسەمكى، مەن گويا قەۋملەرنىڭ جەڭ قىلغانلىقىغا قارىغاندەك بولىۋاتىمەن» دېدى.

بۇ ھەقتە الله نىڭ مۇنۇ سۆزى نازىل بولدى: ﴿وَإِذْ يَعِدُكُمُ اللّهُ إِحْدَى الطَّائِفَتِيْنِ أَنَّهَا لَكُمْ وَتَوَدُّونَ أَنَّ غَيْرَ ذَاتِ الشَّوْكَةِ تَكُونُ لَكُمْ وَيُرِيدُ اللّهُ أَن يُحِقَّ الحَقَّ بِكَلِمَاتِهِ وَيَقْطَعَ دَابِرَ الْكَافِرِينَ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا الله ئىككى گۇرۇھ (بىرى مۇشرىكلار كارۋانى، يەنە بىرى مۇشرىكلار قوشۇنى ) دىن بىرىنىڭ قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ۋەدە قىلدى، سىلەر

قورالسىز كۆرۈھنىڭ (يەنى كارۋاننىڭ) قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ياقتۇردۇڭلار. ﷲ ئۆز سۆزلىرى ئارقىلىق ھەقنى ھەق قىلىشنى (يەنى ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىشنى)، كاپىرلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇشنى خالايدۇ.﴾ (8ـ سۈرە ئەنفال 7ـ ئايەت).

خاتىرجەملىك بېغىشلىغۇچى مۇگدەش بىلەن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەتراپىدىكى ھاۋانى سالقىنلاشتۇرىدىغان، قۇملۇقنى ئۇلارنىڭ قەدەملىرى ئاستىدا چىڭىتقان، ئاندىن ئۇلارنىڭ پۇتلىرى قۇمغا پېتىپ كەتمەيدىغان دەرىجىدە تەكشى تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرىدىغان يامغۇردىن ئىبارەت ئىلاھىي غەلىبىنىڭ بېشارەتلىرى ئاشكارا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۈشمەن تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. مانا بۇ خىل قورقۇنچ كۈچ ـ قۇۋۋەت ، مۇستەھكەملىك ۋە ئىشەنچكە ئايلاندى. ﷲ بۇ ئەھۋالنى ئۆز كىتابىدا خاتىرىلەپ مۇنداق دېدى :﴿إِذْ يُغَشِّيكُمُ النُّعَاسَ أَمَنَةً مِّنْهُ وَيُنَزِّلُ عَلَيْكُم مِّن السَّمَاء مَاء لِّيُطَهِّرَكُم بِهِ وَيُذْهِبَ عَنكُمْ رِجْزَ الشَّيْطَانِ وَلِيَرْبِطَ عَلَى قُلُوبِكُمْ وَيُثَبِّتَ بِهِ الأَقْدَامَ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا ﷲ تىنچلاندۇرۇش يۈزىسىدىن سىلەرگە ئۇيقۇ بېغىشلىدى؛ (تاھارەت ئېلىپ، غۇسلى قىلىپ) پاك بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن، (ﷲ نىڭ ياردىمىگە ئىشەنچ قىلىپ) كۆڭلۈڭلارنىڭ توق تۇرۇشى ئۈچۈن، قەدىمىڭلارنىڭ (قۇمغا پېتىپ كەتمەي) مەزمۇت تۇرۇشى ئۈچۈن، ﷲ سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى.﴾ (8ـ سۈرە ئەنفال 11ـ ئايەت).

1. ئەتىلا ئۆلۈمگە ھەيدىلىدىغاندەك، قورقۇۋاتقان مۇسۇلمانلارغا ئۇيقۇنى چۈشۈرۈشتە ئىلاھى كۈچنىڭ بارلىقىنى كۆرمەيۋاتامسىز؟

2. قورقۇنچنىڭ خاتىرجەملىككە ئايلىنىشى ئىلاھى ياردەم ئىكەنلىكىنى كۆرمەيۋاتامسىز؟

3. قەدەملەرنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش ۋە بەدەنلەرنى پاكلاش ئۈچۈن، يامغۇرنى چۈشۈرۈشنىڭ ئىلاھى ياردەم ئىكەنلىكىنى كۆرمەيۋاتامسىز؟

مانا بۇلار الله نىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىنىڭ تۇنجى بىشارەتلىرىدۇر. ئىككىنچى قېتىمقى ئىلاھى تەدبىر ۋە ياردەم تۆۋەندىكى ئىككى گۇرۇھنىڭ ئۇچرىشىش باسقۇچىدا كېلىدۇ. ئۇچرىشىش تاماملىنىپ، الله سەۋەبلىرىنى تەييارلىغان جەڭنىڭ چوقۇم بولىشى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارغا كاپىرلارنى، كاپىرلارغا مۇسۇلمانلارنى ئاز كۆرسەتتى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ يُرِيكُمُوهُمْ إِذِ الْتَقَيْتُمْ فِي أَعْيُنِكُمْ قَلِيلاً وَيُقَلِّلُكُمْ فِي أَعْيُنِهِمْ لِيَقْضِيَ اللّهُ أَمْرًا كَانَ مَفْعُولاً وَإِلَى اللّهِ تُرْجَعُ الأمُورُ﴾ ﴿الله بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، (دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلسۇن دەپ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارغا ئاز كۆرسەتتى ۋە سىلەرنى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە (سىلەرگە قارشى تەييارلىقتا بولمىسۇن دەپ) ئاز كۆرسەتتى. ھەممە ئىش الله غا قايتۇرۇلىدۇ (الله ئۆزى خالىغانچە ھۆكۈم قىلىدۇ).﴾ (8-سۈرە ئەنفال 44-ئايەت).

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەيدۇ:

«بىز مۇشرىكلارنى كۆردۇق. ئۇلارنى بىزدىن ئاجىز كېلىدۇ دەپ ئويلىدۇق. چۈنكى بىز ئۇلارنى بىرمۇ ئادەم بىزدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى كۆرمىدۇق.»

مانا بۇ الله نىڭ مۇنۇ سۆزىدە تىلغا ئېلىنغان: ﴿وَإِذْ يُرِيكُمُوهُمْ إِذِ الْتَقَيْتُمْ فِي أَعْيُنِكُمْ قَلِيلاً وَيُقَلِّلُكُمْ فِي أَعْيُنِهِمْ﴾ ﴿دۈشمەن بىلەن

ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، (دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلسۇن دەپ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارغا ئاز كۆرسەتتى ۋە سىلەرنى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە (سىلەرگە قارشى تەييارلىقتا بولمىسۇن دەپ) ئاز كۆرسەتتى.﴾ (8 ـ سۈرە ئەنفال 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

جەڭ ۋاقتىدا مۇسۇلمانلارنى مۇشرىكلارنىڭ نەزىرىدە كۆپ كۆرسىتىش الله نىڭ ۋاقتىدا قىلغان ياردىمىدۇر. ئالىملار الله نىڭ سۆزىدىكى بۇ ۋەقەنى ئەنە شۇنداق تەپسىرلەيدۇ:

﴿قَدْ كَانَ لَكُمْ آيَةٌ فِي فِئَتَيْنِ الْتَقَتَا فِئَةٌ تُقَاتِلُ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَأُخْرَى كَافِرَةٌ يَرَوْنَهُم مِّثْلَيْهِمْ رَأْيَ الْعَيْنِ وَاللّهُ يُؤَيِّدُ بِنَصْرِهِ مَن يَشَاء إِنَّ فِي ذَلِكَ لَعِبْرَةً لَّأُوْلِي الأَبْصَارِ﴾ ﴿(ئى يەھۇدىيلار جامائەسى! بەدرىدە جەڭ ئۈچۈن) ئۇچراشقان ئىككى گۇرۇھتا سىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار، بىرى الله يولىدا ئۇرۇشۇۋاتقان گۇرۇھتۇر، يەنە بىرى مۇسۇلمانلارنى (سانىنى) ئۆزلىرىدەك ئىككى باراۋەر ئوپئوچۇق كۆرگەن كاپىرلار گۇرۇھىدۇر (يەنى الله كاپىرلارغا قورقۇنچ سېلىش بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇشتىن قول يىغدۇرۇش ئۈچۈن، كاپىرلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى جىق كۆرسەتتى). الله خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىپ قوللايدۇ. بۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەت بار.﴾ (3 ـ سۈرە ئال ئىمران 13 ـ ئايەت).

شۇنداقتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله دىن ياردەم سوراشنى ئۇنتۇپ قالماي، دۇئا قىلىپ يېلىندى: «ئى الله ، ئەگەر سەن بۇ گۇرۇھنى (مۇسۇلمانلارنى) ھالاك قىلىۋەتسەڭ، بۇنىڭدىن كېيىن زېمىندا ئىبادەت قىلىدىغان ئادەم قالمايدۇ. ماڭا قىلغان ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بەرگىن»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى سىقىلىپ كەتتى. ئاندىن

كېيىن :«ئى ئەبۇبەكرى، خوش ـ بېشارەت ئالغىن. ساڭا الله نىڭ ياردىمى كەلدى. جىبرىئىل ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتقان هالدا، پەرىشتىلەرنى جەڭ مەيدانىغا باشلاپ كېتىۋاتىدۇ.» دېدى.

الله پەيغەمبەرگە ۋە مۆمىنلەرگە ياردەم بېرىش بىلەن ئېهسان قىلدى ۋە ئۇنى ئۆز كىتابىدا خاتىرلىدى:﴿إِذْ تَسْتَغِيثُونَ رَبَّكُمْ فَاسْتَجَابَ لَكُمْ أَنِّي مُمِدُّكُم بِأَلْفٍ مِّنَ الْمَلآئِكَةِ مُرْدِفِينَ وَمَا جَعَلَهُ اللّهُ إِلاَّ بُشْرَى وَلِتَطْمَئِنَّ بِهِ قُلُوبُكُمْ وَمَا النَّصْرُ إِلاَّ مِنْ عِندِ اللّهِ إِنَّ اللّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، الله :«سىلەرگە ئارقىمۇ ـ ئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن» دەپ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى. الله سىلەرگە پەقەت (غەلىبە قىلىدىغانلىقىڭلارغا) بېشارەت بېرىش ۋە كۆڭلۈڭلارنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈنلا ياردەم بەردى. ياردەم پەقەت الله تەرىپىدىنلا كېلىدۇ. الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾ (8ـ سۈرە ئەنفال 9~10ـ ئايەتلەر).

پەرىشتىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىرلارنىڭ گەدىنىگە ۋە بارماقلىرىغا ئۇرۇش ھەمدە قارغا ئېلىش ئىشلىرىدا ئۇلارغا ياردەم بەردى. قۇرئان كەرىم بۇ ئەھۋالنى خاتىرىلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذْ يُوحِي رَبُّكَ إِلَى الْمَلآئِكَةِ أَنِّي مَعَكُمْ فَثَبِّتُواْ الَّذِينَ آمَنُواْ سَأُلْقِي فِي قُلُوبِ الَّذِينَ كَفَرُواْ الرَّعْبَ فَاضْرِبُواْ فَوْقَ الأَعْنَاقِ وَاضْرِبُواْ مِنْهُمْ كُلَّ بَنَانٍ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ شَآقُّواْ اللّهَ وَرَسُولَهُ وَمَن يُشَاقِقِ اللّهَ وَرَسُولَهُ فَإِنَّ اللّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ ذَلِكُمْ فَذُوقُوهُ وَأَنَّ لِلْكَافِرِينَ عَذَابَ النَّارِ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۆمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن» دەپ ۋەھى

قىلدى. (قىلىچ بىلەن كاپىرلارنىڭ) گەدەنلىرىگە چېپىڭلار (يەنى باشلىرىنى كېسىڭلار)، ئۇلارنىڭ بارماقلىرىغا (ھەممە ئەزاسىغا) چېپىڭلار. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار اللە غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلدى. كىمكى اللە غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلىدىكەن، اللە ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ. (ئى كاپىرلار جامائەسى! بۇ دۇنيادا) مۇشۇنداق جازانى تېتىڭلار. كاپىرلار (ئاخىرەتتە) دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ.﴾ (8 ـ سۈرە ئەنفال 12～14 ـ ئايەتلەر).

قۇرەيشلەر ئۇزاق ئۆتمەيلا مەككە كاپىرلىرىنىڭ باشلىقلىرى ۋە قۇرەيش كاتتىۋاشلىرىدىن يەتمىش نەپەر ئۆلۈكنى ۋە يەتمىش نەپەر ئەسىرنى تاشلاپ قويغىنىچە قېچىپ كەتتى. مۇسۇلمانلاردىن ئون تۆت نەپەر كىشى شەھىد بولدى.

## ئەھزاب ئۇرۇشىدىكى ئالامەتلەر

سوئال: يەنە باشقا مىساللار بارمۇ؟

جاۋاب: شۇنداق ، مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئۇ بولسا شامال ۋە اللە گۇرۇھلارغا ئەۋەتكەن اللە نىڭ قوشۇنلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، اللە بۇنى ئۆز كىتابىدا ئەھزاب سۈرىسى دەپ ئاتالغان مەخسۇس سۈرىدە خاتىرىلىگەن.

يەھۇدىيلار ئىسلامغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ھەممىنى يىغدى. ئۇلار تاغ ۋە تۈزلەڭلىككە توشۇپ كەتكەن گۇرۇھلار بىلەن غەلىبە قىلدى. لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشۇ غەرەزدە كولىغان خەندەكلىرى، ئۇلارنىڭ ئات بىلەن قىلغان ھۇجۇمىغا توسالغۇ بولدى. اللە

ئەھزاب قوشۇنىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا يەتكەن قورقۇنچ ۋە ئاچلىقنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذْ جَاؤُوكُم مِّن فَوْقِكُمْ وَمِنْ أَسْفَلَ مِنكُمْ وَإِذْ زَاغَتْ الْأَبْصَارُ وَبَلَغَتِ الْقُلُوبُ الْحَنَاجِرَ وَتَظُنُّونَ بِاللَّهِ الظُّنُونَا هُنَالِكَ ابْتُلِيَ الْمُؤْمِنُونَ وَزُلْزِلُوا زِلْزَالًا شَدِيدًا﴾ ﴿ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان، الله ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار. بۇ يەردە مۆمىنلەر سىنالغان ۋە (بېشىغا كەلگەن كۈننىڭ قاتتىقلىقىدىن گويا ئۇلارنى يەر سىلكىگەندەك) قاتتىق تەۋرىنىشكە ئۇچرىغان ئىدى.﴾ (33ـ سۈرە ئەھزاب 10~11ـ ئايەتلەر).

ئەمما الله مۇناپىقلارنىڭ قەلبىدىكى سىرلارنى ئاشكارىلىدى. ئۇلار پەيغەمبەر خەۋەر قىلغان مەككىنى پەتھى قىلىش ۋەقەسىنى مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى ۋە ئۇنى ئالدامچىلارنىڭ ئارزۇسى دەپ گۇمان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جىبرىئىل كەلگەندە بولغان الله بىلەن قەسەمكى، سىلەردىن سىلەر كۆرۈۋاتقان جاپا ۋە قورقۇنچ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. مەن بەيتۇللانى خاتىرجەم تاۋاپ قىلىشنى، الله كەئبىنىڭ خەزىنىلىرىنى ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىشنى، كىسرا بىلەن قەيسەرنى ھالاك قىلىپ، ئۇلارنىڭ بايلىقلىرىنى الله يولىدا چىقىم قىلىشىمنى ئۈمىد قىلىمەن،» دېدى. لېكىن مۇناپىقلار پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىپ، ئۆز ئورۇنلىرىدىن قېچىشقا ئورۇنماقتا ئىدى. الله بۇ ۋەقەنى ئۆز كىتابىدا خاتىرلىدى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ يَقُولُ الْمُنَافِقُونَ وَالَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ مَّا وَعَدَنَا اللَّهُ وَرَسُولُهُ إِلَّا غُرُورًا وَإِذْ قَالَت طَّائِفَةٌ مِّنْهُمْ يَا أَهْلَ يَثْرِبَ لَا مُقَامَ لَكُمْ فَارْجِعُوا وَيَسْتَأْذِنُ فَرِيقٌ مِّنْهُمُ النَّبِيَّ يَقُولُونَ إِنَّ بُيُوتَنَا عَوْرَةٌ وَمَا هِيَ بِعَوْرَةٍ إِن

يُرِيدُونَ إِلَّا فِرَارًا﴾ ﴿ئەينـى ۋاقىتتـا مۇنـاپىقلار ۋە دىللىرىـدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلار: «اللّٰه ۋە ئۇنـىڭ پەيغەمبىرى بىزگە قـۇرۇق ۋەدىلەرنـى قىلىپـتىكەن» دېيىشـەتتى. ئەينـى ۋاقىتتـا ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم: «ئى يەسرىبلىكلەر! بۇ يەردە تۇرماي قـايتىڭلار!» دېيىشـەتتى، ئـۇلاردىن يەنە بىـر گـۇرۇھ ئـادەم: «بىزنىـڭ ئـۆيلىرىمىز ھەقىـقەتەن ئوچۇقچىلىقتـا» دېيىشـىپ، پەيغەمـبەردىن رۇخسـەت سورىشـاتتى، بۇلارنىـڭ ئـۆيلىرى ئوچۇقچىلىقتا ئەمەس، ئـۇلار پەقەت قېچىشنىلا ئويلايـدۇ.﴾ (33-سۈرە ئەھزاب 12~13-ئايەتلەر).

اللّٰه ئۆز ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كاپىرلارنى مەغلۇب قىلىش ئۈچۈن قوشـۇن ئەۋەتىـپ، ھەمـمە تەرەپـتىن قورشاۋدا قالغـان مۆئمىنلەرگە ياردەم بەردى. بىز گەپنى اللّٰه نىڭ قوشۇنى چۈشكەن كېچىـدە ، قەۋمـلەر ئىچىـدە نىمە ئەھۋالنىـڭ يـۈز بەرگەنلىكىنـى بىلىش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەۋەتكەن ھۇزەيفە ئىبنى يەمانغا قويۇپ بېرەيلى: ھـۇزەيفە ئىـبنى يەمـان -اللّٰه ئۇنىڭـدىن رازى بولسـۇن- مۇنداق دەيدۇ:

«مەن بـاردىم ۋە قەۋملەرنىـڭ ئىچىـگە كىـردىم. شـامال ۋە اللّٰه نىڭ قوشۇنلىرى ئۇلارنى ناھايىتى ۋەيران قىلىۋېتىپتۇ. ئۇلارغـا ئۇلارنىـڭ قـازان، ئـوت ۋە قۇرۇلۇشـلىرىنىمۇ قالـدۇرۇپ قويمـاپتۇ. ئەبـۇ سـوفيان ئورنىـدىن تـۇردى ۋە «ئـى قۇرەيشـلەر گـۇرۇھى ! سـىلەردىن ھەر بىـر ئـادەم ئۆزىنىـڭ يېنىـدا كىـم ئولتۇرغانلىقىغـا قارىسـۇن!» دېـدى. مەن يېنىمـدىكى ئادەمنىـڭ قـولىنى تۇتتـۇم ئانـدىن «سەن كىم؟» دېدىم. ئۇ «مەن پـالانى» دېـدى. ئانـدىن كېيىن ئەبۇ سۇفيان ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئـى قۇرەيشـلەر گـۇرۇھى! سىلەر مـۇقىم ئورۇنـدا بولـدۇڭلار، ئـاتلار ھـالاك بولـدى. بەنـۇ

قۇرەيزىلىكلەر بىرگە قارشىلىق قىلدى. ئۇلاردىن بىرگە يامانلىقلار يەتتى. بىز سىلەر كۆرۈۋاتقان قاتتىق شامالدىن چىڭ تۇرالمايدىغان، قازانلىرىمىزنى خاتىرجەم قويالمايدىغان ۋە ئوتلىرىمىزنى قالىيالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق. مەن بىلەن چىقىڭلار» دېدى. ئاندىن كېيىن تۆگىسى تەرەپكە باردى. ۋەھالەنكى ئۇنىڭ تۆگىسى باغلانغان ئىدى. ئۇ تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى ۋە ئۇنى ئۇردى. تۆگە ئۈچ قېتىم سەكرىدى. الله بىلەن قەسەمكى، ئەبۇ سۇفيان تۆگىنىڭ ئارغامچىسىنى ئۆرە تۇرغان ھالىتىدە يەشتى. گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسى كېچىدە شامال ۋە الله نىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قوغلىشىدىن قېچىپ، ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى تاڭ سەھەردە الله نىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان نېمەتلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن الله غا ھەمدۇ-سانا ۋە تەشەككۇر ئېيتقان ھالدا چىقتى: «يەككە - يېگانە بولغان، ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرغان، ئۆز قوشۇنىنى ھۆرمەتلىگەن، مۇشرىكلار گۇرۇھىنى يالغۇز مەغلۇپ قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچ شەيئى بولمىغان الله غا چەكسىز گۈزەل مەدھىيەلەر بولسۇن!»

قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارغا الله نىڭ ئۇلارغا قىلغان نېمەتلىرىنى ئەسلەتكەن ھالدا نازىل بولدى. بۇ ئايەت الله چۈشۈرگەن ۋە ساقلىغان كىتابتا خاتىرىلەندى: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اذْكُرُوا نِعْمَةَ اللَّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ جَاءَتْكُمْ جُنُودٌ فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ رِيحًا وَجُنُودًا لَّمْ تَرَوْهَا وَكَانَ اللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرًا﴾ ﴿ئى مۆمىنلەر ! الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا ئۈستۈڭلارغا (كۇففارلاردىن ئۇيۇشقان ئۇرۇشقۇچى) قوشۇن كەلگەن ئىدى. بىز ئۇلارغا قارشى بوران ۋە سىلەرگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇن (يەنى

www.uyghurkitap.com

پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتتۇق، الله سىلەرنىڭ قىلغان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.﴾ (33-سۈرە ئەھزاب 9-ئايەت).

مۇنازىرە:

1. پەيغەمبەرنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆيىنى قورشاپ تۇرغان ئون نەچچە ياشنىڭ ئارىسىدىن ساق-سالامەت چىقىپ كېتىشى الله نىڭ ئۆز پەيغەمبىرىگە قىلغان ياردىمى ئەمەسمۇ؟ بۇ الله نىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تەستىقلاپ كۈچەيتكەنلىكى ئەمەسمۇ؟

2. پەيغەمبەرنى قوغلىغۇچى كاپىرلارنىڭ ئۇنى ۋە ھەمراھىنى يوشۇرۇنغان غار ئېغىزىدىن تاپالماي زىيان تارتقان ھالدا قايتىپ كېتىشى الله نىڭ ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلغان ياردىمى ئەمەسمۇ؟

3. پەيغەمبەرنى قوغلاپ كەلگەن چەۋەنداز سۇراقە ئىبنى مالىكنى ئاتىنىڭ يىقىتىۋېتىشى ۋە ئۇنىڭ كاپىرلارغا كۆرۈنمەي پەيغەمبەرگە يېقىنچىلىق قىلىشى الله نىڭ ئۆز پەيغەمبىرىنى قوللىغانلىقى ۋە كۈچەيتكەنلىكى ئەمەسمۇ؟

4. قورقۇۋاتقان مۇسۇلمانلارغا ئۇيقۇنىڭ چۈشۈشى ۋە ئۇلاردىكى قورقۇنچنىڭ خاتىرجەملىككە ئايلىنىشى الله نىڭ ئۆز پەيغەمبىرىگە قىلغان قوللىشى، ياردىمى ۋە تەستىقلىشى ئەمەسمۇ؟

5. بەدرى ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارنىڭ قەدەملىرىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش ۋە ئۇلارنى پاكلاش ئۈچۈن يامغۇرنىڭ چۈشۈشى الله نىڭ ياردىمى ئەمەسمۇ؟

6. جەڭ مەيدانىدا كاپىرلارنىڭ كۆزىگە مۇسۇلمانلارنى ئاز كۆرسىتىش ۋە مۇسۇلمانلارغا كاپىرلارنى ئاز كۆرسىتىش الله نىڭ

ئۆز پەيغەمبىرى ۋە قوشۇنىغا قىلغان ياردىمى ئەمەسمۇ؟

7. كاپىرلارنىــــڭ گەدەنلىــــرىگە ۋە بارماقلىرىغـــا ئـــۇرۇش، مۆئمىنلارنىڭ قارغا ئىلىش ئىشلىرىدا پەرىشتىلەرنىڭ چۈشۈشى الله تەرەپتىن مۇسۇلمانلارغا كەلگەن ئىلاھى ياردەم بولۇپ، ئۇلار بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرىسىدىكى سان ۋە تەييارلىقنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ بولسىمۇ، بىراق، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز دۈشمىنىنى مەغلۇب قىلىپ، كاپىرلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن يەتمىش ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، يەتمىش ئادەمنى ئەسىرگە ئېلىشى ئىلاھى ياردەمنىڭ ھەقىقى ئىپادىسى ئەمەسمۇ؟

8. كاپىرلارنىــــڭ ســـەپەر مۇشـــەققىتى، ئـــۇزۇن مەزگىـــل مۇھاسىرىگە ئېلىنىشى، ئۇلارنى زىيان تارتقان ھالىتىدە قايتۇرۇش ۋە ئۇلارنى پارچىلىۋېتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن شامال ۋە الله نىڭ قوشۇنى الله نىڭ ئۆز پەيغەمبىرىگە قىلغان ياردىمى ۋە قوللىشى ئەمەسمۇ؟ بۇلار ئۇنىڭ ھەقىقى پەيغەمبەرلىكىنى تەستىقلايدىغان ئالامەت ئەمەسمۇ؟

## قۇرئان كەرىم راستچىل خاتىرە

سوئال: قۇرئان كەرىمگە ئىشەنمەيدىغان ئادەم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ۋە الله ئۇنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن ئەلچى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىز بۇ زامانلاردا كۆرمىگەن ۋەقەلەرنىڭ دەلىل پاكىتلىرىغا قانداق قانائەت قىلىدۇ؟

جاۋاب: مۇشۇ ھادىسەلەرنىڭ قۇرئان كەرىمگە خاتىرىلەنگىنىلا دەلىل كەلتۈرۈشكە يېتەرلىك بولىدۇ.

سوئال: بۇلارنى قانداق چۈشىنىش كېرەك ؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم ئۆزگەرتىلىشتىن قەتئىي ساقلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىرمۇ ھەرپ ئۆزگەرتىلمىدى. بۇ مەزمۇنلار قولىڭىزدىكى قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرە ئەھزاب توققۇزىنچى ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان. ناھايىتى روشەنكى، رۇسىيە، جۇڭگو، ھىندىستان ۋە ئافرىقا دۆلەتلىرىدە بېسىلغان قۇرئان كەرىمدىكى ھەرپ ۋە سۆزلەر لوندون، ئىسرائىلىيە، قاھىرە ۋە سەنئا شەھەرلىرىدىكى رادىئو تارقاتقۇچىلار ھەركۈنى الله نىڭ كىتابىدىن تارقىتىۋاتقان ئايەتلەرنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

سوئال: ئەگەر كاپىر قۇرئان كەرىمدە خاتىرىلەنگەن خەۋەر ۋە ھادىسەلەرنىڭ توغرىلىقى ھەققىدە شەك قىلسا، ئۇنىڭغا قانداق رەددىيە بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: قۇرەيش ۋە ئەرەب كاپىرلىرى، مەدىنەلىك يەھۇدىيلار ئاددىي نەرسىلەر بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭ «يالغانچىلىقى»نى ئاشكارا قىلىشقا ناھايىتى قىزىقىپ كەتكەن ئىدى. ئەگەر قۇرئان كەرىم شامال ۋە الله نىڭ قوشۇنى گۈرۈھلارغا چۈشتى ۋە ئۇلارنى قوغلىۋەتتى دېگەن ھادىسە يۈز بەرمىدى دېگەن بولسا، كاپىرلار «مۇھەممەدنىڭ قانداق يالغانچى ئىكەنلىكىگە قاراڭلار، شامال بىزنى قوغلىۋەتتى بىراق ئۇ بۇ ۋەقەنى يۈز بەرمىدى دەۋاتىدۇ. ئۇ يالغانچى، ئۇ پەيغەمبەر ئەمەس، الله يالغان سۆزلىمەيدۇ» دېگەن بولاتتى. مۇناپىقلار بۇ خەۋەرنى مۇسۇلمانلار ئىچىدە تارقىتىپ يۈرەتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ جاسارەتلىرى بوشىشىپ، ئۇلار يالغانلىقى ۋە ساختىلىقى ئاشكارا بولغان دىندىن قايتىپ، نامازنى ئادا قىلىش، رامزان ئېيىدا روزا تۇتۇش، بەيتۇللانى تاۋاپ

قىلىش، زاكات بېرىش ئىشلىرىدا ھۇرۇنلۇق قىلغان بولاتتى ۋە دىنىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلگىنى ئۈچۈن كىشىلەرنى ئۇرۇش قىلىشتىن توسقان بولاتتى.

بىراق بۇنداق ئىشلار يۈز بەرمىدى. چۈنكى قۇرئان كەرىم پەقەت كاپىرلارنى كۇفرىلىق ۋە جاھىللىقنى تاشلاپ، توپ-توپ بولۇپ، الله نىڭ دىنىغا كىرگۈزىدىغان ۋە مۆئمىنلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىدىغان ھەقىقەتنىلا سۆزلىدى. مۆمىنلەر قۇرئاننى ئوقۇغانسېرى، الله نىڭ ئۆز پەيغەمبىرىنى كۈچەيتكەنلىكى ۋە مۆئمىنلەرگە ياردەم بەرگەنلىكىنى ئەسلەيدۇ. بۇ ۋەقەلەر ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان الله نىڭ كىتابىدا بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنى كاپىرلارمۇ ئاڭلاپ يالغانغا چىقارمىدى. ئۇنى مۆمىنلەر ئاڭلىغاندا ئۇلارنىڭ ئىمانىنى تېخىمۇ زىيادە قىلدى. ئۆز ئەقلىنى ھۆرمەتلەيدىغان ئادەمگە قۇرئان كەرىم توغرىلىق شەك قىلىشقا ئورۇن يوق. بەلكى، ئەقىللىق ئادەم ئۇنى تەستىقلاشتا خۇددى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئادەمگە ئوخشاش بولىدۇ.

خۇلاسە:

1. الله دىن باشقىسى قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان ۋە ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قوللاش ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن پەيدا قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان ھادىسەلەر پەيغەمبەرلىك پاكىتلىرى بولۇپ، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولىدۇ.

2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلغاندا، الله ئۇنى قورشاپ تۇرغانلارنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىش، پەيغەمبەرنىڭ غارى ئالدىدا توختىغان قوغلىغۇچىلارنىڭ كۆزلىرىنى غەلەت قىلىش ۋە چېنىققان چەۋەنداز سۇراقەنى ئاتتىن يىقىتىۋېتىش ئارقىلىق

ياردەم بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا الله مۇجاھىدلارنىڭ قەدەملىرىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش ۋە ئۇلارنى پاكلاش ئۈچۈن ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇردى. الله ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى جەڭ مەيدانىدا مۇسۇلمانلارنىڭ كۆزىگە كاپىرلارنى ئاز كۆرسىتىش، مۇشرىكلارنىڭ كۆزىگە مۇسۇلمانلارنى ئاز كۆرسىتىش، مۆئمىنلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى خاتىرجەم قىلىش، كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە خانە - ۋەيران قىلىش ئۈچۈن پەرىشتىلەرنى چۈشۈرۈش بىلەن كۈچەيتتى.

3. الله ئۆز قوشۇنىغا ـئەھزاب ئۇرۇشىداـ كاپىرلار گۇرۇھىنى پارچىلىۋېتىدىغان ۋە ئۇلارنى زىيان تارتقان ھالىتىدە كەينىگە قايتۇرۇۋېتىدىغان شامال ۋە قوشۇن ئەۋەتىش بىلەن ياردەم بەردى.

4. الله قۇرئان كەرىمدە خاتىرىلىگەن ھادىسەلەر ۋە قۇرئان كەرىم چۈشۈش جەريانىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەقىقى چىن ۋەقەلەر بولۇپ، مەيلى مۇسۇلمان ياكى كاپىر بولسۇن ھېچكىم ئۇنىڭ راستلىقىدا شەك قىلمايدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم مۇسۇلمان ۋە كاپىرلار ئارىسىدا تارقىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدا ساختىلىق بايقالسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يالغانغا چىقىرىش ئۈچۈن باھانە تاپالماي ئاران تۇرغان كاپىرلارنىڭ خۇشاللىقتىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتمەمدۇ؟ بىراق، دەل ئەكسىچە قۇرئاندىكى ۋەقەلەرنىڭ راست ۋە چىنلىقى ئۇلارنىڭ داۋاملىق تۈردە الله نىڭ دىنىغا توپ - توپ بولۇپ كىرىشىگە تۈرتكە بولماقتا.

## 13. دەرس: باتىل گۇمانلار

تەبىئەت، خىمىيلىك تەسىر ۋە تاسادىپىيلىق

سوئال: ھازىرقى كاپىرلار ياراتقۇچىسى توغرىلىق نېمىگە ئېتىقاد قىلىدۇ؟

جاۋاب: ھازىرقى كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسى توغرىلىق «تەبىئەت» دەپ ئاتالغان يېڭى بۇتقا ئېتىقاد قىلىدۇ.

سوئال: تەبىئەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: قۇياش، ئاي يۇلتۇز، پلانېت، دەرەخ، تاش، دېڭىز، ئىنسان، ھايۋان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سۈپەت ۋە خۇسۇسىيەتلەردىن ئىبارەت ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغان مەخلۇقاتلار «تەبىئەت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر سىز ئىنچىكە نەزەر سالسىڭىز، تەبىئەتنىڭ دەسلەپكى بۇتپەرەسلەر ئىبادەت قىلغان ۋە ئۇنىڭغا بەزى مەخلۇقاتلار قوشۇلغان ئىلگىرىكى بۇتلارنىڭ ئومۇمىيسى ئىكەنلىكى ئاشكارا بولىدۇ. ئۇنداقتا تەبىئەت پەقەت ئىلگىرىكى بۇتلارنىڭ ئومۇمىي جۇغلانمىسى بولغان يېڭى بۇتتىنلا ئىبارەت.

سوئال: تەبىئەتنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇلارنىڭ يارىتىلىشى قانداق تولۇق بولىدۇ؟

جاۋاب: ئۇلار ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشى خىلمۇ - خىل ماددىلار ئوتتۇرىسىدىكى خىمىيلىك تەسىرنىڭ نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. ئىنسان بارلىققا كەلگەن خىمىيلىك تەسىر تاسادىپىيلىقتىن پەيدا بولغان، دېمەك ھەممە نەرسە تەبىئەت، خىمىيلىك تەسىر ۋە تاسادىپىيلىقتىن پەيدا بولغان دەيدۇ.

سوئال: ئۇلارغا قانداق رەددىيە بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: بۇنداق يېڭى بۇتپەرەسلىك چۈشەنچىلىرىنىڭ

سەپسەتە ۋە بىمەنە ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك نۇرغۇن دەلىللەر بار:

1. تەبىئەت، تاسادىپىيلىق ۋە خىمىيلىك تەسىر ئەقىل، تەدبىر، ئىرادە، ھېكمەت ۋە ئىلىمگە ئىگە بولالمايدۇ. بىز ئىنسانىنىڭ ئەقىللىق، تەدبىرلىك، ئىرادىلىك، ھېكمەتلىك ۋە ئىلىملىك ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. تەبىئەت، تاسادىپىيلىق ۋە خىمىيلىك تەسىر ئۆزى ئىگە بولالمايدىغان نەرسىلەرنى ئىنسانغا قانداقمۇ بېرەلىسۇن؟ بىز ئۇنى تەستىقلىمايمىز. بىز ئۇنىڭغا ئىشەنگەن كىشى بىلەن «ھۇبەل» ۋە «لات» دېگەن بۇتلارغا ئىشەنگەن كىشى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق دەپ قارايمىز. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَيُشْرِكُونَ مَا لاَ يَخْلُقُ شَيْئاً وَهُمْ يُخْلَقُونَ وَلاَ يَسْتَطِيعُونَ لَهُمْ نَصْرًا وَلاَ أَنفُسَهُمْ يَنصُرُونَ وَإِن تَدْعُوهُمْ إِلَى الْهُدَى لاَ يَتَّبِعُوكُمْ سَوَاء عَلَيْكُمْ أَدَعَوْتُمُوهُمْ أَمْ أَنتُمْ صَامِتُونَ﴾ ﴿ئۆزلىرى يارىتىلغان،ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) الله غا شېرىك كەلتۈرەمدۇ! ئۇ نەرسىلەر چوقۇنغۇچىلىرىغا ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئۆزلىرىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ. ئۇلارنى توغرا يولغا چاقىرساڭلار، ئۇلار سىلەرگە ئەگەشمەيدۇ . مەيلى ئۇلارنى دەۋەت قىلىڭلار، ياكى جىم تۇرۇڭلار، بۇ ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر ئوخشاش (يەنى سىلەر قايسى ھالەتتە بولماڭلار، ئۇلار سىلەرنىڭ دەۋىتىڭلارغا جاۋاب قايتۇرۇشقا قادىر ئەمەستۇر).﴾ (7 ـ سۈرە ئەئراف 191~193 ـ ئايەتلەر).

2. تەبىئەت ئىنسانغا بويسۇندۇرۇلۇپ بېرىلگەن بولۇپ، ئىنسان زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىنا قىلىپ يىقىتىدىغان ۋە تەبىئەتنىڭ ھەر قايسى پارچىلىرىنى قانداق خالىسا شۇنداق ئورۇنلاشتۇرىدىغان خوجايىن بولدى. تەبىئەت ئىنساننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشىلىق قىلمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلمايدۇ.

تەبئەت ئۆزىگە نىسبەتەن ھېچقانداق پايدا-زىيانغا ئىگە بولالمايدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَمْ تَرَوْا أَنَّ اللَّهَ سَخَّرَ لَكُم مَّا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَأَسْبَغَ عَلَيْكُمْ نِعَمَهُ ظَاهِرَةً وَبَاطِنَةً وَمِنَ النَّاسِ مَن يُجَادِلُ فِي اللَّهِ بِغَيْرِ عِلْمٍ وَلَا هُدًى وَلَا كِتَابٍ مُّنِيرٍ﴾ ﴿بىلمەمسىلەركى، الله ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى (يەنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلارغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بەردى). سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن (يەنى ماددىي ۋە مەنىۋى) نېمەتلەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەردى. بەزى كىشىلەر ھېچقانداق ئىلمسىز، ھىدايەتسىز ۋە نۇرلۇق كىتابسىز ھالدا الله بارىسىدا جېدەللىشىدۇ.﴾ (31-سۈرە لوقمان 20-ئايەت).

3. خىمىيىلىك تەسىر بولسا نەتىجىلەرنىڭ چەكلىمىسى. بەلكى، مۇئەييەن دەۋرنىڭ چەكلىمىسىدۇر. ئەگەر ئىنسان ۋۇجۇدقا كەلگەن خىمىيىلىك تەسىر ئىنساننىڭ ئەسلى بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئىنسانلارنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولاتتى. ئەگەر سىز ياخشىلىق ۋە يامانلىق قىلسىڭىز، سىزگە مۇكاپات ۋە جازا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى سىز قىلغان ياخشىلىق ۋە يامانلىق خىمىيىلىك تەسىردىنلا ئىبارەت.

بىز مۇشۇ زالالەتنىڭ بىمەنە ئىكەنلىكىگە دەلىللەرنى كۆپەيتىش ئۈچۈن: «ئەگەر ئىنساننىڭ ئەسلى مەنبەسىدە ۋە ۋۇجۇدىدا خىمىيىلىك تەسىر بولسا، ئۇنداقتا ئىنسان خىمىيىلىك تەسىرنىڭ سۆزنى پەيدا قىلىش نەتىجىسى تولۇق بولغاندا سۆزلەيدۇ. خىمىيىلىك تەسىرنىڭ تۈگەش نەتىجىسىدە جىم تۇرىدۇ. خىمىيىلىك تەسىرنىڭ تۈرۈش تەسىرى بىلەن ئۆرە تۇرالايدۇ ۋە خىمىيىلىك تەسىر تۈگىگەندە تۇيۇقسىز ئولتۇرۇپ قالىدۇ» دەيمىز.

بۇ ئىنسانىنىڭ ئىشلىرى خىمىيىلىك تەسىر باشلانغاندا باشلىنىپ، خىمىيىلىك تەسىرنىڭ ئاخىرلىششى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، دېگەنلىكىدۇر. مانا بۇ قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئوچۇق - ئاشكارا سەپسەتەدۇر.

4. ئەگەر بىز تاسادىپىيلىق نۇرغۇن ئەركەكلەرنى ياراتتى، ھەممىدە بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى يەنە بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تولۇقلىشى ئۈچۈن شۇنىڭغا ماس ھالدا چىشىلارنى ياراتتى دېسەك، ئۇنداقتا بۇ قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بىز تاسادىپىيلىق بىر كۆزنى ياراتتى دېسەك، ئۇنداقتا مۇشۇ تاسادىپىيلىق ھەممە نەرسىدە ئاشۇ كۆزگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىككىنچى بىر كۆزنى ياراتتى، دېگەننى تەستىقلاش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِن كُلِّ شَيْءٍ خَلَقْنَا زَوْجَيْنِ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ﴾ ﴿سىلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ھەر بىر نەرسىنى جۈپ ياراتتۇق.﴾ (51 ـ سۈرە زارىيات 49 ـ ئايەت).

## الله نىڭ ھىدايەت ۋە ئازغۇنلۇقتىكى قانۇنى

سوئال: بەزى كىشىلەر: «الله ‹سەن ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن كىشىنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن الله خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ› دەيدۇ. الله مېنى ئۆزى ئازدۇرغان تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن مېنى ئازابلايدۇ ؟» دېيىشىدۇ. بۇ گۇمانغا قانداق رەددىيە بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: ھىدايەت ۋە ئازغۇنلۇقتىكى الله نىڭ قانۇنىنى سۆزلەيدىغان قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ھەققىدە ئويلىنىش بۇنداق گۇمانلارنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ھەقىقەتنى ئاشكارا قىلىدۇ. ئەگەر

بىز بىر ئەركىن ھۆكۈمەت خالىغان كىشىنى قاماپ، خالىغان كىشىنى مۇكاپاتلايدۇ، دېسەك ۋە يەنە بۇ ھۆكۈمەت پەقەت قاماپ قويۇشقا تېگىشلىك كىشىلەرنى قاماپ قويىدۇ ۋە مۇكاپاتلاشقا تېگىشلىك كىشىنىلا مۇكاپاتلايدۇ، دېسەك بۇ ئىككى سۆز ئوتتۇرىسىدا قارشىلىق بارمۇ؟ ياق. بىرىنچى سۆزنىڭ مەزمۇنى: ھۆكۈمەتنىڭ مۇستەقىل، كۈچلۈك ئىكەنلىكىگە، ھېچبىر ئادەم ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشالمايدىغانلىقىغا دەلىل بولىدۇ. ئىككىنچى سۆزنىڭ مەنىسى: ھۆكۈمەتنىڭ مۇستەقىل، كۈچلۈك، ئادىل بولۇپ، ھېچبىر ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەگەر بىز قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ھەققىدە ئويلانساق، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىككى قىسمغا بۆلۈنگەنلىكىنى كۆرىمىز.

بىرىنچى قىسمىدىكى ئايەتلەر اللە نىڭ ئىرادىسى مۇتلەق بولۇپ، ھېچقانداق توسالغۇ اللە نىڭ ئىرادىسىنى توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى، ھېچبىر ئادەمگە اللە نىڭ ئۈستىدىن ھوقۇق يۈرگۈزۈش ۋە بۇيرۇق ئىجرا قىلىش ھوقۇقى يوقلۇقىنى، اللە نىڭ ئۆز مەخلۇقاتلىرىغا تەڭداشسىز خوجايىن ئىكەنلىكىنى ۋە خالىغان ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُضِلُّ مَن يَشَاء وَيَهْدِي مَن يَشَاء وَلَتُسْأَلُنَّ عَمَّا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ﴾ ﴿اللە خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، (قىيامەت كۈنى) پۈتۈن قىلمىشىڭلار ئۈستىدە سوراق قىلىنىسىلەر.﴾ (16 ـ سۈرە نەھل 93 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ﴿فَإِنَّ اللَّهَ يُضِلُّ مَن يَشَاء وَيَهْدِي مَن يَشَاء فَلَا تَذْهَبْ نَفْسُكَ عَلَيْهِمْ حَسَرَاتٍ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ بِمَا يَصْنَعُونَ﴾ ﴿اللە ھەقىقەتەن خالىغان كىشىنى گۇمراھ قىلىدۇ (خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ). شۇڭا سەن ئۇلار

ئۇچۇن (يەنى ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرى ئۇچۇن) قايغۇرۇپ ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋالمىغىن، الله ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.﴾ (35 ـ سۈرە فاتىر 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئىككىنچى قىسىمدىكى ئايەتلەر الله نىڭ ئىرادىسى ھېچبىر ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدىغان ئادىل ئىرادە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ:﴿إِنَّ اللّهَ لاَ يَظْلِمُ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ وَإِن تَكُ حَسَنَةً يُضَاعِفْهَا وَيُؤْتِ مِن لَّدُنْهُ أَجْرًا عَظِيمًا﴾ ﴿الله ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، الله ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ، ئۆز دەرگاھىدىن بۈيۈك ئەجىر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلىدۇ.﴾ (4 ـ سۈرە نىسا 40 ـ ئايەت). ﴿إِنَّ اللّهَ لاَ يَظْلِمُ النَّاسَ شَيْئًا وَلَكِنَّ النَّاسَ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، الله ئىنسانلارغا قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ، لېكىن ئىنسانلار (كۇفرى ۋە گۇناھ ئارقىلىق) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىدۇ.﴾ (10 ـ سۈرە يۇنۇس 44 ـ ئايەت). ﴿فَمَن شَاء فَلْيُؤْمِن وَمَن شَاء فَلْيَكْفُرْ﴾ ﴿«خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن» دېگىن،﴾ (18 ـ سۈرە كەھف 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

الله پەقەت ھىدايەتكە ھەقلىق بولغان، ھىدايەت يولىنى ئىزدىگەن، ھىدايەتكە قىزىققان ۋە ئۆزىنى ھىدايەت يولىغا ئاتىۋەتكەن كىشىنىلا ھىدايەت قىلىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَمَّا زَاغُوا أَزَاغَ اللَّهُ قُلُوبَهُمْ﴾ ﴿ئۇلار (ھەقتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋەتتى،﴾ (61 ـ سۈرە سەپ 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ﴿فَرِيقًا هَدَى وَفَرِيقًا حَقَّ عَلَيْهِمُ الضَّلاَلَةُ﴾ ﴿الله (سىلەردىن) بىر گۇرۇھنى ھىدايەت قىلدى؛ يەنە بىر گۇرۇھقا گۇمراھلىق تېگىشلىك بولدى.﴾ (7 ـ سۈرە ئەئراف 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

الله پەقەت ئازغۇنلۇققا ھەقلىق بولغان، ئۆزىنى ئازغۇنلۇق يولىغا ھەيدىگەن ۋە ئازغۇنلۇق يولىنى ياخشى كۆرگەن كىشىنىلا ئازدۇرىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ:﴿وَالَّذِينَ اهْتَدَوْا زَادَهُمْ هُدًى ﴾ ﴿ھىدايەت تاپقانلارنى الله تېخىمۇ ھىدايەت قىلىدۇ،﴾ (47 ـ سۈرە مۇھەممەد 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

الله ئازغۇنلۇققا ھەقلىق بولغان كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سَأَصْرِفُ عَنْ آيَاتِيَ الَّذِينَ يَتَكَبَّرُونَ فِي الأَرْضِ بِغَيْرِ الْحَقِّ وَإِن يَرَوْاْ كُلَّ آيَةٍ لاَّ يُؤْمِنُواْ بِهَا وَإِن يَرَوْاْ سَبِيلَ الرُّشْدِ لاَ يَتَّخِذُوهُ سَبِيلاً وَإِن يَرَوْاْ سَبِيلَ الْغَيِّ يَتَّخِذُوهُ سَبِيلاً ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ كَذَّبُواْ بِآيَاتِنَا وَكَانُواْ عَنْهَا غَافِلِينَ﴾ ﴿يەر يۈزىدە ناھەق تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلارغا مېنىڭ ئايەتلىرىمنى پەھىم قىلدۇرمايمەن، ئۇلار بارلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇلار ئەگەر توغرا يولنى كۆرسە، ئۇنىڭدا ماڭمايدۇ، گۇمراھلىق يولىنى كۆرسە ئۇنىڭدا ماڭىدۇ، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن غاپىل بولدى.﴾ (7 ـ سۈرە ئەئراف 146 ـ ئايەت).

قۇرئان كەرىم الله دىن زالىم، كاپىر قەۋمنى ھىدايەت تەلەپ قىلغان كىشىگە ھەيران قالىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ:﴿كَيْفَ يَهْدِي اللّهُ قَوْمًا كَفَرُواْ بَعْدَ إِيمَانِهِمْ وَشَهِدُواْ أَنَّ الرَّسُولَ حَقٌّ وَجَاءهُمُ الْبَيِّنَاتُ وَاللّهُ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾ ﴿ئىمان ئېيتقاندىن، پەيغەمبەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە شاھىد بولغاندىن ۋە ئۇلارغا روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن كاپىر بولغان قەۋمنى الله قانداقمۇ ھىدايەت قىلسۇن! الله زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.﴾ (3 ـ سۈرە ئال ئىمران 86 ـ ئايەت).

ئەمما الله ھىدايەتكە ھەقلىق بولغان كىشىلەر توغرىلىق

مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ يَهْدِيهِمْ رَبُّهُمْ بِإِيمَانِهِمْ تَجْرِي مِن تَحْتِهِمُ الأَنْهَارُ فِي جَنَّاتِ النَّعِيمِ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى پەرۋەردىگارى، ئۇلارنىڭ ئىمانى سەۋەبىدىن، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان نازۇ ـ نېمەتلىك جەننەتلەرگە يېتەكلەيدۇ.﴾ (10ـ سۈرە يۇنۇس 9ـ ئايەت).

ئىشلار ناھايىتى ئۇچۇق:

1. الله نىڭ ئىرادىسى مۇتلەق ئەركىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ھېچبىر ئادەمگە ھوقۇق يوق. الله خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىپ، خالىغان كىشىنى ئازدۇرىدۇ.

2. الله ئىنسانغا ھىدايەت يولى ۋە ئازغۇنلۇق يولىغا ماڭىدىغان ئەركىن ئىرادىنى ياراتتى.

3. ئەگەر الله خالىغان ئىشنى قىلىدىغان بولسا، الله نىڭ ئىرادىسى پەقەت ھىدايەتكە ھەقلىق بولغان كىشىنىلا ھىدايەت قىلىدىغان، ئازغۇنلۇققا ھەقلىق بولغان كىشىنى ئازدۇرۇدىغان ئادىل ئىرادىدۇر.

## ئازاب لەۋھۇلمەھپۇزدا پۈتۈلگىنى بويىچە بولىدۇ

سوئال: الله بىزگە بۇرۇندىنلا پۈتۈۋەتكەن، بىزگە ئۇنىڭدىن قېچىش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئىشلار سەۋەبىدىن بىزنى نېمە ئۈچۈن ئازابلايدۇ ؟ دەپ سورىغان كىشىگە قانداق رەددىيە بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: ئەگەر بىر ئۇستاز شاگىرتلىرىنى ياخشى كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋاللىرىنى چۈشىنىپ ۋە ئىمتىھاندا

كېلىــدىغان ســوئاللارنى بىلىــپ، بىــر ۋاراق قەغەزگە شــاگىرتلىرىدىن ئىمتىهانــدىن ئۆتەلەيدۇ، دەپ پەرەز قىلغــانلىرى بىلەن ئىمتىهانــدىن ئۆتەلمەيدۇ دەپ پەرەز قىلغــانلىرىنى يازسا؛ ئاندىن كېيىن ئىمتىهان ۋاقتى يېتىپ كېلىپ، ئۇستاز ئىمتىهاندىن ئۆتەلەيــدۇ دەپ پەرەز قىلغــانلار ئۆتــۈپ، ئۆتەلمەيــدۇ دەپ پەرەز قىلغـــانلار ئۆتەلمىســە، ئىمتىهانـــدىن ئـــۆتەلمىگەن شـــاگىرتنىڭ «ئۇســتاز ئىمتىهانــدىن ئىلگىــرى مېنــى ئىمتىهانــدىن ئۆتەلمەيــدۇ، دەپ يېزىــپ قويغــانلىقى ئۈچــۈن مەن ئىمتىهانــدىن ئۆتەلمىــدىم» دېيىشــى توغرىمــۇ؟ ئۇنــداقتا، ئۇســتاز ئۇنىڭغــا: «ســەن مېنىــڭ شـــاگىرتلىرىمغا قىلغـــان ئىـــنچىكە تەجرىبەمنـــى ۋە ئىشـــلارنى مۆلچەرلەشــتىكى ماهــارىتىمنى ئۆزۈڭنىــڭ دۆت ۋە بىخۇدلۇقۇڭغــا سەۋەب قىلامسەن؟ مېنىڭ، سېنىڭ ئەهۋالىڭنى بىلىشىم ئىلگىــرى بولغان ئىش. بىراق، مەن سېنى مەجبۇرلىغۇچى ئەمەس. مېنىــڭ يازغانلىرىمنىڭ سېنىڭ ئىمتىهاندىن ئۆتەلمەسلىكىڭ بىلەن هــېچ قانداق مۇناسىۋىتى يوق. ئەمما ســەن مۇســتەقىل ئىــرادەڭ بىلەنــلا جاۋاب بەردىڭ» دەيدۇ.

الله ئۈچــۈن هەقىــقەتەن يــۇقىرى مىســاللار بــار. الله ئــۆز مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئەهۋالىنى بىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن كېيىن بولىــدىغان ئىشــلارنى يــازدى. ئىنســانلار بــۇ دۇنيــادا ئىمتىهــان مەزگىلىنى ئۆتكۈزىدۇ. الله ئۆز مەخلۇقــاتلىرىنى پۇختــا بىلگەچــكە بۇ ئىمتىهاننىڭ نەتىجىســىنى يېزىــۋەتتى. الله مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿أَلَا يَعْلَمُ مَنْ خَلَقَ وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ﴾ ﴿(مەخلۇقـــاتنى) ياراتقـــان زات بىلمەمــدۇ؟ ئــۇ شــەيئىلەرنىڭ نــازۇك تەرەپلىرىنــى بىلگۈچىــدۇر، هەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.﴾ (67 ـ سۈرە مۇلك 14 ـ ئايەت).

گۇناهكــار ۋە بۇزغــۇنچىلار ئۆزىنىــڭ گۇنــاهى ۋە بۇزۇقلــۇقى

توغرىلىق الله نىڭ ئۆز مەخلۇقاتلىرىنى پۇختا بىلىشىنى ۋە الله نىڭ ئىلمىنىڭ مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى سەۋەب قىلىشى توغرا ئەمەس. الله نىڭ بىلىشى ئىلگىرىكى ئەھۋال بولۇپ، ھەرگىز مەجبۇرلىغۇچى ئەمەس. دەل شۇنىڭدەك، ئۇستازنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئالدىن بىلىشى ئۇلارنى مەكتەپ ئىمتىھانىدا مۇئەييەن بىر جاۋابنى بېرىشكە مەجبۇرلىمىغاندەك، الله نىڭ ئالدىن بىلىشى ئىنسانلارنى دۇنيا ھاياتىدىكى ئىمتىھاندا مۇئەييەن بىر يولدا مېڭىشقا مەجبۇرلىمايدۇ. ئەگەر الله بىزنى ياخشىلىق قىلىشقا مەجبۇرلىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ دۇنيانىڭ سىناق دۇنياسى بولۇشىنىڭ ھېچقانداق مەنىسى بولمىغان بولاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇكاپات ۋە جازانىڭمۇ مەنىسى بولمايتتى.

## بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ كۆپلۈكى

سوئال: «زېمىندىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى كاپىر ۋە مۇناپىق. مەن ئۇلار بىلەن بىللە بولىمەن. ئۇلارغا يەتكەن قىسمەتكە رازى بولىمەن. لېكىن، كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى الله غا ئاسىيلىق قىلىدۇ. پەقەت ئازراق كىشىلا الله غا ئىتائەت قىلىدۇ، الله بۇنىڭغا قانداقمۇ رازى بولىدۇ؟» دېگەن كىشىگە قانداق رەددىيە بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە كۆرۈنمىگەن ئىلاھىي دۇنيادا زېمىن ئەڭ چوڭ ئاساسلىق مەركىزى نۇقتا دەپ ئېتىقاد قىلىش پۈتۈنلەي خاتا. بىز بۇنى ئاسترونومىيە ئالىملىرىنىڭ «يەر شارى پلانېتلار ئارىسىدا ئۆزىنىڭ مۇكەممەللىكى بىلەن پەقەت ئوكيان سۈيىدىكى بىر نۇقتىدىنلا ئىبارەت» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپلا

چۈشىنەلەيمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئەگەر دۇنيا اللّٰه نىڭ نەزىرىدە پاشىنىڭ قانىتىغا تەڭ كېلىدىغان بولسا، كاپىرلارغا دۇنيادا بىر يۇتۇم سۇمۇ بېرىلمىگەن بولاتتى» دېگەن. ئەگەر اللّٰه غا زېمىنىنىڭ تۆۋەنلىكى بولمىغان بولسا، اللّٰه دۇنيادا بىرمۇ كاپىرنى هايات قالدۇرمىغان بولاتتى. ئەگەر زېمىندىكى كىشىلەرنىڭ هەممىسى كاپىر بولۇپ كەتسىمۇ، بۇنداق تۆۋەن ۋە كىچىك ئورۇندا كاپىرلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ياراتقۇچى اللّٰه نىڭ پادىشاھلىقىدىن قانچىلىك بىر نەرسىنى كېمەيتىۋېتەلىسۇن؟! ئەگەر بۇنداق تۆۋەن ۋە كىچىك بولغان زېمىندىكى كىشىلەرنىڭ هەممىسى مۆمىن مۇسۇلمان بولۇپ كەتسىمۇ، بۇ اللّٰه نىڭ پادىشاھلىقىدىن قانچىلىك بىر نەرسىنى ئاشۇرالىسۇن؟!

ئەگەر تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشۈشىنى ئويلىسىڭىز، بىزدىن ئىلگىرىكى ئەجدادلار توغرىسىدا ئويلىنىپ بېقىڭ. ئۇلار زېمىنغا توشۇپ كەتكەن بولۇپ، ئاندىن ئۇ زېمىندىن چىقىپ كەتكەن. بۇ اللّٰه نىڭ پادىشاھلىقىدىن بىرەر نەرسىنى كېمەيتىۋەتتىمۇ؟ بۈگۈنكى كۈنلەردە بۇ زېمىنغا توشۇپ كەتكەن مىليونلىغان ئىنسانلار يۈز يىلغا يېقىنلاشمايلا زېمىندىن چىقىپ كېتىدۇ. بۇ اللّٰه نىڭ پادىشاھلىقىدىن بىرەر نەرسىنى كېمەيتىۋەتتىمۇ؟ ئاۋۋالقى كىشىلەر زېمىندىن چىقىپ كەتتى. كېيىنكىلەر ئۇلارغا قوشۇلىدۇ. اللّٰه مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَا بَكَتْ عَلَيْهِمُ السَّمَاء وَالْأَرْضُ وَمَا كَانُوا مُنظَرِينَ﴾ ﴿ئۇلارغا ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ يىغلىمىدى، ئۇلارغا مۆهلەتمۇ بېرىلمىدى.﴾ (44ـ سۈرە دۇخان 29ـ ئايەت).

اللّٰه نىڭ پادىشاھلىقىدىن هېچنەرسە كېمىيىپ كەتمىدى. ئۇنداقتا، بۇ دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ ئاز ياكى كۆپ بولۇشى

اللە نىڭ پادىشاھلىقىنىڭ زىيادە بولۇشى ۋە كېمىيىشىدە قىلچىلىك ئورۇن تۇتمايدۇ. بۇ دۇنيا پەقەت ئىمتىھانگاھ ۋە ئاسىيلار ئۈچۈن سىناقتۇر. ئاخىرەت بولسا، مۇكاپات ۋە جازا ھويلىسىدۇر. كىمكى دۇنيادا ياخشى ئەمەلنى قىلسا نەتىجە قازىنىدۇ، كىمكى اللە ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرىگە تەكەببۇرلۇق قىلسا، ھالاك بولىدۇ. بۇنىڭدا ئازلىق ۋە كۆپلۈك باراۋەر بولىدۇ. اللە مۇنداق دەيدۇ:﴿إِن تَكْفُرُواْ أَنتُمْ وَمَن فِي الأَرْضِ جَمِيعًا فَإِنَّ اللّهَ لَغَنِيٌّ حَمِيدٌ﴾ ﴿ئەگەر سىلەر ۋە پۈتۈن يەر يۈزىدىكى كىشىلەر كاپىر بولۇپ كەتسەڭلەرمۇ (اللە غا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر)، چۈنكى اللە ئەلۋەتتە (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىلەشكە لايىقتۇر﴾ (14ـ سۈرە ئىبراھىم 8ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ھەر مىڭدىن 999ى دوزاخقا ھەيدىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. اللە دوزاختىكى كىشىنى ئۆزىنىڭ گۇناھىغا لايىق دەرىجىدە ئازابلاپ بولغاندىن كېيىن، جەننەتكە چىقىرىدىغانلىقىنى ۋە قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمان بار كىشىنىڭ دوزاختا قالمايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

ئەمما اللە نىڭ ئازابىنى مەسخىرە قىلىدىغان ۋە ھازىردىن باشلاپ ئۆزىنىڭ دوزاخقا كىرىشىگە رازى بولىدىغان كىشى بەش مىنۇت چوغ ئۈستىدە ئولتۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلەمدۇ؟ ئۇنداقتا ئۇ قانداقمۇ مەڭگۈ دوزاختا قېلىشقا رازى بولىدۇ؟ اللە مۇنداق دەيدۇ:﴿وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ أُعِدَّتْ لِلْكَافِرِينَ﴾ ﴿كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار.﴾ (2ـ سۈرە بەقەر 24ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ﴿كُلَّمَا نَضِجَتْ جُلُودُهُمْ بَدَّلْنَاهُمْ جُلُودًا غَيْرَهَا لِيَذُوقُواْ الْعَذَابَ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا ئازابنى تېتىتىش ئۈچۈن ئورنىغا

باشــقا تېــره يەڭگۈشــلەيمز.﴾ (3ـ ســۈره نســا 56ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

كاپىرنى بۇنىڭغا ئۈنىدىگەن نەرسە الله نىڭ ئۇنىڭغا ئازابنى ئالدىراتمىغانلىقىدۇر.

ســـوئال: «ئەگەر الله بىـــزگە ۋەدە قىلغـــان ئـــازاب ھەق بولىدىغان بولسا، الله نېمە ئۈچۈن ئۇنى ھازىر چۈشۈرمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن مۆئمىنلەرگە ياردەم بەرمەي تاشلاپ قويىدۇ؟» دەيدىغان كىشىگە قانداق رەددىيە بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: بۇ بۇگۇنكى كاپىرلار ئېيتقان يېڭى گەپ ئەمەس. تارىختىن بۇيان كاپىرلار مۇشۇ گەپنى تەكرارلاپ كەلدى. الله بۇ گۇمان توغرىلىق ئۆز كىتابىدا ئېنىق ئايەت چۈشۈرگەن. الله بۇنداق ئازابنى ئالدىراتقۇچىلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْ يُؤَاخِذُ اللَّهُ النَّاسَ بِمَا كَسَبُوا مَا تَرَكَ عَلَى ظَهْرِهَا مِن دَابَّةٍ وَلَكِن يُؤَخِّرُهُمْ إِلَى أَجَلٍ مُّسَمًّى فَإِذَا جَاء أَجَلُهُمْ فَإِنَّ اللَّهَ كَانَ بِعِبَادِهِ بَصِيرًا﴾ ﴿ئەگەر الله ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن جازالايدىغان بولسا، يەر يۈزىدە ھېچبىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى ۋە لېكىن الله ئۇلار(دىن ھېساب ئېلىش) نى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە تەخىر قىلىدۇ،ئۇلار (دىن ھېساب ئېلىش) نىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە (ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە قاراپ جازا بېرىدۇ)، الله ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.﴾ (35ـ سۈره فاتىر 45ـ ئايەت)

كىشىلەرنىڭ گۇناھى ئۇلارغا ئۇلارنى تۈپتىن قورقۇتىدىغان دەردلىك ئازابنى ئېلىپ كېلىدۇ. الله ھېساب ئېلىش ئۈچۈن يېتەرلىك بىر مۆھلەتنى قىلدى. بۇ مۆھلەت جەزمەن كېلىدۇ. ئۇ كۈندە ئۇلار بۇگۈن ئالدىراتقان ئازاب ئۇلارغا كېلىدۇ. الله مۇنداق

دەيدۇ: ﴿أَفَبِعَذَابِنَا يَسْتَعْجِلُونَ أَفَرَأَيْتَ إِن مَّتَّعْنَاهُمْ سِنِينَ ثُمَّ جَاءَهُم مَّا كَانُوا يُوعَدُونَ مَا أَغْنَى عَنْهُم مَّا كَانُوا يُمَتَّعُونَ وَمَا أَهْلَكْنَا مِن قَرْيَةٍ إِلَّا لَهَا مُنذِرُونَ ذِكْرَى وَمَا كُنَّا ظَالِمِينَ﴾ ﴿ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ بۇرۇنراق كېلىشىنى تىلەمدۇ؟ ئېيتىپ باققىنا! ئەگەر ئۇلارنى (نۇرغۇن) يىللار (نېمەتلىرىمىزدىن ) بەھرىمەن قىلساق، ئاندىن ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب كەلسە، ئۇلارنىڭ بەھرىمەن بولغان نېمەتلىرى (ئۇلاردىن ئازابنى دەپئى قىلىشتا) ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. قانداقلىكى شەھەر بولمىسۇن، ۋەز - نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتمىگۈچە، ئۇنى ھالاك قىلمىدۇق، (ئۇلارنى جازالاشتا) بىز زالىم بولمىدۇق.﴾ (26-سۈرە شۇئەرا 204~209-ئايەتلەر). ﴿وَيَسْتَعْجِلُونَكَ بِالْعَذَابِ وَلَوْلَا أَجَلٌ مُّسَمًّى لَّجَاءَهُمُ الْعَذَابُ وَلَيَأْتِيَنَّهُم بَغْتَةً وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ يَسْتَعْجِلُونَكَ بِالْعَذَابِ وَإِنَّ جَهَنَّمَ لَمُحِيطَةٌ بِالْكَافِرِينَ يَوْمَ يَغْشَاهُمُ الْعَذَابُ مِن فَوْقِهِمْ وَمِن تَحْتِ أَرْجُلِهِمْ وَيَقُولُ ذُوقُوا مَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ﴾ ﴿ئۇلار سەندىن ئازابنىڭ چاپسان كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، الله (ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ) مۇئەييەن ۋاقتىنى بەلگىلىمىگەن بولسا ئىدى، ئۇلارغا ئازاب ئەلۋەتتە (ئۇلار تەلەپ قىلغان ۋاقىتتىلا) كېلەتتى، ئۇلارغا ئازاب چوقۇم ئۇلار خەۋەرسىز ھالەتتە تۇرغاندا ئۇشتۇمتۇت كېلىدۇ، ئۇلار سەندىن ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، شەك - شۈبھىسىزكى، جەھەننەم (قىيامەت كۈنى) كاپىرلارنى قورشاپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ كۈندە ئازاب ئۇلارنى ئۈستىلىرىدىن، ئاياغلىرىنىڭ ئاستىدىن ئورىۋالىدۇ. الله ئۇلارغا: «(دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ) جازاسىنى تېتىڭلار» دەيدۇ.﴾ (29-سۈرە ئەنكەبۇت 53~55-ئايەتلەر).

كاپىرلارنىڭ ئىشلىرىدىن ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن مۆھلەتنى كۆپ ساناپ، رەببىدىن ئازابنىڭ

تىز كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار ۋەدە قىلىنغان چاغدا ئۆزلىرىگە بېرىلگەن مۆھلەتنى ئىنكار قىلىدۇ. ﷲ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَسْتَعْجِل لَّهُمْ كَأَنَّهُمْ يَوْمَ يَرَوْنَ مَا يُوعَدُونَ لَمْ يَلْبَثُوا إِلَّا سَاعَةً مِّن نَّهَارٍ بَلَاغٌ فَهَلْ يُهْلَكُ إِلَّا الْقَوْمُ الْفَاسِقُونَ﴾ ﴿ئۇلارغا بولىدىغان ئازابقا ئالدىراپ كەتمىگىن. ئۇلار (ئاخىرەتتە) ۋەدە قىلىنغان ئازابنى كۆرگەندە، (ئۇلار دۇنيادا) گويا كۈندۈزدە بىردەملا تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ، (بۇ قۇرئان سىلەرگە) تەبلىغدۇر، پەقەت پاسىق قەۋملا ھالاك قىلىنىدۇ.﴾ (46 ـ سۈرە ئەھقاف 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

كاپىرلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرى كۆپ سانىغان مۇددەتنىڭ ھەجىمى توغرىلىق سوراق قىلىنىدۇ. ﷲ مۇنداق دەيدۇ:﴿قَالَ كَمْ لَبِثْتُمْ فِي الْأَرْضِ عَدَدَ سِنِينَ قَالُوا لَبِثْنَا يَوْمًا أَوْ بَعْضَ يَوْمٍ فَاسْأَلْ الْعَادِّينَ قَالَ إِن لَّبِثْتُمْ إِلَّا قَلِيلًا لَّوْ أَنَّكُمْ كُنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ ﴿ﷲ (ئۇلارغا): «زېمىندا قانچە يىل تۇردۇڭلار؟» دەيدۇ. ئۇلار: «بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق، (ئاي ـ كۈنلەرنى) ھېسابلىغۇچى (پەرىشتە)دىن سورىغىن» دەيدۇ (ئۇلار دوزاختا چېكىۋاتقان ئازاب تۈپەيلىدىن، زېمىندا قانچىلىك تۇرغانلىقلىرىنى ئۇنتۇيدۇ). ﷲ : «ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنە تۇردۇڭلار»دەيدۇ.﴾ (23 ـ سۈرە مۆئمىنۇن 112~114 ـ ئايەتلەر).

ئەگەر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلسا، دۇنيادا رەببىنىڭ راستچىل، ئىشەنچلىك پاكىتلىرىنى كۆرىدۇ. لېكىن ئازغۇنلۇق ئىچىدىكى كاپىرلار پەقەت ئۆز ئەملىنىڭ يامانلىقىغا ۋە رەببىنىڭ ئازابىغا چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىجات تېپىش ئۈچۈن پۇرسەت بولمىغان ۋە ئىمان ئېيتىشنىڭ ئەھمىيىتى بولمىغان ۋاقىتتىلا ئىمان ئېيتىدۇ. ﷲ

مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَثُمَّ إِذَا مَا وَقَعَ آمَنْتُم بِهِ آلآنَ وَقَدْ كُنتُم بِهِ تَسْتَعْجِلُونَ﴾ ﴿(ﷲ نىڭ) ئازابى يۈز بەرگەندە ئاندىن ئۇنىڭغا ئىشەندىڭلارمۇ؟ ئەمدى (ئېيتقان ئىمانىڭلار پايدىسىزدۇر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى مەسخىرە قىلىش بىلەن) ئازابنىڭ تېزرەك چۈشۈشىنى تەلەپ قىلاتتىڭلار﴾ (10 ـ سۈرە يۇنۇس 51 ـ ئايەت).

## ھەرقانداق زامان ۋە ماكاندىكى ئىسلام

سوئال: «ئىسلام مۇئەييەن بىر زامانغىلا چۈشكەن، ئۇ زامان ئۆتۈپ كەتتى. بىز ھازىر تەرەققىيات دەۋرىدە، ئىسلام بۇ دەۋرگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ.» دېگەن كىشىگە قانداق رەددىيە بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: ھەر قانداق بىر ياسىغۇچى ئۆزى ياسىغان نەرسىنىڭ ھېكمىتىنى چۈشەندۈرۈشتە ئەڭ سالاھىيەتلىك كىشىدۇر. بىر نەرسىنى ياسىغۇچى ئۆزى ياسىغان نەرسىنى نېمە ئۈچۈن ياسىغانلىقىنى، ئۇنى قانداق ئىشلىتىدىغانلىقىنى، ئۇنى تۈزەيدىغان ۋە بۇزىدىغان ئامىلنىڭ نېمىلىكىنى؛ ئەگەر ئۇ بۇزۇلسا، ئۇنى قانداق ئىسلاھ قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. مانا بۇ ياسىغۇچى بەلگىلىگەن يوليورۇق ۋە ھۆكۈم. ياسالغان نەرسە ئۆزگىرىپ كەتمىسە ياكى باشقا شەكىلگە يۆتكىلىپ كەتمىسلا ئەسلىدىكى مۇۋاپىق ھالىتىدە تۇرىۋېرىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ھەقىقەتكە بويسۇنىدۇ. ئۇلار ھەرقانداق سانائەت ئىگىسىگە بۇ ھەقىقەتنى تونۇتىدۇ. كاپىرلار بولسا ئۆزلىرىنى يوقتىن بار قىلغان ياراتقۇچىسى ۋە ھېكمەتلىك ياسىغۇچىسىغا بويسۇنۇشقا ئۇنىمايدۇ. بۇ سوئال بولسا ئۇلارنىڭ باتىل گۇماندۇر خالاس.

چۈنكى بۇ «ئىنسان ئۆزگىرىدۇ، ئۇنى تۈنۈگۈن ئىسلاھ قىلغان نەرسە بۈگۈن ئىسلاھ قىلالمايدۇ،» دېگەن ئاساس ئۈستىدە چىڭ تۇرغانلىقدۇر. بۇ توغرىمۇ؟ سىزنىڭ بۇرنىڭىزدىكى ھېكمەت ئۆمەر ئىبن خەتتاب ياكى پىرئەۋىن ۋەياكى نىوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇرنىدىكى ھېكمەتتىن باشقا بىر ھېكمەتكە ئۆزگەردىمۇ؟

ئەگەر سىز ئىنساننىڭ تۇغما پارچىلىرىدىن بىرەر پارچىنى ئالسىڭىز ئۇنىڭ مىڭلىغان يىللار ئىلگىرىكى ئەھۋالدىن قىلچە ئۆزگەرمىگەنلىكىنى بايقايسىز. ئىنساننىڭ يارىتىلىشى ۋە ئىنسانلىق تۇغما تەبىئىتى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ. شۇنداقلا ئۇنى تۈنۈگۈن ئىسلاھ قىلغان ئامىل بۈگۈنمۇ ئىسلاھ قىلىشقا يارايدۇ.

مەسىلەن: الله غا ئاسىيلىق قىلىش، يالغان ئېيتىش، خىيانەت قىلىش، ھۇجۇم قىلىش، زۇلۇم قىلىش، ئالدامچىلىق، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش، تەكەببۇرلۇق، سۇخەنچىلىك، زوراۋانلىق، رەزىللىك، ھاراق ئىچىش، زىنا قىلىش، ئوغرىلۇق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پەسكەش ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلار بولۇپ؛ ئىسلام دىنى ھەرقانداق جەمئىيەت ۋە شەخسنى ئۇنىڭدىن پاكلاش ئۈچۈن ئۇنى ئەڭ ناچار قىلمىش ھېسابلايدۇ. بۇ ناچار ئىشلار بۈگۈن پەزىلەتلىك ئىشلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ قالدىمۇ؟ ياكى بۇ مۆلچەرلەش ئەكسىچە بولىۋاتامدۇ؟ ياق، ئۇ ھەرگىز ئەكسىچە ئەمەس. پەقەت ئۇ مۆلچەرلەش ئەسلى ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ كەتكەن دەيدىغان كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىتى بۇزۇلغان.

ئېسىللىك ۋە ئېپپەتلىكنى ياقلاش كونىلىق،

لۈكچەكلىك ۋە قوپاللىق ئاجايىپ ياخشى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي ئەكسىچە.

1. كىشىلەر تۆنۈگۈن خورمىغا ھەسەت قىلىشاتتى، بۈگۈن ماشىنىغا ھەسەت قىلىدىغان بولدى.

2. تۆنۈگۈن ساپان بىلەن يەر تېرىشقا بولغان ھەمكارلىق بۈگۈن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن يەر تېرىشقا ئۆزگەرمەكتە.

3. مۇستەھكەم ھەقىقەتنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق، شەكىل ئاشۇ ھەقىقەت ئۈستىدىكى ئەسلى ھۆكۈمدىن بىرەر نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

ئۇنداقتا:

1. ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىتى ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇنى تۆنۈگۈن ئىسلاھ قىلغان نەرسە گەرچە شەكلى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، بۈگۈنمۇ ئوخشاشلا ئىسلاھ قىلىشقا يارايدۇ.

2. ئىنساننى ياراتقان زات ئۇنىڭغا تۈزۈم بەلگىلەپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىدىغان، ھاياتىنى ياخشىلىق ئۈستىدە تۇرغۇزىدىغان ھىدايەت يولىنى چۈشۈردى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا فِطْرَةَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا لَا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ﴾ ﴿باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، الله نىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) الله ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، الله نىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ.﴾ (30 ـ سۈرە رۇم 30 ـ ئايەت).

ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان ئەمەلىيەت شۇكى، ئىسلام دۆلىتىنىڭ تۇپراقلىرى شەرقى جۇڭگو شەھەرلىرىدىن غەربى ئىسپانىيە تاغلىقلىرىغىچە سوزۇلماقتا. ئوتتۇرا دېڭىز ئىسلام

دېگىزى بولۇپ، ئىسلام بايرىقى ئىسلام مەملىكىتىدە لەپىلدېمەكتە. ئوخشاش بولمىغان بۇ ئۆلكىلەر ئەرەب، رۇم ۋە پارسلاردىن ئىبارەت دىنى، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە ئىرقى ئوخشاش بولمىغان مىللەت ۋە خەلقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلام دۆلەتلىرى مۇشۇ مىللەت ۋە خەلققە ئۆزىنىڭ شەرئى قانۇنلىرىنى بەلگىلىدى. تارىختا ئاشۇ زاماندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىدىن باشقا دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلمىغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ قانۇنلىرىنى بەلگىلەشتە چەتئەل قانۇن مەسلىھەتچىلىرىگە موھتاج بولمىغانلىقى رېئال پاكىتتۇر. بەلكى الله قوشۇن يېتەكچىلىرىگە ئۆلكىلەرنى پەتھى قىلىپ بەرسە، شەرئەت ئالىملىرىغا ئىجتىھات ۋە ئىجادىيەت دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ بەردى. ئىسلام شەرئىتى بىرەر ئېھتىياجدىن چەكلىنىپ قالمىدى ۋە بىرەر مەنپەئەتتىن توسۇلۇپ قالمىدى. ئىسلام شەرئىتى مۇسۇلمان، يەھۇدىي ياكى خرىستىئانلارنىڭ مەنپەئەتى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالمىدى. بەلكى، ئۇلار ئىسلامنىڭ ئادىللىق ۋە كەڭچىلىك قىلىش سايىسى ئاستىدا رازىمەنلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈردى. ئىسلام شەرئىتى ئېپتىدائىي سەھرا رايونلىرىدا پەيدا بولغان. بىراق، ئۇ شەرئەتنىڭ رەببى ئىنساننىڭ رەببى بولۇپ، ئۇ ھەرخىل ئورۇن ۋە زامانلاردىكى بەندىلەرنى ئىسلاھ قىلىدىغان ئامىلنى ئالدىن بىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭغا تارىخ ۋە ئەمەلىيەت گۇۋاھ بولىدۇ. ئۇنى ئىسلام ئوغلانلىرىدىن باشقا ئىنسانپلىق ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسى سۆزلەيدۇ.

ئەللامە ئۆزىنىڭ «سانتىيلا» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىز ئىسلام شەرئەتلىرىدە ھەممە ئىنسانلارغا يېتەرلىك مەزمۇنلار بار دېمىسەكمۇ، ئىسلام شەرئەتلىرىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ

مەدەنىي قانۇنلىرىدا يېتەرلىك مەزمۇنلار بار.»

ئامېرىكىلىق تەتقىقاتچى، هارفىرىد ئىنستىتۇتىنىڭ پەلسەپە پروفېسسورى هۇكەنجى ئۆزىنىڭ «دۇنياۋى سىياسىي روھ» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىش يوللىرى ‹دىن بولسا بۆگۈنكى كۈندىكى شەخسى هايات ۋە ساماۋى قانۇن- تۈزۈملەردىن باشقا نەرسە ئەمەس› دەپ داۋراڭ سالىدىغان غەربلىكلەرنىڭ ئۇسلۇبىنى قوللىنىشتا ئەمەس. بەلكى، هەر بىر ئىنسان دىنىدا تەرەققىي قىلىش مەنبەسىنى تۇتۇشى كېرەك.

بىر قىسىم كىشلەر: ئىسلام قانۇنى يېڭى پىكىرلەرنى پەيدا قىلىشقا ۋە مۇستەقىل هۆكۈم چىقىرىشقا قادىرمۇ؟، زامانىۋى هاياتلىق تەلەپ قىلىۋاتقان ئىشلارغا قانداق ئىنكاس قايتۇرىدۇ؟ دەپ سورىشىدۇ.

بۇ سوئالغا بېرىلگەن جاۋاب شۇكى، ئىسلام قانۇنىدا تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن، ئىچكى تەييارلىقلار بار. بەلكى ئۇ ئىسلامىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىش قابىلىيىتى بىلەن ئوخشاش قانۇنلارنى بېسىپ چۈشىدۇ.

ئىسلام شەرىئىتىدە گۈللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش ۋاستىلىرىنىڭ بولماسلىقى قىينچىلىق ئەمەس. بەلكى، قىينچىلىق ئاشۇ ۋاستىلەرنى ئىشلەتمەسلىكتە. مەن ئىسلام شەرىئىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا كېرەكلىك پرىنسىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن چېغىمدا، ئۆزۈمنىڭ ھەقىقەت ئۈستىدە ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم»

دوكتور ئىزيكۇ ئىنسابا توھىن مۇنداق دەيدۇ:

«ئىسلام دىنى ئاشكارا بولغان ئېھتىياج ۋە تەلەپلەر بىلەن

ماس ھالەتتە ماگىدۇ. ئىسلام دىنى زامانلار ئارا ئاجىزلىشىپ قالماي تەرەققىي قىلىشقا، ھاياتى كۈچ ۋە پەم ـ پاراسەتلەرنى قوغداشقا قادىر بولالايدۇ. ئىسلام بولسا پۈتۈن دۇنياغا مۇستەھكەم شەرىئەتلەرنى بەلگىلىگەن بولۇپ، ئىسلام شەرىئىتى ياۋروپا قانۇنلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.»

بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. چۈنكى ئۇ ھېكمەتلىك، تېخنىكىلىق، ھەممىنى بىلگۈچى الله نىڭ شەرىئىتىدۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، 1932 ـ يىلى لاھايدا ئېچىلغان دۆلەت قۇرۇلتاي يىغىنىدا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ سېلىشتۇرما قانۇن مەنبەلىرىدىن ئاساسلىق مەنبە بولۇشى قارار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام شەرىئىتى فرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە ۋە ئىسلام قانۇنلىرىدىن ئىبارەت تۆت سېلىشتۇرما قانۇنىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولۇپ قالدى.

دېمەك، مەخلۇقاتلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىدىغان نەرسىلەرنى الله دىن بەكرەك بىلىدىغان كىشى يوق. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ أَأَنتُمْ أَعْلَمُ أَمِ اللّهُ﴾ ﴿ئېيتقىنكى، «(ئۇلارنىڭ قايسى دىندا ئىكەنلىكىنى) سىلەر ئوبدان بىلەمسىلەر؟ ياكى الله ئوبدان بىلەمدۇ؟﴾.(2 ـ سۈرە بەقەر 140 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ﴿قُلْ أَتُعَلِّمُونَ اللَّهَ بِدِينِكُمْ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «الله غا دىنىڭلارنى (يەنى دىنىڭلارنى دىللىرىڭلارنىڭ تەستىق قىلغانلىقىنى) خەۋەر قىلامسىلەر؟﴾ (49 ـ سۈرە ھۇجۇرات 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ﴿هُوَ أَعْلَمُ بِكُمْ إِذْ أَنشَأَكُم مِّنَ الْأَرْضِ وَإِذْ أَنتُمْ أَجِنَّةٌ فِي بُطُونِ أُمَّهَاتِكُمْ﴾ ﴿الله سىلەرنى زېمىندىن ياراتقان چاغدىكى (ۋاقتىڭلاردىن تارتىپ، ئاناڭلارنىڭ قورساقلىرىدىكى بالا) ۋاقتىڭلاردىن تارتىپ ئوبدان بىلىدۇ،﴾ (53 ـ سۈرە نەجم 32 ـ

www.uyghurkitap.com

ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ﴿فَمَا يُكَذِّبُكَ بَعْدُ بِالدِّينِ أَلَيْسَ اللَّهُ بِأَحْكَمِ الْحَاكِمِينَ﴾ ﴿(ئى ئىنسان!) بۇنىڭدىن كېيىن (يەنى روشەن دەلىللەر بايان قىلىنغاندىن كېيىن)، يەنە نېمىشقا قىيامەتنى ئىنكار قىلىسەن؟ الله ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى ئەمەسمۇ؟.﴾ (95-سۈرە تىن 78-ئايەتلەر).

# 14. دەرس: ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتى

﴿أَفَحَسِبْتُمْ أَنَّمَا خَلَقْنَاكُمْ عَبَثًا﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزۈڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك بىز ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى) دەپ ئويلامسىلەر؟﴾ (23ـ سۈرە مۆئمىنۇن 115ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

سوئال: ئىنسان بىكارغا يارىتىلدىمۇ؟

جاۋاب: ياق، اللّٰه ئىنسانىنى بىكارغا ياراتمىدى ۋە ئۇنى بىكارغا تاشلاپ قويمايدۇ. سىز كۆزىڭىز، بۇرنىڭىز، ئىككى قولىڭىز ھەتتا جىسمىڭىزدىكى كىچىككىنە تومۇرلارمۇ بىكارغا يارىتىلغان بولماستىن، بەلكى، مەلۇم بىر ھېكمەت سەۋەبىدىن يارىتىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

كىمكى ئۆزىنىڭ جىسمى ۋە ۋۇجۇدىدىكى پارچىلارنى بىلىشنى ئويلىسا، دوختۇرلار ئوقۇغاندەك «ئىنسان ئەزالىرىنىڭ ۋەزىپىسى» ئىلمىنى ۋە پسىخىكا ئىلمىنى نۇرغۇن يىللار ئوقۇشى كېرەك. ئۇنداقتا ئەگەر سىزنىڭ ھەر بىر ئەزايىڭىز بىر ھېكمەت سەۋەبىدىن يارىتىلغان بولسا، شەكسىزكى، سىزنىڭ پۈتۈن جىسمىڭىز بىكارغا يارىتىلماستىن، بەلكى، مۇئەييەن بىر ھېكمەتنىڭ سەۋەبىدىن يارىتىلغان. اللّٰه مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَحَسِبْتُمْ أَنَّمَا خَلَقْنَاكُمْ عَبَثًا وَأَنَّكُمْ إِلَيْنَا لَا تُرْجَعُونَ فَتَعَالَى اللَّهُ الْمَلِكُ الْحَقُّ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْكَرِيمِ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزۈڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك بىز ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ

ياراتتى)، ئۆزۈڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ ھەق پادىشاھ — الله ئۇستۇندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر.﴾ (23ـ سۈرە مۆئمىنۇن 115~116ـ ئايەتلەر).

سوئال: ئىنساننى يارىتىشتىكى ھېكمەت باشقا بىر ھېكمەتتىن ئايرىم بولامدۇ؟

جاۋاب: ياق، ئۇنىڭ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەت پەقەت بىرلا ھېكمەتتۇر. كۆرمىدىڭىزمۇ؟

1. سىزنىڭ ئىككى كۆزىڭىزدىكى ھېكمەت باي ياكى كەمبەغەل، رەھبەر ياكى پۇقرا، سىزنىڭ دەۋرىڭىزدىكى ياكى ئۆتمۈشتىكى قايسى بىر دەۋردىكى ھەرقانداق بىلىملىك ياكى بىلىمسىز بىر ئىنساننىڭ ئىككى كۆزىدىكى ھېكمەت بىلەن ئوخشاشتۇر.

2. ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ ھەربىر ئەزاسىدىكى ھېكمەت زامان ۋە ماكاننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ.

3. ئىنساننىڭ بەدىنى، پسىخىكىسى، روھى ۋە ئەقلى قۇرۇلمىسىدىكى ھېكمەت زامان ۋە ماكاننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدۇ.

ئۇنداقتا:

ئەگەر ئىنساننىڭ قۇرۇلمىسى ۋە تۇغما تەبىئىتى بىر بولىدىغان بولسا، ئادەم بالىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەت زامان ۋە ماكان، يۈز ـ ئابرۇي، باي ـ كەمبەغەللىك، بىلىملىك ياكى بىلىمسىزلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولماستىن، بەلكى، ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىتى ۋە قۇرۇلمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك

بولىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا فِطْرَةَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا لَا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ﴾ ﴿باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، الله نىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) الله ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، الله نىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ.﴾ (30ـ سۈرە رۇم 30ـ ئايەت).

## ھېكمەت دۇنيا ـ ئاخىرەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك

سوئال: ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەت نېمە؟

جاۋاب: ئەگەر سىز نەزەر دائىرىڭىزنى دۇنياغىلا قاراتسىڭىز، ئۇنداقتا ئىنساننىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىكى ھېكمەت ۋە مەنانى تاپالمايسىز. ئەگەر سىز ئىنساننىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىكى ھېكمەت «ھاياتلىق» دېسىڭىز، ئۇنداقتا ئىنسان نېمە ئۈچۈن ئۆلىدۇ؟ ئەگەر سىز «ئەمەل» دېسىڭىز، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئىنساننىڭ ئەمىلى چەكسىزلىككە سوزۇلمايدۇ؟ ئەگەر سىز «ھۇزۇرلىنىش» دېسىڭىز، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئىنسان ھېرىپ چارچاپ ئۆلۈپ كېتىدۇ؟ ئەگەر سىز ئالى ئۆي ئىمارەتلەرنى سېلىپ، باياشاتلىق ئىچىدە ياشاش دېسىڭىز، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ سالغان بىنالىرى ئۆرۈلۈپ ۋەيران بولىدۇ؟ نېمىشقا بۇ خىل باياشاتلىق ئۇنىڭغا ئەبەدىي مەنسۇپ بولمايدۇ؟ ئەگەر سىز ياخشىلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش دېسىڭىز، ئۇنداقتا ئۇ نېمە ئۈچۈن يەنىلا ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىدۇ؟

ئەگەر بىز ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا نەزەر سالىدىغان

بولساق شۇنى بايقايمىزكى، نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ئۇلار بۇ زېمىن ئۈستىدە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. كېيىن ئۇلار مەۋجۇتلۇققا چىقتى، يەنە مەۋجۇتلۇقتىن كەتتى. ئىنسانىيەت نېمە ئۈچۈن دۇنياغا كېلىدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن دۇنيادىن كېتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن مۇشۇ شەكىل بويىچە ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد، ئارقىمۇ ـ ئارقا دۇنياغا كېلىدۇ ؟ الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَمْ يَرَوْا كَمْ أَهْلَكْنَا قَبْلَهُم مِّنْ الْقُرُونِ أَنَّهُمْ إِلَيْهِمْ لاَ يَرْجِعُونَ وَإِن كُلٌّ لَّمَّا جَمِيعٌ لَّدَيْنَا مُحْضَرُونَ﴾ ﴿ئۇلار (يەنى مەككە ئاھالىسى) ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى بىلمەمدۇ؟ ئۇلار بۇلارنىڭ يېنىغا (يەنى دۇنياغا ئەبەدىي) قايتمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى (قىيامەت كۈنى ھېساب بېرىش ئۈچۈن) ھوزۇرىمىزغا ھازىر قىلىنىدۇ.﴾ (36 ـ سۈرە ياسىن 31~32 ـ ئايەتلەر).

نەزەر دائىرىسىنى پەقەت دۇنياغىلا قاراتقان ئادەم ئۆزىنى خاتا يولغا كىرىپ قالغان، ئازغۇن، ياۋۇز، قايمۇققان ۋە جاۋابسىز سوئاللارنىڭ قورشاۋىدا گاڭگىرىغان ھالەتتە تاپىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَعْلَمُونَ ظَاهِرًا مِّنَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَهُمْ عَنِ الْآخِرَةِ هُمْ غَافِلُونَ﴾ ﴿ئۇلار ھاياتىي دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتىن (يەنى ئاخىرەت ئىشلىرىدا ئويلىنىشتىن ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەشتىن) غەپلەتتىدۇر.﴾ (30 ـ سۈرە رۇم 7 ـ ئايەت).

ئەگەر بىز بىلمەيدىغان ئىشلارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن الله بىزگە ئەۋەتكەن ئەلچىلەردىن بىلمىگەن نەرسىلەرنى ئۆگەنسەك ، ھىدايەت يوللىرىنى تونۇپ، كاپىرلار ياشاۋاتقان خاتا ۋە ئازغۇن ھاياتتىن ھىدايەت ۋە نۇرلۇق ھاياتقا چىقىمىز. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَدْ جَاءَكُم مِّنَ اللَّهِ نُورٌ وَكِتَابٌ مُّبِينٌ يَهْدِي بِهِ اللَّهُ مَنِ اتَّبَعَ رِضْوَانَهُ سُبُلَ السَّلاَمِ وَيُخْرِجُهُم مِّنِ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّورِ بِإِذْنِهِ وَيَهْدِيهِمْ إِلَى صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ﴾

﴿سىلەرگە الله تەرىپىدىن نۇر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ۋە روشەن كىتاب (يەنى قۇرئان) كەلدى. الله شۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرى (الله نىڭ شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى)غا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرى) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ.﴾ (5 ـ سۈرە مائىدە 15~16 ـ ئايەتلەر).

بىز الله تەرەپتىن كەلگەن كەلگەن ھىدايەت يولى بىلەن ھاياتىمىزنىڭ ئىككى قىسمىغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى بىلدۇق.

1. الله بىزنى سىناق ئۈچۈن ياراتقان دۇنيا ھاياتى.

2. مۇكاپات ۋە جازا ئۈچۈن ياراتقان ئاخىرەت ھاياتى.

3. ئۆلۈم بولسا سىناق ھويلىسىدىن مۇكاپات ھويلىسىغا يۆتكەيدىغان ئامىل.

## سىناق ھويلىسى بولغان دۇنيا ھاياتى

سوئال: الله ئىنساننى زېمىندا ئىز باسار قىلدى، دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: ئەگەر بىز ئىنساننىڭ زېمىندىكى ئورنى توغرىسىدا ئويلىنىپ باقساق، ئىنساننىڭ الله تەرەپتىن ئىز باسار قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. ئىنسان مۇشۇ زېمىن ئۈستىدىكى ئۆزى مەنپەئەتلىنىدىغان، ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرنى ۋە ئىنساننىڭ مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇلغان نەرسىلەرنى ئۆزى ياراتمىدى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُوَ الَّذِي خَلَقَ لَكُم مَّا فِي الأَرْضِ جَمِيعاً﴾ ﴿الله يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر(نىڭ پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن

ياراتتى﴾ (2ـ سۈرە بەقەر 29ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ﴿ذَٰلِكُمُ اللّٰهُ رَبُّكُمْ لا إِلَٰهَ إِلاَّ هُوَ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ فَاعْبُدُوهُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ﴾ ﴿ئەنە شۇ الله سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، الله دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار ئۇ ھەر نەرسىگە ھامىيدۇر.﴾ (6ـ سۈرە ئەنئام 102ـ ئايەت).

بەلكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ ھېچ نەرسىسىگە ئىگە بولالمايدۇ. ئۆزىنىڭ قولى، تىلى، كۆزى ۋە پۇتىغىمۇ ئىگە بولالمايدۇ. تومۇر، سۆڭەك، تىرە، گۆش، پەي ۋە نىرۋىغىمۇ ھەتتا بىر تامچە قانغىمۇ ئىگە بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇ يوقلۇقتىن ياراتقان كىشىلەردىن ھېچنەرسىنى ياراتمىدى. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿نَحْنُ خَلَقْنَاكُمْ فَلَوْلَا تُصَدِّقُونَ أَفَرَأَيْتُم مَّا تُمْنُونَ أَأَنتُمْ تَخْلُقُونَهُ أَمْ نَحْنُ الْخَالِقُونَ﴾ ﴿(ئىنسانلار!) سىلەرنى بىز ياراتتۇق، سىلەر قايتا تىرىلىشكە ئىشەنمەمسىلەر؟ سىلەر (ئاياللارنىڭ بەچچىدانىغا) تۆكۈلگەن مەنىينى دەپ بېقىڭلارچۇ. ئۇنى سىلەر (ئىنسان قىلىپ) يارىتامسىلەر؟ياكى بىز (ئىنسان قىلىپ) يارىتامدۇق.﴾ (56ـ سۈرە ۋاقىئە 57~59ـ ئايەتلەر). ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ اعْبُدُواْ رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُمْ وَالَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر)نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار.﴾ (2ـ سۈرە بەقەر 21ـ ئايەت).

ئىنسان ئۆز ۋۇجۇدىدىكى بىرەر نەرسىگە ياكى زېمىن ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە ئىگە بولالمايدىغان تۇرۇپمۇ، ئەمەلىي تەرەپلەردە خوجايىنلىق ئورنىدا تۇرىدۇ. ئىنسانغا زېمىندىكى نەرسىلەرنى ئۆز مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرىدىغان سەۋىيە ۋە

ئىقتىدارلار بېرىلدى. ئۇ كۈچ - قۇۋۋەت، يەر ئاستى بايلىقلىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مەخلۇقاتلاردىن پايدىلىنىدۇ. ھەتتا ئۇ زېمىننىڭ خوجايىنى دەپ ئاتىلىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ سَخَّرَ لَكُم مَّا فِي الْأَرْضِ﴾ ﴿الله نىڭ يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنى، ئۆزىنىڭ ئەمرى بويىچە سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟﴾ (22- سۈرە ھەج 65-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ناھايىتى ئېنىقكى، ئىنسان ئىگىلىگەن بۇ ئورۇن بىر تەرەپتىن الله ئىنساندا ئورۇنلاشتۇرغان قابىلىيەت ۋە ئىقتىدار سەۋەبىدىن بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن الله نىڭ بۇ زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بېرىشى ئۇ ئىنسانغا قارشىلىشىدىغان ياكى ئۇنى يېڭىپ قويىدىغان ياكى ئۇنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدىغان نەرسىلەرنى ياراتمىغانلىقىدىن بولغان. ئۇنداقتا ئىنساننىڭ زېمىندىكى ئورنى زېمىندىكى نەرسىلەرگە خوجايىنلىق قىلىش ئورنىدۇر. لېكىن ئۇ زېمىندىن ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇ زېمىندىن زەررىچىلىك نەرسىنىمۇ ياراتمىدى. ئۇنداقتا سىز ئىنساننىڭ زېمىندىكى ئورنى ھەققىتىنىڭ ئىگىسى ۋە ئىنساننىڭ خوجايىنى تەرەپتىن بولغان شۇ زېمىن ئۈستىدىكى ئىز باسارلىق ئورنىدا ئىكەنلىكىنى تونۇيسىز. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنِّي جَاعِلٌ فِي الأَرْضِ خَلِيفَةً ﴾ ﴿«مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن» دېدى﴾ (2-سۈرە بەقەر 30- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

﴿وَيَسْتَخْلِفَكُمْ فِي الأَرْضِ فَيَنظُرَ كَيْفَ تَعْمَلُونَ﴾ ﴿«پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ (مىسىر) زېمىنىدا ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى دەسسىتىشى، سىلەرنىڭ قانداق ئىش

قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارشى مۇھەققەتتۇر» دېدى.﴾ (7 ـ سۈرە ئەئراف 129 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ﴿وَيَجْعَلُكُمْ خُلَفَاء الْأَرْضِ أَإِلَهٌ مَّعَ اللَّهِ قَلِيلًا مَّا تَذَكَّرُونَ﴾ ﴿سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان كىم؟ الله دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر ئازغىنە ۋەز ـ نەسىھەت ئالىسىلەر.﴾ (27 ـ سۈرە نەمل 62 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ﴿وَهُوَ الَّذِي جَعَلَكُمْ خَلاَئِفَ الأَرْضِ وَرَفَعَ بَعْضَكُمْ فَوْقَ بَعْضٍ دَرَجَاتٍ لِّيَبْلُوَكُمْ فِي مَا آتَاكُمْ إِنَّ رَبَّكَ سَرِيعُ الْعِقَابِ وَإِنَّهُ لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾ ﴿الله سىلەرنى (ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنىڭ) ئورۇنباسارلىرى قىلدى، الله سىلەرنى بەرگەن نېمىتىگە شۈكرى قىلسۇن دەپ، بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى قىلدى، پەرۋەردىگارىڭ (ئاسىيلىق قىلغۇچىلاردىن) ئەلۋەتتە تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر، (ئىتائەت قىلغۇچىلارنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر.﴾ (6 ـ سۈرە ئەنئام 165 ـ ئايەت).

الله خالىغان نەرسىدە ئىز باسار قىلغان ئىنسان ئۆزىنىڭ ۋاقتى، ئورنى، ئاتا ـ ئانىسى، ئىقتىدارى، جەمئىيىتى، شەكلى، ئۆمرى، باللىرى ۋە جىنسى قاتارلىقلارنى تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس. مانا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىنسان ئىز باسار قىلىنىغان دائىرە بويىچە بەلگىلىنىدۇ. شۇنداقلا الله ئىنسانىنى ئىز باسار قىلغان نەرسىلەرنى قاچان خالىسا، شۇ ۋاقىتتا كەلتۈرىدۇ. ئىنسان زېمىنغا قانداق كىرگەن بولسا، يەنە شۇنداق چىقىپ كېتىدۇ. ئامانەت قويۇلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ پېتى قالىدۇ. ئىنسان ئولتۇراقلاشقان جايلارنى تاشلاپ كېتىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ جِئْتُمُونَا فُرَادَى كَمَا خَلَقْنَاكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَتَرَكْتُم مَّا خَوَّلْنَاكُمْ وَرَاء ظُهُورِكُمْ﴾ ﴿بىز دەسلەپتە سىلەرنى قانداق خەلق ئەتكەن بولساق دەرگاھىمىزغا شۇنداق تەنھا كەلدىڭلار، سىلەرگە

بىز ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى ئارقاڭلاردا (يەنى دۇنيادا) قويۇپ كەلدىڭلار﴾ (6ـ سۈرە ئەنئام 94ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئۇنداقتا، ئىنسان ئۆزىنىڭ خوجايىنى، پادىشاھى ۋە ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ﷲ نىڭ تەقدىرى بىلەن زېمىن ئۈستىدىكى ئىز باساردۇر.

سوئال: زېمىن ئىنسان ئۈچۈن سىناق ھويلىسى دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ﷲ ئىنساننىڭ ﷲ غا قىلغان ئاسىيلىقى بىلەن ئۇنىڭغا قىلغان ئىتائىتىنى تونۇش ئۈچۈن، ئۇنى مەلۇم قارار ۋە چەكلىك مۇددەتتە زېمىن ئۈستىدە ئىز باسار قىلدۇ.

ئىنسان دۇنيادا قىلغان ياخشى ياكى يامان ئەمەللىرىگە ئاساسەن ئاخىرەتتە بېرىلىدىغان جازا ياكى مۇكاپاتنىڭ ھەقىقەتەن راستلىقىغا ئىشىنىش ياكى ئىنكار قىلىش تۈيغۇسى بىلەن ئۆزىنىڭ ماڭىدىغان ھايات يولىنى تاللايدۇ. ﷲ جىن ۋە ئىنسانىنى پەقەت ئۆزىگە ئىبادەت قىلدۇرۇش ئۈچۈنلا ياراتتى. ئىبادەتنىڭ مەنىسى :ئىتائەت قىلىش ۋە بويسۇنۇشتۇر. ﷲ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ مَا أُرِيدُ مِنْهُم مِّن رِّزْقٍ وَمَا أُرِيدُ أَن يُطْعِمُونِ إِنَّ اللَّهَ هُوَ الرَّزَّاقُ ذُو الْقُوَّةِ الْمَتِينُ﴾ ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم. ئۇلاردىن مەن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن. ﷲ ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، (ﷲ نىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر.﴾ (51ـ سۈرە زارىيات 56~58ـ ئايەتلەر).

لېكىن ، ﷲ ئىنسانلارنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا

مەجبۇرلاشنى خالىمىدى. ﷲ ئۇلارنى زېمىن ئۈستىدە ئىز باسار قىلىپ ياراتتى. ئۇلارغا پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشنى، ئۇلارغا زېمىن ئۈستىدە بېرىلگەن مۆھلەتتە ئۆز ئىختىيارى بىلەن ﷲ غا ئىتائەت ۋە ئىبادەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

كىمكى ھىدايەتكە ئەگىشىپ، رەببىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، دۇنيادىكى سىناقتا نەتىجە قازىنىدۇ. كىم ھىدايەتكە ئەگەشسە، توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىپ، ئۆزىنى دوزاخ ئوتىغا دۇچار قىلىدۇ. چۈنكى نىجاتلىققا ئېرىشكەن، رەببى ۋە ياراتقۇچىسى بولغان ﷲ غا بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇغان ۋە رەببى ئەۋەتكەن ھىدايەت يولىنى تونۇغان مۆمىن ﷲ غا ئاسىيلىق قىلىشقا قادىر تۇرۇپمۇ، ھىدايەت يولىغا ئەگىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جەننەتكە ھەقلىق بولىدۇ.

ئەمما، رەببىنىڭ پاكىتلىرىغا تانغان، رەببىگە ئاسىيلىق قىلغان، ياراتقۇچىسى ۋە خوجايىنى بولغان ﷲ نىڭ ھىدايىتىدىن غاپىل بولغان كاپىر رەببىگە ئىتائەت قىلىشقا قادىر تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئازابقا ھەقلىق بولىدۇ.

سوئال: سىناق قانداق ئىشقا ئاشىدۇ؟

جاۋاب: ﷲ بىزگە زېمىندىكى ھەممە نەرسىنىڭ يوقايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ داۋاملاشمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قىممىتى يوقلۇقىنى چۈشەندۈردى. دۇنيا بىزدىن ئىلگىرىكىلەرنى ئالداپ كەتتى. ئۇلار دۇنيا ئۈچۈنلا كۈرەش قىلدى. ئاندىن ئۇلار دۇنيانى مەجبۇرى تاشلاپ كەتتى. ﷲ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا هَٰذِهِ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا إِلَّا لَهْوٌ وَلَعِبٌ وَإِنَّ الدَّارَ الْآخِرَةَ لَهِيَ الْحَيَوَانُ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ﴾ ﴿دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن-كۈلكە ۋە غەپلەتتىن

ئىبارەتتۇر، شۈبھىسىزكى، ئاخىرەت يۇرتى ھەقىقىي ھايات (يۇرتىدۇر)، ئەگەر ئۇلار بىلسە ئىدى (بۇ دۇنيانى ئۇ دۇنيادىن ئارتۇق كۆرمەيتتى).﴾ (29 ـ سۈرە ئەنكەبۇت 64 ـ ئايەت). ﴿وَمَا أُوتِيتُم مِّن شَيْءٍ فَمَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَزِينَتُهَا وَمَا عِندَ اللَّهِ خَيْرٌ وَأَبْقَى أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴾ ﴿سىلەرگە قانداق نەرسە بېرىلمىسۇن، (ئۇ) دۇنيا تىرىكچىلىكىدىكى پايدىلىنىدىغان نەرسىدۇر ۋە دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر، الله نىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ئەڭ ياخشىدۇر، ئەڭ باقىيدۇر، چۈشەنمەمسىلەر؟﴾ (28 ـ سۈرە قەسەس 60 ـ ئايەت). ﴿كَمْ تَرَكُوا مِن جَنَّاتٍ وَعُيُونٍ وَزُرُوعٍ وَمَقَامٍ كَرِيمٍ وَنَعْمَةٍ كَانُوا فِيهَا فَاكِهِينَ كَذَلِكَ وَأَوْرَثْنَاهَا قَوْمًا آخَرِينَ فَمَا بَكَتْ عَلَيْهِمُ السَّمَاء وَالْأَرْضُ وَمَا كَانُوا مُنظَرِينَ﴾ ﴿ئۇلار (غەرق بولۇپ) نۇرغۇن باغلارنى، بۇلاقلارنى، زىرائەتلەرنى، چىرايلىق جايلارنى قالدۇردى. ئۇلار بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنى قالدۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنى باشقىلارغا (يەنى بەنى ئىسرائىلغا) مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارغا ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ يىغلىمىدى، ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمىدى.﴾ (44 ـ سۈرە دۇخان 25~29 ـ ئايەتلەر).

ئەگەر سىز ھاياتىڭىز توغرىسىدا ئويلانسىڭىز، مۇشۇ ھەقىقەتنىڭ راستلىقىنى بايقايسىز. سىزنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىڭىزنىڭ قىلچە قىممىتى يوق. شائىر مۇنداق دەيدۇ:

ئۆتۈپ كەتتى يوقالدى ھەممە،
قالمىدى ھېچ سېنىڭدە تامام.
بىلسەڭ ئەگەر باردۇر سېنىڭدە،
ئەھمىيەتلىك ۋاقىتلار داۋام.

ھاياتلىقتىن پەقەت سىزنىڭ ياخشى ئەمەللىرىڭىزلا قالىدۇ. ئۆتۈپ كەتكەن يىللار ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. ئەگەر سىز

ۋاقتىڭىزنى ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزمىسىڭىز، مەڭگۈ پۇشايماندا قالىسىز. بىراق، ئەگەر دۇنيا ھاياتلىقى داۋاملاشمايدىغان ۋە يوقىلىدىغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن دۇنيا بىزنىڭ نەزىرىمىزدە زىننەتلىك بولىدۇ؟ بىزنىڭ دىللىرىمىز نېمە ئۈچۈن دۇنيانى ياخشى كۆرىدۇ؟ دۇنيا نېمە ئۈچۈن بىزگە ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ؟

جاۋاب: مۇشۇ ھاياتلىقنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان الله نىڭ ھىدايىتى ناھايىتى قۇلايلىق بولۇپ، الله ئاخىرەتنى زىننەتلىك، ئىمان ۋە ھىدايەت يولىنى دوست كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىزگە دۇنيانى زىننەتلىك قىلىپ، ئۇنى دىللارغا ياخشى كۆرسەتتى. بىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەختىگە ئېرىشىدىغان يوللارنى بەلگىلىدى.

كىمنىڭ ئىمانى كۈچلۈك بولۇپ، رەببىدىن قاتتىق قورقسا، دۇنيادا رەببىنىڭ يولىدا مېڭىپ، ياراتقۇچىسىنىڭ ھىدايىتىگە ئەگەشسە ۋە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە قارشىلىق كۆرسەتسە، ھىدايەت يولىدىن يىراقلاشتۇرىۋېتىدىغان دۇنيانىڭ زىننەتلىرىگە ئالدانمىسا، ئەنە شۇ ئىمتىھان ۋە نىجاتلىقدۇر.

ئەمما كىمنىڭ ئىمانى ئاجىز بولۇپ، رەببىدىن قورقمىسا، دۇنيا ساختىلىقى ئۇنى ئالداپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆلتۈرۈش، ۋەيران قىلىش، خاراب قىلىش، ساختىلىق ۋە ئالدامچىلىقتىن ئىبارەت قانداقتۇر بىرەر ۋاستە بىلەن دۇنيا مەنپەئەتى ۋە زىننىتى ئۈچۈنلا تىرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كاپىرلىقى ۋە پاسىقلىقى ئاشكارا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سىناق، ئىمتىھان مەغلۇبىيەتلىك بولىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا جَعَلْنَا مَا عَلَى الْأَرْضِ زِينَةً لَّهَا لِنَبْلُوَهُمْ أَيُّهُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا وَإِنَّا لَجَاعِلُونَ مَا عَلَيْهَا صَعِيدًا جُرُزًا﴾

﴿ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق. بىز چوقۇم يەر يۈزىدىكى (دەل ـ دەرەخ، تاغ ۋە بىنا قاتارلىق) نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلىپ، يەر يۈزىنى تۈپتۈز باياۋانغا ئايلاندۇرىمىز.﴾ (18 ـ سۈرە كەھف 7~8 ـ ئايەتلەر). ﴿زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَاء وَالْبَنِينَ وَالْقَنَاطِيرِ الْمُقَنطَرَةِ مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ وَالْخَيْلِ الْمُسَوَّمَةِ وَالأَنْعَامِ وَالْحَرْثِ ذَلِكَ مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَاللّهُ عِندَهُ حُسْنُ الْمَآبِ﴾ ﴿ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر؛ الله نىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك).﴾ (3 ـ سۈرە ئال ئىمران 14 ـ ئايەت). ﴿إِنَّ الَّذِينَ لاَ يَرْجُونَ لِقَاءنَا وَرَضُواْ بِالْحَياةِ الدُّنْيَا وَاطْمَأَنُّواْ بِهَا وَالَّذِينَ هُمْ عَنْ آيَاتِنَا غَافِلُونَ أُوْلَئِكَ مَأْوَاهُمُ النُّارُ بِمَا كَانُواْ يَكْسِبُونَ ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، بىز بىلەن مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار (يەنى الله غا مۇلاقات بولۇشنى كۆزلىمەيدىغانلار)، دۇنيا تىرىكچىلىكىدىن بەھرىمەن بولۇش بىلەنلا رازى بولغانلار ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئارام تاپقانلار، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىل بولغانلار — ئەنە شۇلارنىڭ جايى، قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن، دوزاخ بولىدۇ.﴾ (10 ـ سۈرە يۇنۇس 7~8 ـ ئايەتلەر).

ئۇنداقتا:

1. ئىنسان الله زېمىندا ئىز باسار قىلغان خەلىپە.

2. ئىنسان بىر قۇل بولۇپ، خوجايىنىغا ئىتائەت قىلىشى لازىم.

3. الله ئىنسانلارنىڭ مۇشۇ زېمىندىكى خەلىپىلىكىنى ئاسىيلاردىن ئىتائەتمەنلەرنى، كاپىرلاردىن مۆمىنلەرنى ئايرىش ئۈچۈن ۋاستە قىلدى. الله سىناقنى تولۇق قىلىش ئۈچۈن ئىنسانغا ئۆزىنىڭ كىتابىدا مەڭگۈلۈك بولغان ئاخىرەتنى گۈزەل كۆرسەتكەندەك، ئۇ ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە يوقاپ كېتىدىغان دۇنيانىمۇ گۈزەل كۆرسەتتى. ئەگەر ئۇ ئىنسان ھەقىقى مۆمىن بولسا، رەببىنىڭ يولىدا مېڭىپ، باقى بولغان ئاخىرەتنى پانىي دۇنيادىن ئارتۇق كۆرىدۇ. ئەگەر كاپىر ياكى پاسىق بولسا، ئۇنى پانىي دۇنيانىڭ ساختىلىقى جەلپ قىلىۋېلىپ، ھىدايەتتىن يىراقلاشتۇرىۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيا سىناق ھويلىسى ۋە دۇنيادىكى بارچە نەرسە ئىمتىھان ماتېرىياللىرى بولىدۇ.

4. ئۆلۈش بىلەن ئىمتىھان مۇددىتى ئاخىرلىشىپ، ئىنسان ئەمەل ھويلىسىدىن جازا ۋە مۇكاپات ھويلىسىغا يۆتكىلىدۇ.

ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەت

ئۇنداقتا ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەت الله ئۇنى زېمىندا الله غا ئىتائەت قىلىپ مۆمىن بولامدۇ ياكى الله غا ئاسىيلىق قىلىپ كاپىر بولامدۇ؟ دېگەن مەقسەت ئۈچۈن سىنايدىغان خەلىپىسى بولۇشتىن ئىبارەت. ئاندىن كېيىن الله ئۆلۈم بىلەن ئۇنى مۆھلەت ۋە ئەمەل ھويلىسىدىن ئىلگىرى قىلغان ئەمەللەرگە قارىتا مۇكاپاتلاش ياكى جازالاش ھويلىسىغا يۆتكەيدۇ.

1. ھەر قانداق زامان ۋە ماكاندىكى ھەممە ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەت پەقەت بىرلادۇر.

2. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى الله نىڭ زېمىنىدىكى خەلىپىسىدۇر. ئىنسانلار ئۆزىنىڭ خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان ياكى ئورۇندىمىغانلىقى توغرىلىق سوئال قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، ھەممىڭلار ئۆز پادىسىغا مەسئۇل بولغان ياكى بولمىغانلىقى توغرىلىق سوئال قىلىنىدۇ.»

3. ھەممە ئىنسان ئۆز ئەمىلىنىڭ مۇكاپاتىغا ئۇچرىشىش ئۈچۈن ئۆلىدۇ.

كاپىرلارنىڭ ھاياتى

سوئال: كاپىرلار قايسى نىشان ئۈستىدە ئۆلىدۇ؟

جاۋاب: كاپىرلار پەقەت دۇنيا نىشانى ئۈچۈنلا ياشايدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇلار ياشاش ئۈچۈن يەمدۇ ياكى يېيىش ئۈچۈن ياشامدۇ؟ دەپ سورىشىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشىدىكى ۋە دۇنياغا كېلىشىدىكى ھېكمەتنى بىلمەيدۇ. نېمە ئۈچۈن ئۆلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ھايۋانلار بىلەن بىر دەرىجىدە بولىدۇ. ئۇلار نېمە ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ:﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا يَتَمَتَّعُونَ وَيَأْكُلُونَ كَمَا تَأْكُلُ الْأَنْعَامُ وَالنَّارُ مَثْوًى لَّهُمْ﴾ ﴿كاپىرلار (ھاياتىي دۇنيادا ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولىدۇ ۋە چاھارپايلاردەك يەپ-ئىچىدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ.﴾(47-سۈرە مۇھەممەد 12- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

خۇلاسە:

1. ئىنساننىڭ ھەممە ئەزاسى الله نىڭ ئۇنى بىر ھېكمەتنىڭ سەۋەبىدىن ياراتقانلىقىغا گۇۋاھ بولىدۇ. زامان ۋە ماكاننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان ئىنسان قۇرۇلمىسى ھەممە

ئىنساندىكى ھېكمەتنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولىدۇ.

2. ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەت دۇنيا ۋە ئاخىرەت ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ ھەقىقەت نەزەر دائىرىسىنى پەقەت دۇنياغىلا قاراتقان كىشىگە ئاشكارا بولمايدۇ.

3. ياراتقۇچى الله ئۆز بەندىسى بولغان ئىنسانغا زېمىن ئۈستىدە خەلىپىلىك سالاھىيىتىنى بەردى. الله بۇ خىل سالاھىيەتنى ئىنساننىڭ جىنايىتىدىن ئىتائىتىنى، كۇپرىلىقىدىن ئىمانىنى ئايرىش ئۈچۈن ۋاستە قىلدى. الله ئىنساننىڭ نەزىرىدە دۇنيانى زىننەتلىك قىلغاندەك، ئۆزىنىڭ كىتابىدا ئاخىرەتنىڭ زىننەتلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. كىمنىڭ ئىمانى كۈچلۈك بولسا، رەببىنىڭ ھىدايىتى تەرەپكە ماڭىدۇ. كىمنىڭ ئىمانى ئاجىز بولسا، ئۇنى دۇنيا ساختىلىقى ئالداپ كېتىپ، ئۇنى ھىدايەت يولىدىن يىراقلاشتۇرىۋېتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيا خەلىپىلىك ۋە سىناق ھويلىسى بولىدى. ئىنسان بولسا، ئىز باسار ۋە سىنئالغۇچى بولدى.

4. ئەمما كاپىرلار خاتا يولغا كىرىپ قايمۇققان ھالدا ياشايدۇ. ئۇلار نېمە ئۈچۈن دۇنياغا كېلىدىغانلىقىنى بىلمەي دۇنياغا كېلىدۇ. دۇنيادا نېمە ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى بىلمەي ياشايدۇ. دۇنيادىن نېمە ئۈچۈن چىقىدىغانلىقىنى بىلمەيلا دۇنيادىن چىقىپ كېتىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿سُبْحَانَ رَبِّكَ رَبِّ الْعِزَّةِ عَمَّا يَصِفُونَ وَسَلَامٌ عَلَى الْمُرْسَلِينَ وَالْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ ﴿قۇدرەت ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكتۇر. پەيغەمبەرلەرگە سالام بولسۇن! جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهغا خاستۇر!﴾ (37- سۈرە سافقات 180~182- ئايەتلەر).